www.kitaphumar.com

# يالقۇن روزى ماقالىلەر توپلىمى

**(1-توم)**

**ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2011-يىلى 11-ئاي**

**مەنبە: ئۇكيان تورى، مىسرانىم مۇنبىرى، ئەلكۈيى تورى**

# مۇندەرىجە

ئىجادىتىن كۆلىگەن بىخلار....................................4
سابىت داموللام كىم؟...........................................10
يۇلتۇزلار يالتىرىغاندا.........................................38
ھوشۇر قارىغا ئوچۇق خەت....................................49
«تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىزگە نىمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟.......................................................61
لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى.............................73
كۆرەش رەجەپكە ئوچۇق خەت..................................91
قىممەت ۋە ھىممەت............................................99
زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ؟ ...................................106
20-ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى-ئابدۇقادىر داموللام.........112
ئەدىبلەر نىمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ؟........................149
بىر پارچە خىشنىڭ سىرى.....................................158
ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان..........................168
شەرقشۇناسلىقنىڭ سەنىمگە دەسسەش.........................199
ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى مەسىلىسى ........................................................225
بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟...................................231
بىزگە قانداق ئەۋلادلار كېرەك؟.................................236
ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ سەككىز تۆھپىسى....................243

ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ئىجادىي پىكىرنىڭ سالمىقىدا............253
شەرقشۇناسلىق ھەققىدە ئەلى غوجاخۇن نېمە دەيدۇ؟............259
سۇتۇق بۇغراخان پورتېرىتېرىنىڭ مۇۋاپىقىيىتتى..................276
تەپىق روھى ـ ئۆچمەس روھ...............................282

# ئىجادىتىن كۆكلىگەن بىخلار

## تەنقىدچى يالقۇن روزى بىلەن سۆھبەت

### سۆھبەتلەشكۈچى ئابدۇقادىر

ئۆزىنىڭ تەنقىدىي روھقا باي ماقالە ـ ئوبزورلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان ياش ئوبزورچى يالقۇن روزى 1966 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ قەدىمىي سەھرالىرىدىن بىرى بولغان ئاغۇ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. يالقۇن روزى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاغۇ يېزىسىدىكى مەركىزىي مەكتەپتە ئوقۇغان 1980 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1982 ـ يىلى ئۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان، بىرىلىدىن كېيىن قىزىقىشى بويىچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئالماشقان. ئۇنىڭ شائىر قۇربان باراتىنىڭ داستانى توغرىسىدا يازغان «ئاق روماللىق پەرىزات› داستانى توغرىسىدا» ناملىق تۇنجى ئەدەبىي ئوبزورى ئالىي مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىگە ئالغان تۇنجى قەدىمى ئىدى..

يالقۇن روزى 1987 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا تەقسىم قىلىنىپ مۇخبىر بولغان، 1991 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»گە يۆتكىلىپ كېلىپ مۇھەررىر بولغان. ھازىر مۇشۇ ئورۇندا ئىشلەۋاتىدۇ.

1990 ـ يىللاردىن باشلاپ يالقۇن روزىنىڭ ماقالە ـ ئوبزورلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ نامى چىقىشقا باشلىغان. 1995 ـ يىلى پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىنىڭ ۋاپاتى

مۇناسىۋەتلىك بىلەن يازغان«ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى»ناملىق ماقالىسى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە زىلزىلە پەيدا قىلغان.1997-يىلى ئۇنىڭ مائارىپچى،تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتورۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە قىلىنغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇم قەلەمكەش مىرزەھمەد سېيىتنىڭ ئەسلىمىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تارىخى ئەسىرى«مەمتىلى ئەپەندى» نەشىر قىلىنىپ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ھەم جەمئىيەتتە بىر مەھەل «مەمتىلى ئەپەندى قىزغىنلىقى» قوزغىغان.

يالقۇن روزى«تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما»ناملىق ماقالە-ئوزورلار توپلىمى نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن،ئاساسەن پوبلىستىك ماقالىلەرنى ۋە تارىخى تىمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سوئال: ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن ئوبزورچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدىڭىز. ئوقۇرمەنلەر سىزنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىڭىزغا ناھايىتى قىزىقىدۇ،شۇڭا ئىجادىيەت تارىخىڭىز ۋەئىجادىيەت سېپىگە قانداق كىرگەنلىكىڭىز توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

يالقۇن روزى: ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ، مېنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ قىلىشىم ئومۇمەن باللىق دەۋرىمدىكى قىزىقىشتىن باشلانغان.ئۆز ئەتراپىمدىكى شەيئىلەرگە قىزىقىش باللارنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىياتمۇ مېنىڭ باللىق دەۋرىمدىكى قىزىقىدىغان بىر شەيئى ئىدى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ھەۋىسىم كۈچلۈك بولۇپ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىم باشقا شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشتىن ئۈستۈنرەك ئورۇندا تۇردى، بۇ جەرياندا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەزى ژانىرلىرىدا مەسىلەن شېئىر، نەسىر، مىكرو ھېكايە قاتارلىق تىمىلاردا ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۆزۈمنى چېنىقتۇردۇم ۋە كۆڭلۈمدىكى ئىزھار قىلىش قىيىن بولغان گەپ-سۆزلەرنى قەغەز يۈزىگە خاتىرىلىدىم كېيىن بارا-بارا ئىجادىيەتكە كىرىشىپ قالدىم،كېيىنچە ئەدەبىياتنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش،مىللىي تۈپرىقىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي غايىسى،ئارزۇسى بويىچە يۈكسەلدۈرۈشنى يېتەكچى قىلغان ھالدا ئاڭلىق ئىجادىيەت قارشى ئاستا-ئاستا شەكىللەندى.مېنىڭ شەيئىلەرنى ئۆزگىچە نوقتىدا تۇرۇپ كۆزىتىش ئۇسۇلۇم ئىجادىيەتكە كىرىشىپ قىلىشىمدىكى تۈپ سەۋەپ بولدى..

سوئال: ئىجادىيەت ھاياتىڭىزدا سىزگە ئەڭ تەسىر قىلغان ۋەقە قايسى؟:

يالقۇن روزى: ئىجادىيەت ھاياتىمدا ماڭا تەسىر قىلغان ۋەقەنى بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، مەن ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئىشلارنى ئەسلەپ بولالمايمەن، ئەگەردە ھاياتىمدا ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغان ۋەقە دېيىشكە توغرا كەلسە بالىلىق ۋاقتىمدا مېنى ئۆزىگە ئەڭ جەلىپ قىلغان، مېنىڭ بالىلىقىمنىكى سادىدا تەپەككۇرۇمنى ئويغاتقان ئەسەر‹‹سۇ بويىدا››رومانىنى ئوقۇش بولدى دېيەلەيمەن. چۈنكى 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەيلى تەرجىمە ئەسەر بولسۇن،مەيلى ئىجادىي ئەسەرلەربولسۇن ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى ،ئۇيغۇر خەلىق چۆچەكلىرىمۇ نەشىر قىلىنمىغان بولغاچقا ‹‹سۇبويىدا›› رومانىنى ئوقۇپ مەندەبىرخىل ئەدەبىياتقا تىخىمۇ زور ئىشتىياق باغلاش ئارزۇسى پەيدا بولدى ،ئۇمېنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشۇمنى ،مەنىۋىي دۇنيايىمنى ئەڭ بېيىتقان ئەسەر ئىدى . شۇڭا ماڭا تەسىر قىلغان ۋەقەنى شۇ ۋاقىتلاردىكى «سۇ بويىدا» رومانىنى ئوقۇش بولدى دېيەلەيمەن. .

سۇئال:ھازىرغىچە يازغان ئەسەرلىرىڭىزدىن رازىمۇسىز؟

يالقۇن روزى: مەن ھازىرغىچە يازغان ئەسەرلىرىم ئىچىدە ئالاھىدە ئەسەر يازدىم دېيەلمەيمەن ،يازغانلىرىم تىخى يېتەرلىك ئەمەس ،ئەمما نىمىشقىمۇ كىشىلىك غۇرۇرىمغا ،ۋىجدانىمغا خىلاپ بولغان ،سۆپەتسىز،جانسىز ،پۈچەك ئەسەريازغاندىمەن دىگەن ئويدا بولغىنىم يوق .ئۆزۈمنى سۆپەتسىز ئەسەر يازدىم دەپ قارىمايمەن . .

سۇئال:ئەدەبىيات -سەنئەت بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

يالقۇن روزى:دۇنيا تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيەدە مەيلى ئۇ فېئودالىزىم ياكى سوتسىيالىزىم ۋەياكى كاپىتالىزىم بولسۇن قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمران ئۆز ئىرادىسىنى ھەممە ساھەگە تاڭىدىغان ھۆكۈمران گورۇھ بولىدىكەن، ئۇ سىياسىنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۋالىدۇ .تارىختىن بۇيان بۇنداق ئىشلار ناھايتى كۆپ يۈزبەرگەن شۇڭا ئەدەبىيات بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى دىموكراتىك سىياسىي بىلەن ھاكىممۇتلەق سىياسىنىڭ يۈرگۈزۈلىشى ياكى يۈرگۈزۈلمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .ھاكىممۇتلەق سىياسىي بولىدىكەن ئەدەبىيات بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى بەك يېقىن بولۇپ كىتىدۇ .دىموكراتىك سىياسىي بولىدىكەن ئەدەبىيات بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى تامامەن ئەكسىچە بولىدۇ.

سۇئال:ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىدىن رازىمۇسىز؟

يالقۇن روزى:بۇ ئۇقۇمنىڭ دائىرسى بەك كەڭ ئىكەن،بۇ ئۇقۇم نۇرغۇن ساھەگە چېتىلىدۇ. مەن سىزگە ئۇيغۇر جەمئىيتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتىدىن رازىمۇسىز دىگەن سۇئالغا جاۋاپ بېرەي. ئەگەر بىز ھازىرقى

تەرەققىياتتىن، ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن رازى بولساق قانائەت قىلىپ يۈرۈۋەرسەك بولۇ خىل شۇكرى ـ قانائەت قىلىش بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئىلىپ بارىدۇ،ھىلمۇ بىز تارىخ بەتلىرىنى ئادەمنى ئىچىندۇرىدىغان ئاچچىق ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايمان بىلەن تولدۇرۇپ كەلدۇق. ئادەم ھاياتىدا قانائەت بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋىلىش كېرەك، بىزقانداق ئىشلاردا رازى بولمىز ،قانائەت قىلمىز دىگەندە ئۆزىمىزنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى جەھەتتە ياكى بىزگە نىسىپ بولغان بەخت ـ ئامەتكە قانائەت قىلساق بولىدۇ. قانائەت قىلماسلىق ئادەمنى ئاچكۆز، تەبئىتى ناچار. ھەسەتخور قىلىپ قويىدۇ، ھەسەتخور ئادەم تۇرمۇشىدا خۇشاللىقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالمايدۇ، شۇڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جىسمانىي تۇرمۇشتىكى ئىشلاردا قانائەت قىلىشىمىز كىرەك،بولمىسا ھەر قانچە باي ـ باياشات ـ ياشساقمۇ ئۆزىمىزنى بەختلىك ھىس قىلالمايمىز. ئەمما بىلىم ئىلىش ،ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش جەھەتتە مەنىۋىيتىنى بىيىتىپ،بىلىم قۇرۇلمىسىدىكى پەرىقنى كىچىكلىتىش جەھەتتە قانائەت قىلماسلىق، تىنىمسىز ئىزدىنىشنى توختاتماسلىق كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغان، يىڭىچە ئۇسلۇپ يارىتىدىغان، ئەنئەنىۋى قۇرۇلمىدىكى بىر خىل رىتىمدا ئەسەر يىزىش ئۇسلۇبىنى يىڭىلىيالايدىغان، ئىزچىللىققا كاپالەتلىك قىلىپ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ يىتىشىپ چىقىپ پىشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بويلاپ تىخمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يىزىشنى ئۈمىد قىلىمەن.ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئىلگىركىگە سىلىشتۇرغاندا مەيلى تىما جەھەتتىن بولسۇن مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى سان ـ سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن ئادەمنى سۆيۈندۈرگىدەك ئەسەرلەر بارلىققا كىلىۋاتىدۇ. بىراق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت تەرەققىياتى مىنىڭ رازى بولۇش تەلىپىمدىن خىلىلا يىراقتا.

سۇئال:سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلار قايسى؟

يالقۇن روزى:مەن ئەڭ ياخشى كۆيىدىغان كىتابلار‹ ‹ئانا يۇرت›› رومانى ‹‹قۇم باسقان شەھەر›› ئادىل تۇنىيازنىڭ شىئېرلىرى،ئەسئەد سۇلايماننىڭ ۋە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ كىتابلىرىنى ياخشى كۆرىمەن ھەم ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت يۈنىلىشىمىزنى ھەم سۈپەت جەھەتتىكى قاتلام يۈزلىنىشنى شەكىللەندۈرگەن كىتابلار، بۇ كىتابلاردا بايان ئۆلۈك ھالدا بىرىلمىگەن، ئوبرازلار چىن،ھەقىقىي يارىتىلغان،تەپسىلاتلىرى ئىنىق، چوڭقۇر مۇلاھىزە ئالغا سۈرۈلگەن،تارىخى چىنلىق ئىچىپ بىرىلگەن،بىر مىللەتنىڭ غايە

ئاررۇسى، ئۆزى ئۆستىدىكى ئويلىنىشلىرى، ئۆز تارىخى ھەققىدىكى ئۆكۈنۈشلىرى قاتارلىق مەزمۇنلاربار. شۇڭلاشقا بۇ كىتابلار بايان قىلىش سەنئىتى جەھەتتىن ھەم مۇلاھىزە كۈچى جەھەتتىن ھەر قانداق بىر كىتابتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ «ئانا يۇرت» رومانىدائوبرازلار چىن ھەقىقىي يارىتىلغان،ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى سىمۇۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

سۇئال:قايسى ئەسىرىڭىزنى ئەڭ ياقتۇرىسىز؟

يالقۇن روزى: <<زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت>> دېگەن ماقالەم بىلەن <<كامالتۇرۇك ۋە ئۇرۇمچى>> دېگەن ماقالەمنى ئەڭ ياقتۇرىمەن.

سۇئال:قايسى ئەسىرىڭىزنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ قارايسىز؟

يالقۇن روزى: <<زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت>>،<<كامالتۇرۇك ۋە ئۇرۇمچى>>، <<مەمتىلى ئەپەندى>> قاتارلىق ئەسەرلىرىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر دەپ قارايمەن.زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەت دېگەن ئەسىرىمدە زەئىپ روھقا، ئاۋامغا يۈلىنىپ جان ساقلاش پسىخىكىسىغا ئىگە، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىك ۋە سەرسانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىشقا قۇربى يەتمەيدىغان،نىمىنىڭ ھەقىقىي پاجىئە ۋە بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلا ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان تىلشۇالدى ئوبرازى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى تىلشۇالدىغا ئوخشاش خارەكتېردىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى مۇھاكىمە قىلىنغان. مەمتىلى ئەپەندى دېگەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ مەن بۇ ئەسەرگە ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن ئىدىيۋى ھېسسىياتىمنى سىڭدۈرگەن. .

سۇئال:ھازىرغىچە يېتەلمىگەن ئارمانلىرىڭىز بارمۇ؟

يالقۇن روزى: تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەھەتتە مەن ناھايىتى بەختلىك،بۇ جەھەتتە مەن يىگچە مەنزىل قوغلىشىپ كەتمەيمەن،ئەمما ئۆزۈمنىڭ ئىجتىمائىي غايىسى جەھەتتە يېتەلمىگەن ئارمانلىرىم خىلىلا كۆپ.

سۇئال: دەۋرداشلىرىڭىزدىن كىملەرنىڭ ئىجادىيىتىگە ئەڭ قايىلسىز؟

يالقۇن روزى:مەن بۇ سۇئالىڭىزغا جاۋاپ بېرىشنى رەت قىلاي.

سۇئال:مەتبۇئاتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىڭىز قايسى؟ ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكچۇ؟

يالقۇن روزى: ھازىر مەتبۇئاتلاردا بىر خىل قورقۇنچاقلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئۆزى قىلغان ئىشتىن ئۆزى ئۈركۈيدىغان، سىياسەتكە چېتىلىپ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ كەتتى،بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى خاتالىششقا قۇتراتقىنىم يوق، قانۇن ۋە ساسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە قىلسا بولىدىغان

نۇرغۇن ئىشلار بار، شۇڭا مەتبۇئاتلار قانۇن بىلەن سىياسەتنىڭ دائىرىسىنى كاللىسىدا ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىپ ئىش قىلسا خاتالاشمايدۇ ھەم خەلقنى رازى قىلىپ خەلقنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقالايدۇ بەزى مەتبۇئاتلار ئىزچىل سۆپەتسىز ھالىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئوخشاش قانۇن ئوخشاش سىياسەت دائىرىسىدە مەتبۇئاتلاردىن چىقىۋاتقان كىتابلارنىڭ سۆپىتى ئوخشاش بولمايۋاتىدۇ، باشقۇرغۇچىلار مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمايۋاتىدۇ. مەسىلەن «تارىم ژۇرنىلى» 90-يىللاردا ئەڭ سۆپەتسىز چىققان بىر تارىخنى باشتىن كەچۈردى، ھازىر خېلى ياخشى ھالەتكە قايتتى، شۇڭا مەتبۇئاتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم قورقۇنچاقلىق ئادىتىنى تۈگىتىپ قانۇن ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە دادىل ۋە مەسئۇلىيەتچان بولسا.

سۇئال: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىڭىز نېمە؟

يالقۇن روزى: ئالىي مەكتەپ-دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئۈمىدى باغلانغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بازا. شۇڭا ئالىي بىلىم يۇرتىدا بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە يۈرىۋاتقان ھەر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۈمىدۋار بولۇشىنى، ئۆزىگە ئىشىنىشىنى، ئۆزلۈك تۇيغۇسىدىن چەتنىگەن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ھازىر نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ بىلىم ئېلىش، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، تىنىمسىز ئىزدىنىشتەك مەسئۇلىيىتىنى تونۇماي بۇرچىنى ئۇنتۇپ ئايىغى چىقماس ئويۇن- تاماششىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قىلىۋاتىدۇ،بۇ ئىش مىنى بەك ئىچىندۇردى.شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي مۇستەھكەم بىر ئىتىقاد تۇيغۇسى تۇرغۇزۇپ ياشىسىكەن دىگەن ئۈمىدتىمەن.

سۇئال:بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەت پىلانىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

يالقۇن روزى: مەن بۇ سۇئالىڭىزغا جاۋاپ بېرەلمەيمەن.مېنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىمنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قىلىشىنى خالىمايمەن،بۇ باشقىلارغا سىر بولۇپ قالسۇن

# سابىت داموللام كىم؟

## ياڭقۇن روزى

## (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، ئوبزورچى)

ئاپتوردىن ئىلاۋە: مېنىڭ بۇ ماقالەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «شىنجاڭ تارىخ-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 - يىللىق ساندا يەنى ئومۇمىي 45 -ساندا تېكىستى بىلەن سۈرەتلەر كىرىشتۈرۈلۈپ ئېلان قىلىندى. لېكىن سەھىپىنىڭ چەكلىمىلىكى سەۋەبىدىن باش قىسمىدىكى ئازراق مەزمۇن قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىندى. مەن بۇ تېمىغا قىزىققۇچى كەڭ تورداشلارنىڭ ئوقۇپ كۆرۈشى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ ماقالەمنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ۋە سۈرەتلەرنى تورغا يوللاپ قويدۇم.

تەزكىرە ئەسەرلىرى بىر مەمۇرىي رايوننىڭ تەبىئىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بايان قىلىدىغان ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. تەزكىرە ئادەتتە دۆلەتتىن تارتىپ ئائىلىگىچە، شەھەردىن تارتىپ شەخسكىچە، تاغ-دەريالاردىن تارتىپ دەل-دەرەخلەرگىچە ھەممە شەيئى، ۋەقە-ھادىسە توغرىسىدا يېزىلىدۇ. ئۇ تارىخ ۋە يىلنامىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئادەتتە ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، تەرجىمھال، كۆرۈنۈش (رەسىم، سۈرەت، خەرىتە)، جەدۋەل-ئىسخېما، قوشۇمچە ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەزكىرە تۈزۈش ئارقىلىق مەلۇم بىر رايوننىڭ ياكى جاينىڭ ئېكولوگىيەسىگە، ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا، گۇمانىتار مەدەنىيىتىگە، جەمئىيەت تارىخىغا ۋە ھازىرقى رېئال ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار توپلىنىپ، ئاخىرىدا ماتېرىيال ئامبىرى شەكىللىنىدۇ. بۇ ماتېرىيال ئامبىرى شۇ رايون ياكى جاينىڭ ئەينىكى بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئەينەكتىن شۇ رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرەلەيدۇ. نۇ ئۇنىڭ بىلىش قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

تەزكىرە ئەسەرلىرى بىلىش قىممــــىتىگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە كىشىلەرنى يەرلىك ئورۇنــــــلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تەمىنلەش ۋە تەربىيەلەش رولىغىمۇ ئىگە. ئۇ كىشىلەرنى ئىجابىي ۋە سەلبىي تــــىپلار، ماتېرىيالــــلار، تەجرىبە ـ ساۋاقــــلار بىلەن تەربىيەلەيدۇ. شۇڭا، تەزكىرە تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر تۈرلۈك خىزمىتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ تەزكىرە خىزمىتىگە 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. بۇ خىزمەت بارغانسېرى چوڭقۇر، ئىلمىي، سىستېمىلىق قانات يېيىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، سەل قارىلىۋاتقان، كەمتۈك بولۇپ قىلىۋاتقان مەزمۇنــــلار يوق ئەمەس. بۇ ھال ھەممىمىزنىڭ كۆڭ چىقىرىشى، ئاكتىپ قاتنىششى ۋە ئىزدىنىشنى كۈتمەكتە.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىدا بايان قىلىنماي كېلىۋاتقان بىر مۇھىم تېما.مەسىلەن،«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى» دېگەن نوپۇزلۇق كىتابتىمۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن نەچچە يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر ـنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى يېزىلغان، ئەمما سابىت داموللام تېمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»ناملىق نوپۇزلۇق كىتابتىمۇ يۈزلىگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان، ئەمما سابىت داموللام تېمىسى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ كىتابلاردا 20ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن سەلبىي شەخسلەردىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئېلىخان تۆرە،مەسئۇد سەبرى،مۇھەممەدئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپتېكىن، ئوسمان ئىسلام قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان. شۇ قاتاردا سابىت داموللامىمۇ تونۇشتۇرۇلۇشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن تونۇشتۇرۇلمىغان. سابىت داموللامنىڭ تارىخىي تەسىرى ئۇلارنىڭ ـكىدىن ئاجىز دەپ قارىلىپ تونۇشتۇرۇلمىغانمۇ، دېگەندە مەسىلە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. شۈ جيەنيىڭنىڭ «مىنگو مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ (1912 –1949)» دېگەن كىتابىدا، لىۋ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە، كوللېكتىپ يازغان«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى(3)» دېگەن كىتابتا، جاڭ شۇمىڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر»دېگەن ماقالە ـ نۇتۇقلار توپلىمىدا،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلـ ـۈپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، تۈركچە، ئەرەبچە، ياپونچە سەككىز تىل ـ يېزىقتا بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى

ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابتا سابىت داموللام ۋە ئۇقۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ بايان قىلىنغان ھەم مۇلاھىزە قىلىنىپ تەنقىدلەنگەن. مەسىلەن، لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابنىڭتۆتىنچى بابى «‹شەرقىي تۈركىستان› بۆلگۈنچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن باب بولۇپ، مەزكۇر بابنىڭ ئىككىنچى پاراگرافىدا مەخسۇس «‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇر -ىيىتى› بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى» تەنقىدىي بايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ 1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغانلىقى، «ھۆكۈمەت» تەشكىل قىلغانلىقى، «تەشكىلىي پىروگرامما»، «سىياسىي پىروگرامما» ھەمدە ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇن» ۋە «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭ ئىسىم -لىكىنى ئېلان قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا يەنە ئاتالمىش «ھۆكۈمەت» نىڭ زۇڭتۇڭ، گوۋۇيۈەن ۋە ۋازارەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى، سابىت داموللىنىڭ زۇڭلى بولغانلىقى، «ئاساسىي قانۇن»دا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇن -قائىدىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى، تېگى كۆك رەڭلىك، ئاي-يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ «دۆلەت بايرىقى» بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ پاراگرافتا يەنە بۇ ئاتالمىش «ھۆكۈمەت» نىڭ ئەنگلىيەگە قاراشلىق ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، «دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى» نى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى ھەمدە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ۋە تۈركىيەنىڭ زىيارەتكە كەلگەن ھەر -بىي، سىياسىي ئەربابلىرى ئارقىلىق بۇ ئىككى دۆلەتتىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى، قەشقەر ۋە خوتەندە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ پۇلىنى تارقاتقا -نلىقىنى، يەنە «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنى، «ئىستىقلال» مەجمۇئەسى ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىكنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشۋ -ىق قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ پاراگرافتا يەنە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گەرچە ئىنتايىن قىسقا مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقى مۇلاھىزە قىلىنغان. بۇبۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭ زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى «بۆلگۈنچىلىك جەھەتتە ئىدىيەۋى ئاڭدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتتۈشنى تاماملاپ، بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ ئۈرنىكىنى ياراتقان» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پاراگرافتا يەنە «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى بۇ ئۆمرى قىسقا تۇنجى

بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت ئاچچىق ساۋاقلارغا تولغان بىرمەيدان تىراگېدىيە بولۇپ، ئۇنىڭ
دۆلەتكە، مىللەتكە، چېگرا رايونلارغا ۋە چېگرا رايوندىكى خەلققە كەلتۈرگەن زىيىنى
ئىنتايىن چوڭ بولدى» دەپ خۇلاسىلەنگەن. بۇ پاراگرافتا يەنە چېگرا سىرتىدىكى
كۈچلەرنىڭ بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى توغرۇلۇق توختىلىپ، «<
شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قاسقاندىن چىققاندىن كېيىن، بىرمۇ دۆلەت
ھۆكۈمىتى بۇ بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىغان.
پەقەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئەمدىلا تەختكە چىققان ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ
رەھبىرى زاھىر شاھلا«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە ئاشكارا ھالدا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ
پاراگرافتا يەنە ئىستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيەسى توغرۇلۇق توختىلىپ: «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋەزىيىتىگە قارىتا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە :<ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى باشقۇرسا، بىزنىڭ باشقا
گېپىمىز يوق، ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ 2 - مانجۇرىيە دۆلىتى بولۇشىغا قاراپ تۇرساڭلار،
ئۇنداقتا بىز چوقۇم ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۆزىمىزنى قوغدايمىز>» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش
بەرگەنلىكى ھەم شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملەشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلەرنى تازىلىغانلىقى بايان قىلىنغان.

كوللېكتىپ يازغان«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»ناملىق ئۈچ توملۇق كىتابنىڭ
3 - تومىدا «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى> نىڭ قەپەستىن چىقىشى ۋە يوقىلىشى» دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس بىر
بۆلۈم ئاجرىتىلىپ تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ بۆلۈمدە بۇ بۆلگۈنچى ھۆكۈمەتنىڭ كىم تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى مۇنداق بايان قىلىنغان: 1933-يىلى يازدىن
باشلاپ«قەشقەر رايوندا تۆت گۇرۇھ كۈچ شەكىللىنىپ، بىر- بىرى بىلەن پۇت تېپىشىپ،
ھەممىسلا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىش خىيالىدا بولۇشتى. ئۇلاردىن بىرى تۆمۈر بولۇپ،
ئەمەلىي كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى، ئۆزىنى شىنىڭ شىجاڭى، قوشۇمچە چېگرا
مۇداپىئە باش قوماندانى دەپ ئاتىدى ھەم تۇرپانلىق ئۇيغۇر يۇنۇس بەگنى سابىق
مەمۇرىي باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئىككىنچىسى، ما جەنساڭ بولۇپ، ماجۇڭيىڭغا
ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچ ئىدى. بۇ سابىق مەمۇرىي باشلىق ما شياۋۋۇ بىلەن بىرلەشتى،
بۇنىڭ قىسمى خىل، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۈچىنچىسى، ئوسمان بولۇپ، بۇ بىر
زومىگەر، قۇلاق كەستى ئىدى، بۇ ھېچقانداق ئەيمەنمەستىن خەنزۇلارنى بۇلايتتى،
ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ساق قېلىشى تەس ئىدى، تۆمۈر

ئۇنى شىنىڭ شىجاڭى قىلىمەن دېگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن نارازى ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بەك چوڭقۇر ئىدى. تۆتىنچىسى، سابىت داموللام بولۇپ، ئۇنىڭ تايانچ بازىسى خوتەن ئىدى. لېكىن، قەشقەردىمۇ بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى جۇڭگودىن ئايرىلىپ مۇستەقىل <شەر-قىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قۇرۇش ئىدى. بۇ بىرقانچە گۇرۇھ كۈچ ئۆزئارا پۈت تېپىشىپ، ھەممىسلا پۇرسەت كۈتۈپ قارشى تەرەپنى يۇتۇۋېلىشنى ئويلايتتى».

بۇ بۆلۈمدە يەنە «سابىت داموللام ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا پىلانلىغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئەنگلىيەنىڭ ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىش ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك پىلانىغا ماس كەلگەنلىكتىن، ئەنگلىيە جاھا-نگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ... 1933- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى، كېچىدە <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قەپەستىن چىقتى...دۆلەت ئىشلىرى زۇڭلى-سى: سابىت داموللام، ئاتۇشلۇق، ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا ئوقۇغان، ھىندىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى بىلىدۇ، ئەنگلىيە جاھانگىر-لىكى يېتىشتۈرگەن غالچا» دەپ بايان قىلىنغان.

داڭلىق تارىخچى لىيۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - قىسىمدا «ھەر خىل كۈچلەرنىڭ قەشقەردىكى توقۇنۇشلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئون تۆتىنچى باب قىلىنىپ بايان قىلىنغان. مۇشۇ بابتا ئاپتور «سابىت داموللىنىڭ قەشقەرگە كىر-ىشى»، «قاراقاش ئىسيانى»، «سابىت داموللىنىڭ يەكەنگە كېلىشى»، «تۆمۈر ئەلىنىڭ سابىت داموللىنى نەزەربەند قىلىشى»، «خوجىنىيازنىڭ سابىت داموللىنى قولغا ئېلىشى» دېگەن كىچىك ماۋزۇلار بويىچە سابىت داموللىنىڭ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش جەريانىنىڭ باش- ئاخىرىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللام توغرۇلۇق «سابىت كىچىكىدىن سىستېمىلىق ئىسلام تەلىماتى بىلەن تەربىيەلەنگەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام تەلىماتىنى زېھىن قويۇپ تەھسىل قىلغان ھەمدە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دىنىي ئۆلىما بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىغان. 1928-يىلدىن كېيىن سابىت دامو-للام يۇرتى ئاتۇشتىن ئايرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە، كېيىن ئىلىدا مۇدەررىسلىك قىلغان. 1930-يىلى سابىت داموللام ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىغا كەلگەن خوتەنلىك مۇھەممە-تئىمىن ئىسىملىك بىر ياش بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ...مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ ۋەزىيىتى-نىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق سابىت داموللىدىن تەلىم سورىغاندا، سابىت داموللام بىلىپ

- بىلمەي ئۆزىنىڭ جىن شۇرىن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە بۇ مەسىلىدە مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئورتاق تونۇشقا كەلگەن» دەپ يازغان. ليۇ زىشياۋ ئەپەندى يەنە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا 1932-يىلىنىڭ ئاخىر -لىرى قاراقاشتا بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان «دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سابىت داموللام ھىندىستاندىن خوتەنگە كەلگەن. سابىت داموللام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە تۈركىيە، ئەرەب يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ كەلگەنىدى. بۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىلدا سابىت داموللام بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تۇنجى كۆرۈشۈشى ئىدى. سابىت داموللام پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇھەممەتئىمىن پىلانلىغان ھەرىكەتنى قوللىغان» دەپ بايان قىلغان. ئاپتور سابىت داموللىنىڭ مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر قاتارلىق ئاتامانلار بىلەن بىللە 1000 چە ئەسكەرنى باشلاپ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ «قەشقەردىكى دىنىي زاتلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئېقىمدىكىلەر سابىت داموللىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سابىت داموللام قەشقەردە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە يادرولۇق شەخسكە ئايلاندى»، «كېيىنكى كۈنلەردە، سابىت داموللام ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچىنى پارچىلىدى. ئوسمان ئەلى ئاخىر قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. مۇنداق مۇھىت يارىتىلغاندىن كېيىن، سابىت داموللام يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، <شەرقىيتۈركىستان مۇستەقىل ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قۇرۇشتەك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. ئۇ تۆمۈر، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلارنىڭ قەشقەر بوستانلىقىدىكى جىن شۇرېننىڭ چېرىك ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكىتىگە تۆپىتىن قارشى يول تۇتتى» دەپ يازغان.

ليۇ زىشياۋ ئەپەندى سابىت داموللىغا باھا بېرىپ «سابىت داموللىنىڭ سەرگۈزە شتلىرىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلغۇدەك ئاساسى ۋە تەجرىبىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار شەھىرى بولغان قەشقەردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە زېمىندا ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيىتىدە ئەكس ئەتكىنى بولسا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدى» دەپ يازغان.

شۇ جيەنيىڭ ئەپەندى «مىنگو مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ (1912–1949) » دېگەن كىتابىدا «ئەنگلىيە بىلەن ئاتالمىش <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> دېگەن ماۋزۇ بويىچە سابىت داموللامنىڭ بۇ ئاتالمىش «جۇمھۇر ىيەت» نى قۇرۇش جەريانىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىخچام بايان قىلغان. ئاپتور سابىت

داموللام توغرۇلۇق توختالغاندا «سابىت داموللام قەشقەرلىك، كىچىكىدە قەشقەردىكى
مەدرىسەلەردە ئوقۇغان.كېيىن مۇدەررىس بولغان. ئافغانىستان، ھىندىستانلارغا چىقىپ
ئوقۇپ بىلىمىنى ئاشۇرغان. پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان.
ساياھەت قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىگە بارغان. سابىت
داموللام مۇدەررىسلىك قىلىپ ئايلىنىش جەريانىدا ئاقسۇدىن چەرچەنگىچە بولغان
جايلاردىكى تەسىرى زور، ئىمتىيازلىق شەخسكە ئايلانغان»، «ئۇ، تىپىك بۆلگۈنچى،
مەقسىتى جۇڭگودىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل پانئىسلامىزملىق دۆلەت قۇرۇش» دەپ ياز
-غان. سابىت داموللامنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا توختالغاندا ئاپتور مۇنداق يازغان: «4
- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرى يەكەنگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەردىن
يەكەنگە قېچىپ كېلىۋالغان سابىت داموللام ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم <مىنىستىرلىرى> نى
قولغا ئالغان. كېيىن، خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللام قاتارلىق بۆلگۈنچىلەرنى ئۆلكە
-لىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. 7-ئايدا، سابىت داموللام ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلگەن
(بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىدە ئۆلگە) .

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى
جاڭ شۇمىڭنىڭ «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتى
-نىڭ ئەمەلىيىتى ھەم ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن كىتابىدا «شىنجاڭدىكى <ئۈچ
خىل كۈچ> نىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە مۇرەككەپ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈش» دېگەن بىر
چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭ ئىچىدىكى«<شەرقىي تۈركىستان> كۈچلىرىنىڭ بارلىققا
كېلىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن كىچىك ماۋزۇدا 1933-يىلى قۇرۇلغان ئاتالمىش «
شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى ئەيىبلەپ كېلىپ «مەركىزىي ھۆكۈمەت»
گەرچە «ئىنتايىن قىسقا مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، زىيىنى ئىنتايىن زور
بولدى»، «بولۇپمۇ، قېلىپلاشمىغان جۇغراپىيەۋى نام بولغان <شەرقىي تۈركىستان> غا
پۈتۈنلەي سىياسىي مەنە بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالماش سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ
قويدى، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئاتالغۇ شىنجاڭنى بۆلۈۋالماقچى ۋە مۇستەقىل قىلماقچى
بولغانلارنىڭ سىياسىي بايرىقىغا ئايلىنىپ قالدى»، نەتىجىدە «1944-يىلى غۇلجىدا
ئېلىخان تۆرىمۇ <شەرقىي تۈركىستان> بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى» دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، يۇقىرىقى نوپۇزلۇق كىتاب، تارىخىي ئەسەر، تەتقىقات ماتېرىياللىرىد
-ىكى مەزمۇنلاردىن سابىت داموللىنىڭ شىنجاڭنىڭ 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا
ئۆتكەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي قاتارلىق ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار
ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالپتېكىن، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان

ئىسلام قاتارلىق مەشھۇر مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان سەلبىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرغىچە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ توغرۇلۇق مەخسۇس كىتابلار نەشر قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى كەڭ - كۆلەمدە تەنقىد ۋە تەھلىل قىلىندى. نى يۈچېڭ ئەپەندى «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى»، خۋاڭ جيەنخۇا ئەپەندى «ۋۇ جۇڭشىن ۋە مەسئۇد»، لو شاۋۋېن ئەپەندى «ئەيسا ئالىپتېكىننىڭ قىسقىچە تەرجىمە -ھالى»، ليۇ شياڭخۇي ئەپەندى «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەردى. لېكىن سابىت داموللىنىڭ ھاياتى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان ماقالە-ئەسەرلەر ئېلان قىلىنمىدى. پەقەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى» دېگەن كىتاب بىلەن 2004-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 2-قىسمىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى كىتابتا بايان قىلىنغان تارىخىي مەزمۇنلاردا پەرق زور ھەم خاتا جايلار كۆپ بولۇپ قالغان. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «1930-يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭى ئۇستىدە سۆز ئاچقاندا قەشقەردىكى خەلق قوزغىلى -ڭىغا قاتناشقان داڭلىق كىشىلەر ئىچىدە سابىت داموللىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى دەپ تىلغا ئالىدۇ. بۇ خاتا» (216- بەت) دەپ يازغان. ئۇ مەزكۇر كىتابىدا يەنە قاراقاشتا 1933 - يىلى قۇرۇلغان «ھۆكۈمەت» توغرۇلۇق «بۇ ھۆكۈمەتكە مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇن رەئىس، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ھەربىي قوماندان، سابىت داموللام مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە مۇئاۋىن ھەربىي قوماندان بولۇپ سايلانغان» دەپ يېزىپ سابىت داموللىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ئاتايىتەن «بۇ قەشقەردە <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> گە باش ۋەكىل (زۇڭلى) بولغان سابىت داموللام ئەمەس» (295-بەت) دەپ ئەسكەر -تكەن. روشەنكى، 1933- ۋە 1934-يىلى 18-19 ياشلىرىدا قەشقەردىكى بىر- بىرىگە قارشى سىياسىي ۋە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئېلىشىشىغا ئىشتىراك قىلىپ، شۇ ئىشلار -غا شاھىت بولغان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ سابىت داموللام توغرۇلۇق خاتا مەلۇمات بەرگەن.

دېمەك، تۆرلۈك كىتاب ۋە ماقالىلەردا سابىت داموللامنىڭ ھاياتى ۋە بۆلگۈن

ـچىلىك پائالىيەتلىرى چولتا، زىددىيەتلىك، خاتا بايان قىلىنىپلا قالماستىن ئۇنىڭ
سۈرىتىمۇ خاتا بېكىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ما شۇكاڭنىڭ «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر
(1840–1949)» ناملىق كىتابنىڭ ئىچىدە <«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇر
ـيىتى>نىڭ باش ـ ئاخىرى»دېگەن بىر ماقالە بولۇپ، ئاپتور مۇشۇ مەزمۇنغا بىر پارچە
سۈرەتنى بېرىپ، (70 ـبەت)، ئاستىغا «كونا ماركىلىق مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر سابىت
داموللام» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرگەن. سۈرەتتىكى كىشى يۈزى سوزۇق، ئاق ساقاللىق
كىشى بولۇپ، سابىت داموللام يۇملاق يۈزلۈك، قارا ساقال ئادەم ئىدى. يۈز كېپتى ۋە
ساقىلى ئوخشىمىغاندىن باشقا چىراي ئالامەتلىرىمۇ پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ. دېمەك،
سۈرەت خاتا بېكىتىلگەن. شېرىپ خۇشتار ئەپەندى تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان
تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتابنىڭ باش قىسمىغا 20 ۋاراقتىن ئارتۇقراق
تارىخىي سۈرەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا بىز ئىسمىنى ئاتىغانلار
ـدىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جۇڭيىڭ، ئوسمان ئىسلام، ئېلىخان
تۆرە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا ئالىپتېكىنلەرنىڭ ئۆلچەملىك
سۈرىتى بېرىلگەن. سابىت داموللامنىڭ كوللېكتىپ بىلەن چۈشكەن سۈرىتى بېرىلگەن
بولسىمۇ، لېكىن، چۈشەندۈرۈشتە قولىدا تەسۋىي تۇتۇپ ئولتۇرغان كىشىنى سابىت
داموللام دەپ خاتا كۆرسىتىپ قويغان.

خوش، ئۇنداقتا سابىت داموللامغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ماتېرىياللاردىكى خاتا
ـلىقلار، كەمتۈكلۈكلەر شۇ پېتى كېتىۋېرەمدۇ ياكى ئۇنى تۈزىتىپ، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە
مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەزكىرە، قامۇس، لۇغەت ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابلارغا
يېڭى، توغرا، سىستېمىلىق ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىش زۆرۈرمۇ؟ تارىخىي چىنلىقنى،
تارىخىي پاكىتنى، تارىخىي ماتېرىياللارنى قەدىرلەيدىغان ھەربىر تەتقىقاتچى بۇ مەس
ـىلىگە«زۆرۈر» دەپ قارايدۇ،ئەلۋەتتە. مەن مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، توپلىغان ماتېرىيا
ـللىرىم ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە سابىت داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ۋە
ئۆلچەملىك سۈرىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇندۇم. تەتقىقاتچىلارنىڭ خاتا جايلىر
ـىنى تۈزىتىپ ۋە كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سابىت داموللام 1883 ـيىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە ئابدۇلباقى ئىسىم
ـلىك كىچىك سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ دىنىي تەربىيەنى ئازاقتا چوڭ
ئەلىماخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇ
ـغان. 1900 ـيىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان. 1914 ـيىلى ئوقۇشنى
تاماملاپ داموللا بولۇپ، ئۇدۇل غۇلجىغا كېلىپ، ئازاقلىق يۇرتداشلىرى ئەڭ كۆپ

ئولتۇراقلاشقان سۇيدۇڭدە ئىسمائىل ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قىزى رابىيەگە ئۆيلىنىپ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. سابىت داموللامنىڭ ئائىلى بىلەن ئوغلىنى سۇيدۇڭدە قالدۇرۇپ، قەشقەرگە نېمە سەۋەبتىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.بەزىلەر سۇيدۇڭدىكى «رەستە ۋەقەسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ 1916-يىلى سۇيدۇڭدە «رەستە ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر سودىگەر -لەرنىڭ دۇكانلىرىغا ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 1917- يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى سۇيدۇڭگە كەلگەن شىمالىي ملىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ باج خادىمى شيې بىننىڭ «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار مۇنداق ئۇچۇر بار: «سۇيدۇڭ سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم ئەتراپىدا ئىكەن، بۇ قەلئە ئىلىدىكى توققۇز كۆرەننىڭ بىرى ئىكەن. بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقى ماناس بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سودا دۇكانلىرى جەنۇبىي قوۋۇق چوڭ كوچىسى ۋە جەنۇبىي قوۋۇقتا ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتا ئاساسەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى،سېپىل ئىچىدە پۇتۇنلەي تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى جايلاشقان ئىكەن. جەنۇبىي قوۋۇقتىكى بازار ئالدىنقى يىلى ئوت كېتىپ ۋەيران بولغانىكەن. ھازىر بولسا دۇكانلارنىڭ ھەممىسى يېڭىلىنىپ ئۆيلەر رۇس پاسونىدا سېلىنىپتۇ. ئۆيلەر رەتلىك، كۆركەم، كوچىلار كەڭ ئىكەن.» (79-بەت) «رەستە ۋەقەسى» دە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى كۆيۈپ كېتىپ،پەقەت سېپىلغا تۇتاش سېلىنغان بىر ئۆيىنى ئىشرەتخانا قىلىۋالغان، «جوخۋازى» دەپ نام ئالغان كۆچالىق بىر سەتەڭ ئايالنىڭ ئۆيىلا ساق قالغان. مانا مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى» سەۋەبىدىن سۇيدۇڭدىكى ئۆلىمالار ھەم سودىگەرلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. بەزى نادان سودىگەرلەر بىز ئۆشرە-زاكاتنى ئايرىۋاتقان تۇرساق بىزنىڭ دۇكانلىرىمىز كۆيۈپ، كېچە-كۈندۈز ئەيش-ئىشرەت قاينايدىغان بىر بۇزۇق خوتۇننىڭ ئۆيىنىڭ ساق قالغىنى نېمىسى، دېيىشىپ ئۆلىمالارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغان. سابىت داموللام مۇشۇ «رەستە ۋەقەسى» تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار تۈپەيلى ئائىلى بىلەن ئوغلى ئابدۇللانى سۇيدۇڭدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قەشقەر -گە قايتىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ. ئەمما تۈركىيەلىك گېنېرال زىيا يەرگۆكنىڭ ئەسلىمە سىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، يۇقىرىقى سەۋەبنىڭ چىنلىقىغا تازا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. زىيا يەرگۆك قاتارلىق ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىر تۈركۈم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى 1915 - يىلى ئەرمىنيەنىڭ سارقامىش دېگەن يېرىدە رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ سىبىرىيەگە پالانغان. ئۇلار 1918-يىلىغىچە سىبىرىيەدە ئەسىرلىكتە ياشىغان. 1918-يىلى 10-ئايدا رۇسىيەدىكى ئىنقىلا

ـبلار سەۋەبىدىن كونتروللۇق بوشغاندا زىيا يەرگۆك قاتارلىق ئالتە ئوفتسېر ـ ئەسكەر
قېچىپ قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھرىگە كەلگەن. ئۇ يەردە باھاۋۇدۇن مۇساباييېفنىڭ
سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئابدۇرېھىم بايۋەچچە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئابدۇرېھىم بايۋە
ـچچە ئىستانبۇلدىكى گالاتا ساراي ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن
تېزلا سىردىشىپ چىقىشىپ كەتكەن ھەم قورغاستا تۇرىدىغان شامى داموللا دېگەن
كىشىگە ھەمراھ قىلىپ سۈيدۇڭگە ئۇزىتىپ قويغان. ئۇلار دۆربىلجىن ئارقىلىق شىنجا
ـڭغا كىرىپ شىخۇدىن شۇ يىلى 11ـئايلاردا سۈيدۇڭگە يېتىپ كەلگەن. سۈيدۇڭگە
كەلگەندىن كېيىن شامى داموللا ئۇلارنى، سابىت داموللامنىڭ ئۆيىگە ئاپارغان. سابىت
داموللام ئۇلارنى بىر ھەپتە كۈتۈۋېلىپ ھەم ئالتە ئات تەييارلاپ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى
يول باشلاشقا تەيىنلەپ، ئىلى دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەتتە سۇدىكى ياركەنت تەۋە
ـسىگە يەتكۈزۈپ قويغان.زىيا يەرگۆكنىڭ«سارقامىشتىن ئاسارەتكە(1915 ــ1920)
دېگەن كىتابىدىكى بايانىدىن قارىغاندا، سابىت داموللام 1918ـيىلىنىڭ ئاخىرلىر
ـىدىمۇ تېخى سۈيدۇڭدە ئىدى. بۇ چاغدا «رەستە ۋەقەسى» نىڭ يۈز بەرگىنىگە ئىككى
يىل بولۇپ قالغانىدى. نېمە سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سابىت داموللام ئايالى
بىلەن ئوغلىنى سۈيدۇڭدە قالدۇرۇپ قويۇپ قەشقەرگە كەلگەن. ئۇنىڭ قەشقەرگە
كەلگەن چاغلىرى 1919ـيىلى ياكى 1920ـيىلى بولۇشى ئېھتىمال. سابىت داموللام
قەشقەرگە كەلگەن چاغلار ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق جەدىدچىلەر
زور كۈچ بىلەن ياۋروپالىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دىن تارقىتىش يولىدىكى ھەر خىل
ئۇسۇللىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئاممىۋى دولقۇن شەكىللەندۈرۈۋاتقان
چاغلار ئىدى. سابىت داموللىنىڭ دىنىي مەلۇماتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغاچقا، قەشقەرد
ـىكى داڭلىق مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى پائالىيىتى
ئابدۇقادىر داموللا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان جەدىدچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ خرىستى
ـيان دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە بولغان.
باشقىچە سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

20ـئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا مىقياسىدا، بولۇپمۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئەنگلى
ـيەگە قارشى كەيپىيات ئەڭ كۈچلۈك ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى
قەشقەر جەدىدچىلىرىمۇ بۇ خىل ئىدىيەۋى خاھىشتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. 1924
ـ يىلى قەشقەردىكى ئىلغار ياشلار بىلەن تەقۋادار تالىپلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش ناما
ـيىشى قىلغان. 1917ـيىلىدىكى «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» ئارقىلىق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى

ئاغدۇرۇلۇپ، بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى بارلىققا كەلگەن. نەتىجىدە، قەشقەردىكى رۇسىيە كونسۇلخانىسى تاقىلىپ قالغان. ئەزەلدىن تەسىر كۈچ جەھەتتە رۇسىيە كونسۇلخا ـنىسىدىن ئارقىدا تۇرۇپ كەلگەن قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ تەسىرى باشقا رەقىبى بولمىغاچقا، بۇ چاغدا راسا كۈچەيگەن. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارنى زىيادە ھىمايە قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئابدۇقادىر داموللام ئورۇنلاشتۇرغان نامايىش ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. نەتىجىدە، نامايىشقا قاتناشقان ھەم ئۇيۇ ـشتۇرغانلارنى قولغا ئېلىپ جازالاش باشلانغان. ئابدۇقادىر داموللام شۇ يىلى 8ـ ئايدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ۋەزىيەت زىيادە كەسكىن بولغاچقا خەۋپسىرىگەن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قاچقان. سابىت داموللام شۇ يىللاردا غۇلجىغا چىقىپ پاناھلانغان. ئۇ غۇلجىدا تۇرغان دەسلەپكى يىللاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ئىزلىرى سۆزلە ـنگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابى «شېرىن كالام» نى يېزىپ تاماملاپ، 1927ـ يىلى سودىگەرـبايلارنىڭ ياردىمىدە كۆرەدىكى ھۆكۈمەت مەتبەئەسىدە كۆپەيتىپ باستۇر ـغان. بۇ كىتاب ئۇنىڭغا زور ئاممىۋى نوپۇز ئاتا قىلغان. شۇ يىلدىن باشلاپ ئۇ غۇلجىد ـىكى دەڭ مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئاغزاكى تەرجىمە ـ تەپسىر قىلىپ، بۇ ئىشنى 2–3يىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ شۇ يىللاردا يەنە ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى زور ئاندالۇسىيە ـلىك ئىبنى مالىك (1204 ـ 1274) دېگەن ئالىمنىڭ مەدرىسەلەردە دەرسلىك قىلىنىۋاتقان ئەرەب تىلى گراماماتىكىسى توغرىسىدىكى «ئەلفىيە» ناملىق كىتابىغا شەرھ ۋە ھاشىيە يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇكىتابى «شەرھى ئەلفىيە» دەپ ئاتالغان.

1920ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتىگە قارشى باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، خەلىپە تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى،ھىندىستاندىكى ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەتلەر،سەئۇدى ئەرەبىستا ـنىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى قاتارلىق بىر قاتار جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ئىشلار يۈز بېرىپ، ئىسلامىيەت دۇنياسى داۋالغۇپ كەتكەنىدى.تۈرلۈك ئىنقىلاب،مىللىي ھەرىكەت ،بۆلۈنۈش ئىستىكى دۇنياۋى ئېقىم بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھادىسىلەر شىنجاڭ مىقيا ـسىدىكى ئەزەلدىن سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىقى سۇس موللاـئۆلىمالار قاتلىمى ئارىسى ـدىمۇ تەۋرىنىش پەيدا قىلغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئارىسىدا توغرا سىياسىي ئاڭغا ئىگە كىشىلەرمۇ، ناتوغرا سىياسىي غەرەزگە ئىگە كىشىلەرمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان. سابىت داموللام ئۇچۇن ئېيتقاندا، غۇلجىدىكى مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئۇنىڭ دىنىي ئالىملىقتىن

بارا ـ بارا سىياسىي غەرەزلىرى شەكىللەنگەن بىر بۆلگۈنچىگە ئايلىنىش جەريانى بولۇپ قالغان. بۇنى ئۇنىڭ 1930ـيىلى غۇلجىدا مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن ئۇچراشقاندا دېگەن گەپلىرىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا كەلگۈسىدە «چوڭ ئىشلار»نى تەۋرىتىشنى پىلانلاپ، ئالدى بىلەن جايلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، شۇ يىللاردا خوتەندىن چۆچەككە چىقىپ، چۆچەكتىكى مەشھۇر تاتار ئالىم مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئالغاچ غۇلجىغا كەلگەن. غۇلجىدا سىياسىي غەرەزلىرى تامامەن ئوخشاش بولغان بۇ ئىككىيلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇلار كۆرۈشۈپلا بىر-بىرىنى ئىزدىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان. سابىت داموللام ھەم مەلۇ ـماتلىق، ھەم ناتىق بولغاچقا، يېشى ئۆزىدىن 15−16 ياشلار كىچىك مۇھەممەتئىمىن بۇغرادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. سابىت داموللام شۇ قېتىمدا مۇھەممەتئىمىن بۇغراغا قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر تاللاش ئىكەنلىكىنى، قوراللىق ئىسيان كۆتۈر ـىدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇننىڭ خوتەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. نىيەت ـ مەقسە ـتلىرى بىر يەردىن چىققان بۇ ئىككىيلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىپ، مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەن. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا خوتە ـنگە قايتىپ كېلىپ قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلغان. سابىت داموللام 1931 ـ يىلى ئەتىيازدا ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئېلىپ دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن رۇسىيە ئارقىلىق ھەجگە ماڭغان. ئۇ رۇسىيەدىن تۈركىيەگە بارغان، ئاندىن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان. ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھىجاز، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئايلانغان. بۇ جەرياندا يازغان «جەۋھەر ئەقدىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇ ئېنىق قىلىپ «تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ساياھىتىمدە قەيەرگە بارسام ئىسلام دىنىدىكى كىشىلەر ـنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھەسرەتلەندىم ھەمدە بۇ مەسىلىدە ئۇزاق ئويلاندىم» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلغۇدەك بىرەر كۈچنىڭ يوقلۇ ـقىنى ھېس قىلىپ ھەسرەت چەككەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇ، بۇ ساياھىتى جەرياندا مىسىر، ھىجاز ۋە تۈركىيەدىكى پانئىسلامىزمچى ئالىملار بىلەن تونۇشقان. ئۇلاردىن «نۇسرەت قازىنىش»نىڭ يوللىرىنى سورىغان. ئۇ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ مۇقەد ـدىمىسىدە يەنە مۇنداق يازغان: «بۇ ھەقتە ئۇزۇن تەپەككۇر قىلدىم. ئىستانبۇل، ئىسكەندىرىيە، مىسىر، ھىجاز ۋە ھىندى ئۆلىمالىرىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىرى بىلەن مۇزا ـكىرىلەشتىم. مۆھتەرەم، تەڭداشسىز ئۆلىما، دوكتور رەشىد رىزا بىلەن نەچچە مەجلىس

لەردە بىللە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردۇم»، ئۇلار ماڭا «ئۆمەر ئىبنى كەرەبنىڭ «ئەمىرۇل بايان» دېگەن كىتابىنى ۋە شامىلىق (سۇرىيەلىك) ئۆتكۈر سىياسىيون، مەشھۇر خەتىب شەكىب ئارسلاننىڭ «مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قېلىپ، باشقىلار ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ» دېگەن كىتابىنى بەردى، كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ چىقتىم. ئۇ كىشىمۇ مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغانىكەن.

سابىت داموللام بۇ ئىككى يىللىق ساياھەتچى جەريانىدا سىياسىي غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە تىنىم تاپماي ئىزدەنگەن. توختىماي كىتاب ئوقۇغان. ھەر خىل نامدا ئېچىلغان يىغىن ۋە يىغىلىشلارغا قاتناشقان. ئاشۇ سورۇنلاردا مەجىد كەردى، ئىبراھىم غەززاۋى، ئابدۇلقۇددۇس ئەنسارى، تاتار ئالىم ئابدۇرەشىد ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇنىڭ «ئەقدە جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابىدىكى ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئۇ بۇ جەرياندا «ئىسلام قانۇنى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى يېزىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۈلگۈرەلمىگەن. ئۇ يەنە «جەۋھەر ئەقدىلەر» ناملىق كىتابىنى، يۇرتداشلىرىغا «خورما ۋە زەمزەم» ئورنىدا سوۋغا قىلماقچى بولۇپ تۈزۈپ تەييارلىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ بۇ كىتابىنى خوتەن يۇرۇڭقاشلىق تىجارەتچىلەر ئابدۇسەمىجان ۋە ئەمەتجان باي دېگەن سودىگەرلەرنىڭ باللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن دېھلى شاھجاھاندىكى «مەھبۇبۇلمەتابىئە مەتبەئەسى» دە باستۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن.

سابىت داموللام 1932-يىلى نويابىردا ئىككى يىللىق ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ يول ئالغان. ئۇ يۇقىرىقى كىتابىدا «بۇ سەپىرىمدە قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىبرەت ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلدىم» دەپ يازغىنىدەك، سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان بىر سىياسىي بولغۇچىدە بولۇشقا تېگىشلىك مول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، قەتئىي ئىرادە تۇرغۇزۇپ ھىندىستاندىن گۇمىغا كەلگەن. قائىدە بويىچە ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتقان ھاجىلار ئالدى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئادەت بولسىمۇ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى مۇستەقىللىق ئىدىيەسى بىلەن زەھەرلەنگەن بۇ يېڭى ھاجى يۇرتى ئاتۇشقا قاراپ ماڭماستىن، ئۇدۇل خوتەنگە بېرىپ غۇلجىدا تىل بىرىكتۈرگەن مەسلەكدىشى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇ خوتەنگە بېرىشقا رامىزان ئېيى كىرگەن. ئۇ خىلىسىمۇ مۇستەقىللىق چۈشى كۆرىدىغان، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان بۇ تەۋرەنمەس بۆلگۈنچى ئۆزىنىڭ ناتىقلىق كارامىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، رامىزان ئېيىدا قاراقاشتا جىھاد ھەققىدە توختىماي ۋەز ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرگە مۇستەقىللىق ئىدىيەسىنى سىڭدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە

سىياسىي نوپۇزىنى تىكلىگەن. غۇلجىدىن كەلگەندىن بېرى قوزغىلاڭ قىلىشقا تەييارلىق
كۆرۈپ كېلىۋاتقان مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ماددىي تەييارلىقلارنى تېخىمۇ تېزلەتكەن. نى
يۇچىلىك ئەپەندىنىڭ «مۇھەممەتئىمىن بۇغرا قانداق كىشى» دېگەن ماقالىسىدە يېز
ـىلىشىچە، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا «قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغ دەل
قاراقاش ناھىيەسىنىڭ خەلققە قاتتىق زۇلۇم سالغان، گۇناھى چېكىدىن ئاشقان ھاكىمى
يەن جۇ ئەسكەر ئېلىۋاتقان چاغ بولغاچقا، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا دەرھال ئوۋچى ئاتقۇر
ـسۇن قاتارلىقلارنى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قاتارىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشنى
ئورۇنلاشتۇرغان .

«1932ـيىلى 2 ـئاينىڭ 24 ـ كۈنى سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن
بۇغرا ئۆزلىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئوۋ مىلتىقى، قىلىچ، چوماق قاتارلىقلار بىلەن
قوراللاندۇرۇپ قاراقاش ناھىيەلىك يامۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ ماسلىششى
بىلەن ناھايىتى ئاسانلا غەلىبە قازانغان. ئۇلار ئارقىدىنلا خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان.
خوتەندىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى قورقۇپ كېتىپ قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم
بولغان. نەتىجىدە، قاراقاشتىن كەلگەن ئىسيانچىلار خوتەننى ئۇرۇشمايلا ئىگىلىگەن.
خوتەن ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرمۇ ھەش-پەش دېگۈچە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئادەملىر
ـىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. نەتىجىدە 4ـ ئاينىڭ 5ـكۈنى «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»
دېگەن بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. بۇ «ھۆكۈمەت» تە مۇھەممەت نىياز ئەلەم دېگەن
كىشى دىنىي داھىي، سابىت داموللام ئالىي مەسلىھەتچى، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش
قوماندان بولغان. مۇھەممەتئىمىن بۇغرا باش قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا
مىجەزى چۇس، ئۇرۇشتا باتۇر ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر ۋە ئەمىر ساھىبلارنىڭ ئوڭ-سول
ياردەمچى بولۇشى بىلەن ئەمەلىي ھوقۇقى ئەڭ زور شەخس ھېسابلىناتتى. «خوتەن
ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، چەرچەندىن تارتىپ يەكەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز
تىزگىنىگە ئالغاندىن كېيىن، سابىت داموللام بۇ قوراللىق ئىسيانىنى كېڭەيتىپ، قەشقەر
ـگە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق مۇھەممەتئىمىن بۇغراغا كۆپ مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئاخىر
ئۇنى كۆندۈرگەن. نەتىجىدە، سابىت داموللام بىلەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى
شاھ مەنسۇر 1000 چە ئەسكەرنى باشلاپ، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن 1933ـ يىلى 7 ـ
ئايدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇزاقتىن بېرى مافۇشىڭ، ما شاۋۋۇ قاتارلىق زالىم
ئەمەلدارلارنىڭ دەردىنى تارتىپ تويۇپ كەتكەن ئاددىي خەلق سابىت داموللام
بىلەن شاھ مەنسۇرنى نىجاتكار بىلىپ تولىمۇ داغدۇغىلىق قارشى ئالغان. خەلقئارادىكى
كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا «مول تەجرىبە توپلىغان» سابىت داموللام ئۆزىنىڭ سىياسىي

غەربنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيەۋى ئاساس تەييارلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدىغان بولغاچقا، 7-ئاينىڭ 21-كۈنى قەشقەردە ھەپتىدە بىر سان نەشر قىلىنىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دېگەن گېزىتنى نەشر قىلدۇرغان. گېزىتنىڭ سەھىپە مەزمۇنىنى «دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، سىياسىي گېزىت» دەپ بېكىتكەن. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەرگە كەلگەن مەزگىلدە قەشقەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ قولىدا، يېڭىشەھەر ما جەنساڭنىڭ قولىدا ئىدى. ما جەنساڭنىڭ يېنىدا ھۆكۈمەتنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە قەشقەر دوتېيى ما شاۋۋۇ بار ئىدى. قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ ئاتامانلىرى بولغان ئۆزبېك يۈسۈفجان قۇربېشى، سېتىۋالدىجان قۇربېشى ۋە قىرغىز جانىبېك قاتارلىق قورallıق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. يەرلىك قىرغىزلاردىن چىققان ئوسمان ئەلىنىڭ ئاتامانلىقىدا تەشكىللەنگەن ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭ، ئابدۇقادىر ھاجى تۆەنجاڭ قاتارلىق قوراللىق كۈچلەرمۇ بار ئىدى. تۆمۈر سىجاڭ ساددا ئادەم بولغاچقا، ما جەنساڭنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئەتراپىدىكى ئوسمان ھەم باشقا ئاتامانلار بىلەن چىقىشالماي كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە نوپۇزىنى كۈچەيتەلمەي جىلە بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەردە پەيدا بولغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر تۆمۈر سىجاڭغا ئاۋۋال كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭىشەھەردىكى ما جەنساڭنى يوقىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرغا خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىغا ياردەملىشىپ ما جۇڭيىڭغا قارشى جەڭ قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئىككى تەرەپنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر قەشقەردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتقان. ئۇلار «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن بىر يېڭى ئورۇننى تەسىس قىلىپ، شۇ ئورۇننى بازا قىلىپ، قەشقەردە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن. سابىت داموللام قەشقەردىكى گۇرۇھلارنىڭ مۇرەككەپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن بۇ ئورۇننى قۇرۇشتىكى مەقسىتىنى «خوتەن ياردەم بەرگەن ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى»دەپ چۈشەندۇرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي غەرىزىنى ۋاقتىنچە يوشۇرغان.

تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنىڭ كۈنسايىن كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن 1933-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئۇلار بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا قارشىلىشىشقا

باشلىغان ھەم بارا-بارا بۇ قارشىلىقنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، 8- ئاينىڭ 7- كۈنى سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرغان. سابىت داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نەزەربەند قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى خوتەنگە قوغلىۋە-تكەن، ۋەزىيەتنىڭ يامانلاشقانلىقىنى كۆرگەن ئوسمان تۆمۈر ئۇپەنجاتنىڭ تاغقا چىقىپ كەتكەن. نەتىجىدە، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرنىڭ خوجىسى بولۇپ قالغان. خېلىدىن بېرى يېڭىشەھەردە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈۋاتقان ما جەنساڭ قەشقەردە پەقەت تۆمۈر سىجاڭنىڭلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆزىنى پادىشاھتەك ھېس قىلىپ، خۇشال يايراپ بىخۇدلاشقان پەيتىنى پەملەپ، تۆمۈر سىجاڭ 9 - ئاينىڭ 27- كۈنى ماشىنا بىلەن شەھەر سىرتىغا كېتىۋاتقاندا پىستىرما قۇرۇپ ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەر شەھىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1924-يىلىدىن بېرى قەشقەرگە دوتەيلىك قىلىپ كېلىۋاتقان تۇڭگان ما شاۋۇۋ بىلەن ما جەنساڭ يېڭىشەھەردىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ جايلاشقان. شۇ كۈنىدىكى ئۇرۇش جەريانىدا سېتىۋالدىجان قۇربېشى دېگەن ئۆزبېك ئاتامانىنىڭ ئادەملىرى شاھ مەنسۇر بىلەن سابىت داموللامنى نەزەربەندتىن قۇتۇلدۇرغان. شاھ مەنسۇر دەرھال يەكەنگە ئاتلىنىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى توپلىغان. سابىت داموللام ئاتۇشقا چىقىپ شۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقان ئاتامانلار بىلەن قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ پىلانىنى تۈزگەن. تاغقا چىقىپ كەتكەن ئوسمان قىرغىزنى تەكلىپ قىلىپ كۈچىنى يېڭىباشتىن تەشكىل-لىگەن. ئۇلار 10-ئاينىڭ 1-كۈنى قەشقەرگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا پۈتۈ-شكەن. ئوسمان ئەلى ئۆز ئادەملىرى بىلەن تاغ تەرەپتىن، سابىت داموللام ئۇيغۇر تۇپەنجاڭ، ئۆزبېك ئاتامانلار بىلەن ئاتۇش تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىغان. بىر كۈن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاخىر تۇڭگانلارنى يېڭىشەھەرگە چېكىندۈرگەن. قەشقەر قولغا كەلگەندىن كېيىن سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەر تەرەپكە كېلىۋاتقان خوجىنىياز ھاجىنى خاتىر-جەم قىلىش ھەم ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تۇرپانلىق يۇنۇس بەگنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ قويغان. قەشقەرنى قولغا ئالغان سابىت داموللام ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن يېڭىشەھەرگە بېكىنىۋالغان ما جەنساڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن «ھۆكۈمەت» نى قۇرۇش ئىشىغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇ مۇشۇ چاغدا، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «مانار» (ماياك) ژۇرنىلىغا بىر نەچچە پارچە خەت ۋە خەۋەر يېزىپ، ئۇلاردىن مەنىۋى ياردەملەرنى سورىغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن ماقالىسىدە خوجىنىياز ھاجى باشچىلى

قەدىكى قومۇل ئىنقىلابىدىن تارتىپ خوتەن، قەشقەرلەردىكى قوزغىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى، جەريانىنى ۋە مۇددىئاسىنى تەپسىلىي تونۇ ـشتۇرغان. ئۇ، بۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك پائا ـلىيەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپلا «شەرقىيتۈركىستان ئىنقىلابى» دەپ ئاتىغان. بۇنى بىز «مانار» ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە 1352-يىلى رامىزان ئېيىدا، يەنى مىلادىيە 1933-يىلى دېكابىردا نەشر قىلىنغان 6 ـ سانىدا، سابىت داموللامنىڭ ئاپتورلۇقىدا ئېلان قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» دېگەن تەپسىلىي خەۋەرگە ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ يازغان كىرىش سۆزىدىن ئېنىق ھېس قىلىۋالايمىز. پانئىسلامىزملىق ئىدىيەگە ئىگە كىشىلەر باشقۇرىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرى كىرىش سۆزدە سابىت داموللامنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ مۇنداق يازغان: «بۇ ماقالە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلا ـبىنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان يېتۈك ئۆلىما، تەقۋادار ئۇستاز سابىت ئىبنى ئابدۇل ـباقىنىڭ <مانار> ژۇرنىلىغايازغان ماقالىسى. بۇ زات مۇشۇ خەۋەر بىلەن بىزگە يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەكتۇپىدا تىلغا ئالغاندەك قۇرۇ ـلماقچى بولغان يېڭى ئىسلام دۆلىتى ئۈچۈن < ئىسلامىي ئاساسىي قانۇن > لايىھەسى تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاللا خالىسا پات يېقىندا تەييارلاپ ئەۋەتىمىز». بۇ كىرىش سۆزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي غەرىزى، يەنى ئاتالمىش«شەرقىيتۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش خىيالى بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن شەكىللەنگەن بولماستىن، ئۇ، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۇزاقتىن بېرى ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، خەلقئارالىق پانىسلامىزچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاندىن بۇ سەھنىگە چىققان. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئۇنىڭ پىشقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى ئاشكار ـلاپ بېرىدۇ.

سابىت داموللام قەشقەردىكى ئابرۇي ـ ئىناۋىتىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى بىلەن ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشىنىپ، «خوتەن ئىدارىسى» دېگەن ئورۇننىڭ نامىنى «خوتەن ئىلام ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» غا ئۆزگەرتكەن. روشەن سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ نام ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۇيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ قاتارلىقلارنى سەگەكلەشتۈرگەن. ئۇلار سابىت داموللام قاتارلىقلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، بۇ ئورگاننى پېچەتلەش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما جاھان كۆرگەن، دىنىي بىلىمى مول، گەپ ـ سۆزگە ماھىر، بولۇپمۇ تەقۋادارلىقتا ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۇيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، يۇنۇس بەگلەردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغان

سابىت داموللام قەشقەر خەلقىنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى يۈكسەك ئورۇنغا ئۆتكەن. لىۋ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە ئوسمان ئەلى، ھاپىز لۈيجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭلار سابىت داموللامنىڭ «خوتەن ئىدارىسى»نى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشىغا نارازى بولۇپ، بۇ ئورگاننى پىچەتلەشكە قول سېلىپ بولغۇچە، سابىت داموللامنىڭ ئىناۋىتى قەشقەردە تېزلىكتە ئۆسۈپ، ئوسمان ئەلى قاتارلىقلار ۋەزىيەتنى تىزگىنلىيەلمەس بولۇپ قالغان. 9-ئاينىڭ 10-كۈنى سابىت داموللام تېخمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇ ئورگاننىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭىشى» گە ئۆزگەرتكەن. سابىت داموللام مۇشۇ چاغدا ئاندىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئاشكارىلىغان، بىر قىسىم كىشىلەرنى كېڭەش ھەيئىتى قىلىپ سايلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئوسمان ئەلىنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، پارچىلانغان كۈچلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرغان. 1933- يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى رەسمىي قۇرۇپ، بۇ كېڭەشنى «مىللەت كېڭىشى» دەپ ئاتىغان. «ھۆكۈمەت»نىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئون نەچچە مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرلىرىنى بېكىتكەن. ئەتىسى تۈمەن دەريا كۆۋرۈكى بويىدا 20 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، «بايراق چىقىرىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈپ، «ھۆكۈمەت» ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلغان. سابىت داموللام «ھۆكۈمەت باياناتى»نى ئوقۇغان. توپ ئېتىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. سوۋغات بۇيۇملىرى قوبۇل قىلىنغان. ئارقىدىن نامايىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، نامايىشچىلار ھېيتگاھقا توپلاشقان. كۆپ يىللىق ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان تېپىك بۆلگۈنچى سابىت داموللام بۇ نامايىشتا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇنىڭ قوللىغۇچى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇشقان. شائىرلار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىپ ھېيتگاھنى بېشىغا كىيگەن. تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشقان، چۈنكى، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن زىيادە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقاچقا، ئەنگلىيە تەرەپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى گۇرۇھنى ئۆزىگە تارتىش يولىنى تۇتقان. دىڭ دۇبىنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، «ئەنگلىيە شىنجاڭدا <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> قۇرۇلۇپلا قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلاشقىلى بولىدۇ ھەم جۇڭگونى پارچىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بىراق ئەنگلىيەمۇ <شەرقىي تۈركىستان> ۋەقەسىنىڭ ئەنگلىيەگە قاراشلىق

ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇستەقىللىق دولقۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن
ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيەلىكلەر <شەرقىي تۈركىستان> بۆلگۈنچى
كۈچلىرىنىڭ قانچىلىك ئىستىقبالى بارلىقىنى بىلمەيتتى. گەرچە ئەنگلىيە كونسۇلى
<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى> نىڭ قۇرۇلۇش <مۇراسىمى> غا قاتناشقان
بولسىمۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى يەنىلا ئاشكارا ۋە قىزغىن ئەمەس ئىدى».

بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلغاندىن كېيىن 11- ئاينىڭ 15 - كۈنى گېزىتىنىڭ
نامىنى «ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىپ نەشر قىلغان. 7-ئاينىڭ 21- كۈنىدىن
بېرى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» دەپ نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان گېزىتنىڭ نامىنىڭ
بىردىنلا «ئەركىن تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىلىشىدىن سابىت داموللامنىڭ پانتۈركىز
ـملىق ئىدىيەسى تولۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن
تار ئۇقۇم بىلەن «تۈركىستان» دېگەن كەڭ ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نېمىدىن
دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. يېڭى «ھۆكۈمەت» قۇرۇلۇپ نامى ئۆزگەرتىل
ـگەن بۇ گېزىتنىڭ 1-بېتىگە «كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى» دېگەن خەۋەر بېسىل
ـغان. نېمە ئۈچۈنكى سەھىپە نامىدىن «دىنىي» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلگەن. بۇ
ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە دەرھال «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»
دېگەن خەت بار قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتقان. «ئىستىقلال» مەجمۇئەسى دېگەن يېرىم
ئايلىق ژۇرنالنى چىقىرىپ «ھۆكۈمەت» نىڭ تەشكىلى، ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت
شېئىرى، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت بەلگىسى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلغان. بۇ مەجمۇئەنىڭ
شوئارىنى دىندا، تىلدا، دىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك دەپ بېكىتكەن. سوفىزادە
دېگەن كىشى باش مۇھەررىر بولغان. بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» خوتەنلىك قاسىم ھاجى
دېگەن كىشىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەپ دەرھال چەت ئەلگە يولغا
سېلىپ، قورال سېتىۋېلىش، چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلى
ـرىنى بېجىرىشكە ئەۋەتكەن.

سابىت داموللام بۇ يېڭى «ھۆكۈمەت» نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن
ھەربىي جەھەتتە كۈچىيىش ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قاراپ، ئىككى جەھەتتىن تەييارلىق
قىلغان. بىرى، چەت ئەلنىڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈ
ـشكە ئۇرۇنغان. بۇنىڭ ئۈچۈن «سابىت داموللام تۇرسۇن، نىياز ئىككى كىشىنى ئۆز
ـىنىڭ ئافغانىستان پادىشاھى باتۇر مۇھەممەت نادىرخانغا يازغان خېتىنى ئاپىرىپ
بېرىشكە ئەۋەتتى، بۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: <بىز ھازىر مائارىپقا قورال – ياراغقا
موھتاجمىز. دۆلەتنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىزگە مىلتىق، زەمبىرەك، ئوق – دورا

كىرەك... ئىمكانىيەت يار بەرسە غالىب قوشۇنىڭىزنى ياردەمگە ئەۋەتىسىڭىز.. ئەگەر تەلىپىمىزنى راۋا كۆرمىسىڭىز بىز سىزنىڭ يېتەكچىلىكىڭىز ۋە ياردىمىڭىزدىن مەھرۇم قالىمىز – دە، سىزنىڭ ھىمايىڭىزدە ياشاشقا مەجبۇر بولىمىز...» (بۇ ئۇچۇر «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى – 3»دا بايان قىلىنغان) يەنى بىرى، ھەربىي جەھەتتە كۆچىيىپ ئۈمىدىنى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە ۋەكىلنى ئۈچتۇرپانغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇد مۇھىتلارنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. خوجىنىياز ھاجى بۇ يەردە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن «80 قويغا بىر مىلتىق» تېگىشىش ئۇسۇلى بىلەن سودىلىشىپ، 80 مىڭ قويغا 1000 تال مىلتىق، ھەربىر مىلتىققا 500 پايدىن ئوق تاپشۇرۇۋېلىش سودىسىنى بىجىرىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى سابىت داموللام ئەۋەتكەن ۋەكىللەردىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭغا سوغۇق ئىپادە بىلدۈرگەن. شۇنداقتىمۇ قەشقەرگە بېرىشنى توغرا تېپىپ 1934 ـ يىلى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار ئاتۇشنىڭ تېجەن كەنتىدە ئەمەت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم دېگەن بايلارنىڭ قورۇسىغا چۈشكەن. سابىت داموللام قاتارلىقلار قەشقەردىن ئاتۇشقا چىقىپ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن تېجەندە كۆرۈشكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەرگە كىرگەن. لىۋ زىشاۋ ئەپەندى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «خوجىنىيازنىڭ زور قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كىرىشى قەشقەردە ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي خەۋەر بولۇپ قالغان. سابىت داموللام ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشىنى زادىلا ئۈمىد قىلمايتتى. خوجىنىياز بىلەن مەھمۇد مۇھىتى باشلامچىلىقىدىكى 1500 دىن كۆپرەك ئاتلىق ئەسكەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە، قورال ـلىرى خىل، ھەرىكىتى چاققان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىنىيازنىڭ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيى بولغاچقا، سابىت داموللام خوجىنىياز، مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەشقەر كونا شەھىرىگە كىرىشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن ».

كۆپىنچە ماتېرىياللاردا سابىت داموللام بىلەن خوجىنىياز ھاجى باشتىن ـ ئاخىر پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلالمىغان، بولۇپمۇ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە ئىككىسى ئىككى مەيداندا تۇرغان، دەپ يېزىلغان. لېكىن، «ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدە ئۇلارنىڭ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت مەسىلە ـسىدە ھەمكارلاشقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن، يەنى «1934 ـ

يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى> مۇسۇل ھاجىنى باشلىق، ئەمەت پاختىنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن ئۈچ كىشىنى قوشۇپ جەمئىي بەش كىشىنى بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتنى قوللاشنى تەلەپ قىلىش، ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىش، ئۈچىنچىدىن، سودا توختامى ئىمزالاش مەقسىتىدە تاشكەنتكە ئەۋەتكەنىدى» دەپ يېزىلغان. نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ما جۇڭيىڭغا ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك خوجىنياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى قىسىملىرىنى ما جۇڭيىڭغا تەۋە ما جەنساڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇغان. مەھمۇد مۇھىتى قوماندانلىق قىلغان قىسىم دەسلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ، شەھەر سىرتىدا مۇداپىئەدە تۇرغان ما جەنساڭ قىسىملىرىنى يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە چېكىندۇرگەن. بۇ ھال ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ ھەيۋىسىنى كۈچەيتكەن. يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان كۈچلەر نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن سېپىل ئىچىگە كىرىپ ما جەنساڭنى يوقىتىش مەقسىتىدىكى بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇم تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، كۈتمـ ـىگەندە ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن 2000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇن ما شىمىڭ باشچىـ ـلىقىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ما جەنساڭ، ما شىمىڭ ۋە ما شاۋۋۇغا قاراشلىق ئەسكەر 6000 غا يەتكەن. بۇ خىل كۈچ پەرقى قەشقەر ۋەزىيىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەن. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ما شىمىڭ ما جەنساڭ بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇر ـ ىيىتى» نىڭ ئادەملىرى قەشقەردىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان يەكەنگە يول ئالغان. «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» شۇ چاغدا چەرچەندىن يېڭىسارغىچە بولغان جايلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

خوجىنياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو چېگراسىغا جايلاشقان ئۆركەشتام دېگەن يەرگە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇچرىتۇرۇپاندا سودىلاشقان قورال ـ ياراغلارنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆزىنى كۈچەيتمەكچى بولغان. ئۇلار يەكەندىن يولغا چىقىپ، پەيزاۋاتتا ما شىمىڭ قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان، نەتىجىدە مەغلۇپ بولۇپ، مەھمۇد مۇھىتى يېڭىـ ـسارغا چېكىنگەن. خوجىنياز ھاجى يۈزچە ئادىمى بىلەن ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرى ۋە ئۇلۇغچات يولى ئارقىلىق جۇڭگو ـ سوۋېت چېگراسىدىكى ئۆركەشتامغا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بىر نەچچە كۈنلۈك سۆھبەت ئارقىلىق خوجىنياز

ھاجى «فۇكاڭ پۇتۇمى» بويىچە شىڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولىدىغان، مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە ھۆكۈمەتكە تەۋە 6- دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى بولىدىغان، سابىت داموللام باشلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتى» نىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئېلىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىغا قورال - ياراغ جەھەتتە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەن.

يۇقىرىقىدەك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ تەربىيەلىگەن ئىسھاق بەگ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەركەشتامدىن ئايرىلىپ، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارىغا كېلىپ، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇچراشقان. مەھمۇد مۇھىتى يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان چاغدا مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ يېڭىسار سېپىلىنى قوغداۋاتقان ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر (ئابدۇللا) بىلەن ئەمىر ساھىب (نۇرئەھمەد) ما شىمىڭ قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىدا ئۆلۈپ كەتكەن. مەھمۇد مۇھىتى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەكەنگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇلار يەكەنگە بارغاندىن كېيىن سابىت داموللامنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنى ئېنىقلىغان. 4-ئاينىڭ 13-كۈنى مەھمۇد مۇھىتى 200 دىن كۆپرەك ئەسكەر بىلەن بېرىپ سابىت داموللام، زىرىپ قارىھاجىم، سۇلتانبېك ئۇچەيلەننى قولغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقان. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنى ئېلىپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئۇلارنى ئاقسۇدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچى مالىكوف ئادەم ئەۋەتىپ كۈتۈۋالغان. مالىكوف خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلىرىغا ئىنتايىن يامان تەسىر بەرگەن ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولغان. ليۇ زىشاۋ ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، مالىكوف شۇ مەيداندىلا «خوجىنىيازنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ دەرھال قىسىملىرىنى باشلاپ مارالبېشى ئالدىنقى سېپىگە ئورۇنلىشىشىنى تەلەپ قىلغان.» شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردە 1937-يىلى 4- ئايغىچە دىۋىزىيە باشلىقى (شىجاڭ) بولۇپ تۇرغان. غەلىتە يېرى شۇ بولغانكى «شىنجاڭنىڭ

منگو دەۋرىدىكى تارىخى» دېگەن كىتابتا شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشەلمەي 1937-يىلى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن مەھمۇد مۇھىتنىڭ 1939-يىلى 12-ئايدا ياپو-نىيەدە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇپ، ئۆزى ئۇنىڭغا رەئىس بولغانلىقى يېزىلغان. (449- بەت)

سابىت داموللام قۇرغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان «ئەركىن تۈركىستان» دېگەن گېزىتنىڭ نامى «يېڭى هايات»قا ئۆزگەرتىلىپ، 1934-يىلى 23-ئاۋغۇستتىن باشلاپ يەنىلا قۇتلۇق شەۋقىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە 1937-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىق نەشر قىلىنىپ تۇرغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قۇتلۇق شەۋقى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

سابىت داموللام ئاقسۇدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغا-ندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ 2 -تۈرمىگە قامالغان. سابىت داموللام تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن نەنجىڭدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن ئۇنى ئۆز-لىرى چىقىرىۋاتقان «تيانشان» ناملىق قەرەلسىز ژۇرنالدا ماختاپ، ئۇچۇرۇپ تەشۋىق قىلغان. چۈنكى، شېڭ شىسەي نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ تۇرۇۋاتقان، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى رەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆزىگە دوست ھېسابلايتتى. شۇڭا، مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا ئالىپتېكىن نەنجىڭدە ئەيمەنمەستىن سابىت داموللامنى ماختاپ ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

سابىت داموللام ئۈرۈمچى 2 - تۈرمىدە 1941-يىلى 58 يېشىدا قازا قىلغىچە قاماقتا ياتقان. جۇڭگوغا ئېلىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە سىياسىي ئىرادىسىگە تامامەن زىت يول تۇتۇپ مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرىدا ھاياتىنى تۈرمە كامېرىدا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان داڭلىق بۆلگۈنچى سابىت داموللام كامېردىكى كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ دىنىي ئالىملىق سالاھىيىتىنى ئىپسىگە ئېلىپ «قۇرئان كەرەم»نى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىغا تەرجە-مە قىلىشنى ئويلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان ياش تۈرمە باشلىقى لۇ بىندى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، «قۇرئان كەرىم» نى تەرجىمە قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ بۇتەرجىمە - تەپسىرنى تاماملاپ ئۇنى «روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» دەپ ئاتىغان. كىتابىغا يازغان كىرىش سۆزىدە «... ھەر ساتادەتنىڭ يۇلتۇزى، ھەر شاراپەتنىڭ يىلتىزى، ھەر ئىلىم -

مەرىپەتنىڭ دىيخىزى، ھېكمەت ۋە ئادالەتنىڭ تارازىسى شەكسىز قۇرئان ھېكمىدۇر. بۇ قۇرئان ھېكىم خۇدانىڭ كالامى بولغاچ بەندىنىڭ ئۇنى بايان قىلمىقى پەۋقۇلئاددە قىيىن ئىدى ... كەمىنە بۇ مەيدان كىشىلىرىدىن بولمىساممۇ ۋە مېنىڭ ئىشىم ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىكتىن باشقىلارنىڭ ئىشلىرىدەك سۈپەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر كىشىگە ئۆز قۇدرىتىگە بېقىپ دىن ـ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماق بەك زۆرۈر بولغان سەۋەبتىن قۇرئان ھېكىمنى نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) مالال بولغۇدەك ئۇزۇن قىلماي ۋە مەنىسىگە دەخلى بەرگۈدەك قىسقا قىلماي ئوتتۇرا ھال بىر تەپسىر قىلسام دەپ كۆپ زاماندىن بېرى خىيال قىلىپ ئۇزۇن ـ قىسقا تەپسىرلەرنى توپلاپ ئۇنىڭدىن ئىستىپادە قىلغاندىم ... ھەمدۇ سانانىڭ ئىگىسىگە چەكسىز ھەمدۇ سانا بولسۇنكى، خۇدانىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن ۋە تەۋفىق ھىدايىتى بىلەن ھىممەتلىك نازىرلار (ئوقۇرمەنلەر) نىڭ كۆڭۈللىرى خۇرسەن بولغۇدەك زىبا بىر كىتاب بولدى» دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ تەرجىمە ـ تەپسىر توغرىسىدا كېيىنكى كۈنلەردە نەشر قىلىنغان كىتابلاردىمۇ مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، جۇڭگودا تەسىرى زور خۇيزۇ دىنىي ئالىملاردىن فىك جىنيۈەن بىلەن چىن گۇاڭيەن تۈزگەن، بۇگۈنكى جۇڭگو نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار» دېگەن كىتابتا «جۇڭگودا <قۇرئان كەرىم> نىڭ ئۇيغۇرچە قانداق تەرجىمە نۇسخىلىرى بار» دېگەن بىر سوئال بار. ئاپتورلار بۇ سوئالغا يازغان جاۋابىدا «بەش تەرجىمە نۇسخىسى بار» دەپ تىلغا ئېلىپ، تۆتىنچى نۇسخىسىنى «<روشەن بايان، تۈركىي تەپسۇرۇل قۇرئان> دېگەن نامدا سابىت داموللام تەرجىمە قىلغان» دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتورلار تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «بۇ تەرجىمە ـ تەپسىر يۇقىرى سۈپەت، چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، كىشلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. سابىت داموللامنىڭ غۇلجىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى ھاجى ئابدۇللا 1961 ـ يىلى بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تەقدىم قىلغان» دەپ يازغان. «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال ـ جاۋابلار» دېگەن بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ئابلاجان كېرەم چىن گۇاڭيەننىڭ يۇقىرىقى بايانىغا مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: «سابىت داموللام بۇ تەرجىمە ـ تەپسىرنى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئون نەچچە دەپتەرگە سۈسۇن سىياھلىق قېرىنداش بىلەن ئىشلەپ تاماملىغان. بۇ تەرجىمە تەپسىرنىڭ 30 ـ پارىسى 1948 ـ يىلى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان.» سابىت داموللام شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان «روشەن بايان، تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان» ناملىق بۇ كىتابنىڭ غۇلجىدا قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

بۇ توغرۇلۇق ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش بار. بىرى، تۈرمىداشلىرى غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەن دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، 1941-يىلى 10-ئايدا نىلقىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-بىنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازى ياڭرىغاندىن كېيىن ئۇرۇمچىدىكى جىددىيلەشكەن گومىن داڭ هۆكۈمىتى تېزلىكتە خۇيزۇ لىۋ بىندىنى ئىلىغا مۇئاۋىن ۋالىي، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتكەن. لىيۇ بىندى غۇلجا مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن سابىت داموللام تەرجىمە قىلغان كىتابنى ئاپىرىپ ئۇلارغا تەقدىم قىلغان. لىيۇ بىندى شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

خۇلاسىلىگەندە، سابىت داموللامنىڭ سىياسىي هاياتى كىشىنى ئۆكۈندۈرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىنىي هاياتىنى بىر دىنىي ئالىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇجەسسەملەنگەن هايات دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆز زامانىسىدا تەپسىرشۇناس، ئىسلام دىنى تارىخچىسى ۋە ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە تونۇلغان ئالىم ئىدى. ئەمما ئۇ 1930- يىلد-دىن كېيىن يولنى خاتا تاللاپ، داغلىق سىياسىي بۆلگۈنچىگە ئايلانغان. بۇ نۇقتىدا ئۇنىڭغا لىيۇ شياڭخۇي بىلەن چېن ۋۇگونىڭ «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇباها مۇۋاپىق كەلسە كېرەك: « مەسئۇد كىچىك ۋاقتىدا ناهايىتى ئەقىللىك بولۇپ، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ئىلىم يولىدا داۋاملىق ئىزدەنگەن بولسا بىر ئەۋلاد داڭلىق دوختۇر ياكى خەلققە بەخت يارىتىدىغان مەشھۇر ئالىم بولالايتتى. ئەمما ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، خەلققە مالىمانچىلىق، مۈشكۈلات ئېلىپ كېلىدىغان، بارسا كەلمەس تۇيۇق يولغا ماڭدى.»

قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ 20-ئەسىر تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ يامان ۋەقە ھېسابلىنىدىغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللام دىنىي ئالىمدىن، تېپىك بۆلگۈنچىگە ئايلىنىپ هاياتىنى تۈرمىدە ئاخىرلا-شتۇرغان. سابىت داموللام تۈرمىدە كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتتا چۈشۈپ قالغان كۈنى كەچقۇرۇندا، ئۇنى تۈرمىنىڭ ئۈچ ئادىمى ناسۇلكىدا نەنمىندىكى مەسچىتكە يەنى هازىرقى «خانتەڭرى جامەسى»گە كۆتۈرۈپ كېلىپ، مەسچىتنىڭ مۆتىۋەللىسى رەهىم نىياز قارىغا ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىپ دەپنە قىلىپ قويۇشنى تاپىلىغان. مەسچىت جامائىتى ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر سابىت داموللامنى تونۇپ قالغان. شۇ كېچىسى سابىت داموللام جان تەسلىم قىلغان. ئەتىسى مەسچىت جامائىتى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مېيىتىنى هازىرقى شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئورنىدىكى

قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان. كېيىن شەھەر كېڭەيگەندە بۇ قەبرىستانلىق شامالباغ تەرەپتىكى دۆڭگە كۆچۈرۈلگەندە، قەبرىستانلىقنىڭ كىرەم شەيخ دېگەن كىشى سابىت داموللامنىڭ ئۇستىخىنىنى كۆچۈرۈپ، قەبرە تاش تىكلەپ قويغان. سابىت داموللامنىڭ قەبرىسى 2007-يىلىغىچە شىنجاڭ رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى شامالباغ ئاممىۋى قەبرىستانلىقىدا ساقلىنىپ تۇرغان.

2011-يىلى، ئىيۇندا يېزىلدى

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

② ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى كىتاب، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

③ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈچىنچى كىتاب، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

④ «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑤ «قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» (2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑥ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (1)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى.

⑦ جاڭ شۇمىڭ: «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش بىلەن مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر»، (张秀明《新疆反分裂斗争和稳定工作的实践与思考»)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

⑧ چېن خۇيشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

⑨ فىلىك جىنيۇەن، چېن گۇاڭيۇەن: «ئىسلام دىنىغا دائىر سوئال-جاۋابلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
ما شۇكاڭ: «يۈز يىلدىن بۇيانقى قەشقەر (1840 – 1949)»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشر ىياتى، 2002 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.
مىرئەھمەد سىيىت، يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيا ـتى، 1997ـ يىلى نەشرى.
غەيرەت ئەيسا نەشرگە تەييارلىغان «تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
شېرىپ خۇشتار تۈزگەن «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.
ئابدۇكېرىم خالىق تۈزگەن «قەشقەر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى،» قەشقەر ئۇيغۇر نەشر ـىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.
شيې بىن: «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 1ـنەشرى، 2001 ـيىلى 2 ـباسمىسى، خەنزۇچە.
دىلك دۇبېن: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي تارىخى– (ھازىرقى زامان قىسمى)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.
لىۇ شياڭخۇي، چېن ۋۇگو: «مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011 ـ يىللىق 2 ـ سان.
«شىنجاڭ تارىخ ـمەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىلىدىكى سانى (ئومۇمىي 40ـ سان) دا ئېلان قىلىنغان تۇرسۇن باراتنىڭ «ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» ناملىق ماقالە.
گېنېرال زىيا يەرگۈك: «سارقامىشتىن ئاسارەتكە (1915 – 1920)» (ئەسلىمە)، رەمزە نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى، تۈركچە، ئىستانبۇل نەشرى.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ تارىخ – مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 – يىللىق ئومۇمىي 45 ـ ساندىن ئېلىندى)

مەنبە: كۆكلەم مۇنبىرى.

# يۇلتۇزلار يالتىرىغاندا ...

**يالقۇن روزى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ بوكسچىلىرىمىز ھەممە كىشى كۆز تىكىدىغان چېمپىيونلۇق سۇپىسىغا پات - پات چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر قېتىم ئۇلار غالىبلارلا قەدەم قويالايدىغان سۇپىدا تۇرۇپ بويىنىغا مېدال ئېسىپ، قوللىرىدا گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ تاماشىبىنلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندە، ئۆيلىرىدە تېلېۋىزورغا تەقەززالىق بىلەن قادىلىپ ئولتۇرغان مىليونلىغان كىشى ئۇلارنىڭ غالىبلارغا خاس تۇرقىغا قاراپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۇ. غەلىبە مېۋىسى ھەرقاچان شۇنچە تاتلىق. بۇنداق غالىبىيەت شادلىقىغا تولغان مىنۇتلاردا كىممۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ كىممۇ بۇ غالىب ئەزىمەتلەرگە تەبەسسۇم بىلەن قارىمىسۇن؟ مىڭلىغان، مىليونلىغان خىرە يۇلتۇز ئارىسىدا توساتتىن ۋاللىدە يالتىرىغان نۇرانە يۇلتۇزنى كۆرگەندە كىمنىڭمۇ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئۇنچىلىرى لىغىرلىمىسۇن؟ دائىم باشقىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە تېلېۋىزور تىزگىنىكىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىدىغان بىر ئادەم، كەسكىن ھەم رەھىمسىزلىك بىلەن ئېلىشىدىغان بوكس سەھنىسىدە ئۆز قېرىندىشىنىڭ قولىنىڭ رېپىرى تەرىپىدىن «يەڭدى» دەپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە، ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتمەي تۇرالامدۇ؟! غەلىبە شادلىقىنىڭ تەمىنى تېتىشقا تولىمۇ تەشنا بولۇپ كەتكەن بىر يۈرەك بۇنداق چاغدا يېرىلىپ كەتكۈدەك ھاياجان بىلەن دۈپۈلدىمەي نورمال سوقالامدۇ؟!

1997-يىلى ئابدۇشۇكۇر مىجىت «جۇڭگو بوكس پادىشاھى» دېگەن ئالتۇن كەمەرنى بېلىگە باغلىغاندا، بۇ ئۇنتۇلماس شان-شەرەپتىن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە جىمى ئادەمنىڭ قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجانغا تولغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ-چوڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە پەقەت باشقىلارنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن قۇلىقىمىزغا ئۆزىمىزنىڭ بوكس چولپانلىرىنىڭ غەلىبە خەۋىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. 1999-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا بوكس لەۋھە

تالىشش مۇسابىقىسىدە ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ چېمپىيون بولۇشى، ئارقىدىنلا قانات
ئىسلامنىڭ سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا مىس مېدالغا ئېرىشىشى، ھەر نۆۋە
ـتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئالتۇن مېدال ئالىدىغان ئەزىمەتلىرىمىز
ـنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىشى، بۇ يىل كۈزدە شەندۈڭنىڭ جىنەن شەھىرىدە
ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا قانات بىلەن
مۇھەممەتتۇرسۇن چوڭىنىڭ بىراقلا چېمپىيون بولۇشى شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىكى
ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسنى كۆزىمىزگە قەھرىمانلاردەك كۆرۈنىدىغان قىلىۋەتتى. ھەقىقە
ـتەنمۇ، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى قۇرۇلغان 1994ـ يىلىدىن بۈگۈنگىچە بولغان 15
يىل مابەينىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى چوڭ ـ كىچىك مۇسابىقىلەردە قولغا كەلتۈر
ـگەن ئالتۇن مېدال سانى 55 كە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكى كوزىر
كوماندا بولۇپ قالدى. بىر ئەمەس بىرنەچچە چولپان بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر
كوماندا بولۇپ قالدى. خەلق ھەۋەس قىلىدىغان، سۆيۈنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان
غالىب كوماندا بولۇپ قالدى. قىسقىسى، شىنجاڭ بوكس كوماندىسى 15 يىل ئىچىدە
ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھالقىپ، جۇڭگوغا يۈزلەنگەن كۈچلۈك كوماندا بولۇپلا قالما
ـستىن، بەلكى خەلقئاراغا يۈزلەنگەن داڭلىق كوماندا بولۇپ قالدى. مەملىكەت
بويىچە 11ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى
كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، خەلقئارا بوكسچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو
بوكس باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى چاڭ جياپىڭ شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنى
«شىنجاڭ بوكس كوماندىسى بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىدا سەۋىيەسىنى قالتىس
نامايان قىلدى. ئۇلارنىڭ ماھىرلىرى باتۇر ھەم چىداملىق، ھازىر شىنجاڭ بوكس
ماھىرلىرى جۇڭگو بوكسچىلىقىدىكى تايانچ كۈچ بولۇپ قالدى. شىنجاڭ بوكسچىلىقى
جۇڭگو بوكسچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى» دەپ تەرىپلىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ماھارەت تەنتەربىيەسى ھىيلە ـ نەيرەڭدىن خالىي ساھە.
ماھارەت تەنتەربىيەسى تۈرىگە كىرىدىغان بوكس مۇسابىقىسى تېخىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا
سەھنە. بۇ سەھنىدە قەيسەر، چىدامچانلىقى يۇقىرى، تېخنىكىسى ئۈستۈن، ئىنكاسى تېز،
پىسخىكىسى تۇراقلىق، تاكتىكىغا ماھىر، رەقىبنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە،
ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرەلەيدىغان، جانلىق، تېتىك، چەبدەس مۇنەۋۋەر بوكسچى
بولماي تۇرۇپ چولپانلىق تاجىنى كىيىش مۇمكىن ئەمەس، بىر كوماندا بىر ئەمەس، بىر
توپ مۇنەۋۋەر بوكسچىغا ئىگە كۈچلۈك قوشۇن بولماي تۇرۇپ، بوكس ساھەسىدىكىلەر
ـنىڭ قايىللىق بىلەن تەرىپلىشىگە مۇيەسسەر بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كەسپىي

ساھەدىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بوكس مۇسابىقىسى كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇ ئەمەلىي نەتىجىگىلا قارايدۇ، يەڭگۈچىنىلا قەھرىمان دەپ تونۇيدۇ.

«جۇڭگونىڭ ئولىمپىكى» دەپ تەرىپلىنىدىغان، تۆت يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا 1997-يىلىدىن 2009-يىلىغىچە ئۇدا تۆت قېتىم ئېرىشىل ئالتۇن مېدال ئېلىپ كېلۋاتقان شىنجاڭ بوكس كوماندىسى ئاپتونوم رايونىمىز -نىڭ ماھارەت تەنتەربىيەسى ساھەسىدە خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان، شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان، ئۈمىدى باغلانغان بىردىنبىر كۆچلۈك كوماندا بولۇپ قالدى.

ئاۋام چېمپىيۇنىنىلا ئېسىدە ساقلايدۇ. يەڭگۈچىگىلا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. چۈنكى ھەر قانداق خەلق كۈچلۈكلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قەھرىماننى چوڭ بىلىدۇ. «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى كارلىكنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، قەھرىمانغا ئېتىبار بەرمەيدىغان مىللەت ياكى دەۋر ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر تارىختىكى ياكى ھازىرقى مەشھۇر شەخسلەرگە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە چوقۇنىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقلىرىغىمۇ مەستلىكى كېلىدۇ. چۈنكى، تارىخنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا قەھرىمان يارىتىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كۆپ مىللەتنىڭ شان - شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. مىللىي قەھرىمانلىرى كەمچىل مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى قەھرىماننى سىرتتىن «ئىمپورت» قىلىدۇ. سىرتتىن «ئىمپورت» قىلىنغان قەھرىمانلارنىڭ نىسبىتى ئاشقانسېرى مىللىي ئىشەنچ يوقىلىپ بارىدۇ. مىللىي قەھرىمانلار بىر خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغان كۈچ-قۇۋۋەت مەنبەسى. قەھرىمانلىق بىر مىللەت تارىخىنىڭ ئەڭ نۇرلۇق سەھىپىسى. مىللەتنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن پايدىلىق ھەرىكەتلەر ئىچىدە قەھرىمانلىقتىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەرىكەت بولمىسا كېرەك. ئەجدادلىرى قەھرىمان خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى غۇرۇرلۇق كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، 1812-يىلى 7-سېنتەبىردە 33 ياشلىق ناپولېئون رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن ھايات-ماماتلىق چوڭ جەڭ باشلىنىش ئالدىدا ئەسكەرلىرىگە: « ئەۋلادلىرىڭلار مەغرۇر تەلەپپۇزدا سىلەرنىڭ بۇگۈنكى باتۇرلۇقۇڭلار توغرۇلۇق سۆزلەيد -ىغان بولسۇن!» دەپ ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرغان.

قىزىق يېرى شۇكى، كۆپ ھالدا قەھرىمان، بولۇپمۇ سالاپەتلىك قەھرىمان رەقىبلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ ھەۋەس قوزغايدۇ. پەزىلىتى پۈچەك، گەپ - سۆزى ئالجوقا، خاراكتېرى ئاجىز، مىجەزى تۇتۇرۇقسىز ئەرزىمەس رەقىبلەرنى كىشىلەر قىلچە مەنسىتمە -يدۇ. ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخىدا مىسلىسىز شانلىق سەھىپىلەرنى ياراتقان قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ باتۇر خەلق ھۇنلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نەچچە ئەۋلاد سۇلالە -

خانلىقلارنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۇلالە-خانلىقلارنىڭ نەزىرىدە هونلار يەنىلا ھەۋەس قىلىدىغان ئوبيېكت ھېسابلانغان. مىسال ئۈچۈن ئالساق، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون ساۋ ساۋ (155 – 220) نىڭ هۇنلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە بىر قىزىق ئىش بولغان: تارىخىي كىتابلاردا تەسۋىر-لىنىشىچە، ساۋ ساۋ كىچىكىدىنلا زېرەك، پۇرسەتكە قاراپ ئۆزگىرىشكە ماھىر ئىكەن. قائىدە - تۈزۈملەر بىلەنمۇ ئانچە كارى يوق، تۇرمۇشتا ئەركىن ئىكەن. كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن، شېئىر - نەزم يېزىشقا ماھىر، ھوقۇقدارلارنى پىسەنتكە ئالمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە رەقىبلىرىنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، ۋېي خانلىقىنى قۇرۇپ ئۆز ئالدىغا جاھان سورىغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن سىيا-سىي، ھەربىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋېي خانلىقىغا قوشنا ئولتۇرىدىغان جەنۇبىي هۇنلارنىڭ بىر سەركەردىسى ساۋ ساۋنىڭ هۇزۇرىغا ئەلچىلىككە كەپتۇ. ئۆزىنى جاھاندا بىر سانايدىغان ساۋ ساۋ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تازا قامەتلىك ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ياپىلاق باتۇرلىرى ھېسابلىنىدىغان هۇنلارنىڭ ھەيۋىسى زور، قاۋۇل، كۆچتۈگكۈر كېلىدىغا-نلىقىنى بىلگەچكە، ئادەتتىكىچە تۇرقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا چۈكۈنەم كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئېگىز ۋە سالاپەتلىك دىۋانبېگى سۇي يەننى ئۆزىنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرۇپ هۇن سەركەردىسىنى قوبۇل قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۆزى بولسا، تەختنىڭ يېنىدا دىۋانبېگى سۈپىتىدە تۇرۇپتۇ. هۇن سەركەردىسى كېلىپ، كۆرۈشۈش تامام بولغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋنىڭ هۇن سەركەردىسىنى ئۇزاتقىلى چىققان ۋەزىرى ئۇنىڭدىن: «جانابلىرىدىن سوراپ باقسام، بىزنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىمىز ھەققىدە قانداق تەسىراتتا بولدىلىكىن؟» دەپ سوراپتۇ. هۇن سەركەردىسى ناھايىتى تەبىئىيلا: «پادىشاھىڭلار قارىماققا جەسۇر كۆرۈنسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئىرادىسىزلىكى، پاراسەتسىز-لىكى چىقىپ تۇرىدىكەن. قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، يېنىدىكى دىۋانبېگى ئادەمگە باشقىچە تەسىرات بېرىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەيسەرلىكى، قابىللىقى چىقىپ تۇرىدىكەن. ئاشۇنىڭ قولىدىن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ۋەزىر بۇ گەپنى ساۋ ساۋغا ئېيتىپ بەرگەندە ساۋ ساۋ قىلمىشىنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن، هۇنلارغا كۆچلۈك پادىشاھ سۈپىتىدە تەسىر بېرەلمىگە-نلىكىدىن پۇشايمان قىلىپ، قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. كۆچلۈكلەردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىش، بولۇپمۇ رەقىبىگە، رىقابەتچىسىگە كۆچلۈك تەسىرات بېرىشكە تىرىشىش ئەلمىساقتىن بېرى بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق خاھىش. چۈنكى كۆچلۈكلەرنىڭ ھەممىسى قەھرىمان

بولالمىسمۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا قەھرىمان كۈچلۈكلەردىن چىقىدۇ.

قەھرىمانلىق ھەقىقەتەنمۇ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ھەرىكەت. بۇلبۇل چاڭقىلداپ سايراشلىرى بىلەن سۆيۈملۈك بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئالا-ھەدە ئورنى يوق. بۈركۈت يىرتقۇچ قۇش بولسىمۇ، باتۇر بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېيىقىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بايراق ۋە گېربلىرىغا ئۇنىڭ شەكلىنى چۈشۈرىدۇ. شۇڭا، مىللىي قەھرىمان بىر خەلقنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. مىللىي قەھرىمان مىللەتنىڭ پەخرى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان سەھنە-سورۇنلارنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ۋە دەۋر تۈسىگە ئىگە قىلدى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە قەھرىمانلىق قارىشىمۇ كۈچلۈك ئىنسانىيلىق تۈسىگە ئىگە بولدى. بىر خەلقنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ئاتىلىش ئۈچۈن، جەزمەن جەڭ مەيدانلىرىدا جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش بىردىنبىر شەرت بولماي قالدى. ئەلۋەتتە، قەھرىمان پەقەت ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدىلا بارلىققا كېلىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. سادام ئامېرىكىلىقلارغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىپمۇ ئىراقلىقلارنىڭ قەلبىدە قەھرىمان ھېسابلىنالمىدى، ئادەتتىكى بىر مۇخبىر بولغان زەئىد بولسا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بۇشقا ئايىغىنى ئېتىش بىلەن ئىراقلىقلارنىڭ قەلبىدە مىللىي قەھرىمانغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز نوزۇگۇمنىڭ تارىخىمىزدىكى نامى ئۆچمەس قەھرىمان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئويلاپ باقساق نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىقى ھەرگىزمۇ قىر-چاپ مەيدانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئەمەس. بەلكى بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر كۈن كەلسىمۇ خەلقىنى قۇل قىلغان دۈشمەنىنىڭ خوتۇنى بولۇشنى خالىمىغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، نوزۇگۇم قولىدا قىلىچ تۇتۇپ «ئۇرۇش قەھر-رىمانى» بولغان قىز ئەمەس، بەلكى ئىشتانبېغىنى چىڭ تۇتۇپ «ئىپپەت قەھرىمانى» بولغان قىز. نوزۇگۇمنىڭ قەھرىمانلىقى قەلبىمىزنى قانچىلىك دەرىجىدە لەرزىگە سالىد-ىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. دېمەك، قەھرىمان ئوخشاش بولمىغان سورۇن ۋە ئالاھىدە شارائىتتا ئىپادىلىگەن باتۇرانە ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئالاھىدە مىنۇتلاردا ئىپادىلىگەن باتۇرلۇقى بىلەن ئۇلار ئەۋلادلار قەلبىدە نامى مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدىغان ئەزىمەتكە ئايلىنىدۇ. قەھرىمانلىق–بىر خىل كىشىلىك ئەخلاق- پەزىلە-تكى، ھەرگىزمۇ بىر خىل قىلمىش ئەمەس. قەھرىمانلىق ئىدىيە، خۇشاللىق ۋە بەختنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەھرىمانلىقنىڭ ئۆلچەملىرى ھەر خىل بولىدۇ. بۇرچ چەكلىك، تۆھپە چەكسىزدۇر؛ ھەققانىيلىق ئۈچۈن ئىزتىراپ چېكىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش؛ ئۆز - ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش، ئۆزىدىن ھالقىش؛ گۈزەل غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا

باشقىلاردىن ئارقىدا قالماسلىق قاتارلىقلار. مۇشۇنداق ئادەملەر قەھرىمان بولمىسا، كىم قەھرىمان سانىلىشى كېرەك؟

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياۋروپادا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى مىللىي قەھرىمانلارنى دوستانە سورۇنلاردىمۇ بارلىققا كېلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. رىقابەت كەسكىن بولىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقە مەيدانلىرى كىشىلەر خۇشاللىق ۋە تەقەززالىق بىلەن تاماشا كۆرىدىغان، شۇنداقلا يېڭى ـ يېڭى قەھرىمانلار بارلىققا كېلىدىغان سەھنە بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ بوكس چولپانلىرىمىز يېڭى تارىخي شارائىتتىكى يېڭىچە مىللىي قەھرىمانلاردۇر. بىز ئۇلاردىن ئوخشاشلا پەخىرلىنىمىز، ئۇلارنى قەدىرلەيمىز. بىز ئۇلارغا مەدھىيەگە تولغان سۆزىمىز بىلەن، ھۆرمەتكە تولغان كۆزىمىز بىلەن، تەبەسسۇم يىغىپ تۇرغان يۈزىمىز بىلەن ئالقىش ياغدۇرىمىز. شۈبھىسىزكى، قەھرىماننى قەدىرلەش بىر تۈرلۈك ئەخلاق!

ئەلۋەتتە، بوكس سەھنىسىدىكى ھەرقانداق بىر قەھرىماننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە شان ـ شەرىپىنىڭ كەينىدە جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىر جەريان بولىدۇ. بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ چاقنىغان ھەرقانداق ئەزىمەتنىڭ كەينىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك، تەلە ـپچان، پىشقان بىر مەشقاۋۇل بولىدۇ. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ خەلقئارا سەۋىيە ـلىك كۈچلۈك كوماندىغا ئايلىنىشىدا، ھەر قېتىملىق مۇسابىقىلەردە غەلىبە ـ ئۇتۇقلارغا ئۆزلۈكسىز ئېرىشىشىدە، شىنجاڭ بوكسچىلىقىنىڭ بەرپاچىسى، جان كۆيەر پاسبانى، خەلقئارا دەرىجىلىك داڭلىق مەشقاۋۇل ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندىنىڭ سىڭدۈر ـگەن ئەجرىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ 15 يىلدىن بۇيان بىر ـ بىرىدىن باتۇر بوكسچىلارنى تەربىيەلەپ، قەھرىمانسىراپ كەتكەن قەلبىمىزگە كەينى ـ كەينىدىن ئىپتىخار تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان تۆھپىسى زور مىللىي قەھرىمان. مەن كۆرگەن ئابلىكىم ئەپەندى بوكس ئۈچۈنلا ياشايدىغان ئادەم. ئۇ كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى، مۇستەقىل ئىدىيەسى بار، دۇنيا قارىشى پىشقان، پىكىر قىلىشقا ماھىر، تەھلىل كۈچى كۈچلۈك،كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، خاسلىقى روشەن،گەپ ـ سۆزى تۈز،خاراكتېرى كەسكىن، مىجەزى قوپال، چىراي ـ شەكلى ئارىيانلارغا خاس ئەزىمەت سۈپەت مەشقاۋۇل. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەكىتلەيدىغان گېپى «باھانە كۆرسەتمە،كۈچنى قويي!» دېگەن مەشھۇر سۆزدۇر. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان تۇنجى سائەتتىلا، ئۇنىڭ بۇ مەشھۇر سۆزىنى تىلغا ئالغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدىم. بۇ مەشھۇر سۆز ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى (باشقىچە ئاتىلىشى غەربىي پوينىت ھەربىي مەكتىپى) نىڭ ئەقىدىسى ھەم مىزانى ئىدى.

ئۇ گەپ ئارىلىقىدا «مەن ئامېرىكىلىق فىرور كېيىپ يازغان <باھانە ئىنى قوي>! دېگەن كىتابنى ئوقۇشتىن ئىلگىرىلا كوماندىدىكى بالىلارغا مۇشۇنداق تەلەپ قوياتتىم. 2004 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاشۇ كىتابنى ئوقۇپ، بۇ خىل قارىشىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مەن ئۇ كىتابنى يادلىۋالغۇدەك دەرىجىدە ئوقۇغان» دېدى. ئۇ ماڭا يەنە مۇنداق دېدى: «مەن كوماندىدىكى بالىلارنى سىستېمىلىق مەشىق قىلىشقا يېتەكلەيمەن. ئۇلاردىن يۈرىكىنى بېرىپ مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. مەشىق ئۈچۈن مەشىق قىلىشىغا قارشى تۇرىمەن. ئادەتتە بىر بوكسچى بىركۈن تەلەپ بويىچە ئۆلچەملىك مەشىق قىلسا، بەدىنىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى كىلوگىرامغا يېقىن تەر چىقىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر -قانداق تۈردىكى مەشىقتە تەر چىقىدۇ. ئەمما، يۈرىكىنى بېرىپ قىلغان مەشىق بىلەن يۈرىكىنى بەرمەي قىلغان مەشىقنىڭ ئۈنۈمى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، مەن تەر بىلەن تەر ئوخشىمايدۇ، قان بىلەن قان ئوخشىمايدۇ،دەپ قارايمەن. مۇسابىقە مەشىقنىڭ داۋامى. يۈرەكنى بېرىپ ياخشى مەشىق قىلمىغاندا مۇقەررەر ھالدا مۇسابىقىدە كەتكۈزۈپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا، ھەرقانداق ئۇنى - بۇنى دەپ باھانە كۆرستىشكە ئۇرۇنسا، باھانە ئىنى قوي! دەپ ئۇلارنىڭ باھانە كۆرستىشكە يول قويمايمەن. سەن مەشىقنى ئىچ-ئىچىڭدىن قايناپ قىلغانمۇ-يوق؟ مەشىق جەريا -نىدا كىچىك ئىشلارغا سەل قارىغانمۇ-يوق؟ كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن مەشىق قىلىۋا تقانلىقىڭنى چىن مەنىدىن چۈشەنگەنمۇ - يوق؟ دەپ ۋارقىراپ كېتىمەن. ماڭا چولپان كېرەك، نەتىجە كېرەك. كىمكى بىر پاتمان باھانە- سەۋەبلەرنى سۆزلەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنسا، بىزنىڭ بوكس كوماندىمىزدا بۇنداقلارغا ئورۇن يوق! قەتئىي نىيەت بىلەن يېڭىباشتىن پىلان تۈزۈپ، سىستېمىلىق مەشىق قىلىپ، ئۆزىدىن ھالقىش كېرەك» دېدى.

ئابلىكىم ئەپەندى كوماندىدىكى بالىلارغا يەنە «شان-شەرەپ تۇيغۇسى بىزنىڭ كوماندىنىڭ جېنى» دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، شان-شەرەپ تۇيغۇسى بولمىغان كوللېكتىپتىن پارلاق ئىستىقبال كۈتكىلى بولمايدۇ. بوكس كوماند -ىسىنىڭ مەشىق زالىغا كىرگەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن تامغا چوڭ قىلىپ يېزىلغان «ۋەتەننىڭ شان-شەرىپى ھەممىدىن ئەلا» دېگەن شوئار چېلىقىدۇ. ۋەتە -نىنىڭ، مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنى باشقا كىشىلەر ئەمەس، دەل شان - شەرەپ تۇيغۇ -سى كۈچلۈك كىشىلەر روياپقا چىقىرىدۇ. شان-شەرەپ ئېڭى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ غايىسى نامرات، ئىرادىسى ئاجىز، قۇربان بېرىش روھى سۇس كېلىدۇ. ئابلىكىم ئەپە ندى: «شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەمنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. كوماندىمىزدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھەرقانداقى شان-شەرەپنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىد

-نغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا، خىزمەت، تۇرمۇش، ئالاقە قاتارلىق ھەر قانداق ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا، ئۆزىنى قەدىرلەشكە ھەرگىز سەل قارىمايدۇ» دېدى.

كەسىپ ئەھلى بولمىغان كىشىلەر ئادەتتە «بوكس چولپىنى بولۇش ئۈچۈن زاڭاقلىرى يانجىلىپ، بۇرۇنلىرى ماكچىيىپ، يۈز-كۆزلىرى يېرىلىپ كەتسىمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ قارايدۇ. مەنمۇ شۇنداق قارايتتىم. ئابلىكىم ئەپەندى گەپ ئارىلىقىدا «بوكس سەھنىسىدە چولپان بولۇش بىر بوكسچى ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم، ئەمما، بوكس چولپىنى بولۇش تولىمۇ مۇشكۈل ئىش. ئۇزاق مۇددەتلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك مەشىق جەريانى بولماي تۇرۇپ يارامىلىق بوكسچى بولغىلى بولمايدۇ. بوكسچى بولغان ئادەمدە قاۋۇل بەدەن، كۈچلۈك مۇسكۇل، ئېغىر مۇشت بولسىلا بولمايدۇ. سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي مەشىق قىلىدىغان ياخشى ئادەت، مۇسابىقە جەريانىدا پۇرسەتنى ئىگىلە-يەلىدىغان دىت، رەقىبنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئاجىزلىقىنى بايقىيالايدىغان سەزگۈر كاللا، تاكتىكا جەھەتتىكى جانلىقلىق، مۇداپىئە جەھەتتىكى ماھىرلىق بولۇشى، مۇندا قىچە ئېيتقاندا، مۇسابىقە جەريانىدا ھەم بۆرە، ھەم تۈلكە مىجەز بولۇشى كېرەك» دېدى.

ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن قوماندانلارغا خاس پاراسەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتە-نمۇ بارلىقىنى ئۆز كەسپىگە بېغىشلىغان، يېتىلگەن مەشقاۋۇل ئىدى. بۇ قېتىم جىنەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 11 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە بارغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى تۇرسۇنجان ھامۇت شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىن مۇسابىقىگە قاتناشقىلى بارغان 10 ماھىردىن ئىككىسىنىڭ ئالتۇن، بىرىنىڭ كۈمۈش، بىرىنىڭ مىس مېدال ئېلىشتەك، ئۆتەيلەننىڭ 5-لىككە ئېرىششتەك ئالاھىدە نەتىجە-سىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش جەريانىدا ئابلىكىم ئەپەندىگە ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولۇپ مۇنداق يازغان: «ئابلىكىم ئەپەندى كىشىنى ئېيتتىخارلاندۇرىدىغان بۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش <فىلىم> نىغا ناھايىتى جايىدا <رېژىسسور> لۇق قىلدىكى، مۇسابىقە خۇددى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك، باشتىن - ئاخىر ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ جۈڭگو بوكسچىلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىدىغان، شاگىرتلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيەسىنى بەش قولدەك بىلىدىغان تەجر-ىبىلىك، قابىل مەشقاۋۇللا ئەمەس، ئەمەلىيەت جەريانىدا پىشقان، تەجرىبىلىك، مۇسابىقىنىڭ باش- ئاخىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ماھىر ماسلاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىمۇ ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلاتتى.»

بىر كۈنى ئابلىكىم ئاكا ماڭا مۇنداق دېدى: «يالقۇن ئۇكام، مەن خەنزۇچە

مەكتەپتە ئوقۇغان، شۇڭا ئانا تىل ـ يېزىق ئاساسىم ئاجىزراق. يېقىندىن بۇيان ئانا تىلىمغا بولغان ئامراقلىقىم بارغانسېرى كۈچىيىپ سۆزلەشنى، ئوقۇشنى تىرىشىپ ئۆگىنىـۋاتىمەن. بىز بوكىس كوماندىسىغا يېڭى بىنا سالدۇق. شۇ يېڭى بىنادىن راۋۇرۇس بىر ئۆينى ئاجرىتىپ مەخسۇس كىتاب ئوقۇيدىغان جاي قىلماقچى. سەن ئويغۇر بولغاندىكىن بىزگە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنغان ياخشى كىتابلاردىن بەش ـ ئونىمىڭنى تاللاپ بەرگىن. كوماندىمىزدا 40 تەك ئادەم بار. ئۇلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرمىسەم بولمايدۇ. مەن تەربىيەلىگەن بوكسچىلارنىڭ بەدەن ساپاسى يۇقىرى بولۇپ، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇپ قالسا، قەتئىي بولمايدۇ. بۇلار ھازىرمۇ كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن يېتەرلىك ئەمەس. مەنمۇ قەيەرگە ماڭساق، بىرەر يەشلىك كىتاب ئېلىۋالىمەن. لېكىن، بۇ بالىلاردىكى كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇيدىغان ئادەتنى مۇستەھكەملىمىسەك بولمايدۇ. كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم بىلەن كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم تامامەن پەرقلىنىدۇ. سەن مۇشۇ بالىلارنىڭ ئەقلىگە ئەقىل، روھىغا روھ قوشىدىغان كىتابلارنى تاللاپ بەرگىن. بۇ بالىلارنى يارامىلىق چولپان قىلىشقا كۈچەپ، روھىي دۇنياسى باي، مۇھەببەت ـ نەپرىتى روشەن، ئىدىيەسى كۈچلۈك ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيەلەشكە سەل قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ، بۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا خەلققە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئېسىدە مەھكەم تۇتىدىغان ئەقىدىلىك ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك» دېدى.

بىر بوكسچى بوكىس سەھنىسىدە چولپان بولۇپ پارلىغاندا، مىليونلىغان كىشىنىڭ قەلبىدە قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. ئەمما، جامائەتچىلىك قەھرىماننى ئارتۇقچە ھۆرمەتلىگەندە قەھرىمان مەغرۇرلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئاۋارىچىلىكتەك، مەدھىيەلىرى ۋاڭ ـ چۇڭدەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، قەھرىمان غەلىبە قۇچقاندىن كېيىن ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان ئەھۋالار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. غەلىبە قىلىشنى بىلگەنلىك غەلىبىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلگەنگە تەڭ ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۈگۈنكى دۇنيادا بىر قىسىم بوكىس چولپانلىرى پۇلغا قىزىقىپ قارا گۇرۇھلارنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بىر قىسىم بوكىس چولپانلىرى ساھىبجامالالارنىڭ قاش ـ كۆزىگە مەپتۇن بولۇپ ئەخلاقتا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم بوكىس چولپانلىرى غەلىبىدىن كېيىن خۇدىنى يوقىتىپ، بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن جىنايەت يولىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئاخىرقى ھېسابتا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ھوشىغا كەلگەن مىساللار ئاز ئەمەس. شۇڭا بوكىس چولپانلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا، روھىي دۇنياسىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىش

ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ مەنىۋى جەھەتتە كامالەت تېپىشىدا ئەڭ ياخشى دوست ھېسابلىنىدىغان كىتاب - ژۇرنال سەل قاراشقا بولمايدىغان بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

يىراقنى كۆرەر نەزەرگە ئىگە بىر سەركەردە كۆز ئالدىدىكى غەلىبىنىلا كۆرمەستىن، بەلكى غەلىبىدىن كېيىن كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان ياخشى - يامان ئېھتىماللىقلارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئالدىن، پۇختا تەييارلىق كۆرىدۇ. ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ روھىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا بۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلۈشى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «كىتاب ۋە كىتاب مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەندى: «پۇل تاپقاندا ئۆيىنى كۆزنى چاقنىتىدىغان گىلەم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە بىلەن ئۆيىنى كىتاب ئىشكاپلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلىنىڭ قىممىتى پەرقلىقتۇر. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى ئائىلىلەر ئۆز قىرائەتخانىسىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار روناق تاپقان سېرى كىتاب سېتىۋالىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كىتاب مۇھىتىدا ئۆسىدۇ، ئۆرلەيدۇ. قالاق ئەللەردىكى ئائىلىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۆيىنى ئەينەك تام، رەڭدار گىلەم ۋە ئىشرەت جاھازلىرى بىلەن بېزىگەن ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك بولىدۇ. ئۇلار مەغرۇر، تەنتەك، پۇلپەرەز، سۆلەتۋاز بولۇپ، ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى تېزدىن چۈشكۈنلىشىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مىساللار كۆز ئالدىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ!»

ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ چولپان بولۇشىغىلا ئەمەس، بەلكى ئېزىقتۇرۇش كۈچىگە باي بۇگۈنكى بۇ مۇرەككەپ دۇنيادا ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان، مەنىۋىيىتى مۇكەممەل ئادەملەردىن بولۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ماڭا تاپشۇرغان ئىشنى جان - دىلىم بىلەن ئورۇنلاپ تۈرلۈك مەزمۇندىكى ياخشى كىتابلارنى تاللاپ بەردىم.

ئابلىكىم ئەپەندى مەسئۇلىيەتچان، ئۇزاقنى كۆزلەيدىغان قابىل يېتەكچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇنداق دېدى: «ياخشى كوماندا بولۇش ئۈچۈن يارامىلىق مەشقاۋۇل كەم بولسا بولمايدۇ. بىر ياخشى مەشقاۋۇل چولپان تەربىيىلەشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىزباسار تەربىيىلەشكە سەل قارىسا مەسئۇلىيەتسىزلىك،شەخسىيەتچىلىك قىلغان بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بىر شام بىلەن بىرنەچچە شامنى ياندۇرغاندا دەسلەپتە ياندۇرۇلغان شامنىڭ يورۇقشىغا ئازراقمۇ تەسىرى بولمايدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك گېپى بار، مەن ھازىر مەشقاۋۇللۇقتا ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىملارنىڭ ئىزىمنى بېسى

-شىغا ئاساس سېلىپ بولدۇم. ئۇلار ئۆز خىزمىتىدىكى ئەھمىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى بىلدىغان ئۈمىدلىك مەشقاۋۇللارغا ئايلاندى. ياخشى مەشقاۋۇل بولۇش ئۈچۈن ماھىر -لارنى مەشقلەندۈرۈشتىكى تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى پۇختا ئىگىلىسىلا كۇپايە بولما -يدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ھەم بوكسچىلارنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ - ئىستەك ئوتلىر -ىنى كىم ئۈچۈن ياندۇرۇشنى ئېنىق بىلىشى كېرەك.»

مەن ئابلىكىم ئەپەندى بىلەن ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ھەر قېتىم بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلىرىمىز بىپايان تەنتەربىيە ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولۇپ يالتىرىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرانىلىكىنىڭ سەۋەبىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولىمەن.

2009 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# هوشۇر قارىغا ئوچۇق خەت

**يالقۇن روزى**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم هوشۇر قارىي ئەپەندى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسى - سىنىڭ 2- يۇرۇش قانىلىدا <<كېۋەز گۈلى>> ماركىلىق خېمىيىۋىي ئوغۇتنىڭ ئېلانىغا چىققىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ ؟ ئۇ ئېلاندا سىز ئۈستىۋېشىڭىزغا قەشقەر دېھقانلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، چاپچىپ تۇرغان ئىشەككە مىنگەن هالدا ئارقىڭىزغا بىر توپ <<دېهقان>>نى ئەگەشتۈرۈپ ،گويا <<مىڭبىر كېچە >> هېكايىلىرىدىكى ئەلى بابادەك ئۇلارنى <<كېۋەز گۈلى غارى>> نىڭ ئالدىغا باشلاپ باردىڭىز. بۇ ئوچۇق خەت ئارقىلىق مەن سىز بىلەن مەخسۇس مۇشۇ ئېلان توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى.

هوشۇر قارىي ئەپەندى، سىز خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مۇئەييەن ئورنى بار ناخشىچى هەم رولچى .سىز ئورۇندىغان ناخشىلار ،سىز رول ئالغان دراما-ئېتوتلارنىڭ كۆپىنچىسى كىشىلەرنى سۆيۈندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنى كەسپى هاياتىڭىزدىكى ئالاھىدە مۇۋەپپىقىيەت دەپ قارايمىز، ئەلۋەتتە. ئۆزى شۇغۇللانغان كەسىپدە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىش ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر -قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ .بۇ خىل قەدىر- قىممەتنىڭ دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، مۇۋەپپىقىيەت قازانغۇچىغا نىسبەتەن هەۋەس قىلغۇچىلار بىلەن هەسەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ .روھىيىتى ساغلام كىشىلەرنىڭ قەلبىدە هەۋەس ئۇچقۇنلىرى چاقنىسا، مەنىۋىيىتى ساغلام بولمىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە هەسەت ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ .ئادەمگە نىسبەتەن باشقىلار هەۋەس قىلغۇدەك هەم هەسەت قىلغۇدەك ياشاشنىڭ ئۆزى بىر بەخت. هەۋەس قىلغۇدەك دوستلىرى ،هەسەت قىلغۇدەك دۈشمەنلىرى بولمىغان هايات تولىمۇ سىدام -رىقابەتسىز هايات هېساپلىنىدۇ .هەۋەس ئوتلىرى بىلەن هەسەت ئوتلىرى ئادەمنى تاۋلايدۇ ياكى خاراپلاشتۇرىدۇ . باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ،سۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان هەۋەس ئۇچقۇنلىرىدىن مەست بولۇپ خۇدىنى يۇقاتقان ئادەم بىلەن باشقىلارنىڭ مەجرۇھ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان هەسەت ئوتلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋايساپ يۇرۇيدىغان ئادەمنىڭ شانلىق هاياتى ئوخشاشلا ناھايىتى قىسقا بولىدۇ.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى ،مەن سىزنىڭ <<بوم پەدە >>،<<قەمبەرخان >> ناملىقVCD پىلاستىنكىڭىزنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن .ئۇلاردىن ئۆزۈم سۆيۈنگەندەك ھوزۇر ئالىمەن .بولۇپمۇ يېڭىدىن چىققان <<قەمبەرخان >> ناملىقVCDپىلاستىنكىڭىز ماڭا ئالاھىدە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ .سىزنىڭ بۇ پىلاستىنكىڭىزنى ئىنتايىن ساپ بولغان بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەسئۇلى دەپ ئېيتالايمىز .ئۇنىڭدا ئەقىدە-ئېتىقاد،ئەدەپ -ئەخلاق،مىللىي پىسخىكا ،مىللىي ئارزۇ... قاتارلىق مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنىڭ ناھايىتى ساپ ھەم رۇشەن ئىزنالىرى بار.مۇنداقچە ئېيتقاندا ،تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ .ئەڭ ئەقەللىسى ،پىلاستىنكا قېپىدىكى سۈرىتىڭىزدىن سىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىمىزگە بولغان ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتىڭىزنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ .سىزنىڭ بېشىڭىزغا سەرپۇش تۇماق ،ئۇچىڭىزغا چەكمەن تون كىيىپ نەق قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس قىياپەتتە كىيىنىپ چۈشكەن يېرىم گەۋدىلىك سۈرىتىڭىز،كىشىلەرگە تونۇش بوپكەتكەن ئادەتتىكى ئوبرازىڭىز بىلەن تامامەن پەرقلىنىدۇ .سەھنە- ئېكرانلاردا ۋە ئادەتتىكى كۈنلەردە دائىم دىگۈدەك گالستۇك تاقاپ ،كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ كۆزگە چېلىقىدىغان قىياپىتىڭىز جامائەتكە تونۇش بولغاچقا ،ھەتتا ئىتوتلاردا دوستانە مەسخىرە قىلىنغاچقا ،پىلاستىنكا قېپىدىكى قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس مىللىي قىياپىتىڭىز مېنى قىزىقتۇردى . مەن بۇ خىل قىياپىتىڭىزنى ئەنئەنىۋىي مىللىي ئوبرازىمىزنى نامايەن قىلىشتىن شەرەپ ھېس قىلىدىغان روھىي دۇنيايىڭىزنىڭ ئىپادىسى دەپ ئويلايمەن .بىزنىڭ نازۇك مىللىي غۇرۇرىغا ئىگە سەنئەتكارىمىز ئابدۇرېھىم ھېيت دائىم دىگۈدەك سەھنە ۋە ئېكرانلاردا تولۇپ تاشقان ئىپتىخار ھېسسىياتى بىلەن مىللىي قىياپەتتە نامايەن بولغان بىلەن، ناھايىتى كۆپ ئارتىسىمىز ئىمكانىيەت بار ئىمكانىيەت بار ئەھۋالدىمۇ بىرەر قېتىم مىللىي ئوبرازدا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ئويلاپ قويمايدۇ . ھەممىمىزگە ئايانكى ،مىللىي كىيىم- كېچەكلىرىمىز بىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىمىزنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ،مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ رۇشەن نامايەندىسى .مىللىي كىملىك شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەللىشىدىغان سالاھىيەت. مىللىي كىملىكىمىزنىڭ تاشقى شەكلى بولغان كىيىم-كېچەكىمىزنى مەيلى تۇرمۇش ،مەيلى سەھنە-ئېكرانلاردا كىيىش كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئەھۋال .ئەمما مىللىي كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى مىللىي ئادەت نوقتىسىدىن كىيىش بىلەن مىللىي ئاڭ نوقتىسىدىن كىيىش پەرقلىنىدۇ .مۇتلەق كۆپچىلىك كىشى مىللىي ئادەت نوقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ كىيىدۇ .ئابدۇرېھىم ھېيتقا قارايدىغان بولساق ،ئۇ گويا غالىپ قوشۇننىڭ جەڭ بايرىقىنى يېپىغان باھادىر

ئەزىمەتتەك تولۇپ تاشقان ئىپتىخار ھىسسىياتى بىلەن كىيىپ سەھنىدە ئولتۇردۇ .ھازىر بىزدە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئوبرازىنى باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ لايىھىلەش ئارقىلىق دەۋرگە ،تەرەققىياتقا ماسلاشقان قىلىپ كۆرستىشكە ئۇرۇنۇشتەك ئۆزىدىن ياتلىششى كەيپىياتى كۈچىيىپ كەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ مىللىي ئۆزلۈك ئېڭى سۇسلاپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن كەمسىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئەۋجە رەپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق ئىجتىمائىي مىللىي پىسخىكا ئومۇملاشقانسىرى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ،خاس مىللىي ئادەتلىرىمىز ئۆزىمىزگە قالاقتەك، مەتۇدەك كۆرىنىدۇ .بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاجىزلاپ كەتسە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك نەرسىللىرى قەدىرسىز تۇيۇلۇپ، باشقىلارغا ئوخشىيالىغانلىقىدىن، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە تەۋە نەرسىلەردىن ئىپتىخارلىنىپ يۈرۈيدىغان روھىي زەئىپلىككە شۇنچە كۆپ يول قويىدۇ .بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزبېكىستان ناخشىچىسى يۇلتۇز ئوسمانوۋا ئۈرۈمچىدە ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگىلى كەلگەندە خۇددى يۇقاتقان بىر قىسىم تاماشىبىن ئادەم قورۇنغىدەك قىزغىنلىق كۆرستىپ ئۇنى ئاسمانغا چىقىرىۋەتتى .بەزى مۇخبىرلىرىمىز ئۇنى زىيارەت قىلغاندا يۇلتۇز ئوسمانوۋانىڭ دادىسىنىڭ غۇلجا ئۇيغۇرلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ يېزىپ ،يۇلتۇز ئوسمانوۋانىڭ شان ـ شەرەپىنى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئاسمىنىدا نامايەن قىلماقچى ،ئۇنىڭ شان ـ شۆھرەتلىرىدىن مىللىي سەنئىتىمىزگە نىسىۋە ئايرىماقچى بولۇشتى .مەسخىرىلىك يېرى شۇكى ،ئۆزبېكىستاننىڭ بىر ناخشىچىسى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن :

كىم قەشقەرنىڭ ئۆزىدەن،كىم غۇلجىنىڭ كۆزىدەن؟
بابام قايدان بولسا بولسۇن مەن ئۆزبېكنىڭ قىزىمەن !

دەپ ناخشا ئوقۇپ ،ئۆزىنىڭ مىللىي سالاھىيتىنى ئېنىق جاكالىدى.

باشقىلارنى مۇۋاپىق ھۆرمەتلەش،قىممىتى بار نەرسىللىرىدىن زوقلىنىش ئەقەللىي ئىنسانىي ساپا .ھە دىگەندىلا ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ئۇنۇتقان ھالدا چەكتىن ئاشقان ھۆرمەت ھىسسىياتى بىلەن باشقىلارنى باشقا ئېلىۋېلىش ـغۇرۇرى پۇچەكلىكنىڭ ئىپادىسى. نورمال غۇرۇر مەيلى باشقىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتە بولسۇن ،مەيلى نەپرەت كۆرستىشتە بولسۇن قەتئىي ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان قىممەتلىك قۇرال.قۇراللا ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھىي ساپا ،ئادىمىلىك سۈپەت.ئۆزىنىڭ ئۇۇغلىغىدەك

مەشھۇر شەخسلىرى، قەدىرلىگۈدەك مىللىي مەدەنىيىتى يوق مىللەت تولىمۇ بىچارە مىللەت.ئەمما ئۇلۇغلاشقا ئەرزىگۈدەك شەخسلىرى، پەخىرلەنگۈدەك مىللىي مىراسلىرى تۇرۇپ قەدىرلىيەلمىگەن مىللەت بەكمۇ زەئىپ، چۈشكۈن مىللەتتۇر. بىزنىڭ ھازىرقى ھەدىگەندىلا ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئۆزگىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى چوڭ بىلىش، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزدىن باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قالتىس چاغلايدىغان مىللىي پىسخىكىمىز چۈشكۈن ـلەشكەن مىللىي روھىمىزنىڭ ئىپادىسى. ئەلۋەتتە ئۆزىگە، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ساددىلارچە مەپتۇن بولۇش خاھىشىمۇ كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان مىللىي نادانلىق ! مەيلى ئۆزىمىزنىڭ ، مەيلى ئۆزگىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرى ياكى ئۇلۇغ ھېساپلىنىدىغان تەرەپلىرى بولسا ، ئىلمىي، ئادىل، ئوبيېكتىپ، توغرا مۇئامىلىدە بولۇش نەزەر دائىرىسى كەڭ ،تەربىيە كۆرگەن ،ساپالىق ئادەملەرنىڭ سۈپىتى ھېساپلىنىدۇ. ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن ئىلمىي ئاساسى يوق ھالدا قارىغۇلارچە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، مەسىلىلەرگە باللارچە مۇئامىلە قىلىدىغان ساددىلىق ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق ساددىلىق كىسەللى ئادەتتىكى ئاۋامدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بەزى ئاتالمىش زىيالىلىرىمىزدىمۇ ، تەپەككۇرىدا مەنتىقىي ئىزچىللىق يوق يەنە بەزى ئالىجوقا قەلەمكەشلىرىمىزدىمۇ خېلىلا ئېغىر .يامان يېرى شۇكى ساددىلىق، نادانلىق كېسەللى ئاۋامدا مەۋجۇت بولسا كەلتۈرىدىغان زىيانىدىن، ئاشۇنداق ئاتالمىش زىيالىيلار بىلەن ئالىجوقا قەلەمكەشلەردە مەۋجۇت بولسا، كەلتۈرىدىغان زىيان تېخىمۇ ئېغىر بولىدىكەن .چۈنكى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز بىر قىسىم ئوقۇرمەن ئۇنداقلارنىڭ مىللەتپەرۋەر سالاھىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ قىلغان ،ئاڭلىماققا مەردانە ئەمما پوپالڭ-پۇچەك ھاياجانلىق گەپلىرىگە ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىدىكەن .شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى قالايمىقانلىشىپ، تامامەن بىمەنە بولغان تەشەببۇس ،چۈشەنچىلىرى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ ، شەيئىلەرنى كەلسە-كەلمەس مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى ئىنكار قىلىپ ، مەسىلىلەرنى ھاماقەتلەرچە باھالاپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كېتىدىكەن .يېقىندا مەلۇم بىر مەتبۇئاتتا <<دوستلۇق مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈك بولسۇن >> دىگەن بىر يازمىنى ئوقۇپ قالدىم .بارغانسىرى چېلىكىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قېلىۋاتقان ،تەپەككۇرىنىڭ تۇتامى يوق،ئەمما ئۇنى ـبۇنى دىيىشكە تولىمۇ خۇشتار بۇ قەلەمكەش ئاجايىپ مىللەتپەرۋەر ئەلپازدا ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەممىنى بىراقلا ھەل قىلىۋەتىشكە ئۇرۇنىدىغان تەنتەكلىكى بىلەن مۇنداق يازغان :<< ئۇزاق تارىخىمىزغا نەزەر سالساق ،ئۇيغۇر خەلقى دوسلۇقنى ئەزەلدىن قەدىرلەپ

كەلگەن .ئەمما دوستلۇق ئۈچۈن ئاز بەدەل تۆلىمىگەن ؛مىلىدىن ،بايلىقىدىن ،يەر-ئۆيلىرىدىن ،بالىچاقىسىدىن ،ۋەتىنىدىن ھەتتا جېنىدىن ئايرىلىش بەسىلىگە دوستلۇقنىڭ تۈز-ھۆرمىتىنى ساقلىغان ؛ئۆز يۇرتىدا مۇساپىر ھالەتكە چۈشۈپ قالسىمۇ ،دوستلۇق ئۈچۈن تارتقان زىيىنىدىن ،ۋەيرانچىلىقىدىن ،ۋايىسىمىغان.مانا بۇ ئۇيغۇر روھى! چەكسىز بەدەل تۆلەش روھى! >>

نادانلارچە يېزىلغان بۇ يازمىنىڭ قىلچىمۇ ئاساسى يوق بولۇپ،بۇ ،خەلقىمىزگە قىلىنغان ھاقارەت .خەلقىمىز ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ماقال-تەمسىللىرىدە <<كۈلگەننىڭ ھەممىسى دوست،ھۇمايغاننىڭ ھەممىسى دۈشمەن ئەمەس>>، <<ھەساپلىق دوست ئايرىلماس>>،<<ئېشەنمىگىن دوستۇڭغا،سامان تىقار پوستۇڭغا>>،<<دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن>>، <<دوست كۆپ،توغرىسى ئاز>>،<<بىلىكىڭ توم بولسا ،دۈشمىنىڭ سالامغا كىلۇر>>،<<بۆرىنى قانچە باقساڭمۇ ،ئېككى كۆزى جاڭگالدا>> دىگەندەك ھوشيار ،پىرىنسىپچىل دوستلۇق قارىشىنى ئىپادىلىگەن .ئاپتورىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دوستلۇق قارىشىدا نە پىرىنسىپى ،نە ئېنىق ھىساپى ،نە سەممىيەتنى شەرت قىلىدىغان مەزمۇن يوق .بىزنىڭ نەزىرىمىزدە مۇنداق دوستلۇق ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى ،خالاس!خەلقىمىز ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەخمىقانە دوستلۇق ئەنئەنىسىگەن ئىگە ئەمەس .دوست ئۈچۈن چەكسىز بەدەل تۆلەش روھى بار مىللەت ھەرگىزمۇ <<ھىساپلىق دوست ئايرىلماس>> دىگەن ھېكمەتنى يەكۈنلىمەيدۇ .دوستىغا چەكسىز بەدەل تۆلەيدىغان ھەممە نەرسىسىنى ئېلىۋالسىمۇ ۋايىسىمايدىغان روھ ئۇيغۇر روھمۇش. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى ،ئولتۇرغان-قوپقان يېرىنىڭ ھەممىسىدە ھاماقەتلەرچە تەپەككۇر قىلىۋاتقان بۇ نادان سەركە ئاشۇ يازمىسىنىڭ خاتىمىسىدە نىمە دەپ يازغان دىگەندە :<<شۇڭا،بىز ئەجدا -تلاردىن تەۋەرۈك بوپكىلىۋاتقان دوستلۇق مىزانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى قەدىرلەپ ،ئاسراپ ،كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا پاكىز ھالەتتە مىراس قىلىپ قالدۇرىشىمىز كېرەك >>دەپ خىتاپ قىلغان .

بۇنداق بىمەنە قاراشلار مەتبۇئاتتا ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئوقۇرمەنلەرنى ئېزىقتۇرىدۇ .باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ھەققەت نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلىنىشنىڭ ئورنىغا ،نوپۇزغا قارىغۇلارچە باش قۇيۇشقا ئادەتلەنگەن كۆپ قىسىم ئوقۇرمەن گەپنىڭ ماھىيىتىدىكى مەنا بىلەن ئەمەس ،كىمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقانلىقى بىلەن ھىساپلىشىدۇ -دە توغرا دەۋاتسا كېرەك ،دەپ قاراپ قارا-قۇيۇق قۇبۇل قىلىۋېرىدۇ .مانا مۇشۇنداق نادان ئوقۇرمەنلەر قۇشۇنىنىڭ بىزدە تېخى مۇئەييەن

كۇلەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ،ئاشۇ خىلدىكى ئالجوقا قەلەمكەشلەرنىڭ بىر مەزگىل بازار تاپىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .ئەمما ھەقىقەت شۇكى ،ھاماقەتلىكنىڭ زاۋال تېپىشى مۇقەررەر ! ئىلمىي بولمىغان، پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، زىددىيەتلىك پوپاڭ <<پاراڭ>>لار مەنتىقىلىق ،ھەقىقەتكە ئۇيغۇن مۇنازىرە ـ مۇھاكىمىلەر ئالدىدا كۈلكىلىك ماھىيىتىنى يوشۇرالماي قالىدۇ .

ھوشۇر قارىي ئەپەندى ،مەن سىزنىڭ <<كېپەز گۈلى >> ماركىلىق خېمىيۋىي ئوغۇتنىڭ ئىلانىغا چىققاندىكى قىياپىتىڭىزنى دەل ئاشۇنداق ئاساسسىز ،يوغان گەپ قىلىدىغان بىر قىسىم قەلەمكەشنىڭ بىمەنە سۆز ـ چاقچاقلار بىلەن مەسخىرە قىلغانلىقىنى ،ھەتتا ھاقارەت خاراكتېرىدىكى باھا ـ باياناتلىرىنى ئاڭلاپ ، بۇ ھەقتىكى تەسىراتىمنى سىزگە ئېيتىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىچە بىر قىممەت ئۆلچىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى زۆرۈر دەپ بىلدىم .

گەپنى ئوچۇق قىلسام ،سىزنىڭ ئىشەك مىنىپ ئېكرانغا چىققان ئوبرازىڭىز ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى .ئۇلارنىڭ قارىشىچە ،بىز باشقىلارغا ئىشەك مىنىپ كۆرۈنسەك باشقا مىللەتلەرنىڭ نەزىرىدە مىللىي ئوبرازىمىز خۇنۈكلىشىپ كېتىمىش. شۇڭا ،ئۇلار مىللەتكە مەسئۇل بولۇش ھەسسىياتى بىلەن <<ئەجداتلىرىمىز ئات مىنگەن ،ئات !>> دەپ چالۋاقاپ سىزدىن رەنجىپ يۈرىشىۋاتىدۇ .ئۇلارنىڭ سورۇن ـ سورۇنلاردا كۆپچىلىك، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا كومپيۇتېرنىڭ ئەزالىرىغا يىغىن ئېچىۋاتقان ئەترەت باشلىقىدەك قوللىرىنى شىلتىپ ،ۋاقىراپ ـ جارقىراپ سۆزلەپ يۈرىشىنى كۆرسىڭىز <<ھوشۇر قارىنى دارغا ئېسىشقا بۇيرىۋەتمىگىدى>>دەپ ئەندىشە قىلىپ قالىسىز. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئاساسى يوق ساددا قاراشلارنى پەتىۋا قىلىپ كۆتۈرۈۋالغان ئۇ بىچارە بايقۇشلارنىڭ قۇرۇق ھاياجان بىلەن قىلىۋاتقان تەنتەكلەرچە گەپ ـ سۆزلىرى نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.مىللەتنى قارىغۇلارچە ئۇلۇغلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇنداق ھاماقەتلەرنىڭ گېپى كەلگەندە مىللەتنى يەنە ئوخشاشلا ئاساسسىز ئەيىپلەپ دىمىگىنى قالمايدۇ .بۇ يەردە رول ئويناۋاتقىنى ئۇلارنىڭ سوغۇققان ئىلمىي تەپەككۇرى ئەمەس، بەلكى تورمۇزى يوق قۇرۇق ھاياجىنى !باشقىلارنىڭ پىكىرىدىن ئەمەس كەيپىياتىدىن تەسىرلىنىپ كېتىدىغان بىر قىسىم گول كىشى ئۇلارغا ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىدۇ ..دە ،بىلىپ ـ بىلمەي گۇيپىياڭچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . سامانغا ئوت ياققانچىلىك ئۇنۇم بېرىدىغان ئۇنداق قۇرۇق ھاياجاندىن ھەممىلا ئادەم تەسىرلىنىۋەرمەيدۇ . تەپەككۇرى سەگەك ،مەسىلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا كۆرسىتىدىغان ۋە ئەستايىدىل پىكىر قىلىدىغان كىشىلەر بولسا ،ئۇنداقلارنىڭ ئەلپازىغا مىيىقىدا كۈلۈپ

قويۇشىدۇ ياكى ئەدەپ يۈزىسىدىن جىممىدە ئىنكاس قايتۇرىشىدۇ .

هوشۇر قارىي ئەپەندى، مەن سىزنىڭ ئىكرانىدا ئىشەك مىنگەن ،قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس كىيىنگەن هالەتتە كۆرۈنگەن ئاشۇ ئوبرازىڭىزنى <<ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مىللەت ئوبرازى >> دەپ قارايمەن. مەن 2007- يىلى 26- يانۋار قىشلىق تەتىل هارپىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرى 5- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن چۈشتىن ئاۋال ئوقۇغۇچىلارغا <<يېڭى دەرس شارائىتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى>> دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدىم .چۈشتىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىغا <<قىممەت قاراش يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى >> ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدىم .ئوقۇغۇچىلارغا توغرا قىممەت قارىشى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدىكى لېكسىيىنى دەل ئىشەكتىن باشلىدىم. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا <<ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم>>دىن كېيىن قىلغان تۇنجى سۆزۈم <<سىلەرچە، بىكخام مۇھىممۇ، ئىشەكمۇ؟>> دىگەن سوئال بولدى .ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بوگۈنكى دۇنيادا ئەڭ مەشھۇر پۇتبول چولپىنى ھساپلىنىدىغان ئەنگلىيىلىك بۇ چولپانغا ھەۋەس قىلىدىغان، ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى هوجرىللىرىغا ،كىتاب ـ دەپتەرلىرىنىڭ مۇقاۋىللىرىغا چاپلىۋالىدىغان ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا ،بۇ غەلىتە سوئالدىن ھەيرانلىق ھىس قىلىپ جىممىدە بوپكېتىشتى. مەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:<<مېنىڭچە، بىز ئۇچۈن بىكخامدىن ئىشەك مۇھىم >> دىدىم .ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەيرانلىق ۋە قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشتى. مەن قاراشلىرىمنى ئېنىق ،كونكرېت، چۈشىنىشلىك، پاكىتلىق، قىزىقارلىق، جانلىق، قاراتمىلىق قىلىپ ئىككى سائەت سۆزلەپ بولۇپ ،ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلاردىن باشتىكى سوئالىمنى قايتىلاپ سورۋىدىم ،زالدىكى ئوقۇغۇچىلار ـ نىڭ ھەممىسى بىردەك خۇشاللىق بىلەن <<ئىشەك!>>دەپ ۋاقىراشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى نۇتۇق مۇۋەپپىقيەتلىق ئاخىرلاشتى. ئوقۇغۇچىلار قىممەت قاراش يېتىلدۈرۈش جەھەتتىكى بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز لېكسىيىنى ئاڭلىدى. مەسىلىلەرگە ئالدى بىلەن خەلق مەنپەئەتىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

ئويلاپ بېقىش كېرەككى: بىكخام بىزنىڭ خەلقىمىزگە ،ئانا ۋەتىنىمىزگە نىمە قىلىپ بەرگەن؟ ئىشەكچۇ ؟ ئىشەك مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ پۇتىغا پۇت،قولىغا قول بولۇپ،ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا مۇشكۇللىنى ئاسان ،سەپەر ـ مىھماندارچىلىق ئىشلىرىدا يىراقنى يېقىن، يۈكتەكەش ـ توشۇش ئىشلىرىدا ئېغىرنى يېنىك قىلىپ ئاجايىپ رول ئويناپ كەلدى . ئەجدادلىرىمىز يايلاق تۇرمۇشىدا ياشىغان دەۋرلەردە ئات سەلتەنەتلىك تۆھپىللىرى بىلەن مىسلىسىز رول ئوينىغان بولسا ،ئاتا-

بوۋىلىرىمىز،ئانا- مومىلىرىمىز تا بۈگۈنگىچە تايىنىپ كېلىۋاتقان ،مىنىپ كېلىۋاتقان تۆھپىكار جانىۋار ئېشەكنى مۇشۇ مىللەتنىڭ ئوغلى بولغان هوشۇر قارىي مىنىپ ئىكرانغا چىقسا مىللەتنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ كېتەمدىكەن !؟ كىملەرگە سەت كۆرۈنىدىكەنمىز؟ كىملەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدىكەنمىز؟ كىمكەن ئۇ بىز نەزەردىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدىغان؟ بىز بىر ئەملىيەتچى، بىر خەلقپەرۋەر سۈپىتىدە بۇ ئاددىي هايۋاننىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىگە رەھمەت ئېيتماقتا،ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلماقتا يوق ،ئاللا كىملەرنىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازىمىزنىڭ خۇنۇكلىشىپ كېتىشىدىن قورقساق ساختىپەز،تۇزكور بولمايمىزمۇ ؟<< ئېشەك ئۇيغۇرنىڭ دوستى!>>، <<ئۇيغۇرلار ئېشەك ئۈستىدىكى مىللەت!>>، دەپ جاكالىساق نېمىسى خاتا؟ پاكىت، ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، باشقىلارمۇ بىزنى بەرىبىر شۇنداق تونۇيدىغان تۇرسا. ياپونىيىلىك ئىكارىي كوئىچى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى <<دادا،ئاپا خۇشھال ئۆتەيلى >> ناملىق كىتاۋىدا : <<كۆزۈمنى شۇنداق يۇمساملا يىپەك يولىدىكى بوستانلىق كەنتلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ماڭسا- ماڭسا تۈگىمەيدىغان تەكلىماكان، يىراقتا قارنى يېپىچا قىلغان قارۇقۇرۇم تېغى .ئۇنىڭغا نەزەر سالغاچ ماڭسىڭىز چەكسىز داۋاملاشقان ئۇزۇن بىر يول .يول ئۈستىدە ئۇياق- بۇياققا كېتىۋاتقان ئېشەك هارۋىلىرىدا قىپقىزىل ياغلىق ئورىۋالغان ،بۇلاقتەك كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر چوكانلىرى ....يىپەك يولى مەنزىرىلىرىدە ئېشەك هارۋىسى، ياشانغانلار، ئۇنىڭدىن قالسا باللار كەم بولمايدۇ ... ئۇيغۇر دوپپىسى كىيگەن ،ئاپئاق ساقال قويغان بوۋايلار پەيلاسوپلارغا خاس سالاپەت بىلەن ئېشەكنى قامچىلاپ يىراقلاپ كېتىدۇ. قەيەرگىلا بارسىڭىز بۇغداي، قوناق، كۆدە، يېڭىلا تېرىۋېلىنغان پاختا تاغارلىرى لىق بېسىلغان هارۋىلار ئۇچراپلا تۇرىدۇ .... ئېشەك هارۋىللىرى ئىگىز تېرەكلىك يوللاردا چاڭ- تۇزاڭ ئۆرلىتىپ يىراقلاپ كىتىدۇ .هازىر شۇلارنى ئويلاپلا قالسام بىر خىل سېغىنىش هېس قىلىمەن >> دەپ يازغان .بۇنداق رىياللىقنى پەردازلاشنىڭ ،يۇشۇرۇشنىڭ نىمە هاقتى ؟ بىز قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ ،ئاۋازىمىزنى جاراڭلىق چىقىرىپ ،ئۆگىلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ <<ئېشەك ئۇيغۇرنىڭ دوستى >>،<<ئۇيغۇرلار ئېشەك ئۈستىدىكى مىللەت>> دەپ پەخىرلەنسەك بولىۋېرىدۇ .گەپ ،بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ كۈچلۈك -ئاجىزلىقىدا ،قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىدە ،پاكىتنى تەن ئېلىش جاسارىتىمىزنىڭ بار- يوقلىقىدا!
1874 -يىلى ئامرىكىلىق داڭلىق رەسسام تومسون ناست بىر سىياسى ھەجۋىي رەسىم ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېشەك بىلەن پىلىنىڭ لىڭگىر- تاقتاق ئويناۋاتقان هالىتى

تەسۋىرلەنگەن. رەسسام ئېشەكنى دېمگۇراتلار پارتىيىسىگە پىلنى جۇمھۇرىيەت ـ چىلەر پارتىيىسىگە سىمۋول قىلىپ، بۇ ئارقىلىق بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى نۆۋەتلىشىپ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ھەجۋىي قىلغان .ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ داھىيلىرى نۇتۇق سۆزلەپ ، بۇ ھايۋانلارنى ئۆز پارتىيىلىرىگە سىمۋول قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلىقىنى جاكارلاشقان. دېمگۇراتلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى :<<ئېشەك چىداملىق، قەيسەر ھايۋان. ئۇ ھاقىقەتەن بىزگە سىمۋول بولالايدۇ >> دېگەن. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ داھىسى بولسا :<<پىل ـــ تولغمۇ تەمكىن ،ئىشچان ھايۋان، ئۇ ھەقىقەتەن بىزگە سىمۋول بولالايدۇ >> دېگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۆچلۈك، پۇزۇتسىيىسى ئەملىيەتچىل بولغاچقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرلەپ مەسخىرىلىك پاسسىپ ھالەتنى ئاكتىپ ھالەتكە ئايلاندۇرىۋەتكەن . بۇنداق روھ ئۆگۈنۈشكە ئەرزىمەمدۇ؟ باشقىلارنىڭ قانداق قارىشىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىش ،باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قورقۇپلا يۈرۈش، باشقىلارنىڭ باھاسى بىلەن تولا ھىساپلىشىش شۇ ئادەم ياكى شۇ مىللەتنىڭ مەنئۇيىتىنىڭ ناھايىتى بىچارىلىكىنى كۆرستىدۇ .

<<ئەجداتلىرىمىز ئات مىنگەن، ئات !>>دەپ ئېيتىلغان ھاياجانلىق باياناتتا ئاتنى ئۇلۇغلاپ ،ئېشەكنى كەمستىش مەنىسى چىقىپ تۇرىدۇ .ئاتنى ئۇلۇغلاش ھەرگىز خاتا ئەمەس ،بىراق ئېشەكنى پەسلەشتۈرۈش ئادالەتسىزلىك . مەسىلە بىزنىڭ كاللىمىزدا. ئويلاپ باقايلى،ئادەتتە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ،سەھنە ـ ئىكرانلاردا پادىشاھ،سانغۇن ،سەركەردە،باتۇر ـ ئەزىمەتلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا كۆپىنچە ئاتلىق ھالەتتە يارىتىلغان بىلەن ،ئەۋلىيا ،دانىشكەن ،مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوبرازى ئېشەكلىك يارىتىلىدۇ.ئېيسا ئەلەيھىسسالام ئۆمۈر بويى ئېشەك مىنىپ دىن تارقاتقانىكەن. ئەھلىسەلىب ئۇرۇشىنىڭ قوزغۇلىشىغا سەۋەپچى بولغان مەشھۇر مۇناخ پىيەرلەمت گىرمانىيە، فىرانسىيە، ئىتالىينى ئېشەك مىنىپ ئارلاپ خرىسىيانلارنى يېرۇسالىمنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۈشكۈرتكەنىكەن. بىزنىڭ دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندىمىزمۇ ئۆمۈر بويى ئېشەك بىلەن جاھان كەزگەن .

قىسقىسى، ئېشەكنى كەمستىش ئاۋام ئادەتلىنىپ قالغان بىر تەرەپلىمە خاتا قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېشەكنى كەمستىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئەگەر ئۇ ھارام مەخلۇق دەپ قارالغاچقا ،شۇ سەۋەپتىن كەمستىلىدۇ، دېيىلسە، مومىلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىدىن چۈشەمەي ئەتىۋالىنىدىغان مۈشۈكمۇ ھارام ھەخلۇقتۇر. ئەمما ھېچكىم مۈشۈكنى كەمستىمەيدۇ. بىر شائىرنىڭ شېئىرىدا :<<ئەي ئوغول، بىلىم

ئۆگەنگىن! نادانلىق نۇمۇستۇر ،بۇ نۇمۇسنى كۆتۈرۈشكە پەقەت ئېشەكلا رازى بولىدۇ >>دېيىلگەن. رۇشەنكى، بۇ ئىشەككە ئۇۋال قىلغانلىق .ئېشەك بىلمىسىزلىككە رازى بولۇپ ياشاپ، باشقا ھايۋانلار ئۇنۇۋرىستىتلارنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىۋالغان ئەھۋالنى بىرەر كىشى كۆرگىنى يوق! بىر قەلەمكەش ئەدىبلەرنىڭ ئەخلاق -پەزىلىتى ھەققىدىكى تاقىقا-تۇققا گەپلەر بىلەن تولغان بىر ماقالىسىدا ، قايسىبىر ھەۋەسكارنىڭ <<جاپاكەش بولغاچقا يوقتۇر ئىززىتى >> دېگەن قوشقىدىن ئىلھاملىنىپ<<ئېشەك تۆھپىسى زور ھايۋان بولسىمۇ ، قىلىقى سەت بولغاچقا قەدرى يوق>> دەپ يازغان. ئەجبا ئېشەكتىن باشقا ھايۋانلار چېتىشقاندا<< ھوجرىسى >>غا كىرىپ كىتەمدۇ؟ ھەممە ھايۋان ئوخشاشلىغۇ.

دىمەك بىز ئىشەكنى سەلبىلەشتۈرۈش،پەسلەشتۈرۈشتە ئىزچىل ئۇۋال قىلىش پۇزۇتسىيىسىنى تۇتقانمىز.ئەلۋەتتە،بۇ ئەھۋال بىز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەسباشقا مىللەتلەردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇد. مىسالەن، دۇنياۋىي شۆھرەتلىك قىرغىز يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ھىكايىنى ئەسلىدىغان بولساقمۇ ،بۇ خىل ئەھۋالنى ھىس قىلالايمىز.ئايتماتوف قازىقىستاننىڭ جامبول شەھرىدىكى مالدوختۇرلۇق تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ،ھايۋانلار توغرىسىدا دەرس بېرىدىغان بىر روس پروفېسور ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگەنگىنلىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەتكۈزۈش مەقسىدىدە جامبولدىكى <<.ات چاپار>>دىگەن مال بازىرىغا باشلاپ بارغان . ئالارمەنلەر بىلەن ساتارمەنلەر مىژ-مىژ قايناپ كەتكەن مال بازىرىدا پروفېسسور بىر ئېشەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئايتماتوفقا قاراپ :

— ئايتماتوف، ماۋۇ، ئېشەكنىڭ قايسى تۈرى؟ قېنى سۆزلە،- دەپ كۆزەينىكنى پاقىرتىپ قاراپ تۇرغان .ئايتماتوف:

— بۇ جانىۋار دەسلىپىدە ئافرىقا بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلىقىدا پەيدا بولغان ، ھازىر سىبىرىيە ،كەشمىر،تىبەت،ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ .بۇلار ئاساسەن قولغا ئۆگۆتۈلۈپ ، ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ .ئۇ باشقا ھايۋانلاردىن قولنىڭ ئۇزۇنلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ . پاقالچىقىغا چۈشىدىغان ئىنچىكە قۇيرىقىمۇ بار.تەخىيگە ئون ئىككى ئاي قۇساق كۆتۈرىدۇ ....—دەپ سۆزلەۋېتىپ ئېشەكنىڭ ئىگىسىگە كۆزى چۈشۈپ نىمە قىلىشنى بىلمەي ئۇيالغىنىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ تۇتۇتلەپ قالغان. سەۋەبى ئېشەكنىڭ ئىگىسى بولغان ئاقساقال ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ قوشنىسى ئىكەن. ھېلىقى ئاقساقال ئۆز ئاۋۇلىغا قايتقاندىن كىيىن :

— ۋاي توۋا، تۆرە قۇلنىڭ بالىسى ئايتماتوف جامبولدا ئېشەكچىلىكنى ئوقۇپ

يۇرۇپتۇ ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم .مۇئەللىمى بىلەن بىللە بازاردا ئىشكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تېگى-تەكتىدىن باشلاپ ئۇرۇق جەمەتى، يەتتە ئاتىسىنى پۇتۇنلەي ساناپ چىقتى،ـــدەپ پۇتكۇل ئاۋۇلغا ھىكايە قىلىپ بەرگەنكەن.

ئەسلىدە ئىشەكنى تەتقىق قىلىش، ئىشەكنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ناھايىتى زۆرۈز ئىش ئەمما ئادەت كۆچى تۆپە يىلدىن بۇ مەسىلىگە نۇرغۇن كىشى كۆلكىللىك ئىش دەپ قارايدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرى بولسا ناھايىتى ئەستايىدىل پۇزۇتسىيە تۇتىدۇ . بىر ساۋاقدىشىمنىڭ سىڭلىسى مۇئەللىمى بىلەن بىرگە كانادادىن قەشقەرگە مەخسۇس ئىشەكنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلغىلى كەلگەنلىكى توغرىسىدا گەپ بولغاندا ،سورۇندا ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.ئەمەلىيەتتە كانادالىقلارغا سىلىشتۇرغاندا بىز ئىشەكنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرگەن .ئەمما تەتۈرىچە خەخ ئىشەكنى چوڭ بىلگەنيۇ ،بىز ئىشەكنى پەس كۆرگەن .بىز ئىشەكلىرىمىزگە ئاشۇنداق ناداانلارچە بىر تەرەپلىمە قاراشلاردا بولۇپ مۇئامىلە قىلىش توغرا بۇلامدۇ ـخاتا بۇلامدۇ ؟بۇنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىز زۆرۈر.بىزنىڭ ياش شائىرىمىز ئادىل تۇنىياز <<قەشقەردىكى يەر شارى >>ناملىق داستاندا :

ۋەتەن ،ئەي ۋەتەن!
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى.
چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم ،
گۆھەردۇر،ئالمىدۇر،خۇشپۇراق گۈلدۇر،
ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن تولۇق تىزەك.

دەپ يازغان. مانا بۇ ھەققى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى شېئىر.ۋەتەن ھەرگىزمۇ ئابستىراكىت نەرس ئەمەس، بەلكى تولىمۇ كونكىرىت نەرسە!ئىتىز-داللىرىمىزدىكى قۇرۇت قوڭغۇزلاردىن تارتىپ ھاۋادىكى پاشا-چىۋىنلىرىمىزگىچە ۋەتىنىمىزنىڭ مەزمۇننى تەشكىل قىلىدىغان شەيئىلەر ھىساپلىنىدۇ .تۆھپىسىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، خەلقىمىزگە قىش-ياز ئەسقىتىپ كىلىۋاتقان مۇلايىم،جاپاكەش مەخلۇق . ئىشەك بولسا تېخىمۇ شۇنداق .ۋەتەنپەرۋەرلىك،مىللەتپەرۋەرلىك قۇرۇق شۇئارلىرىمىزدا، شۆھرەت ۋەسۋەسىسى بىلەن سۆزلىگەن ئالىجوقا سۆزلىرىمىزدە ئەمەس ، بەلكى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ،ئەزىز خەلقىمىزنىڭ قىممىتى بار ھەر-بىر نەرسىسىنى ئىككىلەنمەي قەدىرلىشىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، مەن سىزنىڭ ئىكرانىدىكى ئىشەك

مىنىپ قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس كىيىنىپ كۆرۈنگەن قىياپىتىگىزنى <<ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مىللەت ئوبرازى>> دەپ ئېيتالايمەن.بىزنىڭ خەلقىمىز ئانا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن قىلچىمۇ ماھىيەتلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان بىكخام ئەپەندى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى ،مىللىتىمىزنىڭ دوستى بولغان ئېشەكنى سېلىشتۇرۇپ ،<<بىزگە بىكخامدىن ئېشەك مۇھىم >>دەپ ماختىنالايمەن.

ھوشۇر قارىي ئەپەندى ،روھىڭىزنى ئۇستۇن ،قەددىڭىزنى تىك تۇتۇڭ! كۆپ ھالدا ئەخمەقلەرگە بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاپ پەقەت سۈكۈتتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ مەدەنىيتى :2008-يىل 1-سان

# «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

يالقۇن روزى

تۈركىيەنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى ئاپتونۇم رايونىمىزدا 1980ـ يىللارنىڭ بېشىدا باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى چاغدا رېشاد نۇرى گۈنتېكىننىڭ مەشھۇر ئەسىرى «چالىقۇشى» تۇرسۇنئاي ساقىم خانىمنىڭ ئىجتىمائىي بىلەن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى. مۇھەببەت تەلپىي كۈچلۈك، خاراكتېرى شوخ، قەيسەر، جاھىل، ساھىبجامال قىز پەرىدەنىڭ ئوبرازى 1980ـ يىللاردىكى يىگىت ـ قىزلارنىڭ رومانتىك دۇنياسىدىكى يېگانە سىما بولۇپ قالغان. لىرىكىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بۇ ئېسىل رومان ئۇلارنىڭ قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغان كىتابى ئىدى. ئۇلار بۇ رومانىدىكى پەرىدە بىلەن كامراننىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت ھېكايىسىدىن تۇيغۇسىغا زوق ئالاتتى. مۇھەببىتىگە داغ چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن قېيداپ، تۇيغۇسى ئانىي تېپىش، تۈرلۈك سىقىلىشلار بىلەن تولغان ھەسرەت ـ نادامەتلىك ھاياتقا چىشىنى چىشلەپ چىداپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان جاھىل قىز پەرىدە قىزلارنىڭ غۇرۇرىغا غۇرۇر قوشقانىدى. «چالىقۇشى» قىزغىنلىقىغا ئۇلىشىپلا، ساباھىدىن ئەلىنىڭ «جۇۋىلىق خانىم» نامىلىق پوۋېستى، ياشار كامالنىڭ «مەمەت ئاۋاق» نامىلىق رومانى ، نەجافى جۇمالىنىڭ «سۈسىز ياز» نامىلىق پوۋېستى، كەرىمە نادىرنىڭ «سامان يولى»، «ئۆكسۈش، نامىلىق رومانلىرى، ئەزىز نەسىننىڭ ھەجۋىي ھېكايىلىرى، ئۆمەر سەيفىتتىننىڭ «ئاق لالە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ۋە «پىرمو تۈرۈك ئوغلى» نامىلىق ئېسىل پوۋېستى ئارقا ـ ئارقىدىن ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر قاتمال ئىجادىيەت قارىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىكى كۈچلۈك ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىيەت قارىشى ۋە يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا زور

تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئەسەرلەر ئۆزنۆۋىتىدە يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ يېڭىلىنىشىغا، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قويىدىغان تەلىپىنىڭ يۇكسىلىشىگە تۈرتكە بولىدى. 1990-يىللاردا تۈركىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇشى 1980- يىللاردىكىدەك نەتىجىلىك بولمىدى. «لەۋدىن قەلبكە» ناملىق بىر پارچە رومان نەشر قىلىنغاندىن باشقا، ئاز ساندا ھېكايە، شېئىر ۋە نەسرلەر تەرجىمە قىلىندى.ئەمما ئالاھىدە يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغان بىر ئىش 1990-يىللارنىڭ ئاخىرىدا «چالقۇشى» ناملىق رومان ئاساسىدا ئىشلەنگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئانا تىلىمىزغا سۈپەتلىك تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇن-سىن بازىرى ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى بولىدى. بۇ فىلىم ئارقىلىق پەردە بىلەن كامېرانىڭ تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىسى مىڭلىغان-مىليۇنلىغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تولىمۇ جانلىق نامايەن قىلىندى. تالانتلىق ئاۋاز ئارتىسى ھاۋاخان ھېيتىنىڭ تەبىئىي نازۇك ئەركە قىزلارنىڭ خاراكتېرىنى چاقنىتىۋېتىدىغان ئاۋازى پەردىدىن ئىبارەت ئۇنتۇلماس ئوبرازنى تېخىمۇ يارقىن تۇسكە كىرگۈزۈپ، كۆرۈرمەنلەرنى سەنئەتنىڭ سېھرىلىق دۇنياسىغا غەرق قىلدى. فىلىمدىكى مېلودىيەسى يېقىملىق مۇزىكا، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى، كونا قاراش بىلەن يېڭى ئىدىيەنىڭ توقۇنۇشى، پەردىنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، كامېرانىڭ مۇڭلۇق بېقىشلىرى، كىرىستالدەك ساپ مۇھەببەت... كىشىلەرنى ئۇنتۇلماس تەسىراتلارغا مۇيەسسەر قىلدى. 1990-يىللاردىكى يەنە بىر روشەن ھادىسە تۈركىيە ناخشا- مۇزىكىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇن-سىن بازىرىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىدۇر. ھازىرقى زامان تۈركىيە ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى زامانىۋىلىشىش ئارزۇسىدا ئىزدىنىۋاتقان ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ، MTVئىشلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوپېراتورلىرىمىز بىلەن رېژىسسورلىرىمىزنى يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلدى.

21- ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە تاراتقۇلارنىڭ قاپلاش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ تۈركىيەنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى تېخىمۇ زورايدى. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن دەسلەپتە «ئېچىنىش»، «تامغا» ناملىق رومانلار نەشر قىلىندى، ئۇزاق ئۆتمەي، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچى ئۇرخۇن پامۇكنىڭ «مىنىڭ ئىسمىم قىزىل»، «يېڭى ھايات» ناملىق رومانلىرى، «ئۆمەر سەيفەتتىن ھېكايە-پوۋېستلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابلار نەشر قىلىنىپ،

ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئون-ئون نەچچە يىللىق... ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆن-سىن بازىرى تازا جانلىنىپ، غەرب ئەللىرىنىڭ، تۈركىيەنىڭ، ئۆزبېكىستاننىڭ ھېكايە فىلىملىرى ئارقا-ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ بازارغا سېلىنىدى. كىنو-تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خەلقئارا سەۋىيەگە يەتكەن تۈركىيەنىڭ كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق مەدەنىيەت بازارلىرىدا كۆپەيدى. دەل مۇشۇ چاغدا، كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ماس ھالدا، تۈركىيەنىڭ دۇنياۋى تەسىر قوزغىغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «بۆرىلەر ماكانى»(كۇرتلار ۋادىسى) ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق تارقىلىپ، كىشلەرنىڭ ئارىسىدا «كۇرتلار ۋادىسى» قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى. ۋەقەلىكى مۇرەككەپ ھەم جىددىي، زىددىيەتلىرى ئۆتكۈر ھەم كەسكىن، دىيالوگلىرى جانلىق ھەم مەنىلىك، پېرسوناژلىرى خىلمۇخىل، مەزمۇنىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بۇ فىلىم كىشلەرنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. خاراكتېرى روشەن ھەم رەڭدار پېرسوناژلار كۆرۈرمەنلەرگە پۈتمەس-تۈگىمەس زورۇق ئاتا قىلدى. بولۇپمۇ پولات ئەلەمدارنىڭ قارىماققا سۇلغۇن كۆرۈنىدىغان ، ئەمما ھوشيار، جەسۇر، چەبدەس، كەسكىن، تەدبىرلىك، تەمكىن، قۇۋ خاراكتېرى، ۋەتەننى سۆيۈشتەك قەتئىيلىكى ۋە ئۇزۇل-كېسىللىكى تاماشىبىنلارنى مەستانە قىلدى. ئۇلار بۇ فىلىمدىكى ۋەقەلىكلەرنى بەس-بەستە سۆزلىشىدىغان، پولات ئەلەمدار، سۇلايمان چاكىر، ماماتى، ئارسلان بەگ، مەھمەت قارخانلى، لەززىيا، ئىسكەندەر بۈيۈك، ئەلىف، ئابدۇلھەي، قاتارلىق ئوبرازلار توغۇرلۇق تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرۇشىدىغان بولدى. «كۇرتلار ۋادىسى» فىلىمى 97 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بولغاچقا، كىشلەرنىڭ ئۇ ھەقتىكى سۆز سۆھبەتلىرىمۇ يىللاپ داۋام قىلدى. ئاقىدىنلا «كۇرتلار ۋادىسى.ئىراق» ناملىق ئىككى قىسىملىق كىنو فىلىمى پولات ئەلەمدارنىڭ ئوبرازىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇۋەتتى. پولار ئەلەمدارنىڭ رولىنى ئالغان نىجاتى شاشماس مىليونلىغان مەستانىلىرى بار دۇنياۋى چولپانغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن «كۇرتلار ۋادىسى. پۇسۇ» (تەرجىمىسى: بۆرىلەر ماكانى. پىستىرما) ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى بىر تەرەپتىن ئىشلىنىپ، بىر تەرەپتىن تارقىتىلىپ «كۇرتلار ۋادىسى» قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋەتتى. ئىنتېرنېت تورىنى ئاساس قىلغان زامانىۋى كۆپەيتىش،تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ قولايلىق بولۇشىدەك ئەۋزەللىك ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىڭلىغان-مىليونلىغان قىزىققۇچىلارنىڭ بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى بىمالال كۆرۈشكە ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى. تاماشىبىنلار«كۇرتلار ۋادىسى» قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن

تۈركىيەدە ئۆزلۈكسىز ئىشلىنىپ قويۇلۋاتقان كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈشكە ئىنتىلدى. كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىشلەش جەھەتتە ھەيران قالارلىق ئۇتۇم قازىنىۋاتقان تۈركىيەدىكى «ئوسمان سىناۋ ئىستۇدىيەسى»، « ئاي ئىستۇدىيەسى»(ئاي ياپىم) قاتارلىق ئىستۇدىيەلەر بەس- بەستە ئىشلىگەن فىلىملەر ئاپتونوم رايونلىرىمىزنىڭ ئۈن-سىن بازىرىنى قاپلىدى. «غازاڭ پەسلى»، «چەكلەنگەن سۆيگۈ»، «ئەلفىنىڭ كۆز يېشى»، «ئاچچىق ھايات»، «ئەزەل»، «قاچقۇن ئاشىقلار»، «قىزىم نەدە»، «ئادانالىق رازۋېدچىك چاكىر»، «ئاشىقلىقنىڭ جازاسى»، «تۈركىيە تۈرمىسىدىن قېچىش»، «فاتمەگۈلدە نىمە گۇناھ»، «ئىسمىنى فەرىخە قويدۇم»، «ئىستانبۇللۇق قەھرىمان چاكىر»، «ئەسىر شەھەر»، «گۈللەنگەن يۈز يىل»، «كۇرتلار ۋادىسى. تېرور»، « كۇرتلار ۋادىسى. پەلەستىن»، «ئاسىيلىق» قاتارلىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى كىشىلەر زور قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈپ ھۇزۇرلانغان فىلىملەر بولۇپ قالدى. بۇ فىلىملەرنىڭ ئىچىدە «چەكلەنگەن سۆيگۈ» (ئەسلى ئىسمى «ئاشىقى مەمنۇن»)، «ئاچچىق ھايات»، «ئاسىيلىق»، «ئەۋزەل»، «ئەلفىنىڭ كۆز يېشى»، «قاچقۇن ئاشىقلار»(ئەسلى ئىسمى «مەنئەكشە بىلەن خىلىل»)، «ئادانىلىق رازۋېدچىك چاكىر» قاتارلىقلار ئۈن-سىن سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنىپ بازارغا سېلىندى. مانا مۇشۇنداق ئەسلىيسىنى ياكى تەرجىمىسىنى بىۋاستە ھالدا توردىن كۆرۈش ۋە ئۈن-سىن دۇكانلىرىدىن سېتىۋېلىپ كۆرۈش نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» رەسمىي يۈسۈندا شەكىللەندى. بۇ خىل قىزغىنلىقنىڭ شەكىللەنگەنلىكىگە بەش-ئالتە يىلچە ۋاقىت بولدى. نۆۋەتتە، بۇ خىل قىزغىنلىق ئۆزلۈكسىز كۈچىيىپ بارماقتا.

«تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزنى كۈتمەكتە. ئۇنىڭدىن ئاپتونۇم رايونىمىزدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىزگە نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ شۈبھىسىزكى، ئوخشاش ئەسەر ئوخشىمىغان كىشلەرگە ئوخشىمىغان تەسىر بەرگەندەك، تۈركىيە فىلىملىرى ئىجتىمائىي ئەھۋالىمىزغا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزگە ماس ھالدا، بىزگە ئۆزگىچە تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. زوقلىنىش پىسخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زوقلىنىش خاسلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە مىللىيلىككە ئىگە بولىدۇ. مەن «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» نىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن تەسىرىنى تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرىمەن؛

# بىرىنچى، يېڭىچە زوق ئېلىپ كەلدى

تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بىزگە ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە زوقنى «ئىللىقلىق» ۋە «ھەيرانلىق» دېگەن ئىككى سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىدا ئىللىقلىق پەيدا قىلغان سەۋەب نېمە؟ ئالايلۇق، بۇ سەۋەبلەت تۇرمۇش شەكلى، ئەخلاق ئادەتلىرى، كىشى ئىسىملىرى، ئېتىقاد سىستېمىسى جەھەتتىكى ئورتاقلىق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇئەييەن ئوخشاسلىق زوقلانغۇچىلار پىسخىكىسىدا تەبىئىي ھالدا ئىللىقلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھال تاماشىبىنلارنىڭ مەلۇمكى، تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدا كىشىگە ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرىغان مەزمۇن ۋە كۆرۈنۈشلەر ناھايىتى كۆپ. مەسلەن، «غازاڭ پەسلى» (تۈرۈكچە نامى: «ياپراك دۆكۈمى») دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى 170 نەچچە قىسىملىق فىلىم بولۇپ، بۇ فىلىم رېشاد نۇرى گۈنتېكىننىڭ «ياپراك دۆكۈمى» ناملىق رومانى ئاساسىدا سىنارىيەلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن. ئەسلىي ئەسەردە تۈركىيەنىڭ 1950 ـ تىللاردىكى تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. سىنارىيەدە بولسا، ۋەقەلىك 2000 ـ يىللارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئۆزگەرتىلگەن. بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ سۈژېتى ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كەلگەن ئەلى رىزاتېكىن ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇلغان، فىلىمدە، قوشنا ـ قولۇم، خىزمەتداش، تۇرمىداش، قۇدا ـ باجا، كېلىن ـ كۈيئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرلىنىپ، بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ئائىلە، نىكاھ، دوستلۇق، پۇل قارىشى تەبىئىي يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئەنئەنىگە بولغان قىيالماسلىق بىلەن زامانىۋى تۇرمۇش شەكلىگە ماسلىشالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيە توقۇنۇشلىرى جانلىق ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردىكى پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلەنگەن سۆز ـ ئىبارىلەر، ھېسسىيات ماجىرالىرى كىشىگە گويا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى سۆز ـ ئىبارىلەر ۋە زىددىيەت – ماجىرالارنىڭ دەل ئۆزىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بولۇپمۇ قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ ماجىرالارنىڭ ئېكرانلاشتۇرۇلۇشىدەك تەسىرات بېرىدۇ. شۇڭا، تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى ئىچىدىكى كۆپلىگەن مەزمۇن، ۋەقە، پېرسوناژ ۋە كۆرۈنۈشلەر بىزگە «ئىللىقلىق» تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىپ، ئېستېتىك زوقىمىزنى يېڭىچە تەمگە ئىگە قىلدى دېيەلەيمىز.

«ھەيرانلىق» دېگەن سۆزگە كەلسەك، تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۇژىتى ئەگرى-توقاي بولغاچقا، كۆرۈرمەنلەرنى ھېلىدىن-ھېلىغا ھەيرانلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. مەلۇمكى، ئەگرى-توقاي سۇژىت زوقلانغۇچىلارنى زوقلاندۇرۇپ، ھەرخىل تەسىراتلارغا مۇيەسسەر قىلىدىغان مۇھىم ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىك. بەش-ئون يىلدىن بۇيان قويۇلۇپ كېلىۋاتقان كورىيە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ سۇژىتىدىكى ئەزمىلىك بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۈركىيە فىلىملىرىنىڭ سۇژىت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق تولىمۇ روشەن ھەم رەڭدار. مەسىلەن، «قاچقۇن ئاشىقلار» ، «غازاڭ پەسلى» دېگەن فىلىملەرنىڭ تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سۇژىتى فىلىمدىكى ئانچە چىن بولمىغان، تۇرمۇش ئاساسى ئاجىز ۋەقە-ھادىسىلەرنى چاندۇرماي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. سۇژىت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق ۋە رەڭدارلىق ئىچىدە ھەر بىر پېرسوناژ ئادەمنى بىردەم سۆيۈندۈرسە، بىردەم نەپرەتلەندۈرىدۇ، بىردەم ئۆكۈندۈرسە، بىردەم زوقلاندۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى كۈچلۈك تەرەپلەر بىلەن ئاجىز تەرەپلەر ، ئاقىلانە ھەرىكەتلەر بىلەن ئەخمىقانە ھەرىكەتلەر ئارىلاش ئىپادىلىنىپ، كۆرۈرمەنلەرگە چىنلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. تۈركىيە فىلىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى زوقلانغۇچىلارنى مەستانە قىلغان بىر مۇھىم ئامىل.

## ئىككىنچى، يېڭىچە قاراش ئىلىپ كەلدى

«تۈركىيە فىلىملىرىنىڭ قىزغىنلىقى» بىزگە ئىلىپ كەلگەن ئەڭ ئاكتىپ تەسىر يېڭىچە قاراشلارنى ئاتا قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. «كۇرتلار ۋادىسى» فىلىمدىكى «باللارسىز ۋەتەن بولماس»،«ئاقىۋەتنى ئويلىغان ئادەم قەھرىمان بولماس»، «جاسارەت ياخشى ئادەملەر تەرىپىدىن جارى قىلدۇرۇلمىسا، رەزىل ئادەملەرنىڭ قۇرالى بولۇپ قالىدۇ»، «ۋەتەن ئۈچۈن نامسىز قەھرىمان بولۇش تېخىمۇ شەرەپلىك»، «كۈچىمىز تۈگىگۈچە ئېلىشىمىز، كۈچىمىز تۈگىگەندە ئۆلىمىز»، «تۈركىيەنى تۈركىيە قىلغان ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى» دېگەندەك ئىدىيە ۋە قاراشلار فىلىمدە كونكرېت ۋەقە ھادىسىلەر جەريانىدا ئىسپاتلىنىپ، كىشىگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات ئاتا قىلىدۇ. «چەكلەنگەن سۆيگۈ» فىلىمدە ئىپادىلەنگەن «ئەخلاقىا ئۇيغۇن بولمىغان سۆيگۈ ھېچكىمگە بەخت ئاتا قىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيە، تاماشىبىنلارغا ناپاك مۇھەببەتنىڭ

ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ پاكلىقى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا، كەيپىياتنى ئاقىلانىلىك بىلەن كونترول قىلىپ ياشاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇشقا ئۈندەيدۇ. «غازاڭ پەسلى»، «قاچقۇن ئاشىقلار» فىلىمدىكى كىچىك باللار ئالدىدا ۋارقىراپ-جارقىراپ جېدەل قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغان، باللارغا بەكمۇ كۆيۈنىدىغان ئاتا-ئانىلار بىزنىڭ بەزى ئاتا-ئانىلار قاراشلىرىمىزدىن پەرقلىنىدىغانلىقى بىلەن بىزنى ئويغا سالىدۇ. مەسىلەن، بىزدە چوڭلارنىڭ ئالدىدا جېدەل-ماجىرا قىلىشتىن، ۋارقىراپ-جارقىراپ گەپ تالىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ئادەتنىڭ ئەكسىچە، تۈرلۈك ئەھۋاللارنىڭ كىچىك باللارنىڭ ئالدىدا بۇنداق قىلىمىشنى سادىر قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدىغان ئادىتى تۈپتىن پەرقلىنىدىكەن. بۇنىڭ قايسىسى توغرا دېگەندە، مېنىڭچە بىزنىڭكىگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ توغرا. چۈنكى، ① كىچىك باللار چوڭلارنىڭ جېدەل-ماجىراسىنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدۇ. بۇ باللارنىڭ يۈرەكئالدى چوڭ بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، چوڭلارنىڭ ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۇرۇشۇشلىرى باللاردا قەلب زەخمىسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پسىخكىسىدا ئۇنتۇلماس ئاسارەت قالدۇرىدۇ. ② باللاردا پەرق ئېتىش ۋە ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارى تېخى يېتىلمىگەن ياكى يېتىلىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالدىدا گەپ تالاشقاندا تەربىيە ياكى تەنقىد ئاكلاش يوق گەپ بولۇپ قالىدۇ. تېخىمۇ يامىنى جېدەللەشكەن ئىككى تەرەپنىڭ ئىچىدىكى يوللۇق تەرەپنىڭ ئوبرازىغىمۇ ئوخشاشلا پايدىسىز. ③ ئەڭ يامىنى، چوڭلارنىڭ ئادەت-خۇسۇسىيەتلىرى مۇقىملاشقان بولسىمۇ، باللارنىڭ ئادەت-خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. بۇ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، باللار ناچار ئۈلگىگە ئۇچرىسا، پاسسىپ تەسىر ئالىدۇ، بولمىغۇر سۆز-ھەرىكەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرىۋالىدۇ. شۇڭا، باللارغىمۇ زىيىنى چوڭ بولىدۇ. دېمەك، تۈركىيە فىلىملىرىدە ئىپادىلەنگەن تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى بەزى ئىدىيە ھەم ئادەتلەر بىزگە ئويلىمىغان نۇقتىدىن تەسىر ئېلىپ كەلدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، يېڭىچە بىلىم ئېلىپ كەلدى

بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىم پەقەت مەكتەپ- ئاكادېمىيەلەردىلا ئەمەس، كىتاپ ياكى ئۇستازلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە يەردە، يەنى جەمئىيەتتە، تەبىئەتتە، كىنو-

تېلېۋىزىيەلەردە، ھەتتا دورا-ئوكۇللارنىڭ چۈشەندۈرۈش قەغىزىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۈركىيە فىلىملىرىمۇ ئۈيغۇر جەمئىيىتىگە ئاز بولمىغان بىلىملەرنى ئاتا قىلدى. دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «گۈللەنگەن يۈز يىل» (تۈرۈكچە نامى: «مۇھتەشەم يۈز يىل») دېگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى تارىخىي فىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا 625 يىل دەۋر سۈرگەن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى تەختتە ئولتۇرغان قانۇنىي سۇلتان سۇلايماننىڭ ھاياتى ۋە ئوردا تۇرمۇشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. بۇ فىلىمدە ئوسمانلارنىڭ ئوردا ھاياتى، ھەرەم تۇرمۇشى، ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر، فېئودال پادىشاھلىقنىڭ مۇستەبىتلىك ماھىيىتى ۋە ۋارىسلىق شەكلى قاتارلىق بىر قاتار تارىخىي بىلىملەرنى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن، فىلىمنى كۆرۈش ئارقىلىق بۇلارنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. «چەكلەنگەن سۆيگۈ»، «فاتمەگۈلدە نېمە گۇناھ» دېگەن فىلىملەردىن تۈركىيە بۇرژۇئازىيە قاتلىمىدىكىلەرنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، تۈركىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيەسىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. بۇ فىلىملەردىن يەنە تۈركىيە جەمئىيىتىدە قانۇننىڭ ھەر قايسى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «قاچقۇن ئاششقلار»، «ئاشىقلىقنىڭ جازاسى» فىلىملىرىدىن تۈركىيە جەمئىيىتىدە جەمەت ۋە گۇرۇھلار زىددىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈكىنى، قىساسخورلۇق ئادىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «كۆرتلار ۋادىسى» فىلىمىدىن تۈركىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپلىكىنى، ئىچكى-تاشقى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ نەقەدەر ئۆتكۈر، مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپلىكىنى كۆرۈۋالغىلى ھەم قارا گۇرۇھلارنىڭ تۈركىيە جەمئىيىتىدە ئويناۋاتقان پاسسىپ رولىنى، مەنپەئەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بىر مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## تۆتىنچى، پىكىرچە روھ ئېلىپ كەلدى

تۈركىيە فىلىملىرىدىكى نۇمۇس ۋە شەرەپ قارىشى ئىنتايىن كۆپ تەكىتلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى ئىنكار قىلىماقچى بولسا «شەرەپسىز» دېگەن ئىبارىنى

ئىشلىتىپ ئىنكار قىلىدۇ. شەرەپسىز ياشاشنى ئەڭ زور نومۇس، ئەڭ ئېغىر ھاقارەت دەپ بىلىدۇ. بۇنداق روھ پايدا-مەنپەئەت، ھوقۇق-مەرتىۋە، مال-دۇنيا ئالدىدا كىشىلىك قىممىتىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن پايخان قىلىدىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، كۆچلۈك سىلكىنىش، چوڭقۇر ئويلىنىش ئاتا قىلماي قالمايدۇ. تۈركىيە فىلىملىرىدە ئىپادىلەنگەن روھ بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم ئۈچۈن شەرەپسىز ياشاشتىن ئېغىر ئىش يوق. ئۇلار شەرەپسىز ياشىغاندىن ئۆلگەن ئەلا دەپ قارايدۇ. جەمئىيەتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە دائىم دېگۇدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان شەرەپ ۋە نومۇس مەسىلىسىگە سەل قاراشتەك بىخۇدلۇقنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردىكى شەرەپسىز ياشاشنى كۆڭلى كۆتۈرمەيدىغان پىرىنسىپال روھ زور ئەخلاقىي تەربىيە ھېسابلىنىدۇ.

تۈركىيە فىلىملىرىدە يەنە قەتئىي خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار كۆپ بولۇپ، ھەق-ناھەت مەسىلىلىرىدە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشنى ھايات-ماماتلىق مەسىلىسىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. ھەق-ناھەق مەسىلىلىرىدە ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكىدىغان بۇنداق خاراكتېر قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى لەقۋالارچە بولسىمۇ ئۇزۇن ياشاشتا ئەمەس، بەلكى ھەق-ناھەت مەسىلىلىرىدە جان پىدالىق كۆرسىتىپ مەردانە ياشاشتا. بۇنداق روھ پولات ئەلەمدارنىڭ ۋۇجۇدىدا، سۇلتان سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدىدا، مۇھەممەتنىڭ ۋۇجۇدىدا، خېلىلنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئەلى رىزا تېكىننىڭ ۋۇجۇدىدا دائىم دېگۇدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەخلاقتا ئۇيغۇن ئېسىل پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئەخلاقىي روھمۇ، تۈركىيە فىلىملىرى بىزگە ئاتا قىلغان يېڭىچە مەزمۇننىڭ مۇھىم بىر قىسمى.

## بەشىنچى، يېڭىچە ئىنتىلىش ئېلىپ كەلدى

مەلۇمكى، كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرى مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ يۇمشاق كۈچىنىڭ بىر قىسمى. چۈنكى، مەدەنىيەت ھادىسى بولغان كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئۆزىنىڭ زەرەتلەش خاراكتېرى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا يېتەكلەش، قىزىقتۇرۇش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، گۈللەنگەن ئىقتىساد، رەڭدار جەمئىيەت، ئاۋات شەھەر، گۈزەل مەنزىرە، سالاپەتلىك قىياپەت، مەدەنىي شەكىلدىكى ئىنسانىي مۇئامىلە، يارىشىملىق كىيىم-كېچەك، رەڭگارەڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى كىشىلەرنىڭ شۇ

دۆلەت ياكى رايونىدىغا، شۇ دۆلەتتىكى كىشىلەرگە ۋە ئۆلارنىڭ ياشاش شەكلىگە قىزىقىش ھەسسىياتىنى قوزغىماي قالمايدۇ. بۇ خىل قىزىقىش ۋە ئىنتىلىدۇرۇش كۈچى تۆركىيە فىلىملىرىدە ناھايىتى مول دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىستانبولنىڭ سۇ، تۆپىلىك، قۇرۇقلۇق، ئورمان، بىنا، يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن تەڭداشسىز گۈزەل مەنزىرىسى. مارمارا دېڭىزىدا لىقشىپ تۇرغان كۆپكۆك سۇ، بوسفور بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئاسما كۆۋرۈك، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە چۆمۈلىدەك قاتارلىشىپ ئۆزۈلمەي ئۆتىۋاتقان ماشىنىلار، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان رومانتىك مەنىگە باي << قىز قەلئەسى >>، دېڭىز بويىدىكى بىر-بىرىدىن گۈزەل داچىلار، تىپتىنىچ قەھۋەخانىلار ، تۆركىيە بايرىقىنى لەپىلدىتىپ كۆپكۆك دېڭىز يۈزىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كاتىرلار، قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ خەنجەردەك ئۇچلۇق مۇنارلىرى ھەر قانداق كىشىدە تۆركىيەگە بېرىپ، ئۆز ئايىغى بىلەن ئىستانبۇلنىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ بېقىش، يىراقتا تۇرۇپ ئىستانبۇل كۆۋرۈكىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىنى تاماشا قىلىش، ساياھەت پاراخوتى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بوسفور بوغوزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بېقىش، كونا شەھەر رايونىدىكى ئوسمانلى دەۋرىدىن قالغان خىيالى كۆرۈنۈشكە ئوخشاش قەدىمىي مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈش ئىستىكىنى قوزغىماي قالمايدۇ. نۆۋەتتە، دۇنيا مىقياسىدا قوزغالغان «تۆركىيە قىزغىنلىقى»نىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى دەل تۆركىيەنى ساياھەت قىلىش قىزغىنلىقىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى بولماقتا. تەتقىقاتچىلار بۇنداق ئەھۋالنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى.

## ئالتىنچى، يېڭىچە ئۆلگە ئېلىپ كەلدى

تۆركىيە فىلىملىرى بىزگە تۆت جەھەتتىن ئۆلگە ئېلىپ كەلدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇلار: ① يېڭى سۆز-ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە ئۆلگە كۆرسەتتى. مەسىلەن. «شەرەپسىز»، «كەچمىش بولسۇن»، «مەرھابا»، «قولاي بولسۇن»، «ئاللاھ راھەتلىك بەرسۇن»، دېگەندەك سۆز-ئىبارىلەر ئانا تىل ئىستېمالىمىزدا قوللىنىشقا تېگىشلىك سۆز-ئىبارىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. «كەچمىش بولسۇن» دېگەن سۆزنى ئالساق، گەرچە بۇئىككى سۆز ئانا تىلىمىزنىڭ لوغەت تەركىبىدە بار بولسىمۇ،

ئەمما بۇ ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىدىغان تىل ئادىتى بىزدە يوق. تۈركىيە فىلىملىرىدىن شۇنى ھېس قىلدۇقكى، تۈركلەر ئۆلۈمدىن باشقا بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە تەسەللى بەرگەندە «كەچمىش بولسۇن» دېيىش ئارقىلىق بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك، بۇنداق ئازاب، بۇنداق دەرت ـ ئەلەم بېشىڭىزغا قايتا كەلمىسۇن دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ياكى شۇنىڭغا تەڭداش مەنىدە ئىشلەتكىلى بولىدىغان تەسەللى سۆزى يوق. بىز تۈركىيە فىلىملىرىدىن ئۆلگە ئېلىپ «كەچمىش بولسۇن» دېگەن سۆزنى تۈرمۇش ئەمەلىيىتىمىزدە كەڭ قوللانساق «ئوقۇرمەن»، «كۆرۈرمەن» دېگەن سۆزلەردەك تېز قوبۇل قىلىنغان بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى، تىلىمىزنى ئىپادىگە باي قىلىش جەھەتتە بىر مۇھىم خىزمەتنى قىلغۇالغان بولاتتۇق. ② ئەسلىي ئەسەرنى سىنارىيەگە ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئۆلگە ئېلىپ كەلدى. بىزدە سىنارىيە يېزىقچىلىقى ئەڭ ئاجىز ساھەنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئەسلىي ئەسەرنى سىنارىيەگە ئۆزگەرتىش جەھەتتە قاتمااللىق مەۋجۇت. بىز رېشاد نۇرى گۈنتېكىننىڭ ئۇيغۇرچە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «غازاڭ پەسلى» دېگەن رومانىنى شۇ رومان ئاساسىدا سىنارىيەلەشتۈرۈلگەن 170 نەچچە قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقساق، سىنارىيەلەشتۈرۈش جەھەتتە قانداق پرىنسىپ ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئۆگىنەلەيمىز. ③ «تۈركىيە فىلىملىرىنىڭ قىزغىنلىقى» يەنە بىز ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاكتىيورلارنى ئېلىپ كەلدى. بىز تۈركىيە فىلىملىرىنى كۆرگەن چېغىمىزدا ئاكتىيورلارنىڭ رول ئېلىش جەھەتتىكى تەبىئىي ھەم جانلىق ماھارىتىگە ھەيران بولماي تۇرالمايمىز. «كۇرتلار ۋادىسى»، «چەكلەنگەن سۆيگۈ»، «ئەۋزەل»، «قاچقۇن ئاشىقلار»، «گۈللەنگەن يۈز يىل»، «فاتمەگۈلدە نېمە گۇناھ»، «غازاڭ پەسلى»، «ئاچچىق ھايات» قاتارلىق فىلىملەردىكى پولات ئەلەمدار، خېلىل، بېھتەر، ھۈررەم، ئىسكەندەر بۇيۇك، فاتمەگۈل، ئەلى رىزا تېكىن، فەرۋىندە، مۇھەممەت، ئەزەل، سۇلايمان چاكىر قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىسلارنىڭ ئاكتىيورلۇق ماھارىتىگە ھەققەتەن مەپتۇن بولۇپ قالىمىز. بىزدەك كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئارقىدا قالغان بىر خەلققە نىسبەتەن رولنى بۇنداق تەبىئىي، بىمالال ئېلىپ ئۇنتۇلغۇسىز ئوبراز يارىتىدىغان مۇنەۋۋەر ئاكتىيورلار قىممەتلىك ئۆلگە ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ④ تۈركىيە فىلىملىرى بىزگە يەنە باللارغا ئىسىم قويۇش جەھەتتە ئۆلگە ئېلىپ كەلدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىز ئانا تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بار، ئەمما ئادەمگە ئىسىم قىلىپ قوللىنىش جەھەتتە سەل قارىغان بەزى ئىسىملارنى باللارغا

ئىسىم قىلىپ قويۇش جەھەتتە ئۆلگىگە ئېرىشتۇق. مەسىلەن، يامغۇر، شەبنەم، دېڭىز، قىلىچ، سەنجەر، ئەدنان، بېھتەر، فىردەۋس، نىھال، بەشىر، پەيكەر، خەيرىيە، ئەلەمدار، كەنئان، قاراخان قاتارلىق ئىسىملار بىزنىڭ ئانا تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بار بولسىمۇ، بىز بۇ ئىسىملارنى ئىسىم-فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا دىققەت قىلماي كەلگەنىدۇق. تۈركىيە فىلىملىرى بىزنى بۇ جەھەتتىمۇ ئۆلگە بىلەن تەمىنلىدى. ئۇمۇمەن، «تۈركىيە فىلىملىرى قىزغىنلىقى» بىزگە بىز ھېس قىلغان ياكى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن كۆپلىگەن ئىجابىي ئامىللارنى ئاتا قىلدى. دەپ ئىشىنىشكە بولىدۇ.

مەنبە :تەڭرىتاغ ئېكرانى ژورنىلى

# لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى

يالقۇن روزى

2007 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ خەۋەر پۇرباجىن ـ لايدىن ياسالغان قەلئە توغرىسىدىكى خەۋەر بولدى . بۇ خەۋەر رۇسىيىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق دۇنياغا جاكارلانغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيانىڭ نەزىرى پۇرباجىنغا تىكىلدى . رۇسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى پۇرباجىننى «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2ـ قاغانى مويۇنچۇر سالدۇرغان بولۇپ بۇ ، ئۇ قەدىمى ئۇيغۇر قەلئەسىدۇر»دەپ جاكارلىغاندا، بۇنى ئۇققان دۇنيانىڭ جاي ـ جايدىكى ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىگە ھاياجان ئىلكىدە خەۋەر يەتكۈزۈشتى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر تارقاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، خەنزۇ تارىخچى چېن شۈشۈن ئەپەندى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2007ـ يىلى 11ـ ئۆكتەبىردىكى سانىدا «رۇسىيە پۇرباجىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەلئەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرمەكتە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى بۇ كاتتا ۋەقەدىن خەۋەردار قىلدى. ئارقىدىن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇ رەھمجان ھاكىم خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «رۇسىيىدىكى ئۇيغۇرلار سالغان يازلىق قەلئە پورباجىن» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ بۇ خەۋەرگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇردى .

پۇرباجىن ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ باش ـ ئاخىرى زادى قانداق ؟ كىشىلەرنى شۇنچە ھاياجانغا سالغان بۇ قەلئە نېمە سەۋەبتىن ، قاچان ، قانداق سېلىنغان ؟ بۇ ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېڭى بايقاشمۇ ياكى كونا ئىشمۇ ؟ كىشىلەر بۇ قەلئەگە نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدۇ ؟ دېگەن سوئاللار كىشىلەرنى قىزىقتۇردى .

پورباجىن رۇسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ توۋا جۇمھۇرىيىتىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز جايدىكى تېرىخول كۆلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تۆت گېكتار كېلىدىغان ئارالغا تەمىرقىلىنغان قەلئە.«پۇرباجىن» دېگەن سۆز توۋا تىلىدا لايدىن ياسالغان

قەلئە» . دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

تووۋا جومھۇرىيىتى رۇسىيە بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، يەر مەيدانى 170 مىڭ كوۋادى كىلومىتىر ، نوپۇسى 310 مىڭ بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە تووۋالارنىڭ نوپۇسى 200 مىڭ ، رۇسلارنىڭ نوپۇسى 100 مىڭغا يېقىن ، قالغانلىرى خاكاس ، ئوكرائىن قاتارلىق مىللەتلەردۇر . تووۋالارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ن . ئا . باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار» دېگەن كىتابتا ئېنىق قىلىپ : «تووۋا تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر-ئوغۇز گورۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە بۇگورۇپپىدىكى قەدىمكى ئوغۇز ، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۇبا(قاراغاس) تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئايرىم بىر ئۇيغۇر-تۇرۇك تارماق گورۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ» دېگەن تارىخچى چىن شۈشۈن ئەپەندىمۇ تووۋالارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە «گەپنى قىسقارتقاندا ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى تېللارغا تاقىلىدۇ» ، «ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىل ئائىلىسى-شەرقىي ھون تىل تارمىقى-ئۇيغۇر تىل گورۇپپىسى -ئۇيغۇر-تۈركىي تىللار ئىككىلەمچى تىللار گورۇپپىسىغا تەۋە» دەپ يازغان . تووۋالارنىڭ كۆپ قىسمى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ .

پۇرباجىن قەلئەسى بىر خارابە بولۇپ، ئۇنى ئەڭ دەسلەپ-1891- يىلى رۇسىيىنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىي دىپتۇرىي كىلىمىن ئېنىقلىغان . ئۇ كېيىن قارا بالغاسۇننى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پۇرباجىن سېپىل-سارىيىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ھالىتى ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىغان . پۇر باجىننى «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ يازلىق سارىيى» دېگەن قاراشنى تۇنجى قېتىم سابىق سوۋېتلار ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم سېۋيان ئىزرايىلوۋىچ باينېشتېيىن 1957- يىلى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ قاراشنى 1960-ۋە 1970 يىللاردا ل، ر ، كىزلاسوۋ ۋە س . ۋ . كىسلېۋلار ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن تەكىتلەشكەن . تووۋا جومھۇرىيىتىنىڭ ئايال رەھبىرى تامارا ماشالوۋنا نورىبي ئۆزىنىڭ كىتابىدا پۇرباجىن قەلئەسىنىڭ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ساراي-سېپىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن . ئەمما باشقىچە قاراشتىكى تەتقىقاتچىلارمۇ بولغان . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قەلئەسى» دەپ بېكىتىشكە پاكىت يېتەرلىك ئەمەس ، دەپ قاراشقان . شۇنداقتىمۇ رۇسىيە ئالىملىرى بۇ قەلئەنىڭ ئارخېئوگىيىلىك قىممىتىگە قىلچە سەل قارىمىغان . 1995- يىلى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى بورىس يېلتسىن پۇر باجىننى دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى دەپ قارار چىقارغان . بۇ پۇرباجىن قەلئەسىنىڭ ھەر جەھەتتىن نەقەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .

قەدىمكىلەرنىڭ ئېگىز تاغدىكى خىلۋەت كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بۇنداق مۇستەھكەم ۋە چوڭ قەلئەنى سالمىقى ئىنتايىن مۇشكۇل . چۈنكى بۇنداق قەلئەنى سېلىش ئۈچۈن نەچچە مىڭ توننا توپا ، كېسەك ۋە ياغاچ – تاش كېتىدۇ . ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش شۇكى ، بۇ جاي ئادەم ناھايىتىمۇ كەمدىن كەم كېلىدىغان تولىمۇ چەت رايون . شۇڭا زادى كىم بۇنداق خالى جايغا بۇنداق چوڭ قۇرغاننى سېلىش كويىغا كىرىپ قالغان ، ئۇنى كىم ئۈچۈن سالدۇرغان ؟ دېگەندەك سىرلىق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش كېرەك ئىدى .

دېمەك ئەمدىكى ۋەزىپە پۈر باجىننى «سۆزلىتىش» ئىدى .19- ئەسىردە ياشىغان رۇس يازغۇچىسى گوگۇل «ھەرقانداق خەلقنىڭ ئۆتمۈشى توغرىلىق ھېكايە ، ئەپسانە، چۆچەكلىرىمۇ ئۇنتۇلغاندا ، ئۇلار توغرىلىق شۇ خەلققە تەئەللۇق بىناكارلىق ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار كۆپلەپ ئۈچۈر يەتكۈزىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى . پۈرباجىندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق قەلئە تېپىشماقنى يېشىش، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇيقۇدا ياتقان پۈرباجىن خارابىسىنى «سۆزلىتىش» ئۈچۈن روسىيە ھۆكۈمىتى 2007- يىلى ئەتىيازدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن 600 نەپەر ستۇدېنتتىن تەشكىللەنگەن ، نەچچە ئون داڭلىق ئارخېئولوگ ، ئارختېكتور ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى باش بولغان زور تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تووۋا جۇمھۇرىيىتىگە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى . بۇ زور «قوشۇن» مىڭ يىلدىن ئاشقان تارىخىي سىر يوشۇرۇنغان تېرىخول كۆلى بويىغا چېدىر تىكىپ تۆت ئايغا سوزۇلغان ئىنچىكە تەكشۈرۈشنى باشلىدى .

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر تۆت ئايغا سوزۇلغان ئەتراپلىق ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش، تېپىلمىلارنى تەتقىق قىلىش ، سۇنغان ساپاللارنى بىر-بىرىگە زېرىكمەي چېپىسلاش، قەلئەنىڭ ئۇلغا ئاساسەن ئومۇمى قۇرۇلمىسىنى قىياسەن تۇرغۇزۇش ، ماددىي بۇيۇملارنى تۈرگە ئايرىش ، سېلىشتۇرۇش ۋە يىل دەۋرىنى بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىرى خېلىلا ئىشەنچلىك يەكۈنگە ئېرىشكەن . قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىدىكىلەرنىڭ بۇ دەسلەپكى يەكۈننى رۇسىيە جىددىي سېرگىي شايگو ئاخبارات ۋاستىللىرىگە جاكارلاپ مۇنداق دېگەن : «ئارخېئولوگلارنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، پۈرباجىن قەدىمىي قەلئەسىنى قەدىمىي ئۇيغۇرلار سالغان. ھازىر بۇ قەلئەنىڭ ئاساسى بۆلىكى قېزىپ بولۇندى ، قەغەز يۈزىدە يەنە يەنە قەلئەنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . بىز ئۈزاقتا بارماي بۇ جاينى دۇنياغا ئېچىۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونىتىمىز!»

تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئالىم – مۇتەخەسسىلەرنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلدى

: «بىز تۆت ئاي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېرىخول كۆلىنىڭ بويىدىن چوڭ تىپتىكى قەبرىدىن 100 نەچچىنى تاپتۇق . پۇر باجىن قەلئەسىنىڭ ئارختېكتورىيلىك قورلۇشى ، لايىھە پىچىلىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىكىتىپ، قەلئەنىڭ قەغەز يۈزىدىكى مودېلىنى ياساپ چىقتۇق. بۇ قەلئەنىڭ شەكلى جۇڭگونىڭ تاڭ سولالىسى زامانىسىدىكى پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) دىكى ئوردىغا ئوخشايدىكەن . قەلئەنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇش بۆلىكى ئادەمگە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ئەسلىتىدۇ . قەلئەدىن تېپىلغان بىر تاش پۈتۈكتىن قەدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنبەسپتارى بولۇشىنىڭ مۆھىرىنى تاپتۇق . بىز شۇ دەۋرگە ئائىت تارىخنامىلەر ۋە پۈتۈكلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن بۇ قەلئەنى ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ قاغانى مۇيۇنچۇر (مىلادىيە 747- يىدىن 759- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) خوتۇنى نىڭگو مەلىكە ئۈچۈن سالدۇرغان بولۇشى ئېھتىمال ، دەپ قارىدۇق . »

ئارخېئولوگىيلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۇتۇقلۇق بولۇپ، زور ئۇنۇم قازانغاندىن كېيىن رۇسىيە فېدىراتسىيسىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ۋىلادىمىر پۇتىن 2007- يىلى 13 - ئاۋغۇستتا رۇسىيگە زىيارەتكە كەلگەن مۇناكۇ دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئالبېرت 2 بىلەن تووۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى قىزىل شەھرىگە بېرىپ ئۇ يەردىن تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئالمىشىپ پورباجىن قەلئەسى خارابىسى قېزىلىۋاتقان تېرىخول كۆلىگە بارغان ھەم خارابە ئىزىنى كۆزدىن كەچۈرگەن . پۇتىن مۇخبىرلارغا : «بۇ رۇسىيە تارىخىدىكى كۆلىمى زور تەكشۈرۈش تۈرى . پورباجىن قەدىمى ئۇيغۇرلار سالغان قەلئە» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن ، بۇ خەۋەر كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى .

ئالىملار پورباجىندىن ئىبارەت بۇ لايىدىن ياسالغان قەلئەنى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد قاغانى مۇيۇنچىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەمىر قىلىنغان دەپ قارىشىدۇ ؟ بۇنىڭ سىرى نىڭگو مەلىكە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ئەلۋەتتە .

نىڭگۇ مەلىكە كىم، ئۇ قانداقسىگە مۇيۇنچۇر قاغانىغا خوتۇن بوپ قالغان؟ بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاب پورباجىندىن ئىبارەت بۇ لايىدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرىنى يېشىپ بېرىدۇ.

مۇيۇنچۇر قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد قاغانى بولۇپ ، دادىسى قوتلۇق بىلگە قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن 747- يىلى قاغانلىق تەختىگە چىققان .«جەسۇر ھەيۋىسى ئالەمگە تارالغان بىلگە قاغان» مۇيۇنچۇر باتۇر ھەم چېۋەر سەركەردە بولۇپ ، يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «گوبى چۆللۈكى ۋە موڭغۇل ياپلاقلىرىنى زىلزىلىگە

كەلتۈرگەن ئاتلىق قوشۇن» تەشكىللىگەن، ئۇزاقتا سوزۇلغان شىددەتلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، خانلىقنىڭ تېرىتورىيىسىنى «ئىلگىرىكى هون ۋە تۈرۈك ئىمپېرىيىلىرىنىڭ زېمىنى دائىرىسى» گىچە كېڭەيتكەن.

رۇس تارىخچىسى كىلياشتورنىي «مويۇنچۇر نۇرغۇن قوۋمنى ئاتاق-دېڭى بىلەن مەغلۇپ قىلغانىدى» دەپ يازغان. قىرغىز تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى ئۆز كىتابىغا «تاڭنامە.ئۇيغۇرلار» دىن ئالغان نەقىلدە « ئۇلار كەلگەن چاغدا هەر قانداق ئادەمنى تىترەك باساتتى» دېيىلگەن . بۇنداق بولۇشىدا مويۇنچىرنىڭ ئۆزىلا باتۇر هەم چېۋەر بوپ قالماستىن ئايالى ئېل بىلگە خاتونمۇ باتۇر هەم پاراسەتلىك ئايال ئىدى . ئوغۇللىرى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ ۋە ئېدىگەن مويۇيمۇ تەڭدىشى يوق باتۇرلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار مويۇنچۇرنى «قارا قاغان» دەپ ئۇلۇغلايتتى . ئومۇمەن مويۇنچۇر قاغان سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىلدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۈچ قۇدرىتى ۋە شان شۆھرىتى ناهايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.دەل شۇ يىللاردا يەنى 750- يىللاردا تاڭ سولالىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن پاراكەندىچىلىككە دوچ كەلگەن. 751- يىلى تاڭ سولالىسى ئەراپلەر بىلەن تالاشتا بۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش ئۇرۇشىدا تاڭ سولالىسىنىڭ كورىئان مىللىتىدىن بولغان داڭلىق سەركەردىسى گاۋشەنجى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنگەن . ئارقىدىنلا يەنى 755- يىلى ئۆڭلۈك-سۈيگۈن ئىسيانى يۈز بېرىپ ، قالايمىقانچىلىقنى چېكىگە يەتكۈزگەن .

ئۆڭلۈك (ئەنلۇشەن) ئەسلى يىڭجۇ (هازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنجۇ شەهىرى) لۇق بولۇپ، دادىسى غۇز ، ئانىسى تۈرۈك ئىدى. تەيۋەنلىك يازغۇچى، داڭلىق تارىخچى باي ياڭ ئەپەندى «جوڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى توم «ئۆڭلۈك-سۈيگۈن هەربىي ئۆزگىرىشى» دېگەن بۆلىكىدە ئۆڭلۈكنى «ئۇناهايىتى مەردانە هەم قابىلىيەتلىك سەركەردە ئىدى» دەپ يازغان. شۇنداق بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك سەركەردە تاڭ سولالىسى پادىشاهى لى لۇڭجى، يەنى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان . تاڭ شۈەنزۇڭ پۈتكۈل مەملىكەتنى ئون هەربىي مەھكىمىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، لەشكىرى هوقۇقنى هەر قايسى هەربىي مەھكىمە ھېراۋۇلىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۆڭلۈك سەركەردە پىڭلۇ، خەنياڭ، خىدۇڭ، يەنى هازىرقى چاۋياڭ، بېيجىڭ، تەييۈەندىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنىڭ ھېراۋۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلكىدە 150 مىڭ كىشىلىك ئارىلاشما قوشۇن بولۇپ ئاساسەن تۈركى قەبىلىلەر ۋە قېتاللاردىن تەشكىللەنگەن باتۇر چەۋەندازلار ئىدى . ئۇ كۆپ قېتىم چاڭئەنگە كېلىپ خان بىلەن

كۆرۈشكەن . مۇشۇ جەرياندا ئوردىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى ، ۋەزىر باشلىق مەنسەپدارلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ناھايىتى دانا پادىشاھ ئىدى. بىراق سەلتەنەت تەختىدە 40 يىلدىن ئارتۇق ئولتۇرغان بولغاچقا بارا-بارا بىخۇتلاشقان . ئۇ 61 ياشقا كىرگەن يىلى شاھزادىلىرىدىن بىرىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئايالى ــ 26 ياشلىق ساھىبجامال ياڭيۇخۇەن (ياڭگۈيفېي) نى ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالغان ياشانغان پادىشاھ بۇ ساھىپجامالغا ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساھىپجامالنىڭ نەۋرە ئاكىسى ياڭگوجۇڭنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن، باشقا ئۇرۇق تۇغقانلىرىغىمۇ مۇھىم ھوقۇقلارنى بەرگەن . ياڭ گوجۇڭ ۋەزىرلىككە ناباب، پاسىق ئادەم بولغاچقا ئوردىدا چىرىكلىكنى يامرىتىۋەتكەن . بىر قېتىم ئۆكلۈك بېيجىڭدىن چاڭئەنگە خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ياڭ گوجۇڭ ئۇنىڭدىن كۆپ پۇللۇق پارا سورىغان . ئۆكلۈك بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىلىۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەتمۇ بىلدۈرمىگەن. ياڭگوجۇڭ بۇنداق كەمسىتىشكە چىدىماي ئۆكلۈكنى ئۆچمەنلىك بىلەن جازالىماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن «خانغا قارشى چىقىش سۈيقەستىدە بولغان» دېگەن بەتنامنى ئويدۇرۇپ چىقىپ پادىشاھقا كۆپ قېتىم چېقىمچىلىق قىلغان . ئەمما پادىشاھ ئىشەنمىگەن . يازغۇچى، تارىخچى باي ياڭ ئەپەندىنىڭ «جوڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە ياڭ گوجۇڭ 755- يىلى «مەجبۇرلاپ تويلاش كۆتۈرگۈزۈش» ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئۆكلۈكنىڭ چاڭئەندىكى قەسرىگە ئوردا ياساۋۇللار قوشۇننى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قەسىردىكى مۇلازىملار ۋە مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن . ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆكلۈكنى تىرىكتۇرۇپ تىغ تارتىشقا قىستاش ئىدى. ئۆكلۈك دېگەندەكلا بۇ قىرغىنچىلىقلاردىن قاتتىق چۆچۈگەن ھەم غەزەپلەنگەن. ئۇ پادىشاھقا ئەرز قىلىشنىڭ ھېچ قانداق پايدىسى يوقلۇقنى بىلەتتى . چۈنكى بارلىق مەلۇماتنامە ياڭگوجۇڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۆكلۈك ئىسيان كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىپ 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ياڭ گوجۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىمىز ، دەپ جاكارلىغان . نەتىجىدە 755- يىلى نويابىردا بۇ قول ئاستىدىكى تۆرۈك سانغۇنى سۈيگۈن بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈپ چاڭئەنگە قاراپ قوشۇن تارتقان . ياڭ گوجۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇشھال بولغان. چۈنكى، ئۆكلۈكنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولغان . ئۇ ئەمدى ئۆكلۈكنى ئۆز يولى بىلەن بابلاپ ئوجۇقتۇرغىلى بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان. بىراق ئۆكلۈكنىڭ ئارىلاشما قوغۇنى جەنۇبقا قاراپ توسالغۇسىز يۈرۈش قىلىپ ، 700 كىلومېتىر

ئىچكىرىلەپ ، خۇاڭخې ۋادىسىغا گويا كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەن . تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرىدىن فېڭ چاڭچى ، گاۋ شەنجى لى گۇاڭبى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان . تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن خەۋپتە قالغان . ئوردىنىڭ ئىچى ـ تېشى پاتىپاراقچىلىق ۋەھىمىگە چۈشكەن . بىردىنبىر ئامال سەنشى ، شەنشى ۋە خېنەننىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان تۇڭگۇەننى مەھكەم ساقلاش بوپ قالغان . تۇڭگۇەن ئۆتكىلى قولدىن كەتسە چاڭئەننىڭ قولدىن كېتىشى بىردەملىك ئىدى. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى مىسلىسىز خەۋپتە قالغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە،چارىسىز قالغان سەركەردە ـ سانغۇنلىرىغا قاراپ قاتتىق ئۆمۈتسىزلەنگەن ھالدا تۇڭگۇەننى زادى كىممۇ مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرالار ؟ دېگەن سوئال ئۈنى قاتتىق قىينىغان. ئاخىرى ئۇ ئۇمىدىنى چاڭئەندىكى قەسرىدە كېسەللىنى داۋالىتىۋاتقان «غەرىپنى تىنجىتقۇچى سەركەردە» دەپ نام ئالغان قوشۇخانغا باغلىغان.

قوشۇخان تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق سەركەردە بولۇپ،ئۇنىڭ دادىسى كۆسەنلىك ،ئانىسى ئۇدۇندىكى كاتتا جەمەت بولغان ۋايجىرا جەمەتىدىن ئىدى .دادىسى كۆسەندىكى قوشۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ئىدى.تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇنى قە) بىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ قوشۇخان (哥舒翰) دەپ ئۇلۇغلىغان . ئۇ ناھايىتى قابىل سەركەردە بولغاچقا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان . پادىشاھ تاڭشۈەنزۇڭمۇ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن .چىڭخەيدىكى ئۇرۇشتا تۇبۇتلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ لىنتاۋنىڭ ئۇ تەرىپىگە قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شۆھرىتى ئالەمنى بىر ئالغان .
چىڭخەيدىكى پۇقرالار قوشاق توقۇپ :

شىمال ئاسمىنىدا چاقنار ئۈكەر يۇلتۇزى،
قىلىچ ئېسىپ تۇرار بۇندا قوشۇخان ئۆزى.

تۇبۇتلەر يايلاقتىن ھېچ كېچەلمەيدۇ ،
پېتىنىپ لىنتاۋدىن ھېچ ئۆتەلمەيدۇ .

دەپ، قوشۇخاننىڭ تەڭداشسىز سەركەردە ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلىگەن . ئۇنىڭ تاڭ سولالىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۈچلۈك خانلىق بولغان تۇبۇتلەرنى باتۇرلۇق بىلەن

تۇسۇپ تۇرۇشى تاڭشۇەنزۇڭنى بەك خوش قىلىۋەرتكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «غەربنى تىنچىتقۇچى سەركەردە» دەپ نام بەرگەن . قىزىق يېرى شۇكى قوشۇخان بىلەن ئۆگىلۈكنىڭ مىجەزى پەقەت كېلىشەلمەيتتى، ئىككىسى بىر يەرگە كەلسىلا گەپ تالىشىپ قالاتتى. پادىشاھ تاڭشۇەنزۇڭ ئۇ ئىككىسىنى «دۆۋلەتنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ قاراپ، دائىم ئۇلارغا ئاغا ئىنى بولۇپقېلىشلار دەپ نەسىھەت قىلاتتى . 752- يىلى بۇ ئىككىسى تەڭلا ئوردىغا كەلگەن . بۇ چاغدا ياڭ شۇەنزۇڭ مەھرەمبېگى ، ئاغۋات گاۋلىشىنى مەخسۇس ئۇلار ئۈچۈن زىياپەت ھازىرلاپ ، ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇغان قوشۇخان ئۆگىلۈكتىن نەچچە ئون ياش چوڭ ئىدى . شاراب زىياپىتىدە ئۆگىلۈك قوشۇخانغا يېقىنچىلىق قىلىپ : «مېنىڭ دادام غۇز ، ئانام تۈرۈك سىنىڭمۇ ئاناڭ غۇز ، داداڭ تۈرۈك ئىككىمىزنىڭ قېنىمىز بىر ، يېقىنراق ئۆتۈشكىنىمىز ياخشى» دېگەن . قوشۇخان بۇنىڭغا جاۋابەن «قەدىمكىلەردە دالادا تۈلكە ئۆز ئىنىگە قاراپ ھۆرسە ، قۇتۇر بولۇر ، دېگەن گەپ بار» دېگەن ئۆگىلۈك بۇنى «قوشۇخان ئۆزىنىڭ غۇز ئىكەنلىكىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ» دەپ قاراپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ، بىگىز بارمىقىنى قوشۇخانغا تەڭلەپ تۇرۇپ : «سەندەك ياۋايى تۈرۈك مۇشۇنداق دېيىشكە قانداق پېتىندىڭ ؟!» دەپ تىللىغان . نەتىجىدە ئىككىسى ئەپلەشمەك تۈگۈل جېدەللىشىپ كەتكەن ، كېيىن ئۆگىلۈك ۋەزىر ياڭ گوجۇڭ قوشۇخاننىڭ مەنسەپ – دەرىجىلىرىنى ئۈستۈرۈپ ئۆگىلۈك بىلەن روبىرو تۇرالايدىغان قىلىپ قويماقچى بولۇپ ، 754- يىلى ئۇنىڭ مەنسىپىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەن . كۈتمىگەن يەردىن مەي – شارابقا ئامراق قوشۇخان بىر قېتىم لەشكەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا ، شاراپتىن زەھەرلەنگەنلىكى تۈپەيلى ھامامدا يۇيۇنۇۋېتىپ ھوشىدىن كەتكەن . باشقىلار خەۋەرسىز قالغاچقا خېلىغىچە سوغۇقتا قالغان . شۇ سوغۇق تەككەنچە قوشۇخاننىڭ بويۇم ياللۇغى ئېغىرلاپ كەتكەن. ئامالسىزلىقتىن چاڭئەنگە قايتىپ قەسرىدە كېسىلىنى داۋالىتىپ، تالا-تۈزگە چىقماي ياتقان، دەل شۇ مەزگىلدە پادىشاھ تاڭ شۇەنزۇڭ ئۇنىغا ئەڭ يۇقىرى ھەربىي مەنسەپنى بېرىپ، 200 مىڭ لەشكەر بىلەن تۇڭگۇەننى ساقلاشقا بۇيرۇغان، ئۆزى ئۇنىڭغا كاتتا ئىنئام بەرگەن. بارلىق ئەمەلىي، قەلەمىي مەنسەپدارنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشقا بۇيرۇغان قوشۇخان چاڭئەندىن چىقىپ تۇڭگۇەنگە بارغىچە تىت-تىت بولغان پادىشاھ ئۇنىڭغا كەينى-كەينىدىن يېڭىدىن يېڭى مەنسەپلەرنى بەرگەن. بېرىپ-بېرىپ ئاخىرى ۋەزىر دەرىجىسىگە تەڭ ئالىي مەنسەپ بەرگەن.

قوشۇخان تۇڭگۇەنگە بېرىش بىلەن بىر مۇشاۋىرى ئۇنىڭغا «ئۆلۈكنىڭ تۇپىلاڭ

كۆتۈرۈشتىكى شوئارى ياڭ گۈجىڭنى جازالاش ، دېمەك ئۇ ياڭ گۈجىڭنى يوقىتىشنى باھانە قىلغان . ئەگەر بىزدە 30 مىڭ لەشكەرنى تۆگكۈەننى ساقلاشقا قويۇپ ، قالغان 170 مىڭ لەشكەر بىلەن چاڭئەنگە بېرىپ ، ياڭگۈجۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئۆگلۈكنىڭ چاڭئەنگە باستۇرۇپ بېرىشقا باھانىسى قالمايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن . قوشۇخان بۇ پىلانغا قايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلمىغان . لېكىن چېقىمچىلار بۇ مەخپىيەتلىكنى ياڭگۈجۇڭغا يەتكۈزۈپ قويغان. ياڭ گۈجۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپ، تاڭ شۈەنزۇڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ

توختىماي مەسلىھەت بېرىپ، قوشۇخاننى تۆگكۈەننى ساقلاپ يېتىۋەرمەي ئۆگلۈككە قارشى لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلغان. قوشۇخان پادىشاھقا «ئۆگلۈكنىڭ قوشۇنى توختىماي يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇش قىلىپ پىشىپ كەتتى. مەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان 200 مىڭ لەشكەر كۆپ يىلدىن بېرى بىر ئورۇندا تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا بىز مۇداپىئەدە تورۇپ تۇپىلاڭچىلارنى توسۇپ، ئىچكى قىسىمدا پارچىلىنىش كۆرۈلگەندە ھۇجۇم قىلغىنىمىز ئەۋزەل» دەپ، ئۆز پىكرىدە تۇرغان. بىراق ياڭ گۈجۇڭ توختىماي كۈشكۈرتۈۋەرگەچكە ئاخىرى پادىشاھ قوشۇخانغا قوشۇنىنى باشلاپ ئۆگلۈك قوشۇنىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەن . 756-يىلى قوشۇخان ئۆگلۈكنىڭ قول ئاستىدىكى ناھايىتى ھېيلىگەر بىر سانغۇننىڭ قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بەرگەن، ئۆگلۈكنىڭ بۇ سانغۇنى بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن قېچىپ قوشۇخاننىڭ 200مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى بىر تارچۇققا باشلاپ كىرىپ، ئۆزى ئالدى تەرەپتىكى ئېگىزلىكنى ئىگىلىۋەلغان. قوشۇخان جەنۇب تەرەپتە چىلىيەنشەن تېغى، شىمال تەرەپتە خۇاڭخې دەرياسى، ئالدىدىكى ئېگىزلىكتە دۈشمەن قوشۇنى توسۇپ تۇرغانلىقنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن. قوشۇخان قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى ، باشقا يول تۇتۇشقا كېچىككەنلىكىنى بىلىپ ، سالغا ئولتۇرۇپ ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلغان. ئۇرۇش تولىمۇ دەھشەتلىك بولغان قوشۇخان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ نەچچە يۈز چەۋەنداز بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ قاچقان. يول ئۈستىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا قول ئاستىدىكى بىر سەركەردە ئۇنى باغلاپ ئۆگلۈككە ئاپىرىپ بەرگەن.

قوشۇخاننىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ لى لۇڭجى ئوردا ئەھلىنى ئېلىپ ئالدىراپ – تېنەپ چاڭئەندىن 60 كىلومېتىر يىراقتىكى ما گۈيپۇ (شەنشىنىڭ شىپىڭ ناھىسىدە) غا قېچىپ بېرىۋالغان . بۇ چاغدا بارلىق بالا-قازانىڭ سەۋەبكارى بولغان ۋەزىر ياڭگۈجۇڭغا قارشى كەيپىيات كۈچىيىپ كەتكەن. غەزەپلەنگەن ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنى پادىشاھنىڭ ما

گۆيپۇدىكى تۇرالغۇسنى قورشاپ، ياڭ گۆيفىپىڭنىڭ چوڭ ھوقۇقىغا ئىگە ساھىبجامال ئاچا ـ سىڭلىسىمۇ بار ئىدى . ئوردا ياساۋۇللار قوشۇندىكىلەر ھەممە چاتاقنى تېرىغان ئوردىنى چىرتىۋەتكەن مۇناپىق ۋەزىر ياڭ گوجۇڭنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىڭلىسى ياڭ گۇۋفىپىنى قىساس ئېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پادىشاھ لى لۇڭجىدىن ياڭ گۆيفىپىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغان . ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بېسىمىغا چارىسىز قالغان پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئامالسىز ھالدا ئامراق خانىشى ياڭ گۆيۋيفىپىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئىختىدارسىزلىقى تۈپەيلى ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مىسلىسىز تەس كۈنگە قالغان مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، پادىشاھ لى لۇڭجى ـ تاڭ شۈەنشۇڭ ، سەلتەنەت تەختىنى بوشىتىشنى خالىمىغان. ئوغلى لى خىڭ ياشانغان دادىسىنىڭ بۇ قەدەر ئۆزىنى بىلمەسلىكىگە چىداپ تۇرالماي، چاڭئەننىڭ 500 كىلومېتىر غەربىدىكى لىڭۋۇ (نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى) غا بېرىپ شىمالى ئايماق لەشكەرلىرىنىڭ ھىراۋۇلى ، سەركەردە گاۋزىيى بىلەن بىرلىكتە قالدۇق قوشۇنلارنى توپلاشقا كىرىشكەن . 756ـ يىلى نويابىردا ئۇ لىڭۋۇدا ئۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى جاكارلىغان . لىخىڭنىڭ سەلتەنەتتىكى نامى تاڭ سۈزۇڭ دەپ ئاتالغان . ئۇ چىڭدۇغا قېچىپ بېرۋالغان دادىسى لىلۇڭجىڭنى شاھنشاھ دەپ جاكارلىغان . بۇ چاغدا ئۆكلۈك قوشۇنى غەربىي ئاستانە چاڭئەننى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ ، ئۆكلۈك ئۆزى پادىشاھ دەپ ئاتىغان . پۇقرالار جىننى ئېلىپ قاچ ـ قاچقا چۈشكەن .

«تەيىپك يازمىلىرى» دېگەن كىتابتا «تىيەنباۋنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئەنلۇشەن توپىلاڭ چىقاردى ، ئوتتۇرا ئېقىم داڭقەندەك قايىندى ، كىشلەر جەنۇبقا قاراپ قاچتى» دېيىلگەن . ئۇرۇش خانىۋەيرانلىقى ئىچىدە جەنۇبقا قاراپ قاچقان ئاشۇ يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ ئاۋام ـ پۇقرا ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى ئىچىدىكى داڭلىق ئۈچ شائىرنىڭ بىرى بولغان دۇفۇ (712ـ770) مۇ بار ئىدى . ئۇ «يۈرەك سۆزۈم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن :

يازكېلىپ باسقاندا يەرنى ئوت ـ گىياھ
يول ئېلىپ قاچتىم بەدەر مەغرىب تامان.

پۈتتا كەندىر كەش ، ئۈچام جۇل ـ جۇل ئىدى،
قىلدى قوبۇل مېنى شۇ تۇرقۇمدا خان .

ئوردىدا ھەم دوستلار ئىچىندى ماڭا بەك ،
كەپتۇ دەپ گۆر ئاغزىدىن ئىسەن ـ ئامان.

شائىر دۇفۇ ئىنتايىن خەلقپەرۋەر روختا ،ھەم رېئال ، ئەملى مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىغا ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆڭلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ، شۇ چاغدىكى تارىخى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىر يازغان . كېيىنكىلەر دۇفۇنىڭ بۇ خىلدىكى شېئىرلىرىنى تەرىپلەپ«شېئىرىي تارىخ» دەپ ئاتاشقان . ئۇ چاغئەن شەھرى قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ئىچىنىشلىق رېئاللىقنى ئەلىس ئەتتۈرگەن «ماكانسىز قالغاندىكى جۇدالىق» ، «پالاق ئۇرۇپ خەنياڭغا بېرىش» دېگەن شېئىرلىرىدا مۇنداق مىسرالارنى يازغان :

تىيەنباۋ يىلى ئۆڭلۈك ـ سۈيگۈن غوۋغا پەيتى،
چوڭ ـ كىچىكلەر پىتىراپ ھەيران قېچىپ كەتتى.

مەلىمىزدە يۈز ئۆيكۆكتىن قالماي بىرى ،
باغۋارانى خوخا ـ يانتاق بېسىپ كەتتى .

ھاياتلارنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولماي تۆگەل ،
ئۆلگەنلەرمۇ يەر تەكتىدە چىرىپ كەتتى .

قوشۇنىمىز جەڭدە بولۇپ تىرىپىرەن ،
شۇ قاچقانچە قەدىمىم ئۆز يۇرتقا يەتتى .

يىغا ـ جېدەل قايغاپ كەتتى پۈتۈن ئەلدە ،
نەگە بارساڭ يول ـ جىلغىلار ئىس ـ تۇمانلىق .

تەن ـ جەسەتلەر دۆۋە ـ دۆۋە ، گىياھ بوسلۇق ،
قان ئاقمىغان يا تۈزلەڭ يوق ، يا توقايلىق .

نە ھاياتلىق قالدى بۇندا ، ھەممىسى كەتتى ئۇچۇپ ،
ئۇزاتقىلى چىقماس بىرەرسى ياتىدۇ قورقۇپ مۆكۈپ .
قالدى كىشىنەپ ئوتتۇرا ئىقلىمدا روھلانىك ئېتى ،
قانچە كۆز تىكسەڭ يىراققا كۆرەنمەس گىياھىي – چۆپ.

بۇ سېرىق باش دېدى قوۋۇمنىك پەرزەنتلىرى ،
غەربىي قاسناقتىن كېلىپ قىلدى پاراكەندە ئەجەب .
ئات مىنىشسە توپ بولۇپ ، غۇي قىلىپ ئۆتەر ئۇيان ،
ئەگرى يادىن ئوق ئۆزەر ، تۇرار قىلىچلارنى بىلەپ .

قالمىدى بۇ قىشلىقى ئون ئۆيدە بىرمۇ ياش يىگىت ،
ئاقتى قان چىنتاۋ يېرىدە سۇ بولۇپ دولقۇنلىنىپ .
بىپايان ۋادا ياتار تىمتاس ، يوق جەڭدىن دېرەك ،
چۆنكى قېرىق مىك لەشكەر بىر كۆن ئىچىدە كەتتى ئۆلۈپ .

تاڭ سولالىسى ئىككى پايتەختتىن ئايرىلىپ ، قوشۇنلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، خەلق خانى ۋەيران كۆنگە قېلىپ، ئىسيانچىلارنىڭ ئاتامانى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان مۇشۇنداق شارائىتتا، تاڭ سولالىسى ئىسمى بارۇ جىسمى يوق ھالغا چۈشۈپ قالغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سولالىسى ئېغىر ھالدا قالغان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ، قوشۇخاندىن قۇتۇلغان تۆبىتلەر پۇرسەت پەرەسلىك قىلىپ گەنسۇ تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ زېمىن ئىگىلىۋېلىش كويىغا كىرگەن. تاڭ سولالىسى قاتمۇ قات قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ تېخىمۇ ئېغىر كۆنگە قالغاندا، يېڭىدىن خانلىققا چىققان پادىشاھ لى خىڭ ۋەزىيەتنى ئوڭلاش ئۈمىدىنى سەددىچىننىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر خانلىققا باغلاپ، ئائىلاج ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى مويۇنچۇردىن ھەربىي ياردەم سوراپ گوزىپى باشلىق ئىككى سەركەردىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن . تارىخچى گومىلېۋنىڭ «قەدىمكى تۈركلەر» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە «مويۇنچۇر قاغان تاڭ سولالىسى سەركەردىسى كوزىينى ئاۋۋال بۆرە باشلىق بايراققا تەزىم قىلدۇرۇپ ، ئۇشبۇ مۇراسىمنى بېجىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغان » دەپ كېلىشىم تۈزۈلگەن ھەم «تاڭ سولالىسى ھەر يىلى ئۇيغۇر خانلىقىغا 20 مىڭ تو يىپەك مال سوۋغا بېرىش ھەم ئۇيغۇر ئاتلىرىنى سېتىۋېلىش » دېگەن مەزمۇندىكى سودا توختامنامىسىمۇ تۈزۈلگەن .

كېيىنكى بويىچە مۇيىنچۇر قاغان چوڭ ئوغلى تايىبلگە تۇتۇق يابغۇ بىلەن ۋەزىر دىدي (دەدە) باشچىلىقىدا 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق لەشكەرلەرنى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن. ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭىدىن تەختكە چىققان پادىشاھى تاڭ سۇزۇڭ ئۆزى كۈتۈۋالغان. تاڭ سۇزۇڭ شۇ يەردىلا ئوغلى لى يۈنى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ بىلەن ئاكا-ئۇكا بولۇشقا دالالەت قىلغان. ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى سەركەردە گوبىنىڭ قوشۇنى بىلەن 757-يىلى پايتەخت چاڭئەننىڭ غەربىدىكى فېڭشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئۆكتۈكنىڭ ئىسيانچى قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا ھازىرلانغان. ئۆكتۈكنىڭ ئىككى سەركەردىسى 100 مىڭ كىشىلىك لەشكىرى بىلەن شىمال تەرەپتە سەپ تارتىپ تۇراتتى. سەركەردە گوزىي باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سېپى 30 چاقىرىمغا سوزۇلغان. دەسلەپ ئۆكتۈك قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى لى گۇيرېن ھەيۋە بىلەن كېلىپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق ئەنسىزلىك پەيدا قىلغان. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە «ئۇيغۇر قوشۇنى تۇيۇقسىز ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ قاراقچىلار قوشۇنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان. چۈشتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە قاراقچىلاردىن 60 مىڭى ئۆلتۈرۈلگەن» (لىۇزىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1.قىسىم 1.كىتاب 101-بەت). بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۈپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ شەنشى تەۋەسىدىكى كۈچى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن قايتىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ چاغدا چاڭئەندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان ئۆكتۈكنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بوپ قالغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن جىلخۇر بوپقالغان. كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ تېرىكىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان مۇتتەھەم ئادەتكە كۆنۈۋالغان، بىر قېتىم ئوغلى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتىرىسىدا تالاش-تارتىش يۈز بېرىپ ئۇ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئوغلى ئەن چىڭشۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. خېڭشۇي دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا ئۆكتۈك قوشۇنى ئېغىر تالاپەتلە ئۇچرىغاندىن كېيىن، چاڭئەننى تاشلاپ لوياڭغا قاچقان. تۈپىلاڭچىلارنىڭ ھەش-پەش دېگۈچە مەغلۇپ بولۇپ چاڭئەننى تاشلاپ قېچىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرىنى قاتتىق شادلاندۇرۇۋەتكەن. شائىر دوفۇ بۇ چاغدا «شىمالغا سەپەر» دېگەن مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا ئاتاپ مۇنداق مىسرالارنى پۈتكەن.

كەپتۇ بەشمىڭ لەشكەرلىرى سەپ-سەپ بولۇپ،
بىر تۈمەنچە ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ.

لەشكىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقارئىكەن،
ياۋ سېپىگە ئوقسىمان ئۇچار ئىكەن .

شاھ ئۆمىدىنى باغلىدى ،
باشقىچە گەپكە قولاقمۇ سالمىدى .

بۇ چاغدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى باشقا تۈزۈشكەن كېلىشىمدىكى شەرت بويىچە چاڭئەن شەھىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقچى بولغاندا ، پادىشاھنىڭ ئۇيغۇر شاھزادىسى بىلەن ئاكا-ئۇكا بولۇشقا ئوغلى لى يۈ شەرقىي ئاستانە لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش توغرۇلۇق تەكىپ بەرگەن .

شائىر دوفۇ گەرچە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى كېلىشىمدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ ئەمما ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىششىنى تازا خالىمىغان . بۇ ئەندىشىلىك ھېسىياتىنى تۆۋەندىكى مىسرالارغا پۈتكەن:

بىزگە شېئىرلىككە خان مايىل ئىكەن ،
ئات مىنىشكە لەشكەر قابىل ئىكەن .

بىلسىمۇ ئۇلارنى دەپ مىڭ قەيسىران ،
قانچە ئازكەلتۈرسە ئەۋزەل بىگۇمان .

ئالغىلى لوياڭنى كۈچ كەتمەس ئىدى،
بەلكى چاڭئەنگە ھوجۇملا بەس ئىدى .

ئەمدىكى ئۇرۇش شەرقىي ئاستانە لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى ئىدى . بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مۇھىم ھەربىي بازا شەندىيەن قەلئەسىدە بولغان. ئۆكلۆكنىڭ ئوغلى ئەن چېڭشۇ بۇ يەردە 100 مىڭ كىشىلىك لەشكەر بىلەن تاڭ سولالىسى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولغان تارىخچى لىيۇزىشاۋ ئەپەندى «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى» ناملىق مەشھۇر كىتابنىڭ 220- جىلدىدە قالدۇرۇلغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى مۇنۇ خاتىرىنى نەقىل

ئالغان : «گوزىيى سەردارلىقىدىكى تاڭ سولالىسى قوشۇنىنى شىندىيەندە باندىتلار بىلەن ئۇچراشقاندا باندىتلار تاغ بويىدا سەپ تۈزگەنىدى . گوزىي دەسلەپكى ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. باندىتلار تاغدىن چۈشۈپ ھوجۇمغا ئۆتتى . ئۇيغۇرلار تاغنىڭ جەنۇبىدىن باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ جاھاننى چاڭ – توزان قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا ، باندىتلارغا قارتىپ يادىن ئون نەچچە تال ئوق ئۈزگەنىدىن كېيىن ، باندىتلار ۋەھىمگە چۈشۈپ پادىشاھلىق قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلار باندىتلارنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى . دۈشمەن جەسەتلىرى پۈتكۈل دالانى قاپلاپ كەتتى» بۇ قېتىمقى ئەجەللىك زەربە ئارقىلىق تاڭ سولالىسى لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان . ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە كەلگەن 4000 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى نەتىجىسىدە 20 كۈندە تاڭ سولالىسىنىڭ ئىككى پايتەختى قايتۇرۇۋېلىنغان . تاڭ سولالىسى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە يۇكسەك ئەھەمىيەت بېرىپ 《ئۇيغۇر تارىخى》 ناملىق كىتابىدا 《يىغى تاڭنامە》 ناملىق ئەسەرنىڭ 217-جىلدىدىن ئېلىنغان مۇنداق ئىككى كوپلېت شېئىر مىسال قىلىنغان

خەۋپ-خەتەر كەلگەندە باشقا بولدى ھەمدەم بىر نىيەت ،
جەڭدە كۆرسەتتى جاسارەت، تۆھپىسى بولدى نەھەد .
گەرچە تۇرساقمۇ يىراقتا كۆڭلىمىز رىشتى تۇتاش ،
تا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس بۇنداق سۆيەت .

بىز ئۇچۇن چەكتى جاپا شەرتسىز كېرىپ كۆكرەنى كەڭ ،
ئالمىدى ئارتۇق نىسۋە خىزمىتى ئۇچۈن پەقەت .
ئاي بىلەن كۈنگە ئۇلارنى بولدۇ تەڭلەشتۈرۈپ ،
ياشىغاي پەرزەنتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەبەد

تارىخچى لىن گەن ، گاۋزىخۇ ئەپەندىلەر يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر قاغانىنىڭ شاھزادىسى تاي بىلگە تۇتۇق بايغۇنى مەدىھلەپ «تاڭ يارلىقلىرى» توپلىمىغا پۈتۈنلەي تۆۋەندىكى قەسىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن :

قەددى ــ قامەتتە كېلىشكەن پاراسەتتە تەڭداشسىز ،
ۋەدىسىدىن يانمايدىغان ئۇيغۇر قاغانى يابغۇ .
تۇمەنلىگەن ياۋ ئۈستىدىن كەلدى غالىپ ،
شۇڭا ئۇ بەگلەر سەردارى بولۇشقا لايىق ...
ئۇ پەم ـ پاراسەت بىلەن ئاتلاندى جەڭگە ،
قالدى ئون مىڭ چاقىرىم مۇساپە يىراقتا، قىلدى شىددەتلىك يۈرۈش.
توختىماي يۈرگەچكە شۇنچە جاسارەت بىلەن ،
ياندى قولغا يىگىرمە كۈندە ئىككى پايىتەختىمىز ...
ئاي ـ كۈن كەبى ئۆچمەس تۆھپىسى شۇنچە نۇرانە ،
ياشىغاي پەزىلىتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تائەبەد

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئىككى خانلىقنىڭ ھەمكارلىق ، دوستلۇق تارىخىغا زور تۆھپە قوشقان بولسىمۇ ، ئەمما ئاخىرىدا يەنە ئەپسۇسلىنارلىق بىر سەھىپىنىمۇ قالدۇرغان . ئۇلار بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكنى پەيدا قىلىشتا باشتا تۇزۇشكەن كېلىشىمدىكى شەرتكە ئېسىلىۋېلىشقان ، ئۇلار كېلىشىم بويىچە «شەھەر ــ يۇرتلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن يەر زېمىن بىلەن پۇقرالار تاڭ سولالىسىگە قايتۇرۇلىدۇ ، ئالتۇن ــ كۈمۈش بىلەن يىپەك ــ شايىلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ («ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۆرنەكلەر » دىن ئېلىندى ) دەپ چاڭئەن بىلەن لوياڭ شەھىرىنى ئۈچ كېچە ــ كۈندۈز بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلغان . تاڭ سولالىسىنىڭ قوشۇنلىرى كۆرمەسكە سالغان . بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن شائىر دوفۇ چەكتىن ئاشقان بۇ قىلمىشقا نەپرەتلىنىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان :

«ئۇزۇملۇك ئايۋان سارايلار ئىچىدە
گۆش يېمەكتە ئۇيغۇرلار بەزمە قۇرۇپ.»

«ئاخىرى نەشتەر سانجىغان زەھەرلىك ھەرە»

«تا قەدىم ئەييام بۇلار ئايەت ئىدى ،
شائىرلارنىڭ يازغىنى نەپرەت ئىدى .»

«غۇز دېگەن بۇ بىر نىمىلەرنى يىقىن تۇتساڭ ئەگەر ،
بول پەخەس ، بىرىش-كېلىشتە چىقار خەتەر .»

«يىنىمىزدا بار ئىكەن ئۇلار ھامان ،
تۇگىمەيدۇ دەد-ئەلەم ، دىلدا يىغان .»

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى چاڭئەن ، لويالڭلارنى ھەددى ھېسابسىز بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاچقا «شەھەر ئاقساقاللىرى ئۇيغۇر لەشكەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ : تەرتىپسىزلىك توختىتىلسا ، سىلەرگە لازىم بولىدىغان يىپەك رەختلەرنى بىزلا بەرسەك ، دەپ نۇرغۇن نەرسىنى سوۋغا قىلغان .» پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكەر چىقىرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ بەرگىنىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن 758 – يىلى پەرمان چىقىرىپ مويۇنچۇر قاغانغا «تەڭرىدىن بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» (تەڭرى تەرىپىدىن ئولتۇرغۇزۇلغان ، دۆلەتنى تەشكىللىگەن دانىشمەن قاغان) دېگەن ئاتاقنى بەرگەن . كىچىك قىزىغا «نىڭگو مەلىكە – » دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى مەلىكە ) دەپ نام بېرىپ ، مۇنچۇر قاغانغا ياتلىق قىلغان . «سۇي – تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» ناملىق كىتابىدا «كونا تەڭنامە» 195- يىلىدا «ئۇيغۇر ھەققىدە قىسسە» دىن ئېلىنغان نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن : «پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ زىياپەتتە تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى يۇز تۇرانە مەدھىيىلەپ : خانلىقىمىزدا مۇشۇنداق زور ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى پۈتۈنلەي سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پىداكارلىقى كۈچ چىقارغانلىقىڭلاردىن بولدى . ئۇيغۇر يابغۇسى جاپالىق شارائىتتا تۆھپە يارىتىپ قوشنا ئەلنى مەردىلىك بىلەن ساقلاپ قالدى . ئارىمىزدا ھازىرغىچە بۇنداق ئىشنى بىراۋ ئاڭلاپ باققان ئەمەس … ئۇيغۇر يابغۇسى تالانتتا تەڭداشسىز ، مەرتىۋىدە ئەڭ ئۈستۈن تۇرغۇسىدۇر . جاھان بۇزۇلۇپ ، يامانلىق ئەۋج ئالغان ، ئوتتۇرا ئىقلىم قولىمىزدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە خانلىقىمىز قوشۇن تارتىپ چىقىپ ، پەم-پاراسەت بىلەن ياۋۇز دۈشمەنلەرنى جازالىدى . بىرلا غەيرەت بىلەن تۈمەن چاقىرىملاپ جاينى تازىلاپ ، 20 كۈن ئىچىدە ئىككى پايتەختنى قايتۇرۇۋالدى» دەپ كۆككە كۆتۈرگەن . پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ ئۇلارغا قوشۇپ نۇرغۇن زىبۇ – زىننەت ، تاۋار – دۇردۇندىن تىكىلگەن ھەرخىل كىيىم – كېچەك سوۋغا قىلغان . نەۋرە ئىنىسى لى يۇ بىلەن جىيەنى لى شۈننى موينۇچۇر قاغانغا نام بەرگۈچى ئەلچى ، نىڭگو مەلىكىنىڭ توي مۇراسىم بېگى قىلىپ تەيىنلەپ ئۇيغۇر خانلىقىغا خانلىقىغا ئەۋەتكەن . ئەلچىلەر

ئۆمكى سەپەرگە چىققاندا تولىمۇ داغادۇغۇلۇق ئۇزىتىلغان . لى يـۈ قاتـارلىقلار ئـۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ، كېلىنچەك بىلەن تالاي سوۋغا ــ سـالامنى ئېلىـپ ئورخـۇن ئۇيغـۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردىبالىققا يېتىپ بارغانـدا ، دەسـلەپ مۇينچـۇر قاغـان ئـۆز تۆھپىسىنى پەش قىلىپ ، تاڭ سولالىسـىنىڭ ئەلچەللىرىنـى كـۆزگە ئىلمىغـان . كېـيىن ئەلچـىلەر تـاڭ سـۇۇزۇڭنىڭ مەكتـۇبىنى كۆرسـەتكەندىن كېـيىن ، مەكتـۇپتىكى «ساداقەتمەنلىرىنىڭ تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن سۇلالىمىزنىڭ مەلىكىسىنى يـاتلىق قىلـدۇق. مەن ئۆز قىزىمنى يىراق تامانغا ياتلىق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ مېھرىنى ئىزھـار قىلـدىم. ئـۇ چەت يىراق يۇرۇتقا باردۇ، ئۇنى قەدىرلىگەيسىز....»دېگەن مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتكەن. ئىككىنچي كـۇنى چـوڭ تـوي ئۆتكـۈزۈپ نىڭگـو مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان. سوغدلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن ھـۇنەرۋەنلەرگە سىپلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق دېگەن شەھەرنى سېلىشقا بۇيرۇق بەرگەن. مويۇنچۇر قاغـــان بـــۇ تـــارىخىي ۋەقەلەرنـــى‹‹مويۇنچـــۇر مەڭگـــۈ تىبشـــى›› دا مۇنـــداق خاتىرلەتكەن:‹‹توخۇ يىلى(757-يىل) دا...ئىككى قىزىنـى(سـوۋغات قىلىـپ) بەردى. سۆزىڭىزنى يىرماي دېدى، خاتا ئىش قىلماي دېدى... سوغدلار ۋە تابغاچلارغا سـىپلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم... ››

‹‹تاڭ دۆلىتىگە ئەمنىلىك ئېلىپ كەلگۈچى مەلىكەر›› دەپ ئاتالغـان چـوڭ - كىچىك نىڭگو مەلىكەر مويۇنچـۇر ئاتـا ــ بالىغا يـاتلىق بولـۇپ ئورخـۇن ئۇيغـۇر خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر يىل بولار بولمـايلا دادا بىـلەن ئوغـۇل ئوتتۇرىسـىدا ئېغىر زىددىيەت كۆرۈلۈپ، مويۇنچۇر قاغان ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى نـامەلۇم سەۋەب تۈپەيلى جازالاپ ئۆلتۈرگەن. ئۆزىمۇ ئارقىدىنلا ئـۇ ئـالەمگە سـەپەر قىلغـان. مويۇنچۇر قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدىگەن مويـۇي‹‹بۆگـۈ قاغـان›› دېـگەن نـام بىلەن 759-يىلى تەختكە ئولتۇرۇپ، 779-يىلغىچە دەۋران سۈرگەن.

ئاجايىپ قىزىقارلىق ھەم مۇرەككەپ سـۇژىتقا ئـىگە كىنـو-تېلېـۋىزىيە تىيـاتىرلىرىنى ئىشلەشكە، تراگېدىيىلىك مەزمۇنغا ئـىگە رومـان ــ قىسسـەلەرنى يېزىـشقا ماتېرىيـال بولىدىغان بۇ ۋەقە ھادىسىلەر دەل پورىباجىندىن ئىبارەت بۇ لاي قەلئەنىڭ سىرى تېخىمۇ روشەن ئېچىلغۇسى.

مەنبە: شىنجاڭ مەدەنىيتى2008 - يىللىق 1-سانى

# كۆرەش رەجەپكە ئوچۇق خەت

**يالقۇن روزى**

قەدىرلىك ئۇسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى، سىزنىڭ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 5-قانىلىنىڭ<<تەڭرىتاغ كۆيلىرى>> پروگراممىسىدا رىياسەتچى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىڭىزدىكى بىر بىمەنە قارىشىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتايىتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ سىزنى زىيارەت قىلغان 51-سان پروگراممىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنى ئۆكۈندۈرگەن ھېلىقى قارىشىڭىزنى قۇرمۇ-قۇر خاتىرەمگە كۆچۈرۈپ كەلدىم:
رىياسەتچى: كۆرەشكا، سىز ئۇسۇل ئورۇنداش ياكى ئۇسۇل ئىجاد قىلىشتا بولسۇن ئۆز خاسلىقىڭىزنى يارىتالايدىغان سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنداقتا يېتىشۋاتقان ياش ئۇسۇلچىلىرىمىزغا دەيدىغان قانداق گېپىڭىز بار؟

كۆرەش رەجەپ: سىز بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر ئۇسۇلى ياكى باشقا مىللەت ئۇسۇلى بىلەن شۇغۇللانسىڭىز شۇ ئىجاد قىلغان ئۇسۇلىڭىز، شۇ مىللەتكە تەۋە بولسۇن. بىر مىللەتنىڭ ئۇسۇل مەدەنىيىتى، ئۇسۇلىنىڭ ھالىتى ئەبجەشلىشىپ كەتسە بۇنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. قوبۇل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى يوقىتىش ئورنىنى دەسسەپ قالسا، بۇ بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز.

بىز ئاشۇ كىلاسسىك ئۇسۇللىرىمىزنى، ئاتا-بوۋىلىرىمىز يارىتىپ بەرگەننى قۇچاغلاپ تۇرساق بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئۇسۇلچىلىقىنىڭ 10 تۈرىدىن باشقا قۇياش ئۇسۇلچىلىقى، قىلىچ ئۇسۇلچىلىقى، ئات ئۈستى ئۇسۇل قاتارلىق نۇرغۇن جەڭگىۋار ئۇسسۇللىرىمىز بار. ئەلۋەتتە ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، بەزى ئۇسۇللىرىمىز مۆمىن چىراي بولۇپ قالدى. ئاستا ئوينايدىغان ، كىيىملەر ئۇزۇن، باش كىيىمىمىز ئېغىر بولۇپ جەڭگىۋارلىقىمىز ئاجىزلاپ كەتتى. بىز ئاشۇ جەڭگىۋارلىقىمىزنى تەكىتلىگەن ئاساستا، ئۇسۇلىمىزنى بېيىتىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئۇسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ئۇسۇللا بىلسە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، رەسسامچىلىقى، سەنئەتنىڭ تۈرىدىن باشقا، تولۇق مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولمىساق بولمايدۇ. ئۇيغۇر

سەنئەتكارى بولدىكەنسىز، ئۇيغۇر ئۇسۇلچىسى بولدىكەنسىز پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن ئۇيغۇر ئۇسۇلچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلىشىڭىز كېرەك. >>

قەدىرلىك ئۇسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى! سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىز ئۇيغۇر ئۇسۇل سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولغان ھايات. سىز بۇ ساھەدە مۇۋەپپىقىيەت قازانغۇچى. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۇسۇلچىلىقى ھەققىدە سۆزلەش سالاھىيتىگە ئىگە شەخس. مەن سىزنىڭ ئۇسۇل سەنئىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزغا رەددىيە بىرەلمەيمەن. چۈنكى ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ قائىدە-قانۇنىيىتىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان پايدىلىق ياكى زىيانلىق تەسىراتقا خېلى ئىگە مەن. بۇ ئۇچۇق خەتتە سىزگە بۇ جەھەتتىكى تەسىراتلىرىمنى تولۇق ئاشكارلىغۇم يوق. سىزگە بۇ ئوچۇق خەتنى يېزىشتىكى مەقسىدىم سىزنىڭ يۇقىرىقى جاۋابىڭىزدىكى بىمەنە چۈشەنچىڭىزگە رەددىيە بېرىش (جاۋابىڭىزدىكى لوگىكا ۋە گىرامماتىكىغا ياتىدىغان خاتالىقلارغا بىر نىمە دىيەلمەيمەن.)

سىز <<ئەلۋەتتە ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، بەزى ئۇسۇللىرىمىز مۆمىن چىراي بولۇپ قالدى. ئاستا ئوينايدىغان، كىيىملەر ئۇزۇن، باش كىيىمىمىز ئېغىر بولۇپ جەڭگىۋارلىقىمىز ئاجىزلاپ كەتتى.>> دەپسىز. بۇ سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، سىزنىڭچە ئەۋرەتلىرىنى ئىككى تال دەرەخ يوپۇرمىقى بىلەن توسۇۋېلىپ، يۈز-كۆزلىرىنى ئالا-بېشىل بوياۋېلىپ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن يەرنى كۆچەپ دەسسەپ، ياۋايى ھايۋاندەك چىقىراپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ئوينايدىغان ئافرىقىدىكى ئىپتىدائىي مىللەتلەر ئەڭ جەڭگىۋار بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۇسۇل رىتىممۇ تېز، ئۇزۇن كىيىممۇ يوق، تېخى ئېغىر باش كىيىممۇ يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

رىياسەتچى سىزدىن <<كۆرەشكا ھازىر بەزىلەر ئۇيغۇر ئۇسۇلى بۇزۇلۇپ كەتتى، ھەتتا پۈتۈنلەي تۈگەشتى دەيدىكەن. سىز شۇ قاراشقا قانداق قارايسىز؟>> دەپ سورىغان سۇئالغا جاۋاب بەرگەندە << قۇساقنى ئېچىپ كاسسىنى ئوينىتىپ پۈتۈنلەي چەتنىڭكىنى دورىغان. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى پەقەتلا ئىقتىسادىي ئۇنۇملا قوغلىشىپ قىلىۋاتقان نەرسە، بۇنداق نەرسىلەرگە بىز قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ بىزنىڭ ساپ سەنئىتىمىزگە كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالمىساق بولمايدۇ >> دەپ سۆزلەپسىز. بۇ سۆزىڭىزدىن قۇساقنى ئېچىپ، كاسسىنى ئوينىتىپ ئۇسۇل ئويناشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئويغۇر سەنئىتىنى مۆمىن چىراي قىلىۋەتكەن <<ئاستا رېتىم>>، <<ئۇزۇن كىيىم >>،<<ئېغىر باش كىيىم>> قايسى؟ سىز مۇشۇ ئۈچ

نەرسىنى تىلغا ئاپسىزغۇ ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە ئايال ئۇسۇلچىلارنىڭ ئەڭ ئېغىر باش كىيىمى ئاتۇشنىڭ كەمچەت تۇمىقى، ئەر ئۇسۇلچىلارنىڭ يېڭىسار تۇمىقى: ئايال ئۇسۇلچىلارنىڭ ئۇزۇن كىيىمى بېغىشىغىچە يېگى بار، ھوشۇقىغىچە ئېتىكى بار كۆڭلەكلەر، ئەر ئۇسۇلچىلارنىڭ ئۇزۇن كىيىمى پىشى ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىلىدىغان ئوخشىمىغان رەڭدىكى كۆڭلەكلەر، ئەڭ ئاستا ئوينىلىدىغان ئۇسۇل << تەزە ئۇسۇلى >> مىكىن دەيمەن.

قاراپ باقسام مەيلى ئايال، مەيلى ئەر ئۇسۇلچىلىرىمىزنىڭ كۆڭلىكىنى داۋاملىق قىسقارتىقلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ تۇماقلارنىمۇ چۆرۈپ تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ كىيىملەرلا بىزگە ھەققىي مىللىي ئوبراز بېغىشلايدۇ. ئۇسۇل ھەركىتىنى قارا-قۇيۇق تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن . چۈنكى ئاستا ياكى ئېتىك ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئېھتىياجغا بېقىپ ئۆز جايىدا زۆرۈرمىكىن؟! بۇ بەك ئەقەللىي ساۋات بولسا كېرەك.

مەن گېپىڭىزنىڭ ئورامدىن <<ئۇسۇلچىلىرىمىزنى ئىسلامىيەت مۆمىن چىراي قىلىۋەتتى>>، <<جەڭگىۋارلىقىنى قويمىدى >> دېمەكچى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدىم. چۈنكى سىزنىڭ قۇساقنى ئېچىپ ئوينايدىغان ئۇسۇلغا قارشى مەيدانىڭىز بىلەن ئۇزۇن كىيىمگە بولغان نارازىلىقىڭىز ئوتتۇرىسىكى، كاسىسىنى چايقاپ تېز ئوينايدىغان ئۇسۇلغا قارشى مەيدانىڭىز بىلەن ئاستا ئوينايدىغان ئۇسۇلغان بولغان قارشى پوزىتسىيىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق مېنى جىنىنىڭ قەستى شاپتولدا بولسا كېرەك دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدى. قارىغاندا،<< گەپنىڭ تىگىدە گەپ باردەك، ساقالنىڭ تىگىدە خەپ باردەك>> تۇرىدۇ. سىز ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزىنى مۆمىن چىراي، ئۇ جەڭگىۋارلىقتىن مۇستەسنا ، دەپ چۈشىنىدىكەنسىز. ھەتتا بۈگۈنكى ئارقىدا قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزدىن كۆرىدىغاندەك قىلىسىز.

قەدىرلىك ئۇسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى، ئەگەر راستىنلا مۇشۇنداق قارىغان بولسىڭىز تامامەن خاتا بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن نادان كىشىلەر دىن بىلەن تەرەققىياتنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭچە، بۈگۈنكى دۇنيادا تەرەققىي تاپقان ئەل خەلقلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنى ئىلغار، شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمىيىتى تەرەققىي قىلغان. ئىسلام دىنى قالاق، شۇڭا ئىسلام ئەللىرى ۋە ئىسلام ئېتىقادىدىكى مىللەتلەرنىڭ جەمىيىتى قالاق.

قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى دۇنيادا چوڭ ھەم مۇھىم دىنلاردىن ئىسلام

دىنى، خرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى، ھىندى دىنى قاتارلىقلار بار. بۇ دىنلارنىڭ پەيدا بولغىنىغا نەچچە مىڭ يىللار بولدى. ئەمما، بۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەممىسىدە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە گۈللىنىش، خارابلىشىش بولغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. بۇ خىل دولقۇنسىمان ئەھۋالدىن ناھايىتى كۆپ مىللەت ياكى دۆلەت خالىي ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن مۇتەپەككۇرلار دىن بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ پىكىر قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر قانداق بىر دىننىڭ پەيغەمبەر ئەۋلىيالىرى ئۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ <<ئىلىم پەننىڭ ئەلچىلىرى دېگەن ئەمەس. ھەر قانداق بىر مىللەت تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىپ، تەبىئىي پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەلىماتىغا تايانغانمۇ ئەمەس. پەقەت ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى تېخنىكا ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشتىكى نىشانىنى بىكىتىشتە ئۇلارنىڭ تەلىماتىغا مۇراجىئەت قىلغان خالاس.

قەدىرلىك ئۇسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى، سىز ئېيتقان جەڭگىۋارلىقمۇ ئۇ دىندا بار، بۇ، دىندا يوق نەرسىمۇ ئەمەس. بىز ئالدى بىلەن جەڭگىۋار دېگەن سۆزنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە لۇغەت مەنىسىگە قاراپ باقايلى :<<جەڭگىۋار>> سۆپەت سۆزى بولۇپ، ئۇ پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. مەنىسى :1. جەڭ ۋە كۆرەش قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان، كۆرەش قىلغۇچى، كۆرەشكە قاتناشقۇچى، كۆرەشچان. 2. جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن جەڭگە ئۆزىنى ئاتىغان. جەڭدىن قايتمايدىغان، كۆچمە مەنىدە : كۆرەشكە تەييار ۋە كۆرەش روھىغا باي. جەسۇر. سىز <<ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن >> دېگەن سۆزنى تىلغا ئىلىش ئارقىلىق ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇسۇللىرىمىز جەڭگىۋار ئىدى، بىزمۇ جەڭگىۋار ئىدۇق، دېمەكچىدەك قىلىسىز.

توغرا، بىز ئىلگىرىكى ھەر قايسى جايلاردا ۋە ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردا كۆك تەڭرىگە، شامان دىنىغا، مانى دىنىغا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇسۇللىرىمىز تازا تەرەققىي قىلغان، شۆھرىتى ھەر ياققا تارالغان مەزگىل خەلقىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئەجەبا، بىز بۇددا دىنىي جەڭگىۋار خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇسۇللىرىمىز تەرەققىي قىلىپ چاڭئەن شەھرىنى زىلزىلىگە سالغان، سۈي-تاڭ سۇلالىسىدىكى بەي جۈيى قارتارلىق شائىرلارنىڭ نەزىم بېيىتلەرنى تۇقۇشقا سەۋەب بولغان دەپ قارىساق بولامدۇ؟ ھىندىستانلىقلارنى جەڭگىۋار خەلق دەپ تونۇساق تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەرمۇ ؟ ئۇنداقتا بۇددا دىنى پەيدا بولغان ھىندىستانغا بۇنىڭدىن 1000يىل ئىلگىرى مۇسۇلمان تۈركلەردىن بولغان داڭلىق

پادىشاھ مەھمۇت غەزنەۋىينىڭ ئون يەتتە قېتىم غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغانلىقىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىي ھىندىستانلىقلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە ھىندىستاننى ئىستىلا قىلىشنى گويا شىكارغا چىققاندەك پۈتكۈزگەن. پاكىستانلىق ئالىم سەئىد فەييياز مۇھمۇدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا :<<بىر مەزگىل ئۇ ۋە ئۇنىڭ قۇماندان جەڭچىلىرى ھىندىستاننى ئىستىلا قىلىشنى ھەتتا يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ئۆزۈن يوللۇق ساياھەت دەپ قاراشقان .>>

ئاردىن 500يىل ئۆتكەندە، يەنى 1520ـ يىللىرى ئۇلۇغ ئىرادىگە ئىگە، جەسۇر شاھزادە، يەكەن خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نەۋرە ئاكىسى بابۇر ھىندىستاندا قۇدرەتلىك بابۇرىيلار سۇلتانلىقىنى، مۇشۇل ئىمپىرىيىسىنى قۇرغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تاكى 1850ـ يىللارغىچە بۇ ئىمپىرىينى داۋام ئەتكۈزگەن. ئۇلار ھىندىستان تارىخىغا ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ئىجادچانلىقى، مەدەنىيەت روھى بىلەن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

قەدىرلىك ئۇيغۇرچىمىز كۆرەش ئەپەندى، مەن يەنە سىزنىڭ سەمىگىزگە سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىيدىن ئىمپىراتۇر بابۇرغىچە بولغان 500 يىللىق ئارىلىقتا ھىندىستانغا قارا بورانىدەك باستۇرۇپ يەنە بىر كىرىپ، ھىندىستانلىقلارنىڭ ئاللا-تۇۋىسىنى چىقىرىۋەتكەن يەنە بىر بۈيۈك ئىمپىراتۇر ئەمىر تۆمۈرنىمۇ سىلىپ قۇيغۇمۇ كېلىۋاتىدۇ. بۈيۈك ئىمپىراتۇر ئەمىر تۆمۈر ئەتراپىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى، ئوسمان ئىمپىرىيىسى، پىرىسىيە، ھىندىستان خانلىقلىرىنى دەھشەتلىك مەغلۇپ قىلىپ، ياپراقتەك تىترەتكەن. يىلدا بىر قېتىم ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنلىرىنى چەكسىز ۋەھىمىدە قويغان بۇ غالىپ ئىمپىراتۇر يازدا ئىستىپا يۈرىشىگە ئاتلىنىپ، قىشتا پايتەخت سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلەتتى. ناپالىئون ، گىتلىردەك شەخسلەرنى ئىپسىدىن چىقمايدىغان دەرىجىدە ھەسرەتتە قويغان موسكۋا شەھرىگە بىسىپ كىرىپ، بىر يىل تورغاندى. تۆت ئەتراپىدىن ئۆزىگە تەڭ كەلگۈدەك بىرەر دۈشمەن تاپالماي ئىچى پۇشقان ئەمىر تۆمۈر 1405ـ يىلى 1ـ ئايدا ئىتىنىڭ بېشىنى شەرققە بۇراپ سەددىچىننىڭ ئىچىنى كۆرۈپ بىقىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ سەمەرقەنتنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنى باشلاپ <<ئات ئۈستى ئۇسۇلى>>نى ئويناپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقمىغان، بەلكى يېڭىلىش دىگەننى بىلمەيدىغان ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك جەڭگىۋار قوشۇننى باشلاپ يولغا چىققان. بۈيۈك ئىمپىراتۇر ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۇ زور قوشۇنى نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندە بۇ قابىلىيەتلىك ھۆكۈمرانغا تۇيۇقسىز كېسەل تېگىپ قازا قىلغان.

قسقىسى، <<ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، بەزى ئۇسۇللىرىمىز مۆمىن چىراي بولۇپ قالدى >> دېيىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى دىنىي ئېتىقادلىرىمىز شارائىتىدا ئۇسۇللىرىمىز جەڭگىۋار ئىدى، بىزمۇ جەڭگىۋار ئىدۇق، چۈنكى ئۇ دىنلار جەڭگىۋار دىنلار ئىدى دېمەكچى بولغانلىقىڭىز تامامەن خاتا. شۇنداقلا <<بىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان >> دېگەن تونۇشتا تۇرۇپ ئويلىغان ئويلىرىڭىز قىلچە ئاساسسىز. چۈنكى، جەڭگىۋارلىق ھەر قايسى دىنىي ئېتىقادتىكى مىللەت-قوۋملارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئوخشىمىغان ئامىللار تۈپەيلى ئويغىنىدىغان بىر خىل يۈكسەك روھ. تارىختا تۈرلۈك ئېتىقادتىكى تۈرلۈك مىللەتلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل روھنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئوخشىمىغان دەرىجىدە جەۋلان قىلدۇرغان.

قەدىرلىك ئۇسۇلچىمىز كۆرەش ئەپەندى. بىزگە ئوخشاش تەپەككۇر تىپىدىكى ئەمەس، ھېسسىيات تىپىدىكى مىللەتلەردە ئىلمىي روھ كەمچىل، قارىغۇلارچە قىزغىنلىق كۆچلۈك بولىدۇ. سىزنىڭ قاراشلىرىڭىز دەل مۇشۇنداق قارىغۇلارچە قىزغىنلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان. سىز پۈتۈن دۇنياغا ئۇسۇلنىڭ كۆزى بىلەن قارايسىز.جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۇسۇلنى ئۆلچەم قىلىپ ئۆلچەيسىز. پەقەت سىزلا ئەمەس، بىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر نەغمە-ناۋا، ناخشا ئۇسۇلنى مىللەتنىڭ بارلىقى دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، نەغمە-ناۋا، ناخشا ئۇسۇللىرىمىز مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتىدۇ دەپ پەخىرلىنىشىدۇ. توغرا، سەنئەتمۇ مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى. ئۇمۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بىر بايلىقى. ئەمما بارلىقى ئەمەس!!! ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئىقتىساد، ھاكىمىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا قاتارلىقلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىرلەمچى ئامىل. سەنئەت ئىككىلەمچى ئامىل. بىرلەمچى ئامىلنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر پاراسەت تىپلىق بولسا، ئىككىلەمچى ئامىلنى شەكىللەندۈرگۈچىلەر ماھارەت تىپلىق بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا رىقابەت دۇنياسى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. شۈبھىسىزكى، بىر مىللەتنىڭ نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسۇلى ھەر قانچە تەرەققىي قىلسىمۇ، مىللىي ئەزالىرى سەنئەت دېسە جېنىنى بەرگۈدەك پىداكارانە روھقا ئىگە بولسىمۇ، ئۇنداق مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ نەزىرىدە رىقابەت ئوبيېكتى دەپ تەن ئېلىنمايدۇ. ھەتتا ھاياتى كۈچكە ئىگە مىللەت دەپمۇ تونۇلمايدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە بىر مىللەتنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ياكى كۆلىمىنى رىقابەت كۈچى دەپ قارايدىغان ئادەت يوق. شۇڭا ناخشا-ئۇسۇل، نەغمە-ناۋانىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى رولىنى بەك

مۇبالىغىلەشتۈرۈپ چۈشىنىشۈلىپ <<سەنئىتىمىز مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونىتىشۋاتىدۇ>> دەپ بىر تەرەپلىمە قاراشتا ھاياجانلىنىپ يۈرۈش نادانلىق. خەلقىمىز ھېسسىيات تېپىدىكى خەلق بولغاچقا ناخشا -ئۇسۇل، نەغمە-ناۋاغا بەك ھېرىسمەن. ناخشا - ئۇسۇل، نەغمە-ناۋا كىشىنى ئوڭاي ھاياجانلاندۇرىدۇ، ھەم ھوزۇر ھېس قىلغۇزىدۇ. بۇ ئۇنىڭ غىدىقلاش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بولغان. بىزگە ئوخشاش ھېسسىيات تېپىدىكى مىللەت بۇنداق غىدىقلاشقا دۇچ كەلگەندە سۇنى كۆرگەن بېلىقتەكىيايراپ ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. خۇدىنى يوقىتىپ مەستانە ھېسلارغا چۆمۈلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ خىل ھالەت ھازىر سېرىق سىزىقتىن ئۆتۈپ قىزىل سىزىققا يېقىنلاپ قالدى. ئىنىقنى ئېيتقاندا مىللىي روھىمىزنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۆتكەن دانىشمەن بوۋىمىز ئەل فارابى <<پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا >> دېگەن كاتتا ئەسىرىدە پاسىق شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىدە توختىلىپ <<بۇ شەھەرنىڭ خەلقى تۇرمۇشنىڭ ماددىي ئېنتىلىشلىرىگە قۇل بولغاندۇر. يېمەك-ئىچمەك، شەھۋەتپەرەسلىك قىلماق، قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ، بەزمە-مەشرەپ ، كۈلكە چاخچاقلارنى ھەممە نەرسىدىن ۋە ھەممە تەرەپتىن ئۈستۈن قويىدۇ >> دەپ كۆرسەتكەن. ئەل فارابىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىكى ئەھۋاللارغا بىر-بىرلەپ باغلاپ باقساق بىز ئۆزىمىزنىڭ پەزىلەتلىك شەھەر پۇقراسى ياكى پاسىق شەھەرنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىمىزنى دەرھال بىلىمىز. بىز مۇشۇ يىللاردا ئىككىلەمچى ئامىلنى، ماھارەت تېپىلىق كىشىلەرنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىۋاتىمىز. بەزمە-مەشرەپلەردىن بېرى كېلەلمەيۋاتىمىز. مەنىسىز كۈلكە-چاخچاقلىرىمىز، بىزەپ يۈمۈرلىرىمىز، پاخپاق پاراڭلىرىمىز سورۇن-سورۇندا ياڭراپ تۇرۇپتۇ. ئاتالمىش ئۇسۇلچى قىزلىرىمىز شەمۇ-شەھەردىكى قاۋاق-قاۋاقلاردا غىلجىڭلاپ تۇرۇپتۇ. ھەر خىل نامدىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىنى تۈشمۇ-تۈشتىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ-كىچىك سەنئەت چولپانلىرىمىزغا گۈيا كۆۋەزگە سۇلياۋ يۇپۇق ياپقاندەك كەلسە-كەلمەس تون كىيگۈزۈشلەر مۇشۇ كۈنلەردە تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا شۇنداق يەكۈنگە كېلىشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى كۈندە نەغمە- ناۋاسى قانچە كۈچلۈك، تۈي - تۆكۈنى قانچە كۆپ مىللەتنىڭ ئۇزاققا بارمىغان كەلگۈسىدە قايغۇ ھەسرىتى شۇنچە كۆپ، يىغا زارىسى شۇنچە قاتتىق بولىدۇ. مەن بۇ ئارقىلىق مۇتەئەسسىپ مەيداندا تۇرۇپ نەغمە-ناۋانى تەرك ئېتەيلى دېمەكچى ئەمەس. بىرلەمچى ئامىل بىلەن ئىككىلەمچى ئامىلنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى چۈشىنەيلى، پاراسەت تېپىلىق كىشىلەر بىلەن

ماھارەت تىپلىق كىشلەرنىڭ قىممىتىنى پەرق ئېتىشنى بىلەيلى، نەغمە-ناۋا، ناخشا - ئۇسۇلنى ھەممە نەرسىدىن ئۇستۇن قويۇۋىلىپ سىرىق سىزىقتىن ئۆتكۈزۋەتمەيلى دىمەكچى. نۇرغۇن كىشلىرىمىزدىكى << تارىختا تالاي خان- پادىشاھلار ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، سەنئەتكارلار ئۇنتۇلمايدۇ >> دىگەن بىمەنە قاراش پەقەت بىزگە ئوخشاش نەغمە- ناۋا، ناخشا - ئۇسۇلنىڭ بەندىلىرىگە خاس قاراشتۇر. سەنئەتكە بولغان بۇنداق ئەخمىقانە مۇھەببەت ھازىر چېكىگە يەتتى. ئاگاھ بولىشىمىز كىرەككى، مىللىي پىسخىكىمىزدىكى بۇ خىل سەنئەت مەستانىلىقى لايىقىدا بولماي چەكتىن ئېشىپ كەتسە، خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدا جەزمەن پۇشايمانلىق ئاقىۋەت شەكىللىنىدۇ. خۇددى خەلقارالىق تەسىرگە ئىگە مىسىرلىق مۇتەپەككۇر يۇسۇپ قەرزاۋى ئېيتقانىدەك <<نەغمە-ناۋا، ئۇسۇل-ناخشا مىللەتنى مۇھىم غايىلىرى ۋە چوڭ مەسىلىلىرى ئۇستىدە غەم يىيىشتىن گول قىلىدىغان خەتەرلىك قۇرال.>>دۇر.

قەدىرلىك ئۇسۇلچىمىز كۈرەش ئەپەندى، ئىلھامبەخش سۆھبىتىڭىزنىڭ تۆرتكىسىدە سىزگە دەيدىغانلىرىم ھازىرچە مۇشۇنچىلىك. ئەركىن-سۆھبەت مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىمىزدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

"ئىلى دەرياسى" ژورنىلى 2006-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى.

# قىممەت ۋە ھىممەت

## شۇۋلدىكى رازىخان

2001- يىلى 12- مارت چۈشتىن بۇرۇن. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى كېرىيە بوستانلىقىغا قاراشلىق بىر نامرات يېزا. تۇتۇق ئاسماندىن توختىماي توپا يېغىپ تۇراتتى. ئەتىياز بىلەن قىش ئارلىقىدا بولىدىغان مۇزدەك سوغۇق بەدەننى ھېلىدىن -ھېلىغا جۇغ -جۇغ قىلاتتى. چاڭ باسقان يۇپۇرماقسىز دەل - دەرەخلەر شۈمشىيىپ تۇراتتى. شاخ – شۇمبىلار بىلەن قوشامداپ سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەر بەكمۇ غېرىبانە كۆرۈنەتتى. ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مەنزىرىلەر بىلەن تولغانىدى. قۇرۇق تېمىمۇ يوق، ھەممە يېرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان بىر مەكتەپنىڭ ھويلىسىدا مۇزدەك سوغۇقتا، كىيىملىرى يىپلىك بىر مەسۇمە قىز مۇخبىرلار ئالدىدا نىمجان كەپتەردەك دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. بۇ مەسۇمە قىزنىڭ ئىسمى رازىخان ئىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈرىكى شامدەك ئېرىمەي قالمايتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تولىمۇ قىسقا، ئەمما بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە غەلىتە بولۇپ، ئەقلىگە پەقەت سىغمايتتى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئاشۇ بىچارە قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ھەم ئۇنىڭ مۇخبىرلار ئالدىدا دىرىلداپ تىترەپ تۇرغان ھالىتى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە ئىدى. مەن ئۇنى پات- پات ئەسلەيتتىم. ئۈرۈمچىدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى مەكتەپلەردە تەكلىپ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا كىشىلىك ھايات قارشىنى شەكىللەندۈرۈش، توغرا قىممەت قارشىنى تۇرغۇزۇش تېمىلىرىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە مىسال كەلتۈرەتتىم. رازىخاننىڭ ھېكايىسى مەن 21-ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئاڭلىغان ئەڭ چوڭ خەۋەر ئىدى. مەن رازىخاننى كۆرگەندە 21 – ئەسىرگە قەدەم قويغىنىمىزغا 71 كۈن بولغانىدى. كىلەچەككە ھەر دائىم ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان روھىي ھالىتىم 21-ئەسىرگە قەدەم قويغىنىمىزغا ھارپىسىدا تېخىمۇ

ئۆمىدكە تولغانىدى. ماڭا نىسبەتەن 21 – ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەكلىك قۇچاق ئېچىشى مۇمكىن بولغان بىرەر پارلاق مەنزىرىدىن دېرەك يوق بولسىمۇ، ۋۇجۇدۇمدا كۆرۈلگەن بۇ پىسخىكىلىق ھالەت كالىندارىدىكى «چوڭ سەكرەش » بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي ھاياجان ئىدى. مەن 21 – ئەسىرگە قەدەم قويۇشنى كالىندارچىلىق جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن تاشقىرى چۈشىنىشكە ئامالسىز ئىدىم. 21- ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى بىر ئەسىر ئالمىشىش ئەمەس ، بەلكى مىڭ يىلدا بىر ئۆزگىرىدىغان ئېرا ئالمىشىش ئىدى. بىر ئېرادىن يەنە بىر ئېراغا قەدەم قويۇش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى چوڭ بىر ئىش ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇنداق چوڭ ئېراغا ئاتلىنىدىغان كىيىن قەلبىمنى لەرزىگە سالغان چوڭ خەۋەر – ئاشۇ مەسۇمە قىز رازىخاننىڭ ھېكايىسى بولغانىدى.

بۇ يىل، يەنى 2010 – يىلنىڭ باشلىرى بىر كۈنى كەچتە ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ، تېزگىنەك بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانىسىسىنىڭ 2 – يۈرۈش قانىلىدا دىكتور ماھنۇر ئەخمەتنىڭ نەق مەيدان خەۋىرى كۆرستىلىپ قالدى. دىكتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىللىق يىغىنى بىلەن سىياسىي كېڭەشنىڭ يىللىق يىغىنىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى نەق مەيداندىن ئاڭلىتۋاتاتتى. دىكتور ماھنۇر ئەخمەت ئارلىقتا بۇ قېتىمقى «ئىككى يىغىن» دا «مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش توغرىسىدىكى قارارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇئان قەلب ئالبومىدا رازىخاننىڭ سوغۇقتا، يىلىك كىيملىرى بىلەن مۇخبىرلار ئالدىدا دىرىلداپ تۇرغان ھالىتى ئەكس ئەتتى. ئەگەر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بالدۇراق ئاشقان بولسا، بۇ قارار نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولاتتىدە، بەختسىز قىزچاق رازىخاننىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى يۈز بەرمىگەن بولاتتى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشمىغان ئەھۋالدا بۇنداق قارارنى چىقىرىشقا ھەقىقەتەن ئىمكانىيەت يار بەرمەيتتى. بۇ تەرىپىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. يۈز بەرگىنىگە ئون يىل بولغان بۇ ھېكايىنى بىز 2001 – يىلى مارتتا كىرىيە ناھىيىسىدە ئاڭلىغانىدۇق. بىز دېگىنىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تەشكىللەنگەن دەرسلىك كىتابلارنىڭ ئوقۇغۇچى بېشىغا ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى ئون كىشى ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم تەشكىللىگەن بولۇپ، گۇرۇپپىنىڭ مەقسىتى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى «مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك

كىتابلارنى سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ مەركەزگە يوللاش، شۇ ئارقىلىق مەركەزنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش قارارىنىڭ چىقىرىلىشىغا تۆرتكە بولۇش ئىدى. بۇ تىرىشچانلىقىمىز نەتىجىلىك بوپقالسا، تالاي نامرات ئاتا – ئانىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى يەڭگىللىگەن بولاتتى. ئابدۇرازاق سايىم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ماھارەت نازارىتىدىن ئىلھام، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دىكتورلىرىدىن گۈلشەن ئابدۇرېھىم، مۇنىرە غوپۇر، مەمتىلى ئابلىز، مۇخبىر ئەنۋەر روزى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىدىن روشەن، ئىبراھىملار بار ئىدى. مەن ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ سۆز تېكىستىنى يېزىشقا مەسئۇل ئىدىم. بىز ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ۋىلايىتى تەۋەسىگە قەدەم قويدۇق. خوتەن تەۋەسىدە كۆنىدە دېگۈدەك توپا يېغىۋاتقان، ھاۋا سوغۇق كۈنلەر ئىدى. بىز نىيا ناھىيىسىدىكى ئىككى كۈنلۈك تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېرىيە يېتىپ بارغان كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا كېرىيە ھاكىمى مەتسەيدى خۇدا بەردى بىزگە كېرىيىنىڭ شۋۇل يېزىسىدا يۈز بەرگەن دەرسلىك كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر پاجىئەلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. مەتسەيدى ھاكىمنىڭ دېيىشىچە، شۋۇل يېزىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر جۈپ ئاكا – سىڭىل بولۇپ، ئاكىسى 13 ياشتا، سىڭلىسى 11 ياشتا ئىكەن. ئۇلارنىڭ قولى قىسقا ئاتا – ئانىسى تېرىپ – تۆشەپ يىغقان پۇلنى ئىككى بالىسىنىڭ دەرسلىك كىتاب پۇلىغا تىكلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاكا – سىڭىل ئىككىسىگە 20يۈەندىن جەمئىي 40 يۈەن كېمىيىپ قاپتۇ. دەرسلىك كىتابىنىڭ پۇلىنى شىنخۇا كىتابخانىسىغا تاپشۇرىدىغان قەرەل توشۇپ كەتكەچكە، مەكتەپ بۇ ئىككىيلەندىن قالغان 40 يۈەننى تىزراق تۆلىۋېتىشنى سۈيلەپتۇ. ئاكا – سىڭىل ئىككەيلەن ئەھۋالنى ئاتا – ئانىسىغا ئېيتقاندىن كېيىن، دادىسى نائىلاج، ئۆچ ئۈرۈق تۇخىسىنى سېتىپ 20 يۈەن راسلەپ، ئىككى بالىسىغا 10 يۈەندىن تۇتقۇزۇپ، مۇشۇنى بولسىمۇ تۆلەپ تۇرۇڭلار، دەپتۇ. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىقۇۋۇللۇقىنى چۈشەنمىدىغان بالىلارنىڭ ئارتۇق گەپ قىلىشقا تىلى بارماپتۇ. نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك 13 ياشلىق ئوغۇل باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەنە خىجالەتچىلىك تارتىشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ قولىدىكى 10 يۈەننى سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، سەن قەرزىڭنى تۆلىۋەتكىن، مەن

بىر ئامال قىلىمەن، دەپ سىڭلىسىنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىغا كېتىپتۇ. كەچتە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ جەسىتىنى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلۋالغان يېرىدىن تېپىپتۇ. تاماق شىرەسىدە ئولتۇرۇپ بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ھەممىمىزنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى، 20 يۈەن پۇلنىڭ كەم بوپقالغانلىق سەۋەبىدىن 13ياشلىق بىر نوتا ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. جاپاكەش دېھقانىنىڭ ئۆمىدىنى يەلكىسىگە يۈكلىگەن بىر ساغلام سەھرا بالىسى قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ھەرخىل ئۇيۇننى ئويناپ مەيدانلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشكە، ۋېلىسىپىتنى مىنىپ يېزا يوللىرىدا قۇيۇنداك چېپىپ ئويناشقا، مەكتەپ فورمىسىنى كىيىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن «بىز بەختلىك ئەۋلاد» دېگەن ناخشىنى جاراڭلىق ئېيتىشقا، ئاتا- ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ شادلىق ئىلكىدە ئۇلارنىڭ مەڭزىگە سۆيۈشكە ھەقلىق بىر ئۆسمۈر بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ، توپا يېغىپ تۇرغان بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقانىدى. مەن سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇمغا مەكتەپنىڭ « بىر تەشتەكتىن گۈل ئەكىلىش » تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ يېنىدىكى گۈل بازىرىدىن 20 يۈەنگە بىر تەشتەك گۈل ئېلىپ بەرگەنىدىم. خىيالىمدا ئادەتتىكى بىلەن ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بىر سەبىي بالا بىر- بىرىگە روبىرو تۇراتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر 12- مارت ئەتىگەندە شىۋول يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاشۇ بىچارە ئوغۇل ئوقۇغان مەكتەپنى كۆرۈش، ئەھۋالنى ئېنىق ئۇقۇش، ئۆلۈۋالغان ئوغۇلنىڭ سىڭلىسىنى يوقلاش ئىدى. گۇرۇپپىدىكى بارلىق ئەزا بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ راستلىقىغا ئۆزلىرىنى ئىشەندۈرەلمەيۋاتاتتى. ئۇلار ھېلىدىن - ھېلىغا باشلىرىنى چايقايتتى. ماشىنىلار كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن يولغا چىقىپ بىر يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن شىۋول يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە قارىساق چوڭ يېغىن ئېچىلىۋاتقانىكەن. بىر نەچچە ئېغىزلىق ئاددىي سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق مەيداندا ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇغۇچىلار زوڭ ئولتۇرۇپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتچىلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش» توغرىسىدىكى سۆزىنى ئاڭلاۋاتقانىكەن. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاۋازى سىنىپ بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇپ قويۇلغان كانايدىن ياڭراپ تۇراتتى. ھاۋا چاڭ ھەم سوغۇق ئىدى. بىز بارغاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى سۆزىدىن توختاپ ھەممىمىز بىلەن كۆرۈشتى. شۇ ئارىدا دىكتور مۇنىرە غوپۇر ھېلىقى قىزنى تېپىپ، يانغا تارتىپ پاراڭلىشىۋېتىپتۇ. مۇخبىر ئەنۋەر رۇزى تېلكامىراغا ئېلىۋېتىپتۇ. سوغۇق ھاۋادا يېلىك

كىيىنئۇالغان قىزچاق نىمجان كەپتەردەك دىرىلدەپ تىترەپ، بۇ ناتونۇش، ئەمما مېھرى ئوتلۇق مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا قورۇنۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا جاۋاپ بېرىۋېتىپتۇ. مۇنۇ غۇپپۇرنىڭ كۆز ياشلىرى تارامىلاپ ئېقىپ ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ. بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان پاجىئەلىك ھېكايىنىڭ بىر ئاساسلىق پېرسوناژى بولغان قىزچاق تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەنمۇ ياكى گۆدەكلىكىدىن بۇ پاجىئەنىڭ تىرگىدىيىلىك قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزىدە بىر تامچىمۇ ياش يوق ئىدى. ئەمما سوغۇقتىن توختىماي تىترەيتتى. مۇنىرە غۇپپۇر ئۆزىنى ۋۇجۇدى بىلەن بولسىمۇ ئىسسىتىش ئۈچۈن باغرىغا بېسىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا مەكتەپ مۇدىرى يىغىن ئەھلىگە بۇيۇك يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قىزى، شىنجاڭ تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى گۈلشەن ئابدۇرېھىمنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن 2000يۈەن ئىئانە قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. زوڭ ئولتۇرۇپ يىغىن تىڭشاۋاتقان ئاتا – ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىشتى. ئارقىدىن گۇرۇپپىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىئانە قىلىشتى. مۇنىرە غۇپپۇر رازىخان ئىسىملىك ھېلىقى قىزنى يېتىلەپ كېلىپ، گۇرۇپپىدىكى ھەممەيلەنگە تونۇشتۇردى. قىزنىڭ گويا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ھالىتى قەلبىمىزگە ئورناپ كەتتى. قىزچاق چەمبەر شەكلىدە چۆرىدەپ قاراپ تۇرغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توپىلىق مەيداندىن ئۈنۈپ چىققان قالغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكتەك ئۇن – تىنسىز تۇراتتى. تۇتۇق ئاسماندىن توختىماي توپا يېغىۋاتاتتى. ئاسمانمۇ توپا، يەرمۇ توپا ئىدى. ئاسمان بىلەنيەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپقارا قىسمەتنىڭ ئىلكىدە 11 ياشلىق رازىخان بۇ دۇنياغا قۇيۇلغان سوئال بەلگىسىدەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. كۆزلەر نەملەشكەنىدى. ھېچكىم ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. بىز شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. كەچتە يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، شائىر رۇزى سايىت ( 1943-2011.9.8) ۋە بىر قىسىم دوختۇر ئاغىنىلەر بىلەن «خوتەن مېھمانخانىسى» نىڭ ئايرىمخانىسىدا غىزالانغاچ پاراڭلاشتۇق. يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن شائىر رۇزى سايىت پاراڭ ئارلىقىدا مەندىن ئۇرۇمچىدىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە سوراپ قالدى. مەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان ئۇچراتقان ئەڭ يېڭى خەۋەر سۈپىتىدە شۇۋۇلدىكى رازىخاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم. سورۇندىكىلەر ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندى. ئىرادىسى قاتتىق، ئەمما كۆڭلى يۇمشاق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. خەلقچىل شائىر رۇزى سايىت « بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يىغىغا ئەگىشىپ يۆتىلىمۇ تۇتتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە يۆتەلدى. ..»

يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى « شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىنىڭ 2001 – يىلى 5- سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىرغا كىسەل تەگكەن كۈنلەردە» ناملىق خاتىرىسىدە«خوتەن مېھمانخانىسى» نىڭ ئايرىم خانىسىدىكى سۆھبەت ئەھۋالىنى قىستۇرۇپ يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنى بۇ پاجىئەلىك ھېكايىدىن ئەڭ دەسلەپ خەۋەردار قىلدى. بىز بىر ئايغا يېقىن ئىلىپ بارغان تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلەپ «ئىچكى ماتېرىيال » سۈپىتىدە ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدىكى پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا يەتكۈزدۇق. شۇۋاقىتتىكى رىزىقلىقنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ھۆججەتلىك فىلىمدىن تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ خاتىمىسىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىلتىماس قىلدۇق. بۇ مەسىلىنى قايەرلەردىن، يەنە كىملەر، قانداق يوللار بىلەن ئىنكاس قىلىپ، ئىلتىماس قىلدى. بىز ئۇنىڭدىن بىخەۋەر. ئەمما، شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىشلەپ يۇقىرىغا يوللىغان ھۆججەتلىك فىلىم بەكمۇ تەسىرلىك، ئەمەلىي ھەم جانلىق ئىدى. كۆرگەن ھەر قانداق رەھبەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى. بىزنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 2002 – يىل 15 – سېنتەبىردىكى «شىنجاڭ گېزىتى«200مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى دەرسلىك كىتابلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ» دېگەن خەۋەر بېسىلدى. دەرسلىك كىتابلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىغان ئوبيېكتلار خوتەن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىكى 200 مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى ئىدى. بىز ئىشلەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللىغان «ئىچكى ماتېرىيال» نىڭ بۇ خۇشاللىنارلىق خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مۇناسىۋىتى يوق دېگىلى بولمايتتى. بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتى، تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىگەنىدى. بۇ خىزمەتتە ئابدۇرازاق سايىم ئالاھىدە رول ئوينىغانىدى. ئۇ، بۇ گۇرۇپپىنى تەشكىللىمەي، ئۆزى مەسئۇل بولغان دائىرىدىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. لېكىن، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى ئىزدىنىپ يۈرۈپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ كادىر بىر قىسىم نانقىپى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان. ئىزدىنىپ ئىشلەش ئادىتى يوق كادىرلارغا پەقەت ئوخشىمايتتى. ئۇ قايسى ئورۇندا ئىشلىسە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغۇدەك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلغانىدى. ئابدۇرازاق سايىم 1996- يىلى دېكابىردا ئاقسۇ ۋىلايىتى كونا شەھەر ناھىيىلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلەپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا

چۈشكەن مەزگىلدە ئاپتونوم رايۇنىمىزنىڭ يەر –جاي نــاملىرى ئىلمىــي نوقتىســدىن ئېيتقاندا ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىشنىڭ روياپقا چىقىشىغا تۆھپە قوشقان. يەنى، بۇ ناھىيىنىڭ شۇ يىللاردىكى «كونا شەھەر» دېگەن نامنى تارىختىكى ئەسلىي ئاتىلىشى بــۇيىچە « ئونسۇ» دەپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەمۇرىيەت ۋە قانۇن تەرتىپى بۇيىچە زېرىكمەي يول مېڭىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان. كۆرىمىزكى، بىر قىسىم كــادىرلار خەلــق بەرگەن ھوقــۇقنى ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت دەپ چۈشــىنمەي ئىمتىيــاز دەپ چۈشــىنىپ، ئۆزىنىڭ خەلقــقە مــۇلازىمەت قىلىــدىغان «چاكــار» لــىق بــۇر چىنــى ئۇنتــۇپ، ئــۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشتىن باشقىنى ئــارتۇقچە دەپ قارايــدۇ. مەن بۇنــداق مەسئۇلىيەتسىز كادىرلارغا ئەزەلدىن ئــۆچ. ئــۇلار ھوقــۇقنى مــۇلازىمەت دەپ ئەمەس، ماختىنىدىغان مەنسەپ دەپ چۈشىنىدىغانلاردۇر. بۇنداق كادىرلاردىن مەنــلا ئەمەس پــارتىيە، ھۆكۈمەتمــۇ، ئــاۋام خەلقمــۇ بىــزار. مېنىــڭ چۈشىنىشــىمچە، «مەجبــۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتابلار بىلەن ھەقسىــز تەمىنلەش توغرىسىدىكى سىياسەتنىڭ قارار قىلىنىشىدا، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا مۇۋاپىق يول بىلەن يەتكۈزۈپ كەلگەن كادىرلار تۆھپىسى گەۋدىلىك ئىدى. ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئەمەس، خوتــۇن–بــالىلىرى ئۈچــۈن شەخســى مەنپەئەتــىنگىلا كويىدا ئىدى. شۇڭا، كادىرلار ساپاسى مەسلىسى ھازىر ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مەسلە بوپقالدى.

«مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرىسلىكلەرنى ھەقسىز تــارقىتىش مەسلىســى ھەل قىلىنغــان بــولۇنكى كۈنــدە 20 يــۈەن كىتــاب پــۇلىنى تەييارلىيالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئاكىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان بەختسىز قىز رازىخان ئالىلقاچان 20 ياشتىن ئاشــتى. ئۇنىــڭ تەقــدىر – قىســمىتىدە يەنە قانــداق ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بالىسى مەكتەپتە ئوقۇسا، چوقۇم دەرسلىكنى سېتىۋېلىش يۈكىدىن خالىي ھالدا ئوقۇيدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمــۇ غەم ـغۇسسىز چوڭ بولىدۇ ، دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە.

# زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ؟

يېقىنقى يىللاردا شېئىر-قوشاقلاردا، سەھنە - ئېكرانلاردا «ئانىلار ئۇلۇغ»، « جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئانا» ،«ئانا ھەممىدىن ئۇلۇغ» دېگەندە ئوخشاش تەرىپ ۋە مەدھىيە سىكزلىرى خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ قالدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشىلەرمۇ بۇ سۆزلەرنى دائىم دېگۈدەك ئىستىمال قىلىدىغان بولدى. كىشىلەر ئانىلارنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارىقۇيۇق ئۇلۇغلايدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار ئومۇمەن مۇنداق قارايدۇ :« ئانىلار توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغىدۇ ؛ يەنە بالا ئېمىتىدۇ، بالىنى پەرۋىشلەپ چوڭ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار ئۇلۇغ، ئانىلار ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئىنسانلار !»

بىرىنچى، ئانىلار ئۇلۇغ بولسا، دادىلار ئۇلۇغ ئەمەسمىكەن؟ شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئۇرۇنسىز تالاش-تارتىشنى پەيدا قىلىشتۇر. بىلىش لازىمكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئاياللىرى ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەرلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس. ئۇلۇغلۇق ئادەمنىڭ جىنسى، يېشى، نەسەبى، مىللىتى ئاساس قىلىنىپ ئايرىلىدىغان مەسىلە ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى قانداقتۇر « ئۇچار قاناتلاردىن جان - جانىۋارلارغىچە بولغان پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى چىشى جىنسلىقلارغا ئورتاق بولغان پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى چىشى جىنسلىقلارغا ئورتاق بولغان تۇغۇش، بېقىش، ھىمايىسىگە ئېلىش، ئاسراش - پەرۋىش قىلىشتەك جەريان بىلەنلا چەكلەنسە كۇپايىلىنەلمەيدۇ.» ئانىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ ئانىلار بار، دادىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ دادىلار بار. ھەرەبزمۇ ئۇلارنىڭ « ھەممىسى ئۇلۇغ» ئەمەس! ئانىلارنى ئۇلۇغلاپ ئاجايىپ پاساھەتلىك مىسرالارنى تۈزگەن، ئانىلارنى مەدھىيىلەپ ناخشا- قوشاقلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، بىز بۇنداق ھاياجانلىق ھىسسىياتنىڭ قانداق ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىشى لازىملىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەقىقي ئۇلۇغلۇق «بالا تۇغۇش» بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىدىيىنى، ئۇلۇغ نىشاننى تۇغۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەقىقي ئۇلۇغ ئانا قىيىن تاللاشلارغا توغرا كەلگەندە توغرا يول تاپالايدىغان ئەقىل - پاراستى بىلەن، ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەي، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان جەڭگىۋار

روھى بىلەن، كىشىنى ئەيمەندۇرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان پاكلىقى بىلەن ، ھۆسنىگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس لاتاپەت قوشىدىغان پەزىلىتى بىلەن، يىمىرىلمەس قورغاندەك ئېتىقادى بىلەن ئۈلگە بولىدۇ. بىرلا جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى دادا، مەيلى ئانىغا نىسبەتەن بولسۇن ، «ئۈلگە» لۇقىنىڭ ئەڭ ئالىي شەرتى ـ خەلقچىللىق؛ قانچىكى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئادەم بولسا، شۇنچە ئۈلگە بولىدۇ. .. مۇشۇنداق شەرتنى ھازىرلىغان ئانا ئەمەس، بەلكى ئىنىكئانا بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار قارىغۇلارچە ھالدا ئۈلگىلانسا ياكى ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىقى«بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» قا باغلاپ قويۇلسا، ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىزلاپ، ئۆزگە قويىدىغان تەلىپى تۆۋەنلەپ، بىخۇدلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرىلىدۇ. چۈنكى، ئانىلارنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمايدىغان مەسئۇلىيتى ـ ئائىلە ۋە مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان باللىرىنى جاپالىق ئەجىر، دۇرۇس تەربىيە بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان يارامىلىق ئىز باسارلارغا، ئانا ۋەتەنىنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالىدىغان، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئەزمەتلەرگە ئايلاندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن مەشھۇر سۆزى دەل ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلالىشى ياكى ئادا قىلالماسلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان.

ئانىلارنى ئۈلگىلاشتا ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغان يۇقىرقى شەرت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ «ئۈلگە» دېگەن سۆپەتنى پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى ئانىغا ئاتا قىلىۋېرىش ـ بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىنىڭ مۆجمەللەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر ئانىلار قارىقۇيۇق ئۈلگىلىنىپ، ئۇلارغا بىر تەرەپلىمە ھالدا مەدھىيە ئوقۇلىۋەرسە، ئانىلا ئاربىسىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش ئېڭى تېخى يېتەرلىك ئويغانمىغان مىليونلىغان نادان ئانا خاتا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، ئائىلىدە ئەرلىرى بىلەن مەرتىۋە ۋە باراۋەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئاقىۋەت ئۈلغىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا « ئەر ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن قانۇن تەشۋىقاتىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەممە ئىشتا تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى قوشۇلسا، «ئائىلە» دىن ئىبارەت ئىمارەتكە ئىچىدىن دەز كېتىشكە باشلايدۇ. ئېنىقكى، بىر ئائىلىدىكى بارلىق ئەزا ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇق، ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت « قانۇنىيەت» تىن ئىبارەت مۇقەددەس مىزان ئۈستىگە قۇرۇلغان. «قانۇن» بىلەن « قانۇنىيەت» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئاۋۋال قانۇنىيەتنىڭ مىزانىغا بويسۇنۇش،

ئاندىن قانۇننىڭ نىزامىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ھەر قانداق ئائىلىدە بۇ خىل « قانۇنىيەت ئېڭى» ئاجىزلاپ، «قانۇن ئېڭى» كۈچىيىپ كېتىدىكەن، ئۇنداق ئائىلە رىقابەتلىشىۋاتقان رەقىبلەر سورۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا، يەنە دادا دادىلىق، ئانا ئانىلىق، ئەر ئەرلىك، ئايال ئاياللىق، بالا بالىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا ۋە شۇ ئاساستا مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق ئائىلە ئاخىرقى ھىسابتا ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ.

«زامانىۋىلىشىش»نى يېتەكچى شۇئار قىلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىنسان تەبىئىتىگە يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىش، ئەر بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك قەدىمىي مۇقەددەس تەپەككۇرلۇق كۆنسايىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» شۇئارى ئاستىدا ئەرلىرىنى بىر ياقتا قايرىپ قويۇپ «ئائىلە» دىن ئىبارەت ئىلىق ئۇۋىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى سىرتقا ئېتىۋاتقان ئاياللار كۆنسايىن كۆپەيمەكتە. ... مۇشۇنداق نامۇۋاپىق يۈزلىنىش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ئائىلىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشماقتا. ئائىلە نىزامى جەھەتتە ئەركىنلەشكەن ئائىلىلەر ناھايىتى مۈشكۈل ئەخلاق كىرىزىسىگە پاتماقتا. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قان كېچىپ قۇربان بېرىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئەركىنلىك بار، شۇنداقلا يەنە ئالقىنىڭدا تۇرسىمۇ، ئىككىلەنمەي چۆرۈپ تاشلىۋەتسە بولىدىغان ئەركىنلىكمۇ بار! شۇڭا ، «ئەركىنلىك» مەسىلىسىنى ئائىلىگە تەتبىقلىغاندا، باشقىچە ئويلىشىپ بېقىش كېرەك. مېنىڭچە، ئەركىنلىكنى ئەمەس، «مەجبۇرىيەت» نى شۇئار قىلغان ئائىلە-پالاكەتچىلىكتىن يىراق ئائىلىدۇر.

ئىككىنچى، ئانىلارنى قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش ھادىسىسى-ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھەتتا ھاقارەت بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار بارلىق ئانىغا ئورتاق بولغان «بالا تۇغۇش، بالا ئىمتىش، بالا چوڭ قىلىش» تەك ئۇمۇمىي شەرت بىلەن ئۇلۇغلانسا، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ، باشقىلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشىدىغان، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسە، ئىككىلەنمەي قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان پىداكار، باتۇر، غورۇرلۇق، مەسئۇلىيەتچان ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئانىلار ئارىسىدا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ئويلىنىپ، گۈزەل كېلەچەك، پارلاق ئىستىقبال ۋە غالىب ئاقىۋەتلەرنىڭ ئارزۇسىدا يىلاندەك تولغىنىپ، ئوت-ئاتەش بولۇپ ياندىغان ئانىلارمۇ

بار؛ تالاڭ ئاتقۇچە ئەيش – ئىشرەت كۇلۇبلىرىدىكى كۆلچەكلەردە ئۆزۈپ، ئۆزگىلەرنىڭ كارۋاتلىرىدا خۇددى يوقاتقان ھالدا ئېغناپ، ئەر ۋە بالىلىرىنى نۇمۇس دەرياسىغا غەرق قىلىپ، ھاقارەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ پۇرچىلاۋاتقان ئانىلارمۇ بار؛ ھايات – ماماتلىق سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن بارلىق پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ۋە بارلىق جاسارىتىنى نامايەن قىلىپ ياشاۋاتقان مۇنەۋۋەر ئانىلارمۇ بار؛ يولىدىن ئازغانلارنىڭ كېچىدە ئادىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن گۈلخان ياقىدىغان، ئۇلار ماڭماق بولغان چۆللەرگە قۇدۇق كولاپ ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئانىلارمۇ بار؛ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخي شۆھرەتلىرىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار روھىدىن كۈچ – مەدەت ئېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ شەنىگە نۇر بېغىشلاش كويىدا ئىزدىنىپ ياشايدىغان پەخىرلىك ئانىلارمۇ بار؛ ئۆز ئەجدادىنىڭ قاتىلىنى ئۆز قوينىدا ھۇزۇرلاندۇرۇپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن لەنەتكەردى ئانىلارمۇ بار! ئانىلارنى مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە پرىنسىپ بويىچە ئۇلۇغلىماي، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈنلا، قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش ـ مىللىي پىسخىكىمىزدا پەرۋاسىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈيغۇسىنىڭ ئۇستۇنلۇك قازىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنچىكە، پۇختا ئىش كۆرۈش روھى ئاجىز، پەرق تۈيغۇسى مۇجمەل، مەسىلىلەرنى ھەقىقەت نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قىممەتى ئوخشاش! بىزگە ئوخشاش، يۈكسىلىشنىڭ كويىدا كېچە – كۈندۈز تىپىرلاۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلۇغلاش ئوبيېكتىنى توغرا بېكىتەلمەي، «ئۇلۇغ» دېگەن بۇ ئالىي ماركىنى كىمگە چاپلاشنى ئاڭقىرالماي قايمۇقۇپ يۈرۈش بەكمۇ بىچارىلىكتۇر.

ناۋادا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئانىلارنى ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، جاللات شىك شىسەينىڭ ئانىسىمۇ بۇ ئۆلچەمگە پۈتۈنلەي چۈشىدۇ. ئايالالار تۇرمىلىرىدىمۇ بۇ شەرتنى ھازىرلىغان ئايالالار كۆرمىك! ئەمما، ئاشۇلار «ئۇلۇغ ئانا» دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىمدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئانىلارنى كەلسە – كەلمەس ئۇلۇغلاش – ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئۇچۇق ھاقارەت.

ئۈچىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى «ئۇلۇغ» دەپ سۈپەتلەنسە، بۇ سۈپەتلەش فىزىئولوگىيىلىك سەۋەب تۈپەيلىدىن پەرزەنت كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئاياللارنى

كەمستكەنلىك بۇلۇپ ھساپلىنىدۇ. تۇغۇش – ئاياللارنى كەمستكەنلىك بۇلۇپ ھسابلىنىدۇ. تۇغۇش – ئاياللارنىڭ تەبئىي ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئورتاق فىزىئولگىيىلىك خۇسۇسىيىتى. بىر جەمئىيەتنىڭ ئانىلارنى بۇنداق بىمەنە ئۇلۇغلىشى ئالدىدا، پەرزەنت كۆرەلمەسلىك قىسمىتىگە مۇپتىلا بولغان ئاياللار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ. گۇناھسىز ئاياللارنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇنداق مەنتىقسىز ئۇلۇغلاش ھادىسىسىنىڭ باشقىلارغا كەلتۈرىدىغان بېسىمنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە نوقۇل ھالدا بالا تۇغۇپ ئانا بۇلۇش ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋىيە ياكى ساپا ئالدىنقى شەرت قىلىنمايدۇ ، ھەتتا بۇ ئىش بەزى گاس – گاچا ئاياللارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقلىنىڭ روھىنىڭ قانداق بۇلۇشىدىن قەتئىنەزەر، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولسىلا، نامدىكى «ئانا» لارنىڭ سېپىگە قوشۇلىشىنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بىراق، ئۆز پەرزەنتىنى ئىنسانادەك ياشاشقا ئىگە قىلىشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاش باشقا بىر گەپ. بۇنداق شارائىت ھەر بىر ئانىدا پاك ئەقىدە ۋە مۇئەييەن نىشان، بەلگىلىك ساپا ۋە سۈپەت، قېيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە جاپا مۇشەققەتتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھ ھەمدە ئۆزگە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستىراتىگىيىلىك مەنپەئەتنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر مەنىۋى كۆز بولغاندا ئاندىن ھازىرلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئانىنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان باللار بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسىگە ھاياتىي كۈچ بۇلۇپ قېتىلىدۇ. بۇنداق شارائىت ھەر بىر ئانىدا پاك ئەقىدە ۋە مۇئەييەن نىشان، بەلەبلىك ساپا ۋە سۈپەت، قېيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە جاپا – مۇشەققەتتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھ ھەمدە ئۆزگە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستىراتىگىيىلىك مەنپەئەتنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر مەنىۋى كۆز بولغاندا ئاندىن ھازىرلىنىدۇ. مانا شۇنداق ئانىنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان باللار بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسىگە ھاياتىي كۈچ بۇلۇپ قېتىلىدۇ. بۇنداق شارائىتنى ھازىرلىمىغان ئانىلارنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان باللارنىڭ كۆپىنچىسى گېزى كەلگەندە بىر ۋاقلىق تاماق ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي سېتىلىدۇ!

تۆتىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى ئۇلۇغلانسا، بۇنىڭدىن «قانچە كۆپ بالا تۇغسا، شۇنچە ئۇلۇغ ئانا، قانچە ئاز تۇغسا، شۇنچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇلۇغ ئانا؛ تۇغمىسا، ئۇلۇغ ئەمەس» دېگەن بىمەنە يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. ئويلاپ باقساق، پادىچىنىڭ قىممىتى پادا سىنىنىڭ ئاز – كۆپلىكىدە ئەمەس بەلكى ئۆز پادىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ

مەنىدىن ئېيتقانـدا، ئانىنىـڭ قىممىتـى ئـۆزىگە يـۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى، يەنـى پەرزەنتلىرىنـى زامانىنـىڭ تەلىپـى، مىللەتنىـڭ ئېھتىياجىغـا مۇناسـىپ يـارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيلەپ چىقالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر، ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شـەرت قىلىنىۋېلىنسـا ، ھەر قـانچە بىلىملىـك، ھەر قانچە پەزىلەتلىك ئايـال بولسـىمۇ، بـۇ خىـل ئۇلۇغلـۇق شـەرتىگە يېقىنلىشـالمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «يەتتە قىزلىرىم»، نۇزۇگۇم، رىزانگۇللەر ئانا ئەمەس، بەلكـى قىزلاردۇر. ئۇلار نەچچە ئەسىردىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇلماي ئۇلۇغلىنىـدۇ؟ چـۈنكى ئۇلار ھۆرلۈك ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىـڭ ئىنسـانىي قەدىـر - قىممىتىنـى ھەممىـدىن ئـالىي بىلگەنلىكـى، ئەلنىـڭ بەخـت - سـائادىتى ئۈچـۈن پىداكارلىق بىلەن قۇربان بەرگەنلىكى ئۈچـۈن ئۇلۇغلىنىـدۇ. بىـز يـۇقىرىقى بىـمەنە « شەرت» نى ئاشۇ ئۇنتۇلماس قەھرىمان قىزلىرىمىزغا قويۇشـقا پېتىنـالايمىزمۇ؟! تەڭـرى ئاتا قىلغـان تەبىئـي ئىقتىـدار ۋە ھەمـمە ئايالغـا ئورتـاق بولغـان فىزىئولوگىيىلـك ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىپلا «ئـانىلار ئۇلـۇغ» دېـيىش ھەقـىقەتەن كۈلكىلىـك. ھەر قانداق قىز بالاغەتكە يەتكەندە فىزىئولوگىيىلىك نوقتىسىدىن ئانا بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن بىز ئۇلارنى «ئۇلۇغلـۇق مەرتىۋىسـىگە كۆتۈرۈلـۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر»، «كاندىدات ئۇلـۇغلار» دەپ ئېيتسـاق مۇۋاپىـق بولامـدۇ؟ بالا تۇغقا، ئېمىتكەن، چوڭ قىلغان ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا «ئانا» دېـگەن سـۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ؛ شۇ تۈپەيلى ئانىلارنى قـارىقۇيۇق ھالـدا ئۇلـۇغلاش ـ نورمالسـىزلىق. ئەمما ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشـى، كۆتۈشـى، ھەتتا «ئانام دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانا» دەپ چۈشىنىشى ئۆزىنىڭ ئەركـى. بۇنـداق ھىسسىياتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. «ئانام ئۇلۇغ» دېگەن سۆزنىڭ خارەكتېر ۋە مەنە پەرقى ناھايىتى زور. ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئۇلۇغ كۆرۈش بىلەن ئومۇمىي ئانىلارنى ئۇلۇغ كۆرۈش پىرىنسىپال مەسىلە. بۇ يەردە ھىسسىيات بىلەن ھەقىقەتنىـڭ مۇناسـىۋىتىگە ياتىـدىغان نازۇك پەرق مەۋجۇد.

مەنبە : شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژورنىلى2010 ـ2ـ سانىدى ئېلىندى.

# 20-ئەسىردىكى تۆھپىكار

## ئىسلاھاتچى-ئابدۇقادىر داموللام

ئىسلاھات ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يورۇق تېما. ئىسلاھات-ياخشىلاش، تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش دىمەكتۇر. يەنى، ۋاقتى ئۆتكەن كونا تۈزۈم، كونا مەدەنىيەت ۋە كونا ئىدىيەلەرنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ، تۈزىتىپ، گاھىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ھاياتى كۈچكە باي يېڭى تۈزۈم، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئىدىيەنى يارىتىش ياكى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھات شەكىل كۆپ خىل، ئۇنۇمى پەرقلىق بولسىمۇ بىراق ئورتاقلىقى شۇكى، بارلىق ئىسلاھات ئىنتايىن مۇشكۈللۈك ئىچىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئىسلاھاتچىلار ئالدى بىلەن قۇرقماس جاسارەت ىبراقنى كۆرەر پاراسەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.بۇنداق تۈپ ساپانى ھازىرلىمىغان كىشىنىڭ ئىسلاھاتچى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق داڭلىق ئىسلاھاتچى دەل مۇشۇنداق ساپاغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلەردۇر.

20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۆھپىكار ئىسلاھاتچى، مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام دەل مۇشۇنداق تۈپ ساپاغا ئىگە زات ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىسلاھاتچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللى ھاياتىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىنى يورۇتۇشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە جەدىتلىك ھەرىكىتى قاچان، قانداق باشلانغان؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتى تاتارمەرىپەتچىلىرى قوزغىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ ئىدىيۋى ئىقىم پەيدا قىلالىغانمۇ-يوق ؟ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەدىتلىك ئىدىيىسىگە ئىگە مەنىۋى يولباشچىلار بارلىقتا كەلگەنمۇ-يوق ؟

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى قانداق تەسىر ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان؟ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ئېڭى ۋە مىللىي ئېڭى قاچاندىن باشلاپ ئويغانغان؟ بۇ بىر قاتار مەسىلە بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىدىيە، ئەدەبىيات، تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. مەن بۇ ماقالەمدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ

ھاياتى، ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جەدىتىلىك پائالىيەتلىرىنى بىر قەدەر مەنتىقىلىق رەۋىشتە بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىنقىسىز مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. مىنىڭچە، ئابدۇقادىر دامۇللام دەۋرى بولغان 1910-يىللىرىدىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى يورۇتقاندا بۇ مەسىلىلەرگە بىر قەدەر رۇشەن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىسلامىيەت تارىخىدا 18-ۋە 19ئەسىرلەر مىسلىسىز پاجىئەلىك دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

چۈنكى، بۇ ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دۇنياۋى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە بولغان تۈرك ئوسمانلى بىلەن تۈرك موغۇل ئىمپېرىيەسى كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ، قەدەممۇ -قەدەم زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەم ئاخىرقى ھېساپتا بېرى يوقىتىلىپ، بېرى لىكىشىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى، ئافغانىستان ۋە ئىران ئىگىزلىكى ئۇششاق ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھالىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان بۇ ئەسىرلەردە ئىسلەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بېرى يامراپ كىلىۋاتقان ھەرخىل دىنى مەزھەپنىڭ بىدئەت قاراشلىرى ۋە چاكىنا تەشەببۇسلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە -ئېتىقادلىرىنى ئىزىدىن چىقىرىۋەتكەن، بولۇپمۇ سوپى -ئىشانلار گۇرۇھى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەلتەنىتىگە سالجىدەك چاپلىشىۋىلىپ، ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيا ھەققىدىكى جەڭگىۋار قاراشلىرىنى چىرىتىۋەتكەن، تەركى- دۇنيالىقنى ئەڭ ئالىي ئەخلاق دەپ داۋراڭ سىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ھايات سەھنىسىدىن بەخت ئىزدەش غايىلىرىنى سىرلىق خىيالى تۈيغۇرلىرىدىن قانائەت ئىزدەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا بۇرىۋەتكەن. سوپى-ئىشانلار گۇرۇھىنىڭ قايمۇقتۇرۇش كۈچى زۇر تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار جامائىتىنى ئىزدىنىش ۋە كۈرەش جاسارىتى كەمچىل مەرىپەت روھى سۇس، ئەقىل كۈچى زەئىپ، ئىمانى مۇجمەل، ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن ئاڭقاۋ (نادان) جامائەتكە ئايلاندۇرۋەتكەن، تەركى-دۇنياچىلىق كەيپىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۋاتقان بۇنداق شارائىتتا ياشىغان كىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى بارا- بارا خارۇ-زارلىق كوچىسىدا قىقلىپ-سوقلىپ ياشاشنى ھار ئالمايدىغان بىپەرۋا جامائەتكە ئايلانغان. قىسقىسى، سوپى -ئىشانلانىڭ تەركى-دۇنياچىلىق تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ھۇرۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق، ئىللەتلىرىنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۋەتكەن.«بۇ سوپىلار دەۋرىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى تامامەن ئۇلارنىڭ بوياقلىرى بىلەن بويۇلۇپ كەتكەن، قەيەردە شەھەر ياكى يېزا بولىدىكەن. ئۇ يەردە سوپىلار بار ئىدى».

دېمەك ئىسلامى ھاكىمىيەتلەرنىڭ زەئىپلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ چۆشكىنلىشى،

ئىسلام ئېتىقادىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەھكۇملۇققا يۈزلىنىشى ئېغىر تارىخى يۈزلىنىش بولۇپ قالغان مۇشۇ دەۋرلەردە ھاكىم مىللەتلەر ھېساپلىنىدىغان ياۋرۇپا ئەللىرى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە كۈنسېرى قۇدرەت تېپىپ، كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مەرىپەت روھى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئويغىنىپ، رىقابەت ئىقتىدارى ئېشىپ، ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تېپىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ توپ -زەمبىرەكلىك كېمە -پاراخۇتلىرى دېڭىز -ئوكيانلارنى تىنىمسىز كېزىپ، زامانىۋى قوشۇنلىرى سەلدەك يامراپ، يېڭىدىن -يېڭى مۇستەملىكە زېمىنلارنى ئېزىدىمەكتە ئۇلارغا نىسبەتەن تولىمۇ سېرلىق ھەم سېھىرلىك ھېساپلىنىدىغان شەرق ئۇلارنىڭ بۇيسۇندۇرۇش، تالان -تاراج قىلىش نىشانى ئىدى. ئۇلار شەرقنى بۇيي سۇندۇرۇش ۋە تالان-تاراج قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدا بىر -بىرى تىنىمسىز بەسلىشەتتى. بولۇپمۇ قارام نىيىتى تېشىپ تۇرغان بىرىتانىيە ئىمپىرىيىسى بىلەن چاررۇسىيە ئىمپېرىسىنىڭ بەس-بەستە زېمىن كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى شىمالى ئافرىقا، ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىندا كەينى-كەينىدىن پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ، قۇللۇق كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس زەنجىرلىنىپ ئۇمۇد چىرىقى بارغانسېرى خىرەلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ تارىخى دۆشمەنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ھەسرەت ئىلكىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئېغىر تارىخى كۈلپەت ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخى شان-شۆھرىتى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ مىللىي ئەرك -ھوقۇقى ۋە مەرىپەتچىلىك روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان شىر يۈرەك مىللى داھىلار بىلەن ئوت يۈرەك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۈلپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەقەززار قىلدى.19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن ئىسلاھات روھىغا ئىگە ئىسلامىيەت دۇنياسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇش قوڭغۇرىقىنى چالدى.

شۈبھىسىزكى، ئىسلاھات روھى كۈچلۈك ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتى يېقىنقى زامان ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتىدىكى مۇھىم تۈرتكە ھېساپلىنىدۇ. خۇددى زامانىمىزدىكى خەنزۇ تەتقىقاتچى سەي دېگۈي ئېيتقانىدەك :«ئىسلام مىللەتلىرى ئاجىزلاشقان ۋە قۇل قىلىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ مىللەتنىڭ جاسارىتى ۋە ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى»، «ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىدىيەسى ۋە تىنىماي كۈرەش قىلىش روھى شەرق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى گۈللىنىشكە يېتەكچى بولىدۇ». تىخمۇ توغرىراقى، «ئۇلارنىڭ تەلىمى تالاش

– تارتىشسىز هالدا شەرقتىكى ئىدىيە گۈللىنىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.» 19- ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىردىن ئېيتقاندا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ دۇنياۋىي موتەپەككۇر ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «بىرەر ئىسلام دۆلىتىگە بارسا، شۇ دۆلەتنىڭ زىمىندىكى چىرىك ھۆكۈمرانلارغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلاپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرۇۋەتتى.» ئۇلارنىڭ ھاياتىدا كىشىلەرگە قالدۇرىغان گەۋدىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىرى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئىتىپاقلىش ۋە ئويغۇنىشىنى ئارزۇ قىلىش ھەم مۇستەملىكچىلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ھەمدە مۇشۇ يولدا باش ئەگمەي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىدىن ئىبارەت. ‹‹مۇشۇ تەشەببۇس ئاساسىدا، ئۇلار سىياسى، ئىجتىمائى ۋە دىننى ساھەسىدىكى بىر قاتار چوڭ مەسىلىدە پەيلاسوپنىڭ مەنتىقى چوڭقۇرلىقى ۋە باتۇرلىقىنى، سىياسەتچىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى، دىننى ئىسلاھاتچىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە ئوچۇق-يورۇق خىسلىتىنى ئىپادىلىدى.»

ئۇلار مەسىلىنى رەت قىلغۇسىز دەرىجىدە ئىنىق، چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قوياتتى.ئۇلار، تەبىئى پەنلەر روھى تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تەبىئى پەنلەر روھىنى ئۇيغىتىش ئۈچۈن «خۇدا ئىككى كىتاب ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ بىرى (قۇرئان )، يەنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت. بىر مۆئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش لازىم »دېگەن.

ئۇلار يەنە مۇنداق قارىغان :«كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام دىنىنىڭ قاتارىغا ھەرخىل تەركىبتىكى كىشىلەر كىرىپ، ھەرخىل ئىدىيە فورماتسىيەسىنىمۇ ئېلىپ كىرىپ، ھەرخىل غەيرى ئەقىدىنى شەككىلەندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، كۈچلۈك تەسىر ۋە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئىسلام دىننى ئەسلىدىكى ئەقىدە ۋە پىرىنسىپلاردىن چەتلىتىۋەتتى. دىندا پائال كۈرەش قىلىدىغان روھ تۈگىدى. كونىلىققا يېپىشىۋېلىش، پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈش مۇسۇلمانلارنىڭ (نىسۋىسى) بولدى. ۋاقتىنىڭ ئۆزۈرشى بىلەن دەۋرنىڭ ئالغا بىسۋاتقان ئىقىمدىن ئايرىلىپ قالدى.» شۇڭا ئۇلار «ئىسلاھاتنى دىندىن باشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىدىئولگىيەسىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك، دەپ قاراپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋرنىڭ ئالغا بىسۋاتقانلىقىنى تونۇشقا، بۈگۈنكى دۇنيادا قاتار تۇرماقچى بولىدىكەن، جاپالىق ئىشلەش، تىرىشىپ ئىجاد قىلىش ۋە قۇرۇشقا، ئۆتكەنكى شان-شۆرەتنى مەدىھلەش بىلەن مەمنۇن بولۇپ يۈرمەستىن، ھازىرقى زامان پەن مەدەنيىتىنى قوبۇل قىلىشقا

چاقىردى؛ دىن بىلەن پەنىك، دىن بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تـوغرا بىـر تەرەپ قىلىشنى كۈچەپ تەرغىپ قىلدى. ئۇلار يەنە پەن بىلەن دىن زىت ئەمەس، دىن پەننى ئىنكار قىلمايدۇ، پەنمۇ دىننى ئىنكـار قىلمايـدۇ، دەلىلـلەش پرىنسىپى ۋە قـانۇم چىقىرىش پەرقلىندۇ، يەكۈنى ئوخشاش. شۇڭا مۇسۇلمانلار پەن بىلەن دىننى قـارمۇ ــ قارشى قىلىـپ قويمـاي، هـازىرقى زامـان پەن ـ تېخنىكىسـىنى ئۆگىنىشـى لازىـم، دەپ قارىدى.»

ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئـالاھ ئۇيغىنىشـىغا مـاس قەدەمـدە تـۈركى خەلقلـەر ئارىسىدىمۇ ئىسلاھات ئىدىيەسى شـەكىللەندى. بـۇ خىـل ئـىدىيە جەدىتچىلىك دەپ تەرىپلەنـىدى. جەدىتچىلىـك زامانىۋىلىشـش، يېڭـىلاش هەرىكىتـى بولـۇپ، ئـۇ ئىسـلامىيەتنىڭ قىمـمەت قارشـى ئاساسـىدا، ياۋرۇپانىـڭ ئىلغـار پەن ـ مەدەنىيىتىنـى ئۆگىنىپ، ئۇنى مىللى مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئـىدى. جەدىتچىلىـك هەرىكىتىنـىڭ بايراقـدارلىرى رۇسـىيەنىڭ قىـرىم هەم ئېـدىل ـ ئـۇرال بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسىدىن چىققان مەشهۇر موتەپەككۇر ئىسلاھاتچىلار ئىدى. ئۇلار تۈركى دۇچ كەلگەن تارىخى كىرىزىسنى هەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ قىرىم يىرىم ئارىلى ئۇرال ئېدىل بۇيلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئاكتىپ هەرىكەت قىلـدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى پائالىيەتلىرى ئالاھ جەھەتىسكتـى ھەقىقى ئۇيغۇتىشـنى ئەمەلـگە ئاشۇرماي تۇرۇپ كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەنلىكىنى، نىمىنىڭ زالالەت، نىمىنـىڭ سائادەت ئىكەنلىكىنى پەرىق ئېيتەلمەيدىغان نادان خەلققە كىلەچەكىنـىڭ داغـدام يولىنى كۆرسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلەنەندى. ئۇلار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ، چاررۇسىيە هاكىميىتى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تۇرغۇن هالەتكە چۈشۈپ قىلىشىغا سەۋەب بولدى، دەپ قارىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەۋھۇم خەلقـتە زۇلـۇمنى هـس قىلـدىغان ئـالاھ بولمىسا، ئۇلار زۇلۇمنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئـادەتتىكى مەزمـۇنى سـۈپىتىدە هـس قىلىپ كىتىۋىرەتتى.

زادى قانداق قىلغاندا كىرىزىس ئىڭىنى ئويغىتىـپ، زامانىنـىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنـى چوڭقۇر چۈشەنگىلى، مىللى ئاڭنى ئويغىتىـپ، هـۆرىيەت روھىنـى شـەكىللەندۈرگىلى، خۇراپاتلىققا خاتىمە بىرىپ ئەقىـدىنى ساپلاشـتۇرغىلى، نـادانلىقنى چـۆرۈپ تاشـلاپ مەرىپەت روهىنى تىكلىگىلى، خارلىق، ئېتپاقسىزلىق، بۇشاڭلىق، قاشاڭلىق ئىللەتلىرىنى تۈگىتىپ گۈللىنىش يولىغا قەدەم قۇيـۇپ، ئاخىرىـدا قۇللـۇق كىشـەنلىرىنى پاچـاقلاپ تاشلىغىلى بولىدۇ ؟ مانا بۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دىننـى مۇتەپپەككـۇرلار بىـلەن

مىللى داھىيلار پەيدا قىلىش ئارقىلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، ئويلىنىدىغان جىددىي مەسىلە ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ 10-يىللىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايغان مىللى ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، مەشھۇر جەدىتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرى (ئەزىزى) خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ئوي- ئارزۇدىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى موتىۋەككۇر ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن زاماندىش مەشھۇر شائىر، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى ھۆسەيىن خان قۇتبىددىنشاھ تەجەللى ھەزرەتلىرى ( 1925-1856) نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا: ئابدۇقادىر داموللام نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ، مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ موللۇقىدا دېڭىزغا ئوخشايتى. ئەپسۇسنارلىقى، مىللى ھاياتىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويىنىغان ئىجتمائى ئىسلاھاتچى ھىساپلىنىدىغان ئابۇقادىر داموللام ھەققىدە ھازىرغىچە ئىلان قىلىنغان بارلىق چوڭ كىچىك ئەسەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھايات پائالىيىتى مۇجمەلەشتۈرۈۋېتىلگەن، دەۋىر ئارقا كۆرنىشى تەھلىل قىلىنمىغان، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرى رۇشەن يورۇتىلمىغان. شۇڭا سىستىملىق باغلىنىش يوق بوپقالغان. بىر ئىدىيەنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن ئارقا كۆرنىش ۋە مۇئەييەن باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشتىن خالى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىزدىنىش، دەللىلەش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پائالىيىتى، ئىدىيەسىنىڭ شەككىللىنىشىدىكى ئارقا كۆرنۈش ۋە باسقۇچلارنى سىستىملىق بايان قىلىشقا تىرىشتىم.

ئابدۇقادىر داموللام 1870-يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغرىق كەنتىدە ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەشھەد – قارىخانىلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانى دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا ئۆتكەن سەلتەنەت ئىلگىرى بىلەن ساخاۋەتچى بايلار سولتان ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم بىلەن ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەۋرىگاھ يېنىغا مەسچىد ، مەدرىسە، خانقالارنى تەمىر قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام دەسلەپكى مەلۇماتنى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەزرەت(ھەزرىتى) سولتان مەدرىسەسى» دە ئالغان. يىشى 20لەرگە ئۇلاشقاندا قۇقانغا چىقىپ ئوقۇغان.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى.چۈنكى، 15- ئەسىردىن كېيىنكى بۇخارا ئىسلام دىنىنى ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە مەشھۇر مەدرىسلەر توپلانغان جاي ئىدى.شۇڭا، «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارى قۇۋۋىتى

ئىسلام» دەپ ئۇلۇغلانغاندى.

ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇش ۋە قۇقاندا ئىگەلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، ئىلىمدە قانائەتكە يىتىش ئۈچۈن بۇخاراغا بىرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزجان مەدرەسەسى» گە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنى ئىلىمنىڭ ھەرقايسى بۆيىچە ئەتراپلىق مەلۇمات ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات تارىخ، ئىلمى مەنتىق، ھىساپ ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگەلىگەن. ئۇ، بۇخارادا مەۋلانە ئابدۇررەززاقىي، بۇخارا مۇپتىسى ئىۋەز خوجەندىي، قۇقانىنىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇغخان تۆرەملەردىن دەرس ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام 1907-1909 - يىللاردا بۇ ئۇستازلىرىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەلىرىدە ئۇلارنى يۈكسەك ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھىسسىياتى بىلەن مەدھىيەلىگەن، بۇخارا شەھىرى ئەسىرلەردىن بىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىم - تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەندى. مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى باھاۋدىن نەقشبەندىي بەرپا قىلغان نەقشبەندىيە ئېقىمىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى.. شۇڭا ئىسلام دۇنياسىدا «بۇخارى شەرىف» دەپ ئۇلۇغلىناتتى، بۇ تارىخى ۋە ئىجتىمائى جەرياندا بۇخارادا مەدرەسە مۇدەررىسلىرى بىلەن دىنى ئۆلىمالار يىتەكچىلىكدىكى كۈچلۈك بىر قەدىمىيچىلىك ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەندى. بولۇپمۇ بۇخارى ئەمىرى ئابدۇللاخان زامانىدا شەيخۇل ئۆلىمالىققا تەكلىپ قىلىنغان مىرزاجان شىرزايى دۇنياۋى پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى چەكلەش جەھەتتە سەلبىي ئۇلگە تىكلىگەن. مۇتەئەسسىپ خاراكتىرىگە ئىگە بۇ ناچار ئۇلگە ئۇزۇن ئەسىر جەرياندا كەڭ ئومۇملاشقان. شۇڭا قىرىم ۋە ئۇرال - ئېدىل بويلىرىدىكى تاتارلار ئارىسدا تېز ئۇلغىيىپ جەدىتچىلىك پىكىر ئېقىمى بۇخارادا كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان، بۇ مەتەئەسسىپ قەدىمىيچىلەر جەدىتچىلىكنى ئىسلامغا قارشى بىر ھەرىكەت شەكلىدە كۆرەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇخارادىكى ئىسلام مائارىپى كىينكى ھاغلاردا كۆپىنچە مىڭنى چىرتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان قالاق مائارىپ بوپقالغان. بۇخارا مەدرىسلىرى ئىلغارلىق ۋە تەرەققىياتنى جان - جەھلى بىلەن چەتكە قاقىدىغان ئىدىيەنى تارقىتىش بىلەن تونۇلغان. ئابدۇقادىر مۇنداق قالاق مائارىپنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى 1916 - يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا يازغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» دىگەن ماقالىسىدە مۇنداق باياب قىلغان: «ساپ ۋىجدانىمنىڭ ۋە بەزى ھەقەقەتچى زاتلارنىڭ، سۆز - سۆھبىتى ھەم يول كۆرستىشلىرى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان خۇراپاتلىق ۋە گۇمانخورلۇق زۇلۇمدىن، شۇنداقلا مەنتىق، كالام، پەلسەپە كىتاپلىرىنىڭ شەرھ - ھاشىيەلىرى، قاتمۇقات ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا

سوزۇلغان سەپسەتىلىرىدىن ھاسىل بولغان خۇراپات زەنجىر- كىشەنلىرىدىن ئەقىل- پىكرىمىنى ئازاد قىلدى.»

ئابدۇقادىر داموللام بىلەن سوھبەت قۇرغان ھەم ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن «ھەقىقەتچى زاتلار» كىم بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ ھەقىقەتچى زاتلار ھەققىدە ئابدۇقادىر داموللام ئىنىق قىلىپ مۇنداق يازغان : «بۇخارادا ھاشىيە خانىلىقتىن زەھەرلەنگەن ئەقىل ۋە پىكرىمنىڭ شىپا تاپماقلىقىغا يەنە بىر سەۋەب: بۈيۈك ئالىملاردىن ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىم جەۋزىيى، جامالىدىن ئافغانى ۋە شەيخ مۇھەممەت ئابدۇ ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى موتالىئە –مولاھىزە قىلماق ۋە ھازىرقى زاماندىكى ‹تەرجىمان› ‹ۋاقىت›، ‹شۇرا› كەبى پايدىلىق گېزىت ۋە ژۇرنال مەسلەكلىرىگە ئەگىشمە بولدى» بۇ نىگىدىن كۆرۈنىشقا بولىدۇكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئېڭى ۋە جەدىتچىلىك ئىدىيەسى بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ 20-ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، تۇنجى نىكاھى كۆڭلىدىكىدەك بولماي، ئىككىنچى قېتىم نائىلە ئىسىملىك قىزنى ئەمرىگە ئالغان. 1902-يىلى ئاۋغۇستىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتىن كېيىن بىر يىل ئۆتكەندە ، يەنى 1903-يىلى 33يېشىدا تۇنجى پەرزەنتى ئابدۇلئەزىزى مەخسۇم دۇنياغا كەلگەن، ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشىنى پۈتكۈزۈپ تۈگىتىپ كەلگەن ياش داموللام بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەردىكى ئومۇمى ئىقىم ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ، بىخ ھالىتىدىكى يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەسىر پەيدا قىلىشقا پىتىنالمىغان. چۈنكى «ياۋرۇپا ئەللىرىدە مائارىپ-مەرىپەتچىلىك ئىشلىرى تازا يۈكسىلۋاتقان شارائىتتا، ئۇغۇر جەمئىيىتىدە بۇنىڭ دەل ئەكسىچە جاھالەت، يەنى ئالىم، بىلىم، پىكرىدە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى.» ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە بىر مەزگىل مۇدەرسلىك قىلغاندىن كېيىن، ھەج پەرزىنى ئادا قىلغاچ چەتئەللەردىكى ئىسلاھات ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش مەقسىتىدە 1906-يىلى مەككىگە بارغان، ھەجنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا ئىككى ئاي تۇرۇپ مىسىرغا بارغان. ئۆزىنىڭ يېزىشىچە، مىسىردا تاتار تالىبلارنىڭ ياردىمىدە داڭلىق يىگىلىقپەرۋەر مۇتەپەككۇر شەيخ رەشىد رىزا، «ئەللىۋا» ژۇرنىلىنىڭ باشلىقى مۇستاپا كامىل، تەھزىرىيە مەدرىسىنىڭ مۇدىرى سەييىدىن مۇھەممەد ئەپەندى قاتارلىق زاتلار بىلەن پىكىرلەشكەن، ئىسلاھات رۇھىغا باي ئەدىب – ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ. ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ، مىسىردا ئىككى ئاي تۇرۇپ،

ئاندىن ۋەتىنگە قايتقان. ئۇ بۇقىتىم غەيرەت قىلىپ قەشقەر ئاھالىسىنى تەرەققىيات ۋە جەدىتچىلىك ئىسلاھاتىغا دالالەت قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ ياشلارغا خاس قىزغىن ھېسسىيات بىلەن قىلغان بۇ دالالەتلىرى خۇراپاتلىق نادانلىق، قاششاقلىق ۋە ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلىكنىڭ قاتمۇ-قات چاڭ توزانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەشقەر دىيارىدا ئەكسىچە ئۇنۇم بەرگەن،

مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار ئۇنىڭغا بىردەك ئۆكتە قوپىقان. ئىككى ئوتتۇرىدىكى تۇپ زىدىيەت مەدرىسە –مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى – ساۋاق ئۇسۇلى ۋە ئۇقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاش، يېڭىلاشلىق مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ئىلغار زات ئىدى. ئۇ، مەشھۇر تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئىدىيە-تەشەببۇسلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال بولغاچقا جەدىتچىلەر قەتئىي ئىسلاھات قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. داڭلىق تاتار جەدىتچى ئالىم رىزائىددىن ئىبنىي فەخىردىن (1858-1937) ‹‹ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلىغا رىئايە ) دېگەن ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ «ساۋاق ئۇسۇلى ۋە تەربىيە قائىدىسى بۇيۇك ۋە شۇ نىسبەتتە مۇبارەك بىر پەن. ساۋاق ئۇسۇلىغا رىئايە ئەتمىگەن مۇئەللىم ئۆز ئىتىبارسىزلىقى سەۋەبىدىن باللارنىڭ زېھنلىرىنى ئەزمەكتىن ئۆزگە بىر پايدا كەلتۈرمەس. باللار مۇنداق مۇئەللىملەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ھاللىرىغا قالدۇرىغان ياخشىدۇر. ھازىر تەلىم رەۋىشلىرى ( ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى) نى ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشقا زامان بىزلەرنى تەقەززار قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇزاق ئۇقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن : «رۇس ۋە پەرەڭلەر ( ياۋروپالىقلار) دە بولغان ئاجايىپ ئىختىرالارنىڭ بارچىسى پايدىلىق ئىلملەر تەلىم ئىتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۇستىمىزدىكى كۆڭلەكلىرىمىز ، ئاستىمىزدىكى كۆرپىلىرىمىز، چانايۇ – ھارۋىلىرىمىز ھەتتاكى ساياھۇ- قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى، يالىڭاچ تىنىمىزدىن باشقا نېمىمىزى بار بولسا، بارچىسى شۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى، ئۇلاردا تەربىيە دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر. لېكىن بىزلەر قاچانغىچە ئەل-ۋەتەننىڭ رۇناق تېپىشى ئۈچۈن زەرىچە پايدا كەلتۈرمىگەن كىتاپلاردىن ساۋاق بەرمەك بىلەن باللارنىڭ زېھنلىرىنى زەھەرلەپ، ئىستىقباللىرىنى بەربات ئېيتۇرىمىز ؟! »

ئەمما قەشقەر ئۆلىمالىرى ئىسلاھات دېگەن ئاتالغۇغا بۇخارا مەدرىسلىرىگە ئوخشاشلا سۇغۇق قارىغاچقا ئابدۇقادىر داموللامنى قاتتىق چەتكە قېقىپ يېتىم قالدۇرغان نەتىجىدە ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇرالماي، 1909-يىلى يەنە

قوقان، تاشكەنت، بۇخارا تەرەپلەرگە يول ئالغان.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە بارغاندىن كېيىن بۇ جايلاردىكى يېپىق جاللىنىش مەنزىرىسىنى كۆرگەن قىرىملىق مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالى قوزغىغان جەدىتلىك ھەركىتى بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتاتتى جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ سانى تېز سۈرئەتكە كۆپىيىۋاتاتتى «تەرەققى»، «خۇرشىد» دېگەن گېزىتلەر نەشىر قىلىنىۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر قارى ئابدۇرەشىدخان ، ئابدۇللا ئەۋلانى، مەھمۇد خوجا بەھبۇدى قاتارلىق جەدىتچىلەر سەپنىڭ ئالدىدا رول ئويناۋاتاتتى. ئابدۇرەئوف فىترەت باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلەر بۇخارى ئەمىرلىكى تەۋەسىدە بۇخارى ئەمىرىنىڭ تۇسقۇنلىقى ۋە بېسىملىرىغا قارىماي ئوقۇتۇش ساھەسىگە ئوخشاش، سىياسى ساھەلەردىمۇ ئىسلاھات ۋە ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشماقتا ئىدى. قازان، ئورىنبۇرگ، ئوفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى بۇ مەزگىلدە ئاللىبۇرۇن دەۋرىنى يېتەكلەيدىغان ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە زىيالىلار قوشۇنى بولۇۋ شەكىللىنىپ بولغان ئىدى. ئۇلار ئالى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، گېزىت - ژۇرناللارنى چىقىرىپ، كىتاپلارنى نەشىر قىلىپ جەدىتلىك يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ بولغان ئىدى. ئەھمەد ھادى مەقسۇدى، رىزائىددىن ئىبنى فەخرىدىن، يۇسۇف ئاقچۇرا، موسا جارۇللا، ھەسەن سەبرى، قاتارلىقلار داھى سۈپەت جەدىتچىلەرگە ئايلانغان ئىدى. بەختكە يارىشا، ئابدۇقادىر دامۇللام بۇخاراغا بارغان مەزگىلدە بۇخارى ئۆلىمالىرى ئىدىيەدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، ئىلگىرى «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرى» دېگەن پەتۋا ئورنىغا «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتۋانى مەيدانغا چىقارغان ئىدى. بۇخارا تاجىكلىرى ئارىسىدىن چىققان جەدىتچى ئەدىب سەدرىدىن ئەيىنىنىڭ يېزىشىچە، ئىسمائىل غاسپىرالى 1908 - يىلى بۇخارا ئەمىرلىكىگە زىيارەتكە كەلگەندە جەدىتچە مەكتەپ ئېچىش مەسلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئۆلىمالارنى چاقىرىغان. مۇزاكىرىدە مۇللا نىزامى دېگەن كىشى بۇخارا ئەمىرى ئابدۇلئەھەتتىن مەكتەپ ئېچىشقا مەخسۇس ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. مۇزاكىرىگە قاتناشقانلار مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئىسمائىلىيە» قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئىسمائىل غاسپىرالى بۇنى مۇۋاپىق كۆرمەي، بۇخارا ئەمىرنىڭ دادىسى مۇزەففەرىددىننىڭ ئىسمى بويىچە «مۇزەففەرىيە» قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن مانا بۇنىڭدىن جەدىتچە مەكتەپ ئېچىش بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسىدە ئۆلىمالار ۋە ئەمىرنىڭمۇ ئىدىيەسىدىن ئۆتۈپ، ئومۇمى قىزغىنلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى

بولدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەردە جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق تېز جانلىنىشىغا 1905-يىلدىن 1908-يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە تۆت يىل ئىچىدە چاررۇسىيە، ئىران ھىندىستان ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار سەۋەب بولغان ئىدى.

1904-يىلى پارتىلىغان چاررۇسىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا رۇسىيە مەغلۇپ بولۇپ، خەلقئارادا ئېغىر ئاھانەتكە قالغان. شۇ سەۋەبتىن چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ كىلۋاتقان پېتربۇرگە ۋە موسكۋا شەھەرلىرىدىكى زىياللار ۋە ئىشچىلار 1905-يىلى ئىنقىلاب قوزغىغان. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئارقىلىق چار پادىشاھ نىكولاي (2) شۇ يىلى ئۆكتەبىردە ‹‹ئۆكتەبىر باياناتى›› نى ئېلان قىلىپ دۇما تۈزۈمى، سۆز ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى، ۋە يىغىلىش ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۈچ يىلچە داۋام قىلغان بۇ خىل دېموكراتىك سىياسى مۇھىت رۇسىيەنىڭ زۇلمىنى چېكىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ مىللى ۋە سىياسى ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، ھەرخىل ئىجتىمائى، سىياسى تەشكىلات بارلىققا كەلگەن. رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىردە شۇ يىلى پېرسىيە، يەنى بۈگۈنكى ئىراندا بۇرژۇئا ئىنقىلابى قوزغالغان. تېھران خەلقى كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ساتقىن باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى، ئىسلاھات ئىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خەلقنىڭ بېسىمى ئاستىدا پېرسىيە پادىشاھى 1906-يىلى ئىيۇلدا خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالغان باش ۋەزىرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان ھەم مىللى پارلامېنت تەسىس قىلىشقا قوشۇلغان. 1906-يىل 7-ئۆكتەبىردە پېرسىيەنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك بۇرژۇئازىيە قانۇنى ماقۇللانغان. ئۇنىڭدا پېرسىيە پادىشاھلىق ئاساسى قانۇنلۇق دۆلەت، پارلامېنت ئەڭ ئالى ھوقۇقلۇق ئورگان، پۇقرالارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، مەتبۇئات، سۆز ئەركىنلىكتىن ۋە مائارىپتىن بەھرىمان بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە، خۇسۇسى مۈلۈك دەخلىسىز ؛ ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى، دەپ بەلگىلەنگەن. ئىسلامىيەت دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئىسلاھاتتىن بۇرژۇئازىيە سىنىپى شەكىللىنىپ بولغان مىللەت ۋە رايونلار كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچرىغان. ئۇزاقتىن بېرى بىرىتانىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپ كىلۋاتقان ھىندىستاندا گەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1905-يىلى مىللەتچى سىياسى تەشكىلات ‹‹ھىندىستان ئاپتونومىيە ئىتىپاقى››قۇرۇلغان . 1906 – يىلى دىنى سىياسى تەشكىلات ‹‹ھىندىستان مۇسۇلمانلار ئىتىپاقى قۇرۇلغان››، ئاغاخان

رەئىسلىككە سايلانغان، ھىندىستاندىكى بۇ ئىنقىلابى تەشكىلاتلار تۆرلۈك يول بىلەن بىرىتانىيە مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرغان. بۇ، تەبىئىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا قىزغىن ئىلھام بەرگەن. 1908-يىلى لىگىشىپ قالغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزى ئىستانبۇلدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنى» قوزغىغان. ‹‹مۇستەبىت سولتان» دەپ نام ئالغان ئابدۇلھەمىد پارلامېنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىنقىلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى خەلقلەر ئىچىدىكى ئىلغار كۆچلەرنىڭ قەلبىنى زەرەتلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. ئابدۇقادىر دامۇللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە 1905-يىلدىن 1910-يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىسلاھات ئۆزگىرىشلىرىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغان.

ئابدۇقادىر دامۇللام قوقان، تاشكەنت، ۋە بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ جەدىتچىلىرىنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرى، جەدىتلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن يېقىندا تونۇشقاچ ‹‹جاۋاھىرۇل -ئىيقان»، «مىفتاھۇل- ئەدەب» («ئەدەبىيات ئاچقۇچى») ناملىق كىتابلىرىنى پۈتكۈزگەن، «مىفتاھۇل - ئەدەب» 1910-يىلى سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ كۆچۈرگەن قولىيازمىسىغا ئاساسەن تاشكەنتكى «غۇلامىيە» مەتبەسىدە بېسىلغان. شۇ جەرياندا ئابدۇقادىر دامۇللام يەنە تاشكەنتلىك موراد خوجا پارىسچىدىن تەرجىمە قىلغان «تۈركى گۈلىستان» ناملىق كىتابقا تەكلىپ بىلەن شېئىرىي تەقرىز يازغان. ئابدۇقادىر دامۇللام پىكرى ئۆتكۈر، بىلىمى مول، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈستۈن، ئارزۇسى كۆچلۈك كىشى بولۇش سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئىسلاھات نىيىتى، جەدىتچە مەكتەپلەرنى ئېچىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۆچۈن «بىدايەتۇس-سەرپ»، «بىدايەتۇن -نەھۋى»، «تەسھىلۇل -ھېساب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ قەشقەرلىك تەرەققىپەرۋەر سودىگەرلەر نوززرادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، ئابدۇرېمئاخۇن، مەھمۇد ئاخۇنلارنىڭ ئىقسادى ياردىمى بىلەن قازان شەھرىدىكى «مىللەت» مەتبەسىگە بېسىپ بېرىش ھەم قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىشكە تاپشۇرۇپ بىرىشكە تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇ تاشكەنتتىكى مەزگىلدە تۈزگەن «مىفتاھۇل- ئەدەب» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە سەممىيلىك بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى تۈركى خەلقلەرنىڭ ئىقتىدارلىق كىشىلىرىگە «ئىلگىرى ياخشى ئالىملارنىڭ يولىدا مېڭىپ، مەنپەئەتلىك ئالىم ۋە ئالى مائارىپنى قولغا

كەلتۈرۈشكە تىرىشـقايلا» دەپ مـۇراجىئەت قىلغـان. بـۇ پـاكىتلاردىن بىـز ئابـدۇقادىر داموللانىڭ نوپۇزىنىڭ كۆچىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىرىدىكى ئابرۇيلۇق ئۆلىمالار ۋە جەدىتچىلەردىن بىرى بولۇپ قالغانلىقىدىن ھىس قىلالايمىز. دېمەك ئـۇ ئانـا ۋەتىنـدە تاپالمىغان ئابرۇي ئىناۋەتنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە تاپقان. ئەمـما، ئۇنـىڭ تـۇپ غايىسى ئانا ۋەتىنىدىكى جاھـالىيەت تۈتـۈكلىرى ئىچـدە تىمسـقىلاپ يـۈرگەن مەزلـۇم قېرىنداشلىرىنى ئادەمدەك ئاڭ ۋە ئارزۇ بىلەن ياشاش يولىغا باشلاش ئىدى. ئابرۇي – ئىناۋىتى ئېشىپ، ئىشەنچىسى كۈچىيىپ، غايىسى پىشىپ يېتىلگەن ئابدۇقادىر داموللام تەرەققىيات ۋە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتـتە شـنجاڭ بـۇيىچە ئالدىـدا كېتىۋاتقان شەھەر – غۇلجىغا 1911-يىلى ئالما-ئاتا ئارقىلىق كەلـگەن. بـۇ يىلـلاردا غۇلجىـدا ئاكـا –ئۇكـا مۇسـابايىپلار ۋە غۇلجـا تەۋەسـگە يېڭـىدىن كەلـگەن تاتـار مەرىپەتچىلىرى ئاچقان يېڭـىچە مەكـتەپلەر دەسـلەپكى قەدەمـدە شـەكىللەنگەنىدى. ئابدۇقادىر داموللام غۇلجىغا ئىلغارلىقا داڭلىق ئۆلىما ئابدۇمۇ تائالى خەلپەم بىـلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا جەدىتچىلىكنى تەشۋىق قىلغـان. «ئابـدۇقادىر داموللامنىـڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشـتۈرۈش، ئوقۇتۇشـقا بىرقىسـىم دۇنيـاۋى پەنـنى كىرگـۈزۈش، ئۇسـۇلى جەدىتنـى يولغـا قويـۇش تەشەببۇسـلىرىنى ئابـدۇمۇ تائـالى خەلپەمنىـڭ ئىشەنچىسىنى تىخمۇ ئاشـۇرغان. نـادانلىق ۋە جاھـالەتكە قارشـى تـۇرۇپ، خەلقنـى ئۆيغۇتۇش پائالىيەتلىرىنى تىخمۇ كۈچەيتكەن.»

ئابدۇقادىر داموللام بۇ قېتىم ئوتتـۇرا ئاسـيادىكى مـۇھىم شـەھەرلەردە ئىلـىم زىيارىتىدە بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى ئوتتۇرا ئاسيادىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يولغـا قويغان يېڭىچە ئوقۇتـۇش مېتـۇدى -«ئۇسـۇلى جەدىتـى» (ئۇسـۇلى سـەۋتىيە )نـىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى -«ئۇسۇلى قەدىمى) دىـن كـۆپ ئىلغـار ھەم ئۇنۇملـۇك ئىكەنلىكنى تېخمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ جەدىتچىلىك ئىدىيەسـى ھەققى مەنىدە شەكىللىنىپ، بۇ خىل يېڭى ئىسـلاھاتنى قەشـقەردە ئىككىلەنمەسـتىن يولغا قويۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ھەم 1912-يىلى قەشـقەردە ئـۆزى بـاش بولـۇپ جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان.

قەشقەر گەرچە تارىختا ئىلـىم –مەرىـپەت سـۆيىدە دۇنياغـا شـۆھرەتلەنگەن مەشھۇر شەھەر بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە گويا كۆز تەگكەندە، جاھـالەتتە قالغان شـەھەرلەر قاتارىـدا سـانىلىدىغان بولـۇپ قالغـان، تاتـار زىيـالى نۇشـىرۋان يائۇشفىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تارىختا ئىلىم –مەرىپەت نۇرى بىلەن يەر-كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلـدۈرگەن» بـۇ شـەھەر شـۇ يىلـلاردا «مەدەنىـيەت قۇياشـىدىن

پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالەتتە جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز» ئۆلۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى، قەشقەر مەدرىسە مائارىپى خىلىلا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن تەلىم – تەربىيە ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى. سەۋەبى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال، ئوقۇتۇش مەزمۇنى چولتا ئىدى. بۇنداق مەدرىسە مائارىپىنىڭ كۆنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان رېئال ئىجتىمائىي كىرىزىسنى ھەل قىلىشقا نۆۋەتتىكى مىللى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا ماجالى يەتمەيتتى. ئوقۇتۇشقا سەرىپ قىلىدىغان ۋاقىت زىيادە كۆپ ئىدى. نۇرىدىن ئابدۇراھمان جامىينىڭ ئەرەب تىلى نەۋھىگە ئائىت «كافىيە» نىڭ ئىزاھى بولغان «شەرھى موللا» كىتابىنى ئوقۇش ئۆچۈنلا بەش يىل ۋاقىت كېتەتتى. «مۇقەددىماتى مەنتەقىيە»، «مەۋھۇمە يۇنانىيە» دەرسلىرى كۆچەپ ئوقۇتۇلاتتى. ‹‹سەرب»، «مۆئزىي» «زەنجانىي»، «ئاۋامىل» قاتارلىق گىراماتىكا كىتابلىرىنى بەش-ئالتە يىللاپ ئوقۇتاتتى. دەرسلەرنىڭ ئىچىدە ساپ ئەقىدىگە ياتىدىغان بىلىملەرگە سەل قارىلىپ، تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرىنىڭ كىتابلىرى كۆچەپ ئوقۇتۇلاتتى.

شۇڭا قەشقەردە «گەپنى ھە دېسىلا ھاپىز بىلەن مەۋلىۋى جامىينىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلايدىغان، ھەرخىل لەتىپە ۋە ئەبۇ مۇسلىم قاتارلىقلارنىڭ جەڭ قىسسەلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مەلۇماتى مول بىلىملىك ئادەم» سانىلاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىرىگە ئوخشاش ئىشنى ئالدى بىلەن جەدىتچە مەكتەپ ئېچىپ، مەدرىسە مائارىپىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تەڭ ئىسلاھ قىلىشنى باشلىغان. كەلگۈسىدە ئۆزىگە قول –قانات بولۇشقا يارايدۇ دەپ قارىغان زېھنى ئوچۇق ياش تالىبلارنى ۋە بىر قىسىم شاگىرتىنى تۈرلۈك ئامال بىلەن چەت ئەللەردىكى ئىسلاھات ئىدىيەسى بويىچە ئوقۇتۇلىدىغان جايلارغا ئوقۇشقا چىقارغان. ئوقۇشقا چىقىرىلغان بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتىنى 1911-يىلى ئىستانبۇلدا ئابدۇرەئوف فىترەت، ئوسمان خوجا، ئابدۇلئەزىزى غۇلجائىي، مۇقىمىدىن بەگجانىي ۋە سادىق ئاشۇر ئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ھەيئەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان «بۇخارا مەرىپەت جەمئىيىتى» ئۈستىگە ئالغان.

ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى ئويىشى شىنىيچىرو «قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدە «دانا ئىسلاھاتچى، ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام 1912-يىلى قەشقەر شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان، ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر قاتارلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيەلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر يىلى ئىستانبۇل، قازان، ئوفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق ئىلغار مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا 10-15تىن

ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تۇرغان» دەپ يازغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنىڭ روشەن ھالدا كۆچىيىپ، پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىپ، مۇنەۋەر بىر جەدىتچىگە ئايلىنىشىدا قىرىم، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگدىكى تاتار زىيالىلارنىڭ جەدىتلىك پائالىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ تاشكەنت، سەمەرقەنتكى ئۆزبېك ئوخشاش ئالىي ۋە ئارزۇدىكى ياش ـ ئۆلىمالارنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرى كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ «تىلدا، دىلدا، ئىشتا بىرلىك» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شۇئارى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كىلىشى، جەدىتچە مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشقا تۈرتكە بولغان، ھەرقايسى تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئويغانغان زىيالىيلىرى ئۆزىنىڭ مىللى غايىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، زامانىۋىلىشىش، ئىلغارلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. موتەئەسسىپلىك بىلەن ئىلغارلىق خراپاتچىلىك بىلەن مەرىپەتچىلىك، تەركىدۇنياچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتچىلىك ئوتتۇرسىدىكى بۇ كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ھەم مۇشكۈل بولغان. بۇ جەرياندا مىللى غايىلىرى پىشىپ يېتىلگەن تاتار مەرىپەتچىلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىخ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى چاررۇسىيەنىڭ ئوچ ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تاتارلارنىڭ زېمىنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ۋە ماددا مەنىپەئەتىگە قوشلاپ زەربە بىرىشى، ئېتىقاد ۋە مەدەنىيىتىگە غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنداق زور مىللى خەۋىپ ئاستىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ قىلىش ئۆچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى قالاقلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلامىيەتنىڭ قىممەت قارشى بىلەن غەربنىڭ پەن ـ مەدەنىيىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا تۈتۈش قىلغان. بۇ تارىخ ئويغۇنۇشىنى ئۇلارنىڭ يېگىچە ئاڭدىكى بايراقدار موتەپەككۇرلىرى بىلەن پائالىيەتچان مىللى بۇرژۇئازىيلىرى بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇلارنىڭ ئويغۇنۇش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىدىيۋى ئېقىمنى شەكىللەندۇرگەن. باغچا ساراي، قازان، ئورىنبۇرگە، ئۇفا، تىروىسكى، ئاستراخان قاتارلىق تاتار شەھەرلىرى بۇ خىل ئېدىيۋى ئېقىمنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ جەدىتچە مەكتەپ ۋە نەشىر بويۇملىرىنىڭ تەسىرى يىرا ـ يېقىندىكى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا زىلزىلىگە قوزغىغان. ئابدۇقادىر داموللام «ئەدەبى بىر مۇساھىبە» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا تاتار مەرىپەتچىلىرى

نەشىر قىلغان ‹‹تەرجىمان››، «ۋاقىت»، ‹‹شۇرا» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، «بۇ پايدىلىق ئەسەرلەردىن بەھرىمان بولغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كونىلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىدىن قايتماس» دەپ يازغان. دېمەك، تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ جانلىق، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى، جەدىتچىلىك ئىدىيۇى ئېقىمىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللى ئويغىنىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتكەن. 1905-1906-يىللىرى تۆۋەن نوۋگورود ۋە سانكت پېتېربۇرگدا تاتار مەرىپەتچىلىرى باشلامچىلىقىدا ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيى بۇ ھەرىكەتنى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە قىلغان.

دەل شۇ يىللاردا بىرىتانىيە مۇستەملىكچىلىرى ئۆزىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغان بولغان قارا نىيىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربىي غەلبىدىن تاشقىرى غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىرماقتا ئىدى. 1906-يىلى قاھىرەدە چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خىرستىيان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان ئومۇميۈزلۈك خىرسىدىن دېرەك بەرگەن. ئەنگلىيە ئىشخالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسىي، ئىقتىسادى كونتروللۇقىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ غەرب مەدەنىيىتىمۇ سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈرگەن. خىرستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن غەرب مىسسىيونېرلىرى مىسىرغا تۈركۈملەپ يېتىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىسلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، مىسالەن، دوختۇرخانا ۋە دارىلئېيتاملارنى قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلغان، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېغا خىرستىيان ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان.

ئۇلار ‹‹ئەڭ مۇھىم ۋاستە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ غەربكە تەربىيە ئىلىشقا ئەۋەتىش، ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيۇى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك» دەپ قارار قىلىشقان. ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەت دۇنياسى مەۋجۇتلۇق، ئىدىئولوگىيە جەھەتلەردە جىددى خىرسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇ دەۋردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مۇھىم موتەپەككۇلار بىلە سۆھبەتتە بولغان ھەم «تاتار مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئەۋجگە چىققان شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغان. ئۇ، بۇ جەريانىدا بۇ خىل خىرىسنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ھەم نېمە قىلىش زۆرۈرلىكىنى چۈشەنگەن تۇنجى ئويغۇر زىيالىسى بولۇپ قالغان. ئۇ ئاشۇ ئىدىيۇى دۆلقۇنلاردا كۆرەش غايىسىنى مۇستەكەملىگەن. ئۇ «ئەدەبىي مىر موساھىبە» دىگەن ماقالىسىدە غۇلجىدىن ۋەتىنىگە قايتىپ، ئاۋالقى مەسلەكىنى داۋام ئېيتىپ، ئاھالىنى جەدىتچە ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتلارغا تەشۋىق ۋە تەرغىپ ئەتتىم»

دەپ يازغان. ئابدۇقادىر داموللام «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئىنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «- ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس ‹ سەۋەب› نېمىدۇر ؟ - ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق؛ ئىككىنجىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر - ئىزەت-ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟-- ئىلىم - مەرىپەت، ئىتىپاق بىلەن بولۇر.» ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھساپتا يۇرتىنىڭ، مىللەتنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆگىشىش ئۆچۈن چۇقۇم ئىشنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش قارارىغا كەلگەن. ئۇ بۇ خىل ئىسلاھات غايىسىنى، يەنە جەدىتچىلىك ئوي - پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۆچۈن 1912 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەردە ئۆيۈشما قۇرۇپ، مەكتەپ ئېچىپ، كىتاب چىقىرىپ زۆر تەسىر پەيدا قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ، بۇ يېڭى ھەرىكەتنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېتەكچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. گەرچە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنىڭ نەزىرىدە يۈكسەك ئاتالسىمۇ، ئەمما بۇ ياش ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۈتۈكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان قالاق شەھەردە تەرەققىپەرۋەرلىك غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا ئۆلۈك كىلىپ قالغان يېرى شۇكى، 1912 - يىلى جۇڭگۇ پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاخىرلىشىپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان ئىدى. ياڭ زېڭشىن دەل شۇ يىلى مايدا شىنجاڭنىڭ ئالى ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگە ئىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو، جۇملىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ، ھەربى ئۆزگىرىش قىلىپ ئىلىنى مۇستەقىل ئىدارە قىلىۋاتقان شىنخەي ئىنقىلابچىلىرىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قۇمۇل تاغلىرىنى سورۇۋاتقان تۆمۈر خەلپىنى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئىنتايىن جانلىنىپ كەتكەن گىلاۋخۇچىلارنى يۇقتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىز ھاكىمىيتىنى مۇستەھكەملىسە، مالىيەسى قۇرۇقدىلىنىپ قالغان ھۆكۈمەت غەزىنسىنى غەملىمىسە بولمايتى. بۇنداق ئەھۋالدا ياڭ زېڭشىننىڭ قەشقەردىكى يېڭىلىق ۋە كونىلىق تالا - تارتىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگىدەك چولىسى يوق ئىدى. جايلاردىكى مەنسەپدارلارمۇ سىياسى ۋەزىيەتنىڭ قايماقا بۇرۇلدىغانلىقىنى كۆزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قايغۇرۇشىپ ئۆتۈشۋاتاتتى. شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللام ياڭ زېڭشىننىڭ رەزىل سىياستىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىماي جەدىتچىلىك ھەرىكىتنى قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل داۋام ئەتكۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولغان. لىكىن، مۇتەئەسسىپ ئۆلىما - ئىشانلار زامانغا لايىقلىشىقا جان-

جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلىپ-بىلمەي ياڭ زېڭشىنىڭ رەزىل سىياستگە ئۇيغۇن يول تۇتقان. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشاش ئىسلاھات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بىر ئادەم ئالدى بىلەن چۇقۇم قەشقەردە يۈكسەك نوپۇز تىكلىشى، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، قەشقەر مەشھۇر مەدرسلەرمۇ، داڭلىق دىنى ئۆلىمالارمۇ كۆپ قەدىمى شەھەر ئىدى. سوپى- ئىشانلارنىڭ تەسىر كۈچىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زور ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا يىشى ئەمدىلا 40تىن ھالقىغان، كۆپ يىل چەتئەللەردە يۈرگەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ موتەئەسپلەر تەرپىدىن ئىجتىمائى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى ئۆلىما - ئىشانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى تار مەندىكى ئىبادەتلەرگىلا بېرىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ئارتۇقچە ھەم ئىتقادىقا مۇخالىپ دەپ قارايدىغان نەزەر دائىرىسى تار كىشلەر ئىدى. ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا ئىلىسلام دىنى ھەم ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى ۋە ئارقىدا قالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. خەۋىرى بار دىگەندىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلانغۇدەك تەپەككۇر قۇۋۋىتىدىن، بۇنداق قاباھەتلىك رىئاللىققا ئىچىنغۇدەك ساپ ۋىجداندىن، خەلقنى قۇل قىلغۇچى زوراۋان زالىملارغا قارشى تۇرغىدەك غەيرەت-شىجائەتتىن مۇستەسنا ئىدى ئۇلار يۇمشان ئىبادەتلەرنىلا ئادا قىلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى ئەڭ تەقۋادار ھىساپلىشىپ، نەزىر-چىراغلاردا ئۇزۇندىن -ئۇزۇن دۇئا تىلەكلەرنى تىلىشىپ كۆرۋاتقان كۈنلىرىگە مىڭ مەرتە شۈكۈر قىلىشىپ يۈرىۋىرەتتى. كۈلپەتلىك قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئاپەت كەبى كەلمىشلەرگە چارە -تەدبىر ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى تەقدىر قىسمەت، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى دىيىشىپ پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ياشاۋىرەتتى. بۇلارنىڭ باشچىسى جەدىتچىلىككە ئۆچمەنلىك قىلىشتا تونۇلغان ئۆلىما سىلىم داموللا ئىدى. ئۇ، «تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ھارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقارغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە بىدئەتلىككە ياتىدىغان ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشۈندۈرۈپ «يەھۇدى ناسارالار، ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ دىننى ئىسلاھ قىلسا بولىدۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ئەڭ توغرا، ئەڭ موكەممەل دىن، شۇڭا ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنداق قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر» دىگەندەك گەپلەرنى تارقاتقان. ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىنى 1914-1916 يىللىرى قەشقەر، ئاتۇشلاردا يېڭى مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال ئەپەندىمۇ ئۆز كىتابىدا قاقشاپ تۇرۇپ تىلغا ئالغان.

ئابدقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. 1912-يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلىرىدىكى جەدىتلىك ھەرىكىتىنىڭ شامالىرى قەشقەرگە ئەمدىلەتىن يېتىپ ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ سۆزلەر بولۇۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، جەدىتلىك ئىدىيەسى مۇكەممەلەشكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭى مائارىپنىڭ ھامىيلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولغان ئاكا-ئۇكا مۇسابىيىلارنى قىزغىن قوللىغان، ئۇلار بىلەن مۇرنى مۈرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇرغان 1914-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈستىن ئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم يېڭىچە مەكتەپ بولغان دارىلمۇئەللىمىنگە زور ئۈمىد باغلىغان. مەدرىسەلەرنىڭ دوگما تەلىم تەربىيە ئۇسۇلىنى قارغۇلارچە يادلاتقۇزۇشنى ئاساس قىلغان ئوقۇتۇش شەكلىنى، دەۋىر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، جەدىتچە ئوقۇتۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى دەرسلىكلەر قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ئۇنىڭ بۇ قېتىم قەشقەردە ئوينىغان رولى ئىلگىرىكى يىللاردا ئوينىغان رولىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. خانلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، 19120-يىلى جوڭخۇا مىنگو ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن جايلاردىن بىجىڭدىكى پارلامېنتقا ۋەكىل سايلاش تۈغۈرسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامنى پارلامېنتقا ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش ھەققىدە غۇلغۇلا بولغان بۇنىڭ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە كونسايىن ئابرويى تېپىپ يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەسىرى بىلەن يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ قەشقەر ياشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە نەشىر قىلىنۋاتقان گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇيدىغان قىرائەتخانە ئاچقان، «جەمئىيەت ئىسلامىيە» دىگەن نامدا ئۆلىمالار كىڭشى قۇرغان. بۇ كېڭەشكە قەشقەرنىڭ ئاتاغلىق ئۆلىمالىرىدىن «شەيخۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغان مۇللا ئىسلام داموللام «سۇلتانۇل ئۆلىما» دەپ نام ئالغان باھاۋىدىن مەھدۇم، ئوبۇلقاسىم ئاخۇنۇم خانئىرىقلىق ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەقدۇم قاتارلىق زاتلار ئىشتىراك قىلغان. «جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە» نامدا فوند تەسىس قىلغان.«مۇتالىئە ھىدايەت» دىگەن نامدا جەدىتچە مەكتەپ ئاچقان. ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ جەدىتلىك ئىدىيەسى ۋە غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىروگراممىسى خاراكتېرىدىكى مۇھىم ئەسىرى «نەسىھەتى ئامما» نى يېزىپ، باستۇرۇپ تارقاتقان. ( بۇ ئەسەر ئۆمەر ئوسمان

شىپاھىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى، ئـالى مـۇھەررىر ھـاجى غۇجـا ئابـدۇللا ئوسـمانىڭ بېكىتىشـى، ئەينـى ۋاقىتـكـى بـاش مـۇھەررىر قۇربـان ماھمۇتنىـڭ تەقرىـزى بىـلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىل 1-سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى.- مەسئۇل مـۇھەررىردىن). بـۇ ئەسەر قاراتمىلىقى كۈچلۈك، چاقىرىق كۈچى زور، جەدىتزىملىق روھىغا باي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇنداقلا ئىدىيەسىنىڭ ئىلغـار، تىلىنىـڭ ئاممىبـابلىقى بىـلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى تـۈنجى ۋەكىللىـك ئەسەر ھىساپلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسلاھات ئىدىيەسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىـلى بولىـدۇ. ئەسـەردە بـۇ مۇتەپەككـۇر ئىسـلاھاتچىنىڭ ئەنئەنـىۋى ئىسـلام تۇسىدىكى قالاق ئۇيغۇر جەمئىيتىنـى زامانـىڭ تەرەققىياتىغـا ماسلاشتۇرۇشـنى تەلەپ قىلىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردىن كۆرۈۋىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ، دىنىدىن تاشقىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىمۇ، كونا ئەنىدىزدىكى قاتمـال دىنـى ھاياتنىمۇ قەتئىـى ھمـايە قىلمىغـان، پەقەت غەيـلەت ئۇيقۇسـىغا غەرىـق بولغـان ئەنئەنـىۋى جەمئىيەتنى ھاياتى كۈچكە ئىگە جۇشقۇن جەمئىـيەتكە ئايلاندۇرۇشـنى؛ ئىـدراكقا بىپەرۋا قارايدىغان نادان جەمئىيەتنى مەرىـپەت روھىغـا بـاي يېڭـى جەمئىـيەتكە ئايلاندۇرۇشنى؛ زەئىپلەشـكەن، بىـدئەت چىرمىغـان مـۆجمەل ئەقىـدە-ئېتىقـادىنى كۈچلۈك ھەم ساپ ھايات پىرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىئولوگىيەسى ۋە مائارىپ ئىسلاھتىغا يېقىدىن يانداشىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان يـۇقىرىقى پائـالىيەتلىرى قەشـقەردە ئىلغـارلىق تەرەپـدارلىرى بولغـان «قەدىمـىيچىلەر» ئوتتۇرىسـىدىكى پەرق ھەم زىددىيەتنى روشەن ھالـدا كۈچۈيتـۈەتكەن. كونىلىـق تەرەپـدارلىرى ئەكسـىيەتچى ھۆكۈمەت يېقىن، شۇنداقلا ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاچقا غالىب كەلگەن. ئىلغارلىق تەرەپـدارلىرنىڭ باشلامچىسـى بولغـان ئابـدۇقادىر دامـوللام مۇتەئەسـىپ مـوللا – ئىشانلارغا تەڭ كېلەلمەي مۇرەسسە قىلىشقا، ھەتتا يول قويۇشـقا مەجبـۇر بولغـان ئـۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1915-يىل 1-دېكابىر نەشر قىلىنغان سـانىغا بىسـلغان «بايـانى ھەقىقەدە» ناملىق ماقالىسىدە قەشـقەرنىڭ مۇتەئەسـىپ ئۆلىمـا- ئىشـانلىرىنى قـاتتىق ئەيىپلىگەن. ئۇ بۇ، خىل جاھىل كۈچلەرنى «ئۆلىمالار» «چوڭلار» «رەھـبەرلەر» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇلار ئۇستىدىن مۇنداق شىكايەت قىلغان :«قايىسى كـۈنى دىيـارىمىزدا تەرەققى قىلغان مەدەنىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى، رەھبەرلىرىمىز نامىدىن مەزكۇر مەدەنىيەتنـى ئۆگەنگـۈچىلەرگە ‹ لەنەتـكەردى ئـازغۇنلار ›دېگەنـدەك پەتـۋالارنى يـامغۇردەك ياغدۇرۇشـقا باشـلىدى»، «بىزنىـڭ تەھەبۇسـلىرىمىز ئەمەلـگە ئاشـماي،

يەككە ـ يېگانە ھالىتىدە نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلدى، بىزنىڭ دالالىتىمىز بىلەن ياشلار ئىجتىھات بىلەن قىرائەتخانە ئاچتى، چوڭلار بۇنى ‹ مەزھەب بۇردى › دەپ ياپتۇردى، ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇردى، بۇنى ‹ دەھرىيە ئۇچىقى › دەپ بۇزدى، ئىسلامنىڭ ياخشىلىق قىلىش جەمئىيىتىنى (جەمئىيەتى خەيرىيەت ئىسلامىيە) نى قۇرۇۋىدى، ‹ پىتنە ـ پاسات تارقىتىدىغان مەركەز › دەپ تەشۋىق قىلىپ يىمىرىۋەتتى. ‹نەسىھەتى ئامما› ئىسلىملىك رىسالىنى نەشىر قىلسا، ‹بىدئەت› دەپ پەتىۋا قىلىپ بىكار قىلدى. ‹ موتالىئە ھىدايەت› نامىدا دىنى، مىللى، ئەدەبى مەكتەپ ئاچتى، بۇنى ‹ ئازغۇنلار ئۇيۇشمىسىنى› دەپ تاقىتىۋەتتى........ئامالسىزلىقىمىزدىن تەرەققى مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، رەھبەرلىرىمىزگە ئەگىشىپ راھەتلەرگە ئېرىشتۇق»، شىكايىتىنىڭ ئاخىرىنى ‹‹راھەتلەرگە ئېرىشتۇق» دەپ ئاچچىق كىنايە بىلەن ئىپادىلىگە ئابدۇقادىر داموللان تىخمۇ ئاشۇرۇپ تەنە قىلىپ شۇنىڭدىن كېيىن «جامالىددىن ئافغانى، شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ، ئىسمائىل بەگ، غاسپىرىنسكىلەرگە مۇيەسەر بولمىغان تەھسىل ۋە ئەقىدىلەر ئاپىرىنلەر بىزگە مەنسۇپ بولدى» دەپ يازغان. بۇنىڭدا قەشقەر جەمئىيىتىدە كىشنى چۆچۈتىدىغان قاباھەتلىك كۆچىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، ئابدۇقادىر داموللانىڭ نەقەدەر زۇر جاسارەت بىلەن بۇ جاھالىيەت ھامىيلىرىغا روبىرۇ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، مەزكۇر ماقالىسىدە ئۆكۈنگەن ھالدا «مەدەنىيەتكە ئاياغ بېسىش ـ ھەقىقەتنى چۈشۈنگەن بۈيۈك رەھبەرلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى ياكى قوشنىلىرىدىن پايدىلىنىش بىلەن بولۇش مۇمكىندۇر» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنىڭدى ئابدۇقادىر داموللانىڭ قالاق ھەم بىكىنمە ھالەتتە قالغان مىللەتنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىشنى يىراقنى كۆرەر رەھبەر بىلەن جۇغراپىيىلىك ئاملىغا باغلاپ چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق توغرا بىلىش كىشنى ھەقىقەتەنمۇ كىشنى قايىل قىلىدۇ جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ مىللەتنىڭ تارىخى تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا مەشھۇر گىرمان پەيلاسوپى ھىگىل «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيەت يۆلىنىشنى جۇغراپىيىلىك سەھنىدە ئايرىپ قارىغلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «چۈنكى، زېمىن بىلەن ئىنسانلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.جۇغراپىيىلىك شەرتلەر بولسا ئىنسانلارنىڭ تارىخى يولىنى، ھاياتلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى گۇيا تەقدىردەك بەلگىلەيدۇ.» كىلەچەكە يول كۆرستەلەيدىغان، ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك رەھبەر ئەينى زامانىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارمىدى دىگەندە، بىز بۈگۈنكى تارىخى يۈكسەكلىكتە شۇنداق ئېيتالايمىزكى، پەقەت ئابدۇقادىر داموللا مۇشۇنداق سۈپەتكە مۇناسىپتۇر. ئابدۇقادىر

داموللانىڭ «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ئەسىرى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خىلى ئەتراپلىق چۆچۈتكەن، كۆزەتكەن تاتار زىيالىي نۇشىرۋا ياغۇشىف «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916-يىل 15-ئاپرېل ساندا ئېلان قىلغان تەسىرات ماقالىسىدە «قەشقەرلىك داموللا ئابدۇقادىر جانابلىرىنىڭ ‹ بايانى ھەقىقەت › ماۋزۇلۇق ماقالىسى بېسىلدى. قەشقەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ، تۈركچە مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت ھالىرىنى بايان قىلىشى مېنى ئەڭ سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشىنى تىلەيمەن» دەپ يازغان. «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر داموللانىڭ «بايانى ھەقىقەت» دېگەن ئەسىرىگە تەھرىر ئىلاۋىسى يازغاندا «ئابدۇقادىر داموللا ئەپەندىنىڭ ‹جاۋاھىرۇل – ئىيقان› ناملىق ئەسىرىنى تونۇجى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا مۇئەللىپ شام ياكى مىسىر ئالىملىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدۇق. بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان پىتى ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە پەسىھ ۋە تەبىئىي قەسىدە يازالايدىغان مۇقتەدىر ئالىم بولۇشى ئىسىمىزگە كەلمىگەن ئىدى» دەپ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

1912-يىلدىن باشلاپ ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرغان ئابدۇقادىر داموللانىڭ بۇ يىللاردا قەشقەردە مۇتەئەسسىپ قەدىمچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۇنىڭ تامامەن يەككە-يىگانە قالدۇرۇلغانلىقىنى سۆز چاقىرىقلىرى ئىتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئىش -پائالىيەتلىرى زىيادە توسقۇنلۇققا دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتى، ئەلۋەتتە. ئابدۇقادىر داموللام 1916-يىلى«شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئەدەبىي بىر مۇساھىبە» ناملىق ماقالىسىدە «ھال ھازىردە چوڭلارغا ئەگەشمەك يۈزىسىدىن بۇخارى تەرتىپلىرى ئىلە مەنتىق، كالام، پەلسەپە، تەدرىس مۇكالىمەلەرگە مەشغۇل بولسامۇ، لېكىن زىيالىي شاگىرتلەرگە تەپسىر، ھەدىس، ئىلمۇ ئەما يىللەردىن تەلىم بەرمەكتىمەن» دەپ يازغان. ئۇ . ئۆزى بۇ يىللاردا ھەم مۇددەرىس ھەم قەشقەرنىڭ مۇدىسى ئىدى. 1914-يىلىنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ 6ئاي تۇرۇپ، 1915-يىلى قەشقەردىن ئايرىلىپ تاشقۇرغان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭغان ئادىل ھىكمەتبەي، ئەمرۇللا بەي، قاتارلىق تۈركىيەلىك زىيالىيلار ئۇستۇن ئاتۇشتىكى باھاۋدۇن باينىڭ ئۆيىدىن خۇشلىشىپ ئافغانىستانغا بېرىش ئۈچۈن رۇسىيە تەۋەسىگە قاراپ يولغا چىقىش ئالدىدا بولغان ئىشنى مۇنداق يازغان : «ئاتۇشتىن يولغا چىقىش ئەسناسىدا قەشقەر مۇپتىسى ھاجى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئارقىمىزدىن ئەۋەتكەن بىر ئاتلىق كىشىسى بىزنى جەددى ئارقىمىزغا

قايتىشقا دەۋەت قىلدى. مۇپتىيى ئەپەندى بىزلەر رۇسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ھالەتنى چۈش كۆرۈپتۇ. شۇڭا قەشقەرگە قايتىشىمىزنى ئۇمۇد قىلىپتۇ. بىر نەرسىنى چۈشىنگەندەك قىلدۇق بۇ چۈش مەسىلىسى ئەمەس ئىدى. مۇپتى ئەپەندى بىر نەرسىنى بىلىپ قىلغاندەك قىلاتتى.» بۇ تۈركىيلىك زىيالىيلار ھىندىستاندىن قەشقەرگە كەشمىر يولى بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئافغانىستان تەرەپكە چىقىدىغان يولنىڭ ئوي ــ چوڭقۇرنى بىلمەيتى، ھەم بۇ جايلارنى رۇسلار قامال قىلۋالغاچقا خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار چېگرادىن چىقىپلا رۇسلارنىڭ تۇتقىنىغا ئايلانغان. بۇ باياندىكى ئۇچۇردىن بىز شۇ يىللاردا، يەنى 1915-يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرنىڭ مۇپتىسى ئىكەنلىكىنى بىلۋالايمىز. بىز قەشقەر تۈرمىسىگە قامالغان ئەھمەد كامالنى 1915-يىل 10-ئۆكتەبىردە ئابدۇقادىر داموللام يوقلاپ كەلگەندە ئەھمەد كامالنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغان مۇنۇ بايانلاردىنمۇ كۆرۈۋالايمىز: «شۇ كۈنى ئابدۇقادىر ھاجىم مۇپتى ھەزرەتلىرى مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تۈرمىگە كەلگەن ئىدى. بۇ زاتى شەرىپ مېنىڭ مەنىۋى پەدەرىم ئىدى. ئۇ ئۇسۇلى جەدىت مەكتەپلەردە ئوقۇشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، بەلكى پەرز ئىكەنلىكى ھەققىدە بۇ دىياردا تۇنجى قېتىم پەتىۋا چىقارغان پەزىلەتلىك كىشى ئىدى». مۇپتىلىق ئىسلام جەمئىيىتىدە خېلىلا يۇقىرى مەرتىۋە، شۇنداقلا ئالىي ئىمتىياز ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام جەدىتلىك يولىدا چىڭ تۇرۇش، تۈرمىلىق مەسىلىسىدە ئىجتىمائى مۇھىتنىڭ قاتتىق بىسىمى سەۋەبىدىن مۇرەسسەچىلىك يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ مەيدانىنىڭ، نىشانىنىڭ، غايىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيتى. ئۇنىڭ جەدىتچىلىك شان ــ شۆھرىتى بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن شىنجاڭدىن ھالقىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تارالغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا قازان شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان «شۇرا» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنالنىڭ 1916-يىلىدىكى سانىدا «ئابدۇقادىر داموللام كىمدۇر» دېگەن ئوچېرىك ئۇلاپ ئېلان قىلىنغان بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل تۈركى خەلقلەرگە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە «سەرىپ نەھۋى» (مورفولوگىيە ـ سىنتاكىس) ‹‹تەسھىلۇل ـ ھىساپ» (ھىساپنى ئاسانلاشتۇرۇش)، ‹‹جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىدى زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)، «بىدايەتۇس سەرىپ» (لېكسىيىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «بىدايەتۇن نەھۋى»، «تەئلىمۇن سىبيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە) «تەجۋىد تۈركى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، تۆرلۈك چارە ــ ئامال بىلەن باستۇرۇپ، مەكتەپ مەدرىسلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلىگەن. 120 كۇپلىتلىق «مۇخەممەس» ناملىق كاتتا ئەسىرنى يېزىپ ئۆزىنىڭ

جەمئىيەت، ئىقتىساد، ئەخلاق، مائارىپ ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى ۋە تەنقىدى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەزمۇنى چۇڭقۇر، تىلى گۈزەل، تەنقىدى رىئالىزملىق رۇھىغا ئىگە بۇ ئەسەر 1910-يىللاردىكى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېگانە ئەسەر ھىساپلىنىدۇ.

ئەينى چاغدا قەشقەر شەھىرىدە «يىراق-يېقىنغا نامى مەشھۇر مەدرىسلەردىن ئون بەشى بولۇپ ئابدۇقادىر داموللانىڭ لايپەشتاق مەدرىسەسى، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەسى، ھېيتگاھ مەدرىسەسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسەسى، قازان مەدرىسەسى، ۋاخلىق مەدرىسەسى، باھاۋدۇن مۆھتەرەم مەدرىسەسى، دورغا بەگ، مەدرىسەسى، ناجى ھاكىمبەگ مەدرىسەسى، ئوردىئالدى مەدرىسەسى، قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسلەر قاتارىدىدىن ئورۇن ئىلىپ. 200دىن ئارتۇق تالىبى بار» مەشھۇر مەدرىسە بولۇپ قالغان.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغان «ئۇيغۇر بالىسى»-نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ (1952-1887) ئۆزىنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسىردە 1913-يىلى 26يىشىدا يۇرتى غالجاتتىن غۇلجىغا كېلىپ مۇز ئات داۋىنى ئارقىلىق «ئالتە شەھەرگە» سەپەر قىلغىنلىقىنى يازغان. ئۇ، سەپەر جەريانىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى پاجىئەلىرىنى كۆرۈپ : «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خىلى تەرەققى قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىپەرۋەر مۇساپىيفلار، ئابدۇقادىر داموللاملار بارغۇ دەپ ئۆزلىرىمىزگە تەسەللى بەردۇق» دەپ يازغانلىقىنى كۆرۋالالايمىز.

1914-يىلى يازدا باھاۋدۇن باينىڭ غەيرىتى بىلەن ئۈستىئاتۇشتا ئېچىلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى - ‹قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ باش مۇئەللىمى ئەھمەد كامالنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قەشقەردىكى دىنى ئۆلىمالار ۋە باي-بايۋەچچىلەر دەسلەپتە ئىككى گۇرۇۋقا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئابدۇقادىر داموللا، باۋدۇن باي، شەمشىدىن داموللام، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، زىرىپ قارىھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ئاخۇن مەخدۇم، نورززادە ھاجى مۇھەممەت ئەلى، ئوبۇلقاسىم داموللام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قازىكالام ئىسلام داموللام قاتارلىق كىشلەر قوللايدىغان گۇرۇھنى، ئۆمەر باي، سىلىم داموللام قاتارلىقلار قارشى تۇرىدىغان گۇرھنى تەشكىل قىلغان، قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ رۇس كونسۇلخانىسى ۋە ئەكسىيەتچى يەرلىك

ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ. بۇ كۈرەشتە كۆچلۈك ئورۇندا تۇرغان.

ئەھمەد كامال شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار توغۇرسىدا «بەيساقاللىق مەھمۇد ئاخۇن داموللام بىلەن ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەر قاراڭغۇ كېچىدە چاقىغان چاقماقتەك چىرايلىق ۋە مەنىلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۆچۈرمەكچى بولۋاتقان مائارىپ مائارىپ مەشئىلىنى چاقنىتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى» دەپ يازغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۇ زىدىيەت ناھايىتى تېزلا مۇرەسسە ھالىتىگە كەلگەن. چۈنكى قەشقەرنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق قازىكالانى ھاجى ئىسلام داموللام جەدىتچىلىكنى قوللاش مەيدانىدا تۇرغان. شۇڭا، 1915-يىل 28- ئاپرېلدا قەشقەرگە كەلگەن تاتار زىيالى نۇشىرۋان يائۇشىپ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولۇپ «بۇلتۇر يېڭىچە مائارىپنى چەكلەپ جەدىتچىلەرنى ‹كافىر› دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ داموللىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ، يېڭىچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز يارەدەملىرىنى ئاتاپتۇ» دەپ يازغان قەشقەردە يېرىم يىلدەك تۇرۇپ ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئادىل ھېكمەت باي قاتارلىق تۈركىيىلىك زىيالىيلار1915-يىلى ئاپرېلدا يازغان خاتىرىسىدە مەدرىسلەردىكى ئۆزگىرىش توغۇرسىدا مۇنداق دېگەن «قەشقەرلىكلەر بىزگە شۇ قەدەر مۇھەببەت باغلىدىكى، بىر دېگىنىمىزنى ئىككى ئېتقۇزمايتى» مەدرىسە تالىپلىرى بىزدىن گېئومېترىيە دەرسى ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى» قەشقەردىكى بۇ ئۆزگىرىش مۇقەررەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى قەشقەر ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە قەدىمى شەھەر بولۇشى سۈپىتى بىلەن ئىلىم –مەرىپەت مەشئەللىرى نەچچە قېتىم لاۋۇلداپ يېنىپ، نەچچە قېتىم خىرەلەشكەنىدى. مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە باي بۇ قەدىمى شەھەرنىڭ زېرەك، تىرىشچان خەلقى زامان تەقەززا قىلغان، مىللەت مۇھتاج بولغان پايدىلىق ئىلىملەرگە ئىنتايىن تېز يېپىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا ئەينى يىللاردا قەشقەرگە كەلگەن گېرمانىيلىك فون لىكوك «ئەگەر ياخشى مەكتەپ بولسا، تۇغما تالانتلىق بۇ مىللەت چوقۇم ئۈچقاندەك ئالغا باساتتىكەن» دەپ تەن ئالغان. ئەمما ھەرقانداق شەكىللىدىكى ئىسلاھاتقا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى تۇتىدىغان يا زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەرەققىيات يولىغا تاشلانغان ھەر قانداق قەدەمنى كۆرۈشنى خالىمايتى، ئۇ ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرە»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» «سەۋەنلىكلەردىن ساقاق ئىلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قول يازما خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى :«خەلقنىڭ ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان، ئەھلى خالايىقنىڭ بىلىملىك

بولماسلىقنى ئۆمۈد قىلمەن......بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا دۆلەتكە ئاپەت كېلىدۇ، خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ۋەقە پەيدا قىلىپ دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.... ھۈنەر - تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ، جاھاندىكى بىغەرەزلىكنى كۆپەيتىشچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ..... مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا، بارلىق مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ، مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان ئادەملەرنى ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىز ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن» ياڭ زېڭشىنىڭنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ بايانلاردىن بىز جۇڭگو خەلقى تۇتمۇتۇشتىن ئۆيغىنىپ يۈكسەك تەرەققىيات دەۋرى ھېساپلانغان 20- ئەسىرگە جۇمھۇرىيەت ئارزۇسى، دېموكراتىك روھى ھەم يېڭى مەدەنىيەت ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ قەدەم قويۇۋاتقان شارائىتتا، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى نەقەدەر ئەكسىيەتچى فېئوداللىق ئىدىيەنى ئەگكۈشتەر بىلىپ ھاكىمىيەت تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھرىگەرنىڭ بىخۇدلاشتۇرۇش تاكتىكىسىدۇر!

1912-يىلى شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن ياڭ زېڭشىن بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۆزىگە قارشى ھەربىي ۋە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى پاك-پاكىز يوقىتىپ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، يەنى 1915-يىلىدىن باشلاپ زەھەرخەندە نەزەرىنى يەرلىك خەلق ئىچىدىكى ئىلغارلىق پائالىيەتلىرى ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئاغدۇردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ «كۆز قۇلاقلىرى» پۈتكۈل شىنجاڭنى قاپلىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھاكىمۇتلەق ئىشپىيونلۇق سىياستىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ياۋرۇپالىق بىر دىن تارقاتقۇچى ئۇنى قۇمۇلدىكى بۇرگىننىڭ مىدىرلىغىنى بىلىپ تۇرىدىغان مەنسەپدەر» دەپ تەبىلگەندى. شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەن 17 يىل جەريانىدا (1912-1928) «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياستى» نى يولغا قويغان ياڭ زېڭشىن :

يىراق شەرقتىن كەلدىم مەن،
چىڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلمىسىز نادانلىقتا،
پادىشاھقا بويسۇندۇرىمەن خەلقنى.

دېگەن ئەكسىيەتچى سىياسى ئەقىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كونا مائارىپنى قوللاپ، يېڭى مائارىپنى كۆچىنىڭ بېرىچە توسقان. ئەينى يىللاردا «ئىسلام دىنىدىن ساۋاق بېرىدىغان دىنىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاخۇنلار ئاچقان بولۇپ، بۇ مەكتەپلەر ئىپتىدائىي دەرىجىلىك مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي قائىدە، دىنىي ئەقىدىدىن ساۋاق بېرىلەتتى، نامازنىڭ ئايەتلىرى ئۆگىتىلەتتى، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلمەيتتى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۆلۈك ھالدا يادلاش بولۇپ، مەنىسىنى بىلىش تەلەپ قىلىنمايتتى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى زىغبەتلەندۈرگەنىدى.» ئۇ، شىنجاڭنىڭ لاۋزىنىڭ «دانالارنى ئەتىۋارلىماي، نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسى بىلەن ئىدارە قىلغان. «شىنجاڭنىڭ مىڭگو تارىخى» دېگەن كىتابتا. يېزىلىشىچە، ئۇ«لاۋزىنىڭ نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيىسىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ، ئۇزاق مەزگىل ھالەتتە قالاق تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ياڭ زېڭشىن، «ئىستىغپار ھۇجىرىسىدا ئوقۇلغان لاۋزا خاتىرلىرى»، «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر» دېگەن كىتابلىرىدا «لاۋزى تەلىماتى» غا قايتا-قايتا چۈقۇنۇپ، «نادانلىق ئەۋزەل» دىگەن ئىدىيەنى تەرغىپ قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى شىنجاڭنى ‹‹گومۇشلار دۇنياسى»غا، شىنجاڭ خەلقىنى بىلىمسىز «ئىپتىدائىي ئادەملەر» گە ئايلاندۇرۇپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مىلتارىست ھاكىمىيتىنى ساقلاپ قىلىش ئىدى، شۇنداقلا خەلقىنى «خەت يازالمايدىغان، كىتاب ئوقىيالمادىغان»، «نادانلىق ۋە ئويۇن -كۈلكە بىلەنلا ياشايدىغان»، «پاراسەتسىز خەلق» كە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «خاتىرجەم يۇرت سوراش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. شۇڭا ئاخىرقى ھېساپتا ئىكساقتا قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن زورلۇق بىلەن تارقىتىۋىتىلگەن، قۇللايدىغان گۇرۇھتىكىلەر ئامالسىز قالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق ئېچىنغان تاتار زىيالىي نۇشىرۋان يائوشېۋ مۇنداق يازغان : «ئالدىنقى يىللىرى مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىدىن مۇسابېيىۋلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قەشقەردە يېڭىچە تەلىم - تەربىيە مىكتىپى ئېچىلىغانىدى. بۇ مەكتەپ بەش -ئالتە يىل داۋاملاشقان بولسا ‹ ئالتە شەھەر › ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇيقۇچىلىرى يېتىشىپ قالغان بولاتتى. لېكىن بەختسىز بۇ خەلق شۇ بىردىنبىر ئىلمىي ئورۇنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمىدى».

ئەلۋەتتە بۇ مەكتەپنىڭ تاقىلىشىدا ياڭ زېڭشىڭنىڭ رەزىل قولى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ : «تۈركلەر ئايەت ئۆگىتىش نامى ھەدەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، ئۇنىڭ

يۇشۇرۇن ئاپتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس» دېگەن سەم 1917-يىلى ئەھمەد كامالنى كۆچاغا سۈرگۈن قىلغان، كېيىن كۆھادىمۇ توختاتاماي ئۇدۇل ئۆرۈمچىگە ھەيدەپ ئاپارغۇزۇپ، ئۆرۈمچى تۈرمىسىگە ئىككى يىل قامىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى تارىخىدىكى بۇ ئىستراتېگىيەلىك قەدەم مەنزىلىگە غەلبىلىك يېتەلمىگەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى 20-يىل كېچىككەن.

ئىكساقتىكى «قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى قەشقەردىكى جەدىتلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بولغان. جەمئىيەت ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان، بۇ يىللاردا شەرق ۋە غەربتىكى ھەممە ئەلدە تەرەققىياتقا، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئارقىلىق داغدۇغىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بولسا، شىنجاڭدا دەل بۇنىڭ تەتۈرسىچە ياڭ زېڭشىڭنىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» تەك رەزىل سىياستى سەۋەبىدىن غۇلجا، قەشقەر، تۇرپانلاردا يېڭىدىن كۆز ئاچقان مەرىپەت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن تىندۇرۇلۇپ، جەدىتلىك ھەرىكەتلىرىگە ئازراقمۇ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتى بېرىلمىگەن.

ئەمما، جاھان مىقياسىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام باشلىغان جەدىتلىك ھەرىكىتىگە تارىخى خاراكتېرلىك سەكرەش پۇرستى ئاتا قىلغان. 1914 – يىلى ئىيۇلدا مەشھۇر سارايىۋۇ ۋەقەسى سەۋەبىدىن پارتىلىغان 1- دۇنيا ئۇرۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، تۆت يىل تۆۋچ ئاي داۋام قىلىپ، 1918-يىلى 11-نويابىردا ئاخىرلاشقان. بۇ قانلىق ئۇرۇشتا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە پايدا ئالغاندىن باشقا، ئۇرۇشقا قاتناشقان بارلىق دۆلەتلەر مىسلىسىز ئېغىر زىيان تارتقان. چار پادىشاھ مۇستەبىت ھاكىمىيتى ئەڭ بالدۇر غۇلاپ چۈشكەن. 1917-يىلى رۇسىيەدە ئىككى قېتىم زور ئىنقىلاب بولغان. فېۋرالدىكى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق پېتېرگىراتا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلغان. چار پادىشاھقا تۇزۇمگە قارشى بارلىق كىشىنى كەچۈرۈم قىلغان، ئاممىۋى يىغىلىش نامايىش ئۆتكۈزۈش، گېزىت – ژۇرناللارنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. بارلىق سىياسى پارتىيەنى ئېتىراپ قىلغان. 1917-يىلى باھاردا رۇسىيە ۋاقىتىنچە دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان» شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى بولشېۋىكلار «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نى قوزغاپ، ھاكىمىيەتنى «فېۋرال ئىنقىلابى» ئارقىلىق قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتىن تارتىۋالغان.

1917-يىلىدىن 1921-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيەدە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى مەركىزى ھۆكۈمەت ئىنتايىن ئاجىز ئەھۋالدا تۇرغان. رۇسىيەدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب تەبئىي ھالدا بىر ئەسىردىن بۇيان رۇسىيەدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب تەبئىي ھالدا بىر ئەسىردىن بۇيان رۇسىيەنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدا تۇرۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسى ئىستىقباللىنى نەزەرگە ئالغان مىللى ھەرىكەتلەرنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. رۇسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان تۈركى خەلقلەر رايونلىرىدا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كۆپ يىلدىن بۇيان ئىچكى ئىشلاردا ئەركىن، ئەمما تاشقى ئىشلاردا رۇسىيەگە باغلىنىپ تۇرۋاتقان بىقىندى خانلىق خىۋە خانلىقى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان «ياش بۇخارالىقلار» ۋە «ياش خىۋەلىكلەر» تەشكىلاتى جۇشقۇن ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلغان. «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىلغار مەنىۋى داھىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسى پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە 1917-يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا بىر يەرگە يىغىلىپ، كۆپ ساندىكى ئەزاسى جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان ‹ ئىسلام شۇراسى› نى قۇرۇپ چىققان بۇ پارتىيىنىڭ سكرتارلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر قارى ئابدۇرەشىتخان ئۈستىگە ئالغان . ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنى قارار قىلىشقان. قۇرۇلتاي تەييارلىقلىرى تاماملىنىپ، 1917-يىلى 17 ـ ئاپرىل تاشكەنت شەھرىدە 440 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان تۇنجى قىتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان. بۇ قۇرۇلتايدا ‹ رۇسىيەنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ تۈزۈم ئىچىدىكى ئورنى › ھەمدە ‹ رۇس كۆچمەنلىرىگە تارقىتىلىپ بىرلىگەن يەرلەرنىڭ ئەھۋاللىرى توغۇرىسىدا › دېگەندەك بىر مۇنچە تېمىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇلغان. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جەدىتلىكنى ھىمايە قىلىشىدىغان كىشىلەر ئىدى »

ئۇزاق ئۆتمەي قازاقلاردىن چىققان مەشھۇر جەدىتچى مۇستافا چوقاي ئوغلى رەھبەرلىكىدىكى قوقان موختارىياتى قۇرۇلغان. ئۈچ ئايغا يىقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ ھۆكۈمەت 1918-يىلى 18 ـ فېۋرالدا قىزىل گىۋاردىيەچىلەرنىڭ قوراللىق باستۇرۇشى بىلەن ئاغدۇرۇلغان. ئورنىغا تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا توختاۋسىز سىياسى ئۆزگىرىش ۋە تۈرلۈك

ئىجتىمائىي ئىنقىلاب يۈز بېرىپ، داغدۇغىسى جاھاننى بىر ئالغان. مۇشۇ يىللاردا قەشقەردىكى بۇرژۇئازىيە ۋەزىيەتتىن ئىچى سىقىلغان، غايە ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشماي تاقىتى تاق بولغان ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلغان. بۇ قېتىمقى سەپەر ۋاقتى 1918-يىلدىن 1921-يىلغىچە بولغان. بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلغان. ھەر قايسى سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مۇددىئا - مەقسەتلىرىنى تەھلىل قىلغان. بولشېۋىكلار ھەققىدىكى چۈشۈنچىسنى ئايدىڭلاشتۇرغان. شۇ جەرياندا ئۇشتا بىر ئۆزبېك ئائىلىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل كۆرگەن. 1921-يىلى رۇسىيە تۈپرىقىدا بولشېۋىكلار ھاكىمىيتى مۇستەھكەملىنىپ، خەلقئارادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكى پائالىيەتچىلەر، بىر قىسىم داڭلىق دىنى زات ۋە مال - مۈلكى كۆپ باي تۆرىلەر ئۆي - خىيال بىلەن قوشنا ئەللەرگە قاراپ يول ئالغان. ئابدۇقادىر داموللام بولۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن بولشېۋىكلار ھاكىمىيتى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى كېلەچىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ يىلغا سوزۇلغان كۆزىتىش، كۆتۈش ئويلىنىش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۇشتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردىن قايتىدىن كېيىن قەشقەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى مەرىپەتچىلىك غايىسىگە ئىگە جەدىتچىلىدىن ئىجتىمائىي كۆرەش ئىرادىسىگە ئىگە كەسكىن ئەمەلىيەتچىگە ئايلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى خەلق ئارىسىدا رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. ئۇنىڭ تەسىرى يۇقىرى چەككە يەتكەن. ئۇ، خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى مەنسەپدارلارغا جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار ئۆلىما - ئىشانلارغا، مال-دۇنيا توپلاشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئاچكۆز بايلارغا قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي، مۇرەسسەسىز مۇئامىلە قىلغان. قەشقەردىكى خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كەيپىياتنى ئەمەلي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى تۇنجى نامايىشنى تەشكىللەپ، ئاممىۋى نارازىلىق ھەرىكىتىنى قوزغىغان.

غەرب خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرى - مىسسىونېرلىرى (قەشقەرلىكلەر مىسسى دەپ ئاتايتى) قەشقەرگە 1892-يىلى قەدەم قويغان. شۋىتسىيە باش دىنى

جەمئىيىتىنىڭ كاۋكاز رايونىدا دىن تارقىتىۋاتقان مىسسىيونېرى ھۆيجىر رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئەسىرگە تۈركىيلىك ئەرمەن يوھانس ئاۋېتارانىئاتنى شاگىرتلىققا ئەگەشتۈرۈپ 1892-يىلى قەشقەرگە كەلگەن. بىللە كەلگەن ئۇ تۈركىيلىك ئەرمەن تۈرك تىلىنى بىلەتتى ھەم ئەسلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ، كاۋكازدا ھۆيجىر بىلەن تونۇشۇپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ تۈرك تىلىنى بىلىشى ۋە ئىسلام دىنىنى پىشىق بىلىشى ھۆيجىرنى قىزىقتۇرغان. ھۆيجىر قەشقەرگە كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن قەشقەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىردىن بىر دىن تارقىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەن. ئارقىدىنلا بىر ئۆمەك تەشكىللىنىپ ھۆگبېرگ دېگەن پۈپنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1894-يىلى فېۋرالدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ 10 يىلدىن ئارتۇق ئېلىپ بارغان ئېتىقاد ئۆزگەرتىش تىرىشچانلىقى ئىسلام دىنى ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قەشقەردە ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەن. ئۇلار قەشقەر خەلقىنى دىنىنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىۋاستە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 1906-يىلى قاھىرەدە ئېچىلغان گوسپېل يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، دوختۇرخانا، مەكتەپ، دارىلئىتام ئېچىش، شۇ ئارقىلىق داۋالاش ۋە تەربىيەلەش يولى بىلەن ئۈنۈمگە ئېرىشنى ئويلىغان. بۇ نۇقتىدىن شۋېتسىيەلىك گۇننار ياررىڭمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ «دوختۇرخانا خىزمىتى بىلەن مائارىپنى يولغا قويۇش دىن تارقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچۈن يول راسلاش - كۆۋرۈك سېلىشتىن ئىبارەت» دەپ يازغان. «تۈپ ماھىيەتىدىن ئېيتقاندا، شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ رايوندا خىرىستىيان دىنى تارقىتىشقا كىرىشىشى ھەممە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بىلەن زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى بىر ‹مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى› دىن باشقا نەرسە ئەمەس» ئۇلار دىن تارقىتىش خىزمىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلىگەن. ئىگە-چاقىسىز يېتىم-باللارنى بېقىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق بارا-بارا ئېتىقاد ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. 1920-يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. 1923-يىلى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ 200دىن ئاشقان.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقىنىڭ مىڭ يىلدىن ئاشقان ئەقىدە- ئېتىقادى خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق جىددى پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىنى چىڭىتىش، دىنى كىملىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، نۆۋەتتىكى

كىرزىسقا تاقابىل تۇرۇش توغۇرلۇق پۇرسەت يار بەرگەنلىكى سورۇندا تەشۋىقات – تەربىيەنى كۈچەيتىپ قانات يايدۇرغان. ئالدى بىلەن شاگىرتلىرىنىڭ قەلبىگە مىسيونېرلارغا قارشى غەزەپ يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغان. ھەر كۈنى ناماز دېگەردىن كېيىن ھېيتگاھ جامائەسىدە ئەمرى مەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەز – تەبلىغ قىلىپ، غاپىل خەلققە ئۆزلۈكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بارغان. مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، كامالەتكەن يەتكەن مۇنازىرە قابىلىيىتى ۋە ھەققانىي سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى مات قىلغان. تار دائىرىدىكى يومشاق ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش بىلەنلا قانائەت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، خاتىرجەم ياشاشقا ئادەتلەنگەن موسۇلمانلارغا نەپرەتلەنگەن ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنىڭ ئىبادەتنى تولىمۇ يۈزە چۈشىنىپ، بىپەرۋا كۈن ئۆتكۈزۈشلىرىگە چىداپ تۇرالماي يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن ئۇلارغا بۇرچىنى تونۇش توغۇرلۇق نەسىھەت قىلغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ «ئالىملىرىمىز زىمىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى خالايىققا ئەيىنەن يەتكۈزسۇن» دەپ ئېيتقان. ئابدۇقادىر داموللام يۇرت كاتتىلىرى بولغان بىخىل بايلارغا قەشقەر كوچىلىرىدا سەرسان – سەرگەندان بولۇپ يۈرگەن بالىلارنى، گۈلەخلەردە كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتقان يېتىم – يېسىرلارنى قانات – ئاستىغا ئېلىش ئۇلارغا ساخاۋەت داستىخىنىنى يېيىپ، قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە يو كۆرسەتكەن. ئابدۇقادىر دامولام ئۇلارغا «ئۆزىمىز يۇرتنىڭ كۆزى خەلقنىڭ بېشى بولۇپ تۇرۇقلۇق خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە باشلاپ ماڭماستىن پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن شەخسى تاپاۋەت يولىغا ماڭساق، قولىغا كىرگەن تىللا – تەڭگىلەرنى ئەۋرەزىگە كۆمۈپ خاتىرجەم ياتساق، ئىستىقبالىمىز توغۇرسىدا زەررىچە قايغۇرمىساق كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىيى گۇناھكار بوپقالماسمىزمۇ !.... ئەپسۇسكى بىز غەمخۇرلۇق قىلماي كوچىغا تاشلىۋەتكەن بالىلىرىمىزنى ياۋرۇپادىن كەلگەن موخالىپيەتچىلەر ئۆز قويىنىغا تارتماقتا، ئىنگلىز – شۋېتلار قانداقتۇر شىپاخانا قۇرۇپ، داۋالاش يوللىرى بىلەن ئەقىدە ئوغۇرلىماقتا. ئۇلار بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا بىر مىسقال تەسىر كۆرسىتىشكە كۆز يەتسە، ئايانماستىن يۈز سەرلەپ تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بولساق بالىلىرىمىزنى كوچىلارغا تاشلاپ، ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرماقتىمىز» دېگەندەك جاراڭلىق خىتابلارنى قىلغان. «نەسىھەتى ئاما» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى قايتا باستۇرۇپ كەڭ تۈردە تارقاتقان. ئۇ بۇ ئېسىل ئەسىرىدە خەلققە مۇنداق مۇراجىئەت قىلغان : «بۇ زامان غەپلەت بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئۇيغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر ! جاھىلىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس،

ئىلىم – مەرىپەت دەۋىردۇر، سۈسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا يولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە موقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلىم يولىدۇر! ھېلى ھەم ۋاقىت ھەم پۇرسەت بار» پىرۇگىراما خاراكتېرلىك بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۇنۇم پەيدا قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرى بىلەن كىشىلەردە مىللىي ئاڭ ئۇيغىنىشقا باشلىغان. ئىلگىركى مەرىپەتچىلىك روچى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە سىياسىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تېخىمۇ بېيىغان قىسقىسى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسە قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس. بەلكى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر يېڭىلىق، تەرەققىيات، مەرىپەت ھەققىدىلا ئەمەس ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئۈستىدىمۇ ئويلىشىدىغان سۆزلىشىدىغان بولغان. ئۇ، ھۆسەيىنخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللى، باھاۋۇدۇن باي، شەمسىدىن داموللام، سابىت ئابدۇلباقى كامالى، قۇتلۇق شەۋقى، ھاجى مۇھەممەد ئەلى قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەت ئاشىنالىرنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمدە بولۇشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد پىداكار شاگىرتلارنى تەربىيلەپ چىققان مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردە «ياش قەشقەرلىكلەر» نامىدا بىر تۆركۈم جەدىتچە روھتىكى زىيالىي بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ تۆرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيىتى قەشقەردە يېڭى جانلىنىش مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغان. قاغىلىقتا تۇرۇپ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىدىن كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ئاتاقلىق شائىر، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى ھۆسەيىنخان قۇتبىددىنشاھ تەجەللى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان گۈملىق شاگىرتى ئابدۇجېلىلغا يازغان شېئىرى مەكتۇبىدا «غازىنىڭ غەيرىتىدىن تۇغۇلغان غەۋغالارنى يېزىپ تۇرغىن» دەپ تاپىلىغان. بۇنىڭدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات پائالىيەتلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قىزىق تېما بوپقالغانلىقىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ.

ئەينى يىللاردا، يەنى 1920-يىللارنىڭ بېشىدا بولشېۋىزىم بىلەن بىرىتانىيە كىڭەيمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىڭىپ كىرىش قارا نىيىتى شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئىلىش ئۇرۇنۇشلىرى قەشقەر ۋەزىيىتىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىققان. 1924-يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەرقايسى مەدرىسەدىكى تالىپلارنى تەشكىللەپ شۇۋىت دىن تارقاتقۇچىلىرنىڭ

ھەرىكەتكە قارشى نامايىش تەشكىللىگەن. 1936-يىلى نەنجىڭدە نەشر قىلىنغان، زېڭ ۋېنۇۋ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، «مىگونىڭ 12-يىلى قەشقەردىكى چوڭ مۇپتى ئابدۇقادىر داموللام خىرىستىيان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭدا يامراپ كىتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇسۇلمانلارنى ئۇيغىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ژۇرنال چىقىرىشقا ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان لېكىن ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغان. ئابدۇقادىر داموللام تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ، تالىپلىرىغا ھەرقايسى مەسجىدكە چاپلاشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنى ئوقۇغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇنۇمى چوڭ بولغان. مانا مۇشۇنداق ئىدىيىۋى قوزغىتىش نەتىجىسىدە قەشقەردىكى ئوقۇغۇچىلار پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈپ، شۇئار توۋلاپ كوچىلارنى ئايلانغان. پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشكەن ئوقۇغۇچىلار مىسسىيونېرلارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان، باسما ماشىنىلىرىنى پاچاقلىۋەتكەن. بۇ ئىش قەشقەرنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى، شىۋىت مىسسىيونېرلىرى ۋە سوۋېتلەر ئىتىپاقىنىڭ ئادەملىرى چۆچۈپ كەتكەن. «نامايىش كۆتۈرۈلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا قەشقەر دوتېيى ئابدۇقادىر داموللام، مامۇ ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30نى يىغىن كىشىنى 40كۈن ھەپسىگە سولاپ قويغان.» ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئىشنى ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇلارغا ۋەدە بەرگەن. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق مەدەنىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۈن ئەپەندى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنى «ئادەمخور جەمئىيەت» دەپ ئاتىغان. ئۇ جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ نىگىزلىك ئىللەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ : «جۇڭگونىڭ كونا ئۇدۇمى شۇنداق، ئوقۇمىشلىق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ئومۇمەن قانخورلۇق ئامىلىرى بولىدۇ. ئۇلار يولى ياتلارغا ھەر قاچان ئۆلۈم يولىنى راسلاپ قويىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. جۇڭگو فېئوداللىقى جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى مەككار سىياسىئون ياڭ زېڭشىن ئادەمخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان فېئودال مەنسەپدار ئىدى ئۇ : «مائارىپى يوق مىللەت دۆم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرىۋېرىدۇ. نادان ئادەمنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەر قانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەندى قىلىمەن. بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن» دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامدىن ئىبارەت بۇ دانا ئىسلاھاتچىنى يوقىتىش مەقسىدىنى كالتە پەم، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان،

مۇناپىق مىجەز شەخسىيەتچى بايلار بىلەن ھەسەتخۇر ئۆلىمالارنىڭ غالچىلىق قىلىپ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

قەتئىي ئىرادىلىك ــ مۇرەسسەسىز ۋەتەنپەرۋەر پىداكار يولباشچى، مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى، ئوت يۈرەك جەدىتچى ئابدۇقادىر داموللام 1924-يىلى 14-ئاۋغۇست تاڭ سەھەردە قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە يالانغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۆچۈن زور يوقىتىش ھېساپلانغان بۇ قاتىللىق پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كەتكەن. قەشقەردىكى ئىلغارلىقتا مايىل كۆچلەر تۆركۈملەپ قولغا ئىلىنغان. بىرقىسمى تاشكەنت، ئەنجان، قاراقۇلغا، بىر قىسمى غۇلجىغا، يەنە بىر قىسمى شاڭخەي، تىيەنجىنگە قېچىپ قوتۇلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى سەۋەبىدىن قەشقەر خەلقى چەكسىز قايغۇ ــ ھەسرەتكە چۆمگەن، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى، شەمسىدىن داموللام قاتارلىق شائىرلار ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن مەرسىيەلەرنى يازغان، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ھەسرەتلىك قوشاقلارنى توقۇشقان:

ئىتىك بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرىلىك ئۆتكەن ئەمەسمۇ.

داموللام ئۆلۈپ كەتتى،
تالىپلار يېتىم قالدى.
سەن ياشىغان بۇ يۇرتتا،
شەيتانۇ رەجىم قالدى.

مۇللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىك،
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى زامان ئىدىئولوگىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل

سالغان، جەدىتچىلىك ئىدىيەسىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈپ، تۇنجى ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوزغىغان بۇ ئۇلۇغ يولباشچىنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشى خەلقىمىزنىڭ مىللىي ھاياتىدىكى زىيىنى ھەقىقەتەنمۇ زور تارىخى تىرورلۇق ئىدى. بۇ زور يوقىتىشنى گويا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئىيتقانىدەك «كىشىنى ئەسىرلەپ ئويلاندۇرىدىغان ۋە ۋىجداننى تېپىمىز نەپرىتىنى قوزغايدىغان پاجىئە بولدى» دەپ خاراكتېرلەشكە بولىدۇ. بۇ پاجىئە بىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىرلەپ ئويلاندۇرىدىكى، سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىن 300 يىللاپ داۋام قىلغان جاھالەت تۇتقۇلىرى ئىچىدە ئۆلۈم ئۇيقۇسىدا ئوخلاپ كەلگەن غاپىل خەلققە «بۇ ھالەتتە دائىم ئوخلىماق بەك - - - - - - - - يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر!» دەپ تەخرىسىز ھېسسىياتتا تۇنجى بولۇپ جاراڭلىق خىتاب قىلغان ئەزىمەت ئابدۇقادىرداموللام ئىدى كالللىسىدا زامانغا لايىق ھېچقانداق بىر ئاڭ چۆشەنچە يوق نادان خەلققە مەرىپەتچىلىك، مىللەتچىلىك ئىگىنى ئەڭ دەسلەپ سىڭدۈرگەن مۇنەۋۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئىدى! ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستلىشىدىن ئىبارەت بۇ پاجىئە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدۇكى، ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق، قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك، چىچىلاڭغۇلۇق ئىچىدە تىپىرلاپ كىلىۋاتقان بىر خەلقنى سەگەكلىك بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن، يېڭىلىققا يېتەكلىگەن ئىنسانى قەدىر-قىممىتى بىلەن ياشاشقا دەۋەت قىلغان، ئادالەت ۋە سائادەت يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرىغان بىر دانا يولباشچىنى كالللىسى فېئوداللىق ئاڭ - ئىدىيە بىلەن تولۇپ كەتكەن ئەكسىيەتچى مەنسەپدار ياڭ زېڭشىنىڭ كۆزىنى مەست قىلماستىن يوق قىلىۋەتكەنلىكىدۇر. بۇنداق قاباھەت قىلمىش فېئودال پادىشاھلىق شارائىتىدا كۆرۈلگەن بولسا، چۈشىنىشكە بولسىمۇ، «4-ماي» دىن كېيىن جۇڭگونى قاپلىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى شارائىتىدا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان نومۇسسىزلىق دەپ ئىيتىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ۋىجدان نەپرىتىمىزنى قوزغايدىغان يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ئابدۇقادىر داموللامدەك مۇنەۋۋەر بىر يولباشچىنى يوقۇتقان رەزىل دۈشمەنلەر ئىچىدە بىزنىڭ ھاماقەت قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ بار بولغانلىقىدۇر. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۆھپىسى ۋە ئىدىيەسىگە زامانىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. پىروفېسسور ئازاد رەھمۇتۇللا سۇلتان ۋە جاڭ مىڭ، نۇرمۇھەممەت زامانلار تۈزگەن «20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئابدۇقادىر داموللام مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەت پائالىيەتچىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى. 20 -

ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلىپ بىرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە مەرىپەت ھەرىكىتىدە ئابدۇقادىر داموللام باشلامچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇر ئىدىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەرىپەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان»، «ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر نۇرلۇق چولپان ۋە يول ئاچقۇچى. ئۇيغۇر ھازىرقى ئەدەبىياتىدىكى جاھانگىرلىككە، فىئوداللىزىمغا، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، تەرەققىيات، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش ئىدىيەسى ئابدۇقادىر داموللامدىن باشلانغان.»

مەنبە:شىنجاڭ مەدەنىيتى ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 5-سانى

# ئەدەبلەر نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ؟

يالقۇن روزى

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ سوقرات «ھەقىقەتنى بىر ئادەم سۆزلەيدۇ، پىتنە-پاساتنى مىڭ ئادەم سۆزلەيدۇ» دېگەن ئىكەن ھەقىقەتنى قوغداش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ دارغا ئېسىلغان سوقرات ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدە ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ساناقلىقلا كىشىلەرنىڭ بىرى بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئافىنا سوتىدا سۆزلىگەن چاغدىكى جاراڭلىق ئاۋازى تاكى ھازىرغىچە ياڭراپ تالاي كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماقتا، ئەلۋەتتە ھەقىقەتلا ئىجازەتسىز ساياھەت قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە.

مەن ئەدەبىيات كوچىسىغا ئىشتىياق باغلىغاندىن بۇيان ئوقۇغان ئەسەرلىرىمدە ئەدىبلەرنىڭ ھەقىقەت قارىشىغا ۋە ئىدىيۋى مەۋقەسىگە بەكرەك قاراپ كەلدىم. ئادەتتە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ساختىلىقنى، چىنلىق، رەزىللىكنى گۈزەللىك، قەبىھلىكنى مېھرىبانلىق دەپ چۈشەندىغان ياكى ئۇلارنىڭ پەرقىنى مۈجمەل ئەدىبلەر كۆپ ئۆتكەن، شۇڭا، نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ يازغانلىرى تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەي، دەۋر شامالىدا تۇزۇپ تۈگىگەن، بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، ھەرخىل مەۋقەدىكى ئەدىبلەرنى، يەنى ھەقىقەت ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزدەنگەن ئىزدىنىش روھىغا باي، پاراسەتلىك ئەدىبلەرنى: ھەقىقەت مەيدانىدا تەۋرەنمەي تۇرالىغان جاسارەتلىك ئەدىبلەرنى ھەقىقەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ تىللاردا داستان بولغان ئوت يۈرەك ئەدىبلەرنى: ھەقىقەتنى بىخەۋەر ھالدا ياشاپ ئۆتكەن ئالجۇقا ئەدىبلەرنى: ھەقىقەتنى تونۇغان ئەمما يېقىنلىشىقا جۈرئەت قىلالمىغان توخۇ يۈرەك ئەدىبلەرنى، ھەقىقەتنى قوغداشقا ھەرقاچان تەييار تۇرغان پىداكار ئەدىبلەرنى، بىر ئۆمۈر ھەقىقەتنى سېتىپ خەجلەپ ئادەتلەنگەن «ھايانكەش» ئەدىبلەرنى كۆرىمىز.

ھەر قايسى ئەل ئەدىياتىنىڭ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ، ئۆزىگە تىكلىگەن جۇپ-جۇپ كۆزلەر قاماشتۇرۇۋېتىدىغان ئەدىبلەر دەل تارىخنىڭ

رەھىمسىزلىك بىلەن تاسقاشلىرىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ ، جاھان ئەھلىنىڭ ئورتاق ئىتراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئەدەبىلەردۇر . بىلىش قانۇنىيتى بويىچە ئېيتقاندا ، بىر ئادەمنىڭ تونۇشى تەدرىجى چوڭقۇرلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال . بىز ھەرقانداق ئەدىبنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىنى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە كۆزىتىمىز . مۇشۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە بويىچە قارىغاندا دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن، ئىنىقراق ئېيتقاندا ھەقىقەت قارشىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان بىر قىسىم ئەدىبلەردۇر . پوتكول ئىنسانلارنىڭ بىلىشلىرى جەريانىدا. بىر ئادەمنىڭ بارلىق بىلىش جەرييانىدا سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ تامامەن ماس، بىردەك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. سەپسەتىدىن قۇتۇلماق تەس. لاتىنلارنىڭ « خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق ، خاتالىقدا چىڭ تۇرۇۋېلىش كالۋالىق، ئاقىللار خاتالاشمايدىغانلار ئەمەس، بەلكى خاتالاشسا شۇئان تۈزىتىدىغانلاردۇر » دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزى بار . بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلگىرىكى ئىجادىيەت يولىدىن پۇشايمان قىلىش قارىماققا كىشىنى ئۆكۈندۈرىدۇ ، ئەمما چوڭقۇراق كۆزەتسەك، پۇشايمانلىق تەپەككۇر قىلىش مەزكۇر كىشىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىدا ، قىممەت قارشىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش بولغاندا ، ھەقىقەتنى يېڭى باشتىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەندە كۆرۈلىدىغان ئىجابىي سۈپەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز . بىر ئۆمۈر ھەقىقەتنى تونۇش ، چۈشىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالماي ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەدىبلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەت ئىزدەپ ۋە ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىر ئەدىب ئۆچۈن بەخت ھەم يۇقىرى مەنىۋى ساپا ھېسابلىنىدۇ ، ئەلۋەتتە .

ئۆزىنىڭ ئىجادى ھاياتىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقارغان بىر خىلدىكى ئەدىبلەر بىزنىڭ مىللى ئەدەبىيات تارىخىمىزدىمۇ بار . مەن 1980-يىللاردىن بۇيان ئۆز ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھەقىقەت قارشىغا ، يەنى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن چىنلىققا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى سۆزلەپ جاسارىتىگە ۋە ھەقىقەت ئىزدەش قىزغىنلىقىغا، قىسمىسى، خەلقىمىزنىڭ تارىخى كەچۈرمىشى ۋە ئىجتىمائى رىئاللىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت مەسىلىسىدىكى مەيدانىغا بەكرەك دىققەت قىلىپ كەلدىم ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەقىقەت بولسىلا ، قەلىمىدە ئەكس ئەتمەي قالمايتى شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆز جۈملىلىرى ئارىسىدا، مىسرا -كۇپلېتلىرىنىڭ قات-قاتلىرىدا ھەقىقەت دۇردانىلىرىنىڭ بار -يوقلىقىنى بەكرەك زېھرىلىدىم. شۇ جەريانىدا بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە مەۋقەسىدىن پۇشايمان خاراكتېرلىك خۇلاسە

چىقارغانلىقىنى ھىس قىلدىم . شۇ يىرى دىققەتكە سازاۋەركى، ئۇلار بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنى 55-بەشتىن كىيىنكى ياش باسقۇچىدا يازغان ئىدى. ئومۇمى مەنىدىن ئىيتقاندا، قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە مەۋقەسىدە بۇرۇلۇش ياسىشى، شۇبھىسىزكى، مەركىزۇر ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا ئالاھىدە قىممەت بىغشلايدۇ .

20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىجادىيەت بىلەن سۇغۇللانغان، ئەمما، ئاخىرقى ھىساپتا ئۆزىنىڭ ھەقىقەت قارىشىنى چىن مەنىسى بىلەن يىگىلاپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن پۇشايمان خاراكتىلىك خۇلاسە چىقارغان ئەدىبلەر ئانچە كۆپ ئەمەس . ئەسلىدىلا ھەقىقەتكە بولغان ھىرىسمەنلىك ھىسسىياتى يوق، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئادەت قىلمىغان ئەدىبلەر نىمە يىزىشىدىن قەتئىنەزەر ھەقىقەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا قايسى كۈچنىڭ يىشىل چىرىقى يىقىلسا نىشاننى شۇ ياققا بۇراپ، ئاغزىغا نىمە كەلسە، شۇنى يىزىپ ياشاپ كىتىۋىرىدۇ . ئەمما ، ھەقىقەتكە ھىرىسمەن، ھەر ۋاقىت ھەقىقەتنى تىپىشنىڭ، ئۇنى تۇرلۇك يوللار ئارقىلىق ئىپادىلەشنىڭ كويىدا بولغان ئەدىبلەر ھەقىقەتنى تاپقان ياكى يىگىۋاشتىن تونۇغان چىغىدا ئىدىيىدە تامامەن «قاسىراق» تاشلاپ، يىپيىڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەدىبلىرىمىزدىن ھازىرچە مىنىڭ بىلىدىغانلىرىمىدىن نىمى شېھىت، ئابدۇرىھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، روزى سايىت قاتارلىقلار بار.

شائىر نىم شېھىت 1971-يىلى ئاۋغۇستا ئانا يۇرتى بايىدا ئۆمرىنىڭ ئاخىردا ناھايىتى قىيىن كۈنلەر باشتىن كەچۈرۋاتقان چاغلىرىدا « پىقىرنىڭ ئىقرارى » نامىلىق ئىبسل شىئرىنى يىزىپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى ھەقىقەتنى تامامەن خاتا چۈشىنىپ كەلگەن پۇشايمىنى چوڭقۇر نادامەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن

شائىر ئابدۇرىھىم ئۆتكۈر 1981-يىلى يىشى 58 گە ئۇلاشقاندا «ھىدايەتنامە» ( يەنە بىر ئىسمى «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس») ناملىق نادىر شىئرىنى ئىجاد قىلىپ ئەڭ تۈپ ھايات ھەقىقىتىنى خاتا چۈشىنىپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى تەن ئالغان . شائىر بۇ بىر پۈتۈن شىئرىنى «ئۆمۈر مەنزىلىدە تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى» دىگەن مىسرا بىلەن ئاخىر لاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ساماۋى ھەقىقەتنى يىگىباشتىن، چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1993-يىلى يىشىنىڭ 60 قا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان كاتتا ئەسىرى «ئۆمۈر تەلقىنلىرى»دە ئۆزىنىڭ 60ياشتا متافىزىكىلىق ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئارىپ بولغانلىقىنى يەنى ئويغانغانلىقىنى ئىقرار قىلغان. ئۇنىڭ «ئارىپ»لىقىنىڭ مەنىسى

تىخمۇ كەڭ ھەقىقەت مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇساپىسىدە رۇشەن ھالدا ئويغانلىقىنى مۇناسىۋىتى بىلەن تىخمۇ مەنىلىك قىلىپ، «60 ياشتىمۇ غەپلەتتە قالغان كىشىنى زىمىن لەرزىسى بىلەن تەقدىر زىلزىلىلىرىمۇ ئويغىتالمايدۇ » داپ ئىيتقان.

شائىر روزى سايىت 1998-يىلى 55يىشىدا يازغان « بىغشىلما » ناملىق شئىرىدا ئۆزىنىڭ رىئال دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتنى خاتا تونۇغانلىقىنى ھەم ئىلگىرىكى خاتا ئىجادىيەت مۇددىئاسى ھەققىدىكى پۇشايمانلىق ھىسسياتىنى ناھايىتى دادىل ھالدا مۇنداق ئىپادىلىگەن :

قەلەمنى ھەر مۇقامغا يورغىلاتتىم ،مەيلىگە قويماي،
تىرىقىنى «تاغ»قىلىپ يازدىم ،غۇلاچىنى«بىرئىلىك»قىلدىم
تىخى «ئايغىر غۇنلاپتۇ ،-دىدىم،قۇملار چىچەكلەپتۇ..»
دىمەك ئىلھامنى يالغانىڭ چىراغىغا پىلىك قىلدىم .

يىشىم ئەللىكتىن ئاشقاندا ،دىدىم ،بەس !ھەقنى سۆزلەيمەن،
ئۆزۈمنى زاتى مەنسۇردەك كۇلاھۇ –جەندىلىك قىلدىم .
بىلگەلار ئۇشبۇ يازمامدىن مىنىڭ ھالىمنى ئوغلانلار ، ;
كىتەرمەن بى ئەجەل مەيلى،ئاۋامنى خەندەلىك قىلدىم!....

دىمەك ،بىزنىڭ 20-ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەقىقەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش، رىئاللىقنى يىڭى باشتىن تونۇش ئارقىلىق ھەق –ناھەقنى ئىنىق ئاڭقىرىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت قارشىدىكى بۇ خىل رۇشەن ئۆزگىرىشىنى مەردانە ھالدا قەغەز يۈزىدە تەن ئالغان ئەدىبلىرىمىز مىنىڭ بىلىشىمچە يوقىرقى تۆت زات.

شەرقنىڭ مۇتەپەككۇرى كۇڭزى «يىشىم ئاتمىشقا يەتكەندە، باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ ھەق- ناھەق ئىكەنلىكىنى شۇئان ئاڭقىرۋالدىغان بولدۇم» دىگەن ئىكەن. بەلكىم ئاتمىش ياش ھەقىقەتنى تونۇش يىشى دەپ قارالسا كىرەك، ياش ئاتمىش ياشقا ئۇلاشماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى تونۇغىلى، چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولمايدۇ دەپ كىسىپ ئىيتقىلىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

چۈنكى ھەقىقەتنى تونۇش مەسىلىسى ھە دىگەندىلا ياشقا باغلىق بولۇۋەرمەيدۇ . ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ياش ، قىران چاغلىرىدا ھەقىقەتنى ئاجايىپ ئىنىق

تۇنۇغان ، چوڭقۇر چۈشەنگەن تالاي ئەدىبلەر ئۆتكەن .

ھەقىقەت دىگەن نىمە؟ دىگەن بۇ مەسىلىگە موتەپەككۇرلار مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن ئىنقىلما بىرشتى: ھەقىقەت-مۇقەررەر قانۇنىيەت. ھەقىقەت ــ لوگىكا. ھەقىقەت ــ ئىنسانىيەت ئەقىل ــ پاراسىتىنىڭ مەنبەسى. بۇ يەردىكى مۇقەررەر قانۇنىيەت تۈرلۈك-تۈمەن شەيئىلەردىكى مۇقەررەر قانۇنىيەتنى، لوگىكا بولسا تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىقىنى كۆرستىدۇ ، ئەقىل-پاراسەتنىڭ مەنبەسى ــ مەڭگۈلۈك «ساماۋى ئەقىل» نى كۆرستىدۇ .بىر ئىبغىز سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا ، پىكىر چىن بولسا يەنى پىكىر بىلەن رىئاللىق بىردەك بولسا،مانا بۇ ھەقىقەت بولىدۇ. ئادەتتە چىنلىق ياخشىلىق ،گۈزەللىك ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە تەكتلىنىدۇ . لوگىكا چىنلىقنى ،سەنئەت گۈزەللىكنى، ئىتىكا ياخشىلىقنى تۈپ مەخسەت قىلىدۇ . ھەقىقەت شوبىكتىپنىڭ ئوبىكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى توغرا ئىكاس قىلىشى بولۇپ، سوبىكتىپ بىلەن ئوبىكتىپنىڭ ماسلىقى، بىردەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . سەپسەتە ئوبىكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ بۇرمىلانغان ئىنكاسى بولۇپ ،سوبىكتىپ بىلەن ئوبىكتىپنىڭ بىر بىرىدىن يىراقلىششى بۆلۈنۈشىنى ئىپادىلەيدۇ . مۇئەييەن دائىردە ،مۇئەييەن ئوبىكتىپ شەيئىگە قارىتا ،ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت ،سەپسەتە ھامان سەپسەتە ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسدا ماھىيەتلىك پەرىق بار. لىكىن، پەلسەپە نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە بىر-بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ .ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى بىر-بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ . ھەقىقەت بولمىسا ، سەپسەتە بولمايدۇ : سەپسەتە بولمىسا ھەقىقەتمۇ نامايەن بولمايدۇ .مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن«يوقلۇق بارلىقنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق باھالىغۇچىسى»دىگەن ئىدى .مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا يالغاننىڭ مەنىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ھەقىقەتنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنىشىمىز گە ياردەم بىرىدۇ .

20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا جەدىتچىلىك بايرىقنى كۆتۈرۈپ مىللىي ئۇيغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان مۇتەپەككۇر ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام 1910-يىللارنىڭ بېشىدە يازغان«نەسىھەتى ئاما» ناملىق ئەسىرىدە «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس. ئۇيغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زاماندۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ــ مەرىپەت دەۋرىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز . ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقۇلۇش ۋە

ئۆلۈم يولدۇر !ھېلىھەم ۋاقىت ھەم پۇرسەت بار!»دەپ چۇقان سالغان .

ئــۆزىنى « كــۆكتە يۇلتــۇزلار يانــار، يەردە پەقەت شــائىر يانــار ...»دەپ خارەكتېرلىگەن ئوت يۈرەك شائىر ئابــدۇخالىق ئۇيغۇرمــۇ 1930- يىللىرىنــىڭ بېشــىدا يازغان بىر شېئىردا نادانلىقىمىزنى، بىپەرۋالىقىمىزغا قاتتىق ئېچىنىپ :

كىلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلسەن،
تەكتىگە گەپىنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
«خەپ»دىسەڭ ئۇ چاغدا ئۆلگۈرمەيى قالۇر ،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن !

دەپ كىسىپ ئېيتقان. بىز ئابدۇقادىر دامــوللام بىــلەن ئابــدۇخالىق ئۇيغۇرنــىڭ بــۇ خىتابلىرىدىكى ئەكس ئەتكەن تــارىخى ھەقىقەتــكەن گۇمــان بىــلەن قارىيــالايمىزمۇ؟ ئەقىل كۆزى رۇشەن بۇ ئىككى ئەدىبىڭ دانا ھۆكمى ئىجتىمائى رېئــاللىق ئــۆزئىچىگە ئالغان مۇقەرەر يۈزلىنىشنى چۇڭقــۇر كــۆزتىش ۋە چۈشــىنىش ئــارقىلىق يەكــۈنلەنگەن لوگىكىلىق تەپەككۇرى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن زامانداشلىرىغا قارىغانــدا شــۇنچە چۇڭقۇر ھەم دانا ئويلىيالىغان؟ بۇ يەردىكى رۇشەن سەۋەب شــۇكى: ئــۇلار ئــۆزلىرىنى مەۋجۇد كىرىزىسنىڭ ئالدىغان قۇيۇپ ، ئۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىپ ۋە چوڭقۇر چۈشىنىپ تەپەككۇر قىلغاچقا ھەقــقەت ھىســاپلىنىدىغان پىكىرىلەرنــى ئوتتۇرىغــا قۇيالىغــان ، كىرزىــس ئىگى يوق بولغان ئادەمنىڭ ھەقىقەت بىلەن بولغان ئــارلىقى تولىمــۇ يىــراق بولغان بولىدۇ .

بىلىشىمىز كىرەككى، ساماۋى ھەقىقەتتىن تاشقىرى ھەر قانداق ھەقىقەت مــۇتلەق بولمايــدۇ . شــۇڭا، ھەربىــر شــەخس، ھەربىــر قۇۋمنــىڭ ئۆزلىرىنــىڭ تــارىخى كەچۈرمىشلىرىگە، ئىجتىمائى ئەھۋالىغا يارىشا تۈرلۈك غايە مەقسەتلىرى بولىدۇ . شۇڭا غايە مەقسەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقەت مەسىلىگە تۇتاشقان بولىدۇ، بۇ ھەقىقەت مەسىلىنى ھەر بىر كىشىنىڭ پەرىق ئېيتىش ئىقتىدارى، چۈشــىنىش قــابىلىيتى ئوخشــاش بولمايدۇ . بۇنىڭغا تۇتقان پۈزتسىيەسىمۇ ھەرخىل بولىدۇ . ھەقــقەت مەســىلىنى دەس كۆتۈرۈپ ئۆز خەلقىنىڭ ھايات يولىغا نۇرانە سايە چۈشۈرۈپ ياشاش يولىــدا كــۆرەش قىلدىغانلارمۇ بولىدۇ . ھەقىقەت مەسىلىنى ئۆچۈرۈپ تاشــلاش ھەلەكچىلىكىــدە ئۆمــۈر بۇيى بىر جاۋۇر يۈندىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ناكەسلەرمۇ بولــىدۇ .ھەقــقەت دىــگەن نېمە؟ سەپسەتە دىگەن نېمە؟ پەرۋايى پەلەك ھالدا بىر ئاشقازىنىڭ غېمىنى يەيدىغان

، ئارستوتېل ئېيتقاندەك ئۆچۈن ئەمەس، يېيىش ئۆچۈن ياشايدىغان ئەرزىمەس كىشلەرمۇ بولىدۇ .

ئەگەر چىن مەنىسى بىلەن چۈشىندىغان بولسا، ئەدىبلەر ھەرگىز ئادەتتىكى كىشلەر ئەمەس، ئەگەر ئەدىبلەر ئەدىبلىكنى مەسئۇلىيەت دەپ بىلمەي ئابروي- مەنپەئەت دەپ چۈشەندىغان بولسا ، تۈپتىن خاتالاشقان بولىدۇ . ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مۇئەييەن دەۋىردىكى ئەدىبلەر ئۆزمىللىتىنىڭ روھى دۇنياسىنى ھەقىقەت مەشئىلىنىڭ نۇرانە شۇلىسى بىلەن يۇرتۇش ۋەزىپىسنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ . ئۇلار خەلقىنىڭ يادىرولۇق مەنپەئەتى ۋە توپ قىممەت قارىشىنى چۈشەنگەن، نۆۋەتتىكى مىللى ئېھتىياجىنى ئۆزىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا ئايلاندۇرغان، ئۆز مەسئۇلىيتىنى ئېنىق تونۇغان، بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتمايدىغان بولۇشى كېرەك. ھەر بىر دەۋىرنىڭ، ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتىرى بولىدۇ، ئەدىبلەر دەۋىرنىڭ ماھىيتىنى ئىنىق تونۇشى ، جەمئىيەتنىڭ تومۇرىنى ماھىرلىق بىلەن تۇتۇشى لازىم، ئەدىبلەردە دەۋرنىڭ ماھىيتىنى ئىنىق تونىيدىغان ئۆتكۈر دىت، جەمئىيەت تومۇرىنى تۇتۇش جەھەتتىكى ئالاھىدە سەزگۈرلۈك بولمايدىكەن، ئەل قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى دەۋەتنى ھەرگىز ھىس قىلالمايدۇ ، ئانا خەلقىنىڭ قەلبىدىكى بىلنەر ـ بىلنمەس پىچىرلاشلىرى ئاڭلاشقا قادىر بولالمىغان ئەدىب، ئۆزىنىڭ ياشاش مەقسىتىنى مەڭگۈ قىممەتكە ئىگە قىلالمايدۇ . ئۇنداق ئەدىب ئەرزىمەس كويلاردا سوكولداپ، سورۇن ـ سەھنىلەردە كاپىلداپ، قۇرۇق شۆھرەت غېرىبى بولۇپ ئۆزگىنىمۇ ـ ئۆزگىلەرنىمۇ ئالداپ ئۆتىۋېرىدۇ، ئاخىرقى ھىساپتا تارىخ تەرىپىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىنىدىغان ئەخلەت ئەدىبلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ خالاش!

ھەقىقى ئەدىب ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىش ،ھەقىقەتنى ئىزدەش، ھەقىقەتنى سۆزلەش جەھەتتە ئاۋانگارتلىق روھىغا ئىگە بولىدۇ ، ھەقىقەت ئىزدەش روھى تۇق ئەدىب كىتابخانلارنى بەكلا ئۈمۈدسىزلەندۈرىدۇ ، مەن بۇنداق ئەدىبلەرنى «ئەخلەت ئەدىبلەر» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن . ھەقىقەتنى سەپسەتە بىلەن بىر تەكىگە باش قويغۇزۇش مەقسىتىدە نىكاھ ئوقۇپ يۈرگەن ئەدىبلەرنى بولسا، «ئەخمەق ئەدىبلەر» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، ئەلۋەتتە بۇ ئىككى خىل ئەدىب مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقەتنى خالىغان باھادا سېتىپ خەجلەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن «ھايانكەش» ئەدىبلەردىن ئەۋزەلرەك.

چۈنكى ئۇ ئىككى خىل ئەدىب ھامىنى ھەقىقەت يولىدا تىز پۈكۈپ پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈشى ئېھتىمال. ئەمما ،« ھەققەت ھايانكەشلىرى»نى قۇتقۇزۇش بەسى

مۈشكۈل .

مەن نەزىرىنى ھەقىقەتكە تىككەن، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن ،ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇئەييەن ھەقىقەت قارىشىغا ئىگە، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان، ھەقىقەتنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ چۈشەنگەن. ئۇنى ئىپادىلەشكە ئۆزىنى ئاتىغان ئەدىبلەرنى دادىل پىكىرلىك ئەدىبلەر، دانا پىكىرلىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىپ چۈشىنىپ باقتىم . دادىل پىكىرلىك ئەدىبلەر ھەقىقەتنى سۆزلەش جەھەتكى جەسۇرلۇقى بىلەن ئۇقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى چوڭقۇر بولمىسىمۇ ، پىكىرلىرىنىڭ دادىللىقى بىلەن ئەزىمەت ئەدىبلەردىن ھېساپلىنىدۇ ، ئۇلاردا مۇتەپەككۇرلارغا خاس دانا پىكىر ، چوڭقۇر بىلىم ، ئىلمى قاراش ، مۇكەممەل ئىدىيە بولمىسىمۇ، خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دىيەلەيدىغان ئەزىمەتلەرگە خاس يارقىن خاسلىق بار. قاراشلىرى بىلەن زامانداشلىرىنى ئەقلىنى ئويغىتالمىسىمۇ ، مەردانە چۈقان-ساداللىرى بىلەن زاماندىشلىرىنىڭ قەلبىن ھاياجانلاندۇرۇپ ھىسياتىنى ئۇرغۇتالايدۇ، ھەقىقەتنى سۆيۈش، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەھەتكى پىداكارلىقى بىلەن ئۇلار گاھىدا كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك دەرىجىدە ئاجايىپ كۆچلۈك بولۇپ كېتىدۇ. گاھىدا كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ . ئەمما ،ھەرگىز شەرمەندە ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايدۇ .

بىر قوۋمنىڭ يادرۇسىنى تەشكىل قىلغۇچى زىيالىيلار توپىغا ھاياتى كۈچ بېغىشلايدىغان ئېنېرگىيەنى دانا پىكىرلىك، چوڭقۇر بىلىملىك مۇستەقىل ئىدىيىگە ئىگە مۇتەپەككۇر ئەدىبلەر يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ خىل ئەدىبلەر ناھايىتى ساناقلىق بولىدۇ . ئۇلار پىكىر، ئىدىيەلىرىنى بىر قوۋمنىڭ ئۆگە-ئىگىلىرىدىن كۈرۈۋالغىلى بولىدۇ . بىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىممىتى ئارىدىن مىڭ يىللار ئۆتكەن بۇگۈنكى كۈندە ئىچ -ئىچىمىزدىن قايىل بولغان ھالدا تەن ئالماقتىمىز ، ئۇنىڭ قەۋەت-قەۋەتلىرىگە سىڭگەن تەپەككۇر دۇردانىلىرى بىلەن ئىدىيە ئۈچقۇنلىرى كۆز ئالدىمىزدا بىر مۇكەممەل ئىدىيئال جەمئىيەتنىڭ مودىلىنى نامايەن قىلماقتا. ھەقىقەتەنمۇ بىر مۇتەپەككۇر ئەدىب بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا پارلاق ماياكتەك يېنىپ، مىللەت ئەزالىرىنى كىلەچەكتە دۇچ كىلىدىغان ئاپەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلار تىرىشىا ئېرىشەلەيدىغان ئامەتلەردىن بىشارەت بىرەلەيدۇ . ئۇلار بۇ خىل روھى ۋە سالاھىتى بىلەن مىللەتنىڭ مەنىۋى داھىيلىرىغا ئايلىنىدۇ .

مىنىڭچە دادىل پىكىرلىك ئەزىمەت ئەدىبلەر بىلەن چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىردە پۇشايمانلىق ھىسياتىدا ئۆكۈنۈپ ئەسەر

يېزىشى ئاز كۆرۈلسە كېرەك. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئۆتكـۈر كـۆزلىرى يىــراق –يىــراقلاردا چاقناۋاتقان ھەقىقەت يۇلتۇزلىرىغا ئاداشماي تىكىلگەن، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى ھەقىقەت مەشئىلىنىڭ دەستىسىنى باشتىن- ئاخىرى بوشاشماي مەھكەم تۇتقان بولىــدۇ . ئــادەتتە بىز ھەقىقەتنى تۇنۇش باشقا مەسىلە، بىلىم سەۋىيەسى بىلەن تەپەككۇر قابىلىيىتى باشـقا مەسىلە دەپ چۈشىنىمىز ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئەدىبلىرىمىز نىمە ئۆچۈن پۇشايمان قىلىدۇ، دىگەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشـقىلى بولىــدۇ ، دەپ قارايمەن. ئادەتتە، بىلىم قۇرۇلمىســى مــۇكەممەل، ئەممــا ھەقىــقەت ھەققىــدىكى تۇنۇشى مۇجمەل ئالىم –ئەدىبلەر ھەممە دەۋىــردە، ھەممىــلا جايــدا ئۇچرايــدۇ . بىــز ماقاللىمىزنىڭ باش تېمىسىنى ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ، ئەدىبلەرنىڭ بىلىم – ماھــارىتى بىــلەن ھەقىقەتنــى بىلــىش ئوتتۇرىســىدىكى مۇناســۋەتتە نەزەر سالســاقمۇ، مۇئەييەن بىلىم –ماھارەت ھازىرلىغان، ئەمما ھەقىقەتــنى يىــراق ئەدىبلەرنــى خىلــى كۆپ كۆرىمىز . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى :: يېزىقچىلىق ئالدى بىلەن بىــر خىــل ماھــارەت، نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ يېزىقچىلىق ماھــارىتى بولمىســىمۇ، مۇتەپەككۇرلــۇق ســالاھىيتى ھازىرلانمىغاچقا «سۆز ۋادىسىدا ئىزىقىپ يۇرگۇچىلەر» قاتارىدا كولدۇرلاپ يۇرىۋېرىدۇ . يەنە بىر قىسىم ئەدىبلەرنىڭ مۇئەييەن بىلىم قۇرۇلمىسى بولسىمۇ ، بىلىشى مەقسىــدى ئايدىڭ بولمىغاچقا، يەنى كىم ئۈچۈن يېــزىش، نــىمە ئۈچــۈن يېــزىش چۈشەنچىســى ئايدىڭ بولمىغاچقا ھەر مۇقامغا يۇرغىلاپ ئاخىرقى ھىستاپتا مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىدۇ ، شۇڭا بىر كىشىدە بىلىم ۋە ماھارەتنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ھەقىقەتنى تونىغانلىقىغا باراۋەر دەپ چۈشىنىشكە ھەرگىز بولمايدۇ .

ئاپتۇرى: ئوبزورچى. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىر

مەنبە- شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ 2010-يىللىق -6 سانى

# بىر پارچە خىشنىڭ سىرى

**يالقۇن روزى**

بۇ يىل ئاپرىلدا غۇلجا شەھىرىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە ئاق رەڭلىك خىشنى تاپشۇرىۋالدىم. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىر پارچە خىشتىلغا ئالغۇچىلىغى يوق تولىمۇ ئاددىي نەرسە، ئەمما ماڭا ئەۋەتكەن بۇ بىر پارچە ئاق خىش ئاجايىپ زور تارىخىي كەچۈرمىشلەرنىڭ شاھىتى بولۇپ، مەن ئۈچۈن ئىپتقاندا ئاز ئۇچرايدىغان بىباھا مىراس. چۈنكى بۇ سۆزلىيەلەيدىغان ھەم يىغلىيالايدىغان بىر پارچە خىش!

ئۇ گويا بېشىدىن تالاي قىسمەت ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن زېرەك بوۋايدەك سۆزلەيتتى. ئۇرۇمچىنىڭ كۈندۈزدىكى قۇلاق-مېڭىنى زىڭىلدىتىدىغان شاۋقۇن-سۈرەنلىرى جىمىقىپ، پۈتكۈل شەھەر تۈن جىملىقىغا چۆمگەندە بۇ ئالاھىدە خىش بىلەن ئىككىمىز كۈسۈرلىشىپ، تۈگىمەس سۆھبەتلەرنى قۇراتتۇق. بۇ چاغدا ۋۇجۇدۇم ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ، ئوي-پىكرىم مەغرىپتىن-مەشرىققىچە كېزەتتى. ھېلىقى قەۋەتمۇ-قەۋەت سىر-ھېكمەتلەرگە تولغان ئۆتمۈش ھەققىدە ئويلانسام، ھېلى ئىزىتقۇدەك ئۆزگۈرۈشچان بۈگۈن ھەققىدە ئويلىناتتىم. ئۇ ئالاھىدە خىشنى ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارغا بىر-ئىككى قېتىم كۆرستىپ، ئۇنىڭغا ئائىت ھېكايىلەرنى ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇلار ئېرەنشىپ كەتمىدى. مەن بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە قىممەت ئۆلچىمىدىكى پەرقتە بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئەلۋەتتە، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئادەت-ئىپتىياجلىرى، ئارزۇ-ھەۋەسلىرى، غايە-ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن قىممەت ئۆلچەملىرىمۇ پەرقلىنىدۇ. بۇنداق پەرقلىق ھالەتنى بىز جىبران خەلىل جىبراننىڭ تۆۋەندىكى نەسرىدىن كۆرۈۋالالايمىز:

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دېھقان ناھايىتى ئېسىل بىر مەرمەر ھەيكەلنى قېزىۋاپتۇ-دە،ئۇنى ئاپىرىپ ئەتىۋارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچىغا سېتىپتۇ. يىغىپ ساقلىغۇچى بۇ ئېسىل ھەيكەلنى يۇقۇرى باھادا سېتىۋاپتۇ. دېھقان قايتىپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى پۇلغا قاراپ ئويلىغىنىچە ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ:

بۇ پۇل ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى ئويلاپ باقمىغان ھوزۇر-ھالاۋەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. ھەيكەل ئۆلۈك نەرسە، ئۇ توپا ئاستىدا مىڭ يىللاپ ياتقان، ئۇنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان. نېمە ئۈچۈن بىراۋلار ئاشۇنداق سوغۇق تاشنى جىق پۇلغا سېتىۋالىدىغاندۇ؟ شۇ چاغدا يىغىپ ساقلىغۇچى ئالدىدىكى مەرمەر ھەيكەلگە زوقلانغىنىچە قاراپ، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ: نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن جانلىق، نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھەم ئېسىل بۇيۇم بۇ-ھە؟ ئەپسۇس ئۇ، ئۇزاق يىللىق شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغاندى! نېمە ئۈچۈن خەق مۇشۇنداق ئېسىل نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئۆلۈك، ھىس-تۇيغۇسىز پۇلغا ئاتىغاندۇ؟» دېمەك، قىممەت قارىشىدىكى ئوخشىماسلىق تۈپەيلى، ھەركىم ھەر بىر نەرسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەپتۇن بولىدۇ ھەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. مەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدىغان بۇ بىر پارچە ئاق خىشقا بۆلەكچىلا مەپتۇن ئىدىم. ھاۋارەڭ دۇخاۋا پارچىسىغا يۆگەپ قويۇلغان ئۇ ئاددىي خىش كۆرەش، تەۋەككۈلچىلىك، باتۇرلۇق، ئەقىل-پاراسەت، ھاياجان، سىقىلىش، خورلۇق، شان-شەرەپ ۋە ھەسرەت-نادامەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇ، قەدىمي ئانا ماكانلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئىلى ۋادىسىنىڭ 20-ئەسىردىكى ئەگرى-توقاي مۇھاپىسىنىڭ شاھىتى ئىدى! ئىلى ۋادىسى، ئاممىباپلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا غۇلجا يېقىنقى ئىككى ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ئاجايىپ زور ۋەقەلەر گە سەھنە بولغان خىسلەتكە باي زېمىن! بۇ تەڭدىشى يوق تۇپراققا ئىلى پەرزەنتلىرى يۈرەكنى لەززىگە سالغۇدەك قىممەت بېغىشلىغان. گەرچە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئۈنچىۋالا كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ روياپقا چىقارغان نەتىجە-ئۇتۇقلىرى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىلى ۋادىسىدا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار. سېلىشتۇرۇپ باقساق، بۇنچىلىك نوپۇس جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيىدىمۇ بار. ئەمما، مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تۆھپىكار ئەزىمەتلىرىنىڭ جىقلىقى بىلەن ئىلى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن ئوخشىمىغان ساھەلەر بويىچە يېتىشىپ چىققان خاس ئىجتىمائىي توپلار بۇ نوقتىنى سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ. بىز پۈتكۈل ئانا دىيارىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىدىغان بولساق، ئىلى باتۇرلىرى، ئىلى ئىنقىلاپچىلىرى، ئىلى بايلىرى، ئىلى ئەدىبلىرى، ئىلى سەنئەتكارلىرى، ئىلى چاقچاقلىرى، قىسقىسى، ئىلى ئۇيغۇرلىرى ياراتقان ئىلى چوڭھى ھەر تەرەپكە يورۇق سېپىپ، يېلىنجاپ تۇرغان بىر گۈلخان! ئىلى ۋادىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىككى ئەسىردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بېشىغا خىلمۇ-خىل ئېغىر كۈن

كىلىپ، چىقىش يـولى ئـىزدىگەن ئۆلىمـا، زىيـالىي، بـاي، ھـۆنەرۋەن، سـەنئەتكەر، ئىنقىلاپچى، ئاشىق، ئىشلەمچىلەر پاناھگاھى بولغان. ئاچ –زېرىن خەلقنىڭ ھاياتلىق ئۈمىدى بولغان. بۇنى دەلىل بىلەن ئىسپاتلايدىغان بولساق، 1858- يىلى قەشـقەرەە خۇپپىيانە تەكشۈرۈشكە كەلگەن رۇسىيىلىق مەشھۇر قـازاق ئـالىم چوقـان ۋەلىخـانوف« ئـالتە شـەھەر خـاتىرلىرى»دە: «ئـالتە شـەھەردە سـودىگەرلەر ۋە ھـۆنەرۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىق ۋە ئۆشرە-زاكاتلار ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كـۆپ قىسـمىلىرى ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ غۇلجا، ئـۈرۈمچىگە چىقىـپ كېتىـدۇ» دەپ يازغـان. چوقـان ۋەلىخانوفنىڭ يېرىم ئەسىردىن كېيىن، 1915-يىلى ئۇفلىق تاتار زىيـالىي،« ۋاقىـت» گېزىتى مۇخبىرى نۇشىرۋان يائۇشېف « ئالتە شــەھەر سـاياھەت» دېـگەن ماقالىســدە ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىۋېتىپ ئاقسۇدا ئۇراتقان بىر ئەھۋالنى مۇنداق يازغان:«جـام يېزىسىغا كېلىپ ئىشلەمچىلەر چۈشىدىغان سارايغا چۈشتۇم. بۇ ساراي يـالاڭ ئايـاغ ۋە جۇلجــۇل كىيىملىــك ئــادەملەر بىــلەن تولغانـــدى. ئەمـــدىگىنە چـاي ئىچىشــكە باشلىغانىدىم ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىندەك ئولىشىۋالدى.بۇ بىچارىلەر ئاچ-يالاڭـاچ، ئارىسىدا قېرىلىرىمۇ بار ئىدى.

- نەگە بارىسىزلەر؟
- ئىلىغا چىقىمىز.
- نېمە ئۈچۈن؟
- ئاش ئىزدەپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن.
- قەيەرلىكسىزلەر؟
- قەشقەرلىك، ئارىمىزدا ياركەنت،خوتەنلىكلەرمۇ بار.

ئەتىسى سەھەردە قەشقەرگە قـاراپ يولغـا چىقـتىم. يولـدا تـوپ-تـوپ كىشـى ئۇچرىدى.ئۇلار جامغـا قـاراپ كېتىۋاتـاتتى. ئىشـەكلەرگە خۇرجـۇن، ئـۇزۇق-تۈلـۈك ئارتىشـقان بولـۇپ، ئـۆزلىرى پىيـادە يـۈرەتتى. ئارىســدا ئەمچەكتىكـى بـالىلىرىنى كۆتـۈرگەن يـاش خوتـۇن-قىزلارمـۇ بـار ئىـدى. ئاپئـاق سـاقاللىق قېرىلارمـۇ بـار ئىدى.ئاياغلىرى يالاڭ، ئۇچىسىنى ئىلىنتقۇدەك كىيىممۇ يوق ئىدى.

كـۆزلىرى كـۆكەرگەن، يـۈزلىرى سـارغايغان، ئېغىزلـىرى ئېچىلغـان، پۈتكـۈل ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك باسقانىدى. بۇ بىچـارىلەرمۇ ئـاچلىقتىن قۇتۇلـۇش چارىسـىنى ئىزدەپ ئىلىغا سەپەر قىلغانىدى.» نوشـىرۋان يائۇشـېفتىن كېـيىن يەنە يېـرىم ئەسـىر ئۆتكەندە، يەنى 1968-يىلى داڭلىق مىللىي شائىر قۇربان بـارات ئۆزىنىـڭ «شـىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ...» دېگەن نادىر شېئىرىدا مۇنداق چىن مىسرالارنى يازغان:

«يول بىسپ ئۇزاق كۈنلەر چارچىغان يولۇچىلار،
بىكەتنىڭ تېمى بويلاپ ياتىدۇ قاتارلىشىپ.
توپ بولۇپ كەلگەن ئۇلار نان ئىزدەپ، بەخت ئىزدەپ،
قەدىمى كۆچمەنلەردەك سۇ كېچىپ، تاغلار ئېشىپ.
ھېچ كىشى ئۇخلىمايدۇ، سۈكۈتتە ياتار تىنچ،
ناخشىدىن خالىي ياشلار، قېرىلار سالماق پاراڭ.
ئوت يانغان سانسىز كۆزلەر شىمالغا تەلمۈرىدۇ،
ئۇلاردىن سوغۇق ياشلار تۆكۈلەر تارام - تارام.»

دېمەك، ئىلى ۋادىسى ئۈمىد ۋادىسى! ئىلى تۇپرىقى سېخىي تۇپراق! ئىلى خەلقى مەردانە خەلق! ئىلى پەرزەنتلىرى كۈرەشچان ئەۋلاد! ئالقىنىمدىكى بۇ بىر پارچە ئاق خىش ئىلى ئاسمىنىدا 100 يىل چاقناپ،كىشنى سۆيۈندۈرىدىغان ۋە ئۆكۈندۈرىدىغان تالاي ۋەقە –ھادىسىنى كۆرگەن ئالاھىدە خىش! ئۇ خىش مىللىي سانائەت تارىخىمىزنىڭ يادىكارى بولغان بىباھا سانائەت مىراسى! مىللىي سانائەت مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى توپ يول! ئەينى يىللىرى ئامېرىكا ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان. شۇ چاغدا ئەنگلىيە ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكتىلىگەن. ۋاشىنگتون ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كۈنى ئامېرىكىدا تىكىلگەن كىيىمنى كىيىپ ئامېرىكىلىقلارا : ئامېرىكا ئۆزىنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك،دەپ جاكارلىغان. ئۇ ھەتتا دۆلەت خىراجىتى ئارقىلىق ياساش كەسپىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك، ۋاشىنگتون مىللىي سانائەتنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى مۇھىملىقىنى ھەقىقىي تونۇغان.

19-ئەسىرنىڭ باشلىرى گېرمانىيە مىللىي سانائەتنى بەرپا قىلىشقا سەل قاراپ، دۆلەتنى ئىقتىساتنى ئەركىنلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئولغان بولسىمۇ، كۈتكەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئاخىرى ئەركىن سودا ئەندىزىسىنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى تونۇپ يېتىپ، سىرتقا قارىتا يۇقىرى تاموژنا بېجى سىياستىنى يولغا قويۇپ ئىچكى قىسىمدا مىللىي سانائەتنى قوغدىغان.

1900- يىلىغا كەلگەندە گېرمانىيە پولات-تۆمۈر، تۆمۈريول قاتارلىق ساھەلەردە دۇنيادىكى سانائەت ئاساسى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ئەنگلىيىگە ئاساسەن يېتىشۋالغان. 1850- يىلىنىڭ ئالدى – كەيىندە غەرب جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ دېڭىز

ئارقىلىق كېلىپ قىلغان ھۆججۈمغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاھانەتلىك شەرتلىرىگە غىـلىك قىلماي كۆنۈشكە مەجبۇر بولغان چىك سۇلالىسى بۇ جاھانگىرلارنىڭ قۇدرەتلىكلىكىنىـڭ سىرىنى بىلەلمەي، تېڭىرقاپ كەتكەن. كېيىن ئوقۇمۇشـلۇقلار قاتلىمىـدىكىلەر دۆلەتنىـ قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئىككى تۈرلۈك تەرەققىيات پىكىر يولىنى تېپىپ چىققـان. ئـۇلار« سودا ـ سـانائەت ئـارقىلىق دۆلەتنىـ قۇتقـۇزۇش» تەرەپـدارلىرى بىـلەن« مائارىـپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش»تەرەپدارلىرى ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، 1900 ـ يىلىغىـچە بۇ تەشەببۇس ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن. ئەينـى چاغـدا گەرچە يـاپۇنىيە جۇڭگوغا ئوخشاشلا قالاق دۆلەت بولسـىمۇ، 1868 ـ يىلـى« مېيجـى ئىسلاھاتى» نى قوزغاش ئارقىلىق ناھايىتى تېز گۈللىنىش يولىغا ماڭغـان. ئارىـدىن 26 يىل ئۆتۈپ 1894 ـ يىلىغا كەلگەندە جياۋۇ ئۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭگونى تولىمۇ ئوسـال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىللىق ئاھـانەت ئىچىـدە جۇڭگولۇقلار دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش ھەققىدىكى شوئارلارنى ھۆكـۈمەت ئىرادىسـى ۋە ئەمەلىـي ھەرىكەتـكە ئايلاندۇرۇشـنى قـاتتىق تەلەپ قىلغـان. ئىچكـى ـ تاشـقى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقان خانئانىسى، پەردە ئارقىسىدا تـۇرۇپ خانلىقنىـڭ ئەمەلىـي ھوقۇقىنى تۇتۇۋاتقـان جاھىـل سىشـىتەيخۇ(ئىيخىنـارا) 1901 ـ يىلـى نـائىلاج « يېڭـى سىياسەت» نى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

بۇ يېڭى سىياسەت ئالتە تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىـگە ئالغـان بولۇپ،ئۇلارنىـڭ ئىچىدە« سودا ـ سانائەتنى رىغبەتلەندۈرۈش» بىلەن «يېڭىچە مەكتەپلەرنـى تەسـىس قىلىش» بار ئىدى. بۇ « يېڭى سىياسەت» تە مىللىي سودا ـ سانائەتنىڭ قانۇنىي ئـورنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىنغان . ئېخمۇ ئىلگىرىلەپ سودا ـ سانائەتچىلەرگە ھۆكۈمەتتىن مەبلەغ ياردىمى بېرىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. كۆڭۈلچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى سودىگەرلەرنى ۋە سودا ـ تىجارەتنى كەمسىتىدىغان جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ، ئىنقىلاپ خارەكتېرلىك يېڭىلىق ھېساپلىناتتى. لېكىن ھۆكۈمەت يـاردىمى ئېغىزغا ئېلىنغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە تەس ئىدى. 1907 ـ يىلى ئۇرۇمچىدىن ئۆتـۈپ كېتىۋاتقان فىن مىللىتىدىن بولغان رۇسىيىلىك ئوفىتسېر مانئېرھېيم ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە:«چىڭ سۇلالىسى ھۆكـۈمىتى شـىنجاڭ ئۆلكىسـىدە 30 يـېڭىچە مەكـتەپ تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلغان پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مالىيە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن پىلان تۈلۈق ئەمەلگە ئاشمىغان[1] دەپ يازغان. سودا ـ تىجارەت ساھەسىـدە ئىلىنىڭ«يېڭى سىياسەت» نى يولغا قويۇش قىزغىنلىقـى يۇقـۇرى گېنېرالـى چـاڭ گېڭ 1906 ـ يىلى غۇلجىدا يۇڭ ـ تېرە سودىسى قىلىـدىغان بىـر شـىركەت قۇرغـان بولسـىمۇ،

ئەمما، روناق تاپقۇزالمىغان.چەك سۇلالىسىنىڭ چىرىك سىياسىتى ۋە رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى زومىگەرلىكى سەۋەبىدىن مەۋجۇدلىقىنى مىڭ تەستە ساقلاپ، ئاران-ئاران راۋاجلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچىدە ئىدىيىسى ئىلغار، تىجارەتكە ماھىر، يىراقنى كۆرەر ئاكا-ئۇكا مۇساباييفلار يۇقىرىقىدەك تارىخىي پۇرسەتتە سودا كاپىتالىنى سانائەت كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلىپ،دادىسى موسابايدىن قالغان ئىلى كۆرەدىكى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى زامانىۋى تېرە زاۋۇتىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا ئىزدەنگەن .

ئاكا- ئۇكا موساباييفلارنىڭ دادىسى مۇساباي ھاجىم بىلىم مول،كۆپنى كۆرگەن، زېھنى ئۆتكۈر، ئىرادىسى مۇستەھككەم، سودا- تىجارەتتە پىشقان كىشى ئىدى. ئۇ، 1858- يىلى چوقان ۋالىخانوفنىڭ قەشقەرگە يوشۇرۇن كېلىپ يېرىم يىلچە تۇرۇپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈشتە بولۇشىغا زۆرۈر ياردەم قىلغان. مۇساباي ھاجىمنىڭ پاراستى ۋە جاسارىتىگە ھەيران قالغان چوقان ۋالىخانوف:«موسا ئاغا ،چارچاپ كەتتىم،ئۆزەمنى دائىم قىلىنىڭ ئۇستىدە قالغاندەك سېزىمەن. مەن سىزنىڭ تەمكىن مىجەزىڭىزگە، قالتىس تۇزلىكىڭىزگە، قىلنى قىرىق ياردىغان چارە- تەدبىرىڭىزگە ھەيران قىلىپ، زەن سالىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىز كارامەت دىپلوماتسىز»[2] دېگەن. ئەنە شۇ قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرغاندەك كەچۈرمىشنى باشتىن كەچۈرگەن چوقان ۋەلىخانوف «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى» نى يېزىپ چىقىپ، ماركوپولودىن كېيىن ھېچقاندىلاق مەلۇماتقا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان ياۋروپالىقلارنى قەشقەرىيە ھەققىدە تۇنجى قېتىم چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپالىق تەكشۈرگۈچى ۋە ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى« تارىم قوۋۇقى» نى چەككەن. مۇساباي ھاجىم 1866- يىلىدىن كېيىن غۇلجىنى بازا قىلىپ تىجارەتبىلەن شوغۇللانغان. 1881يىلى «جۇڭگو- روسىيە ئىلى شەرتنامىسى؛ ئىمزالىنىپ، رۇسىيە تەرىپىدىن 11يىل ئىگىلىنىۋېلىنغان ئىلى قايتۇرىۋېلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى رۇسىيىگە تۆلەم بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تۆلەم پۇلى يېتىشمىگەندە، موساباي ھاجىم شەرتلىك ياردەم قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ زات سودا ئىشلىرىدا ئىمتىيازغا ئېرىشىدۇ. 1885- يىلى كۆرە شەھىرىدە 200 ئىشچى ئىشلەيدىغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى قۇرىدۇ، بۇ، جۇڭگو بويىچە تۇنجى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ئىدى. 1898- يىلى تيەنجىنلىكۇۋ ماۋرىن قۇرغان« بېيجىڭ تېرە ئەيلەش شىركىتى» بىر نەچچە يىلدىن كېيىنلا ۋەيران بولغان. مۇساباي ھاجىم قۇرغان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بارغانسىرى گۈللەنگەن. مۇساباي ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرى ھۇسەنباي بىلەن

باھاۋۇدۇنباي يەرلىك ئۇسۇلدا قول ھۈنىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى رۇسىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ساتقان. بۇ ئىككى ئوغۇل رۇسلار بىلەن كۆپ سودا قىلىش جەريانىدا داڭق چىقارغان ھەمدە« مۇساباييوفلار» دەپ مەشھۇر بولغان.

1895- يىلى مۇساباي ھاجىم قازا قىلغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى«مۇساباييوف بۇرادەرلەر شىركىتى» نى قۇرغان، بىر-بىرىدىن قابىلىيەتلىك بۇ ئوغۇللار بۇ چاغدا ئوتتۇرا ياشلىق، پىشقان، ئۆزىنى توختاتقان خەلقئارالىق سودىگەرلەردىن بولۇپقالغان. ئۇلار شىنجاڭدا باج تۆلىمەي سودا قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، زومىگەرلىك بىلەن خام ئەشيا مەنبەسىنى مونوپول قىلىۋالغان رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن تىغمۇ -تىغ تۇتۇپ سودا جېڭى قىلغان، بۇ توغرۇلۇق« غۇلجىنىڭ سودا تارىخىدىن قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان:

«1851-يىلىدىن كېيىن چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق ئىلى رايونىدا سودا ئىشلىرى بىلەن خالىغانچە شۇغۇللانغان. رۇسىيە سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنمايتتى. ئۇلار ئىلىنىڭ سودىسىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، رۇسىيە مىللىرىنى تۈركۈملەپ ئېلىپ كىرگەن. يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە خام ئەشيالارنى ئەرزان باھادا تالان-تاراج قىلغان. 1890-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىلىنىڭ مىللىي سودىسى رۇسىيە سودىگەرلىرى ۋە رۇسىيە مەھسۇلاتلىرى بىلەن بولغان رىقابەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ھەر مىللەت خەلقى ئىمپورت- ئېكسپورت شىركەتلىرى ۋە ۋاستىچىلەر ئارقىلىق ئۆزىگە خوجا ھالدا چېگرا سودىسى يولىنى ئېچىپ رۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن تىركەشكەن. بۇنىڭدا ھۈسەنباي باشلامچى بولغان. ئۇ، تۆرلۈك تېرە، خۇرۇم، يۇڭ، پاختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ باش كۆتۈرگەن. رۇسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىمپورت- ئېكسپورت سودىسىنى يولغا قويغان.»[3] ئاكا -ئۇكا مۇساباييېفلار سودا ئىشلىرىدىلا باشلامچى بوپقالماستىن، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش جەھەتتىمۇ باشلامچى بولغان. ئۇلار قىرىم تاتارلىرىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالىي(1851-1914) نىڭ جەدىتىزملىق تەشەببۇسلىرىغا، بۇ تەشەببۇسلەرنىڭ تۈركىيە، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگلاردا ۋە شەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسيا شەھەرلىرىدە پەيدا قىلغان يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنىغا يېقىندىن دىققەت قىلغان. ئۇلار ئىسمائىل غاسپىرالىي يۇرتى باغچا ساراي شەھىرىدە تۈزۈنجى « ئۇسۇلى جەدىت» مەكتىپىنى ئېچىپ 16 يىل ئۆتكەندىن كېيىن

ئانا يۇرتى ئۇتتۇنئاتۇشتا دىنىي دەرسلەرگە پەننىي دەرسلەرنى بىرلەشتۇرۇپ ئوقۇتىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. بۇ بىگىلىك ئەينى يىلى قىرىمدا چىقىدىغان «تەرجۇمەن» گېزىتىدە خەۋەر قىلىنغان.

1905- يىلى چىك ھۆكۈمىتىنىڭ سودا ئىشلىرى ۋازارىتى «چەت ئەللەرگە چىقىپ رىقابەتكە قاتنىشىش نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنى خەلقئارالىق تاۋار يەرمەنكىلىرىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە كۆرسەتمە بەرگەن. بۇ ئارقىلىق تاشقى سودىنى كېڭەيتىپ، ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈپ، جۇڭگونىڭ سودا- سانائەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان»[4] بولسا، ئاكا- ئۇكا مۇساباييفلار ئۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرىلا تاشقى سودىنى يولغا قويۇپ،موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىپ، خەلقئارالىق رىقابەتكە چۈشۈپ، سودىدا مول تەجرىبە ۋە خەلقئارالىق نەزەرگە ئىگە بولغان. ئۇلار بۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن رۇسىيىنىڭ ھەر قايسى جايىدىكى تىجارەتخانىلىرىنى تالۇنلۇق ھېسابات ئىشلىتىش ئارقىلىق سودا قىلىدىغان يولغا كىرگۈزۈپ بولغان. رۇسىيىنىڭ بانكىلىرىدا ھېسابات نومۇرى ئاچقان. ۋۇشاۋلىننىڭ« شىنجاڭغا نەزەر» دېگەن ئەسىرىدە ئاكا- ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ تيەنجىن ۋە شاڭخەيدىكى بانكىلار بىلەن مۇ ئالاقىسى بارلىقى ئېيتىلغان. ئۇلارنىڭ سودا – تىجارەتتىكى تەسىرىنى 1905- يىلى چار پادىشاھقا يازغان مۇنۇ مەكتۇبىدىنمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغىلى بولىدۇ. جانابى ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي كەمىنىلىرى ھۈسەيىن ھەم باھاۋۇدۇن مۇساباييفلار بۇ ۋاقىتقىچە ھۈسەيىن مۇساباييف نامىدە بولۇپ كېلىۋاتقان سودىمىزنىڭ 1323- يىل ھىجرىيە تومۇز ئېيىدىن باشلاپ ھەر ئىككىمىز شېرىك بولۇشۇپ، ئەھدە ۋە شەرتلەر باغلاپ تىجارەت ۋە سانائەت كارخانا ئىشلىرىنى كامىل ئازادىلىك ئىلە يۈرگۈزمەك بولۇپ، سودىمىزنىڭ نامىنى «تىجارەتخانا ھۈسەيىن مۇساباييف ۋە بۇرادىرى» قويۇپ، ئەھدە ۋە شارائىت كاغەزلىرىمىزنى پادىشاھلىقنى گۇۋاھلاندۇرۇش ئىشىمىزنى بىر داۋام قىلدۇق. ھەر ئىشنىڭ بېشىدا مۇدىر ھۈسەيىن مۇساباييف بولۇپ، ھەم ئۇنىڭ ئورنىدا بۇرادىرى ھەم شېرىكى باھاۋۇدۇن مۇساباييف قول قويغانلىرىگە (ئىمزالىرىنى) ئىلتىپات قىلماقلىرىڭىزنى راجا قىلىپ، تەۋەججۇھاتىڭىزنىڭ داۋامىنى تەمەننى قىلىمىز. بۇنداق يۈكسەك پاراسەت ۋە دادىللىق ئەۋلادلىرىنى سۆيۈندۈرمەي، ئېتىخارلاندۇرماي قالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەجدادلىرى ئەجرى – ئەۋلادلىرىنىڭ غورۇر بالىقى. مەيلى سودا – سانائەتنى گۈللەندۈرۈش، مەيلى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش، مەيلى چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى

چىقىرىش جەھەتتە 1990 ـ يىلدىن ئىلگىرىلا باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئاكا ـ ئۇكا موساباييېفلار 1901 ـ يىلى چىك ھۆكۈمىتى« يېڭى سىياسەت» نى ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ قەدەمنى تېخىمۇ چوڭ ئېلىپ، نەزىرىنى ياۋرۇپانىڭ ئىلغار سانائىتىگە تىككەن. 1906ـ يىلى ياپونىيە بىلەن جۇڭگو شېرىكلىشىپ، ياپونىيە مەبلەغ چىقىرىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى زامانىۋى« جاڭنەن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى» نى قۇرۇۋاتقاندا، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار گېرمانىيە ۋە فرانسىيەدە زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن توختام تۈزۈشۈپ بولغان. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمۇتلەقلىقى ۋە زوراۋانلىقى خەلقنى قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان، چۈشكۈن، نادان، گۇمانخور ۋە قۇلچىلىق خاراكتېرىگە گىرىپتار قىلىۋەتكەن شارائىتتا، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەغرۇر ۋە قاقشاش ياۋرۇپا كاپىتالىستلىرى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ سۆھبەت قۇرۇپ توختاملىشىشى ھەر قانداق كىشىنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ. ئۆششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ئۆتۈش يولىغا قەدەم قويغان ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار گېرمانىيىنىڭ رېيىن دەرياسى بويىغا جايلاشقان فرانكفورت شەھرىدىكى MOENUS توقۇمىچىلىق، كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى، A.E.G ئېلېكتىر ھەسسىدارلىق شىركىتى ۋە فرانسىيىنىڭ Tounee ئىستانوك شىركىتى بىلەن توختاملىشىپ، كېرەكلىك بولغان ماشىنا، ئىستانوك، پارا قازان، گېنېراتور، ئېلېكتىر ماتور، مېتال قىرىش، رەندىلەش، دەزمانلاش، چاقلاش، كەپشەرلەش ئۈسكۈنىلىرىنى زور مەبلەغ چىقىرىپ سېتىۋالغان. جىيا ئىخي بىلەن جىياڭ جىباڭ بىرلىكتە يازغان « مۇساباييېفلار تېرە زاۋۇتى ھەققىدە سۆز» دېگەن ماقالىسىدە:

«1913 ـ يىلى جۇڭگو ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قۇرغان 11 ئورۇندىكى تېرە زاۋۇتىنىڭ ئومومىي كاپىتالى تۆت مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، مۇساباييېفلار تېرە زاۋۇتىنىڭ مەبلىغىدىن ئاران بىر مىليون يۈەن ئارتۇق ئىدى»[5] دەپ يازغان.

ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايۇفلار بىر تالاي ئۈسكۈنىنى رۇسىيە تەرەپنىڭ قاتتىق شەرتلىرىنى قوبۇلى ۋە تۈرلۈك توسالغۇ پەيدا قىلىشىغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە غۇلجا شەھرىگە ئېلىپ كېلىپ«زاۋۇت قورۇ» غا جايلاشتۇرغان. رۇسىيىدىن ئوتقا چىدامىلىق خىشلارنى سېتىۋېلىپ،زور غەيرەت بىلەن زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرگەن. 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈرخۈننى قوپۇرۇپ، يۇقىرى قىسمىغا 1909 دېگەن ساننى ئاق خىش بىلەن نەقىشلەپ چىقارغان. چىڭگىزخانىنىڭ قوشۇنلىرى كەڭسىي ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن 48 ئورۇنغا كۆۋرۈك سالغان بولسا، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار «ياركەنت ـ قورغاس ـ غۇلجا ئارلىقىدا 200 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك

كۆۋرۈك ياساپ»[5] زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرىنى غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ 1909- يىلى دېكابىردا زاۋۇتنىڭ«ۋۇت! ۋۇت!...» قىلىپ ياڭرىغان گۇدۈك ئاۋازى ئىلى ئاسمىنىنى لەرزىگە سېلىپ، شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان. بۇ زاۋۇت شىنجاڭنىڭ سانائەتلىششىشىگە تاشلىغان تۇنجى زور قەدەمى بولۇش سۈپىتى بىلەن 20- ئەسىر شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەھمىيىتى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ.

مەنبە:ئون ئىككى تاغ مۇنبىرى

# ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان

يالقۇن روزى

ئانا دىيارىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلى ۋادىسى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى، يەنى جەدىدچە مائارىپ ھەرىكىتىدىكى ئاۋانگارت ئورۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئىلى ۋادىسىدا ئېچىلغان جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى باشقا يۇرتلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن ئۈستۈن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، شۇڭغا يارىشا 1980-يىللاردىن ھازىرغىچە ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاقىدار ماقالە-ئەسلىمىلەرمۇ كۆپلەپ يېزىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 30 يىلدىن بۇيان يېزىلغان بۇ ماقالە-ئەسلىمىلەردە ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى چىنلىق ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ماقالە-ئەسلىمىلەر ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە، بۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. لېكىن 30 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە تەتقىقات دەرىجىسىدە يېزىلغان بىرەر ماقالە-ئەسەر بارلىققا كەلمىدى، بۇ توغرۇلۇق يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر بەك بولسا يۈزەكى بايان شەكلىدىلا بولدى. 30 يىلدىن بېرى يېزىلغان ئاشۇ ماقالە-ئەسلىمىلەردە كۆرۈلگەن زىددىيەتلىك بايانلار، خاتا تەپسىلاتلار، ئېگىز-پەس يىلنامىلەر توغرۇلۇق تەنقىدىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بىرەر ماقالىنىڭمۇ مەتبۇئاتتا كۆرۈلمەسلىكى، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە ئىلمىي روھنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر بىزدە ئىلمىي روھ يېتەرلىك بولغان بولسا، بۇ ماقالە-ئەسلىمىلەردىكى بايانلارنىڭ قايسىسى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، يىلنامىلەرنىڭ قايسىسى ئىشەنچلىك، شەخسلەرگە ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ چىنلىق ئاساسى قانچىلىك؟ دېگەندەك گۇمانىي سوئاللار ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان بولاتتى. جەريانى سۈرۈشتۈرۈش، پاكىتنى دەلىللەش ئارقىلىق كۆزقاراشلارنى ئىنكار قىلىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتەك ئىلمىي پوزىتسىيەمىز ئاجىز بولغاچقا، گويا 30 يىلدىن بۇيان يېزىلغان ماقالە-ئەسلىمىلەرنىڭ ھەممىسى

توغرىدەك، ئىلدا يېڭى ماتارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى، شەكىللىنىشى ھەققىدىكى باياناتلار ۋە يىلنامىلەر، بۇ ھەرىكەتتە باشلامچى بولغان تۆھپىكار بايلار ۋە ماتارىپچىلارغا ئالاقىدار تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى توغرا قەيت قىلىنىپ كېلىۋاتقاندەك ئەھۋال كۆرۈلدى. ئەمەلىيەتتە، خاتالىق ناھايىتى ئېغىر ئىدى. تېخىمۇ يامان يېرى، خاتالىق ئىزچىل تەكرارلىنىشتەك بىنورماللىق مەۋجۇت ئىدى. بۇ خاتالىقلارغا رەددىيە ۋە تۈزىتىش بېرىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. بولمىسا، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش چوڭقۇرلاشمايتتى، سۈپەت كۆتۈرۈلمەيتتى.

مەن خېلىدىن بېرى ئىلىنىڭ يېڭى ماتارىپ تارىخىغا ئائىت ماقالە-ئەسلىمىلەردىكى خاتالىقلارنى بايقاپ كەلگەن بولساممۇ، «ئۇيغۇر يېڭى ماتارىپ تارىخى» ناملىق يېزىلىۋاتقان كىتابىمدا تۈزىتىپ ھەم توغرىلاپ كەتسەملا بولىدىغۇ، دەپ قاراپ مەخسۇس ماقالە يېزىشنى خىيال قىلمىغان ئىدىم. لېكىن، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2012-يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان زور ھەجىملىك «جەننەت ماكان – ئىلى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ يېڭى ماتارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بابىدا ئىلمىي خاتالىقلارنىڭ ئوخشاشلا تەكرارلانغانلىقىنى كۆرۈپ قولۇمغا قەلەم ئېلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئىلدا جەدىدچە ئوقۇتۇش تۈنجى قېتىم كىم تەرىپىدىن، قاچان، قانداق باشلانغان دېگەن نېگىزلىك مەسىلە «جەننەت ماكان – ئىلى» ناملىق بۇ كىتابتا پۈتۈنلەي خاتا يېزىلغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ خاتالىق باشقىلارنىڭ ماقالە-ئەسلىمىلىرىدە ئىلگىرى بايان قىلىنغان خاتالىقنى تەكرارلاش شەكلىدە كۆرۈلگەن.

يىغىنچاقلاپ قارايدىغان بولساق، بۇ نېگىزلىك مەسىلە ئوخشاشمىغان ماقالە-ئەسلىمىلەردە بەش خىل بايان قىلىنغان.

بىرىنچى خىل قاراش. بىرىنچى خىل قاراش ئىلى يېڭى ماتارىپى، يەنى جەدىدچە ماتارىپ تارىخىغا ئالاقىدار تۈنجى ئەسلىمىدە كۆرۈلگەن. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى يازغان «ئىلىدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى – ئۇسۇلى قەدىم ۋە ئۇسۇلى جەدىد توغرىسىدا» دېگەن بۇ ئەسلىمە 1984-يىلى بېسىپ تارقىتىلغان «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (1) دا ئېلان قىلىنغان. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى بۇ ماقالىدا «ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇلمۇتائالى كامالى (خەلپەم)ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى» دېگەن. مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى بۇ ئىشنىڭ جەريانى توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: «ئاتام دەسلەپتە موللا ئېلى ھاجى دېگەن شائىردا، كېيىن شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىشان ۋە شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمدا ئوقۇغان.

بۇنىڭدىن سەل كېيىن ياركەنتكە ئابدۇراخمان داموللام دېگەن تاتار ئالىم كېلىدۇ. بۇ كىشىمۇ مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بېرىپ دەرس ئوقۇيدۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاتىمىزمۇ بېرىپ دىنىي دەرس ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابدۇراخمان داموللام دىنىي دەرس ئوقۇۋاتقانلار كۆپ، سەن ئۇسۇلى جەدىدچە ئوقۇغىن. بۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن خەلققە ئىلىم-مائارىپ ئۆگەتسەڭ شۇنچە ياخشى دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. ئاتىمىز داموللامنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ جەدىدچە ئوقۇيدۇ. بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1895-يىلى ئەلا باي مەسچىتىگە چۈشۈپ، بالا يىغىپ 40چە ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتىدۇ. شۇ يازدا غۇلجا شەھىرىنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىمتىھان ئالىدۇ.»

ئىككىنچى خىل قاراش. ئىككىنچى خىل قاراش يۇقىرىقى ئەسلىمىدىن كېيىن، يەنى 1985-يىلى «ئىلىدەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 4-سانىدىكى ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەيساجان مۇسا يازغان «ئىلى يېقىنقى زامان يەنىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدا كۆرۈلگەن. بۇ ئىككەيلەن مەزكۇر ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «مۇساباييېفنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي 1870-يىلى ياركەنتكە چىقىپ، تاتارلار ئاچقان يەنىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىدىكى نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن بولغان ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بەيتۇللا چوڭ مەسچىتى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق يەنىي دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدى. مۇسابايېف تىجارەتخانىسى ۋە باشقا مۇلۈكلىرىنىڭ زاكات پۇلى ھېسابىغا 1875-يىلى بەيتۇللا مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ پارتىلىرىنىمۇ ياۋروپاچە ياسىتىپ، مەخسۇس يەنىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. باھاۋۇدۇن بايىبۇ مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىنىمۇ ئۆزى تاللاپ، مەكتەپ خىراجىتى ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزى تەمىنلىدى. مانا بۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۇنجى يەنىي مەكتىپى.» روشەنكى، ئاپتورلار تىلغا ئالغان «يەنىي مەكتەپ» ئادەت بويىچە جەدىدچە مەكتەپنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى خىل قاراش. ئۈچىنچى خىل قاراش يۇقىرىقى ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ ئۈچ-تۆت يىللار ئۆتكەندە، يەنى 1988-يىلى نەسىردىن ناسىرى ئەپەندى يازغان ماقالىدە كۆرۈلگەن. شۇ يىلى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»(25) دا

ئۇنىڭ «ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. گەرچە ئاپتور ماۋزۇدا «كونا مائارىپ ئىشلىرى» دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا يېڭى مائارىپ ئىشلىرى توغرىسىدا توختالغان. ئاپتور ماقالىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئىلىدا جەدىدچە مەكتەپنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان. پەقەت «غۇلجا شەھرىدە دەسلەپتە، 1909-يىلى مۇساباييېفلار قۇرغان ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ يېنىدا زاۋۇت ئىشچىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان بىر مەكتەپ ئېچىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىرى سىرتتىن تەكلىپ قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ شۇ چاغدىكى تەسىرى خېلى زور بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن يەرلىك باي، ئەمەلدارلاردىمۇ قىسمەن ئويغىنىش بولدى. نەتىجىدە مەرىپەتپەرۋەرلەر كىشىلەر، ئويغانغان سودا-سانائەتچىلەر ئۆز باللىرىنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭبالىلىرى ئىچىدىكى بىلىم تەشنالىقى كۈچلۈك بولغانلىرىنى تاللاپ، تۈركىيە،ئىستانبول، مىسىر، سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، ئوقۇپكېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، شۇ چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئىگىلەپ كەلگەنلەردىنمەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، جىرجىس ھاجى، ئابدۇللا ئەپەندى، سابىتمۇساباييېف، مىجىت مۇساباييېف، جاۋدەت مۇساباييېف، ئابلەھەت مۇساباييېف قاتارلىقلاربار ئىدى» دېگەن بايانلارنى يېزىپ، جەدىدچە ئوقۇش ئىشلىرىنىڭ غۇلجىدا قاچاندىن باشلاپ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇڭا بۇنىمۇ بىر خىل قاراش دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى خىل قاراش. تۆتىنچى خىل قاراش كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۈمىد يۇلتۇزى» ناملىق كىتابتا كۆرۈلگەن. غۇلجا شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلاپ تۈزۈلگەن بۇ كىتاب 2001-يىلى بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: «1875-يىلى ئەتراپىدا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە قوللىشى، مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بەيتۇللا مەسچىت يېنىدا تۆت سىنىپلىق مەكتەپ سېلىندى ھەمدە بۇ سىنىپلار يېڭىچە پارتا، دوسكىلار بىلەن جاھازىلاندى. ئوقۇغۇچىلار ياش قورامى ۋە بىلىم سەۋىيەسى بويىچە سىنىپلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، دىنىي دەرسلەر بىلەن بىللە تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. بۇ مەكتەپ غۇلجىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ناسىرئەلەمنىڭ قوللىشى، ۋېلىباي، باھاۋۇدۇن باي، شېرىپىدىن باي قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ دەسلەپكى مۇدىرى قازاندا ئوقۇپ كەلگەن زاھىد ئەپەندى ئىدى. زاھىد ئەپەندىنىڭ

تەشەببۇسى بىلەن مەكتەپكە ‹ئىلى مەكتىپى› دەپ ئىسىم قويۇلدى. ئىپتىشالارغا قارىغاندا، بۇ مەكتەپ 1881-يىلدىن1883-يىلغىچە بولغان ‹كۆچ-كۆچ› مەزگىلدە ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئازلاپ، بىر مەزگىل يېپىلىپ قالغان بولسىمۇ، 1889-يىلغا كەلگەندە مۇسابايېفلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەنە ئەسلىگە كەلگەن ۋە ئىسمىنى ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› گە ئۆزگەرتكەن.»

بەشنچى خىل قاراش. بەشنچى خىل قاراش يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت خىل قاراشتىن پەرقلىق ھالدا، يەنە يېقىنچە تەپسىلات بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. بۇ قاراش ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمجىت يازغان «تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى - ‹ئىلى مەكتەپ› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ماقالە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (11) نىڭ 2003-يىلى بېسىپ تارقىتىلغان سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئىككى ئاپتور مۇنداق يازغان:«ئىلىنىڭ مائارىپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن چەتكە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن، بىلىمنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى قورغاس مازارلىق زاھىد ئەپەندىم بولسا كېرەك. ئۇ كىشى 1810-يىلى قورغاس كىچىك مازاردىن غۇلجىغا كېلىپ، بۇ يەردىن قازان شەھىرىگە بېرىپ، ئون نەچچە يىل ئوقۇپ، بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئىلى خەلقى ئۇ كىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئىلى خەلقى: ‹ئالغان بىلىمىڭىزنى بالىلىرىمىزغا بېرىڭ، بۇ يەردىكىلەر مۇئاق - قارىنى تونۇسۇن› دەپ ئۇ كىشىنى مۇئەللىم بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. نەتىجىدە زاھىد ئەپەندى مەدرىس يېنىدىكى يېڭى تەسىس قىلىنغان مەكتەپكە ئورۇنلىشىپ مۇئەللىم بولىدۇ. بۇ ئىلى رايونىدا قۇرۇلغان تۇنجى مەكتەپ بولغاچقا، كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىپ بۇ مەكتەپكە ‹ئىلى مەكتەپ› دەپ نام قويىدۇ. 1827-يىلى ئىككىنچى قەدەمدە زاھىد ئەپەندى بىر چوڭ ئۆيدە ئوقۇۋاتقان بالىلارنى ئۈچ سىنىپقا ئايرىپ، بىرىگە يۈسۈپ خەلپەتنى، يەنە بىرىگە ئابدۇقادىر خەلپەتنى مەسئۇل قىلىدۇ. يەنە بىر سىنىپقا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.»

ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ قاچان، قانداق ۋە كىملەر تەرىپىدىن باشلانغانلىقىغا ئائىت يۇقىرىقى بەش خىل قاراشتىن باشقا مەن كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان ئالتىنچى، يەتتىنچى خىل قاراشلار بارمۇ؟ خەۋىرىم يوق. مېنىڭ ئۈچراتقىنىم يۇقىرىقى بەش خىل قاراش. بۇ بەش خىل قاراش1984-يىلدىن 2003-يىلغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ماقالە-ئەسلىمىلەردىكى يىلنامىغا قارايدىغان بولساق ئىلىدا يېڭىچە مەكتەپنىڭ ئېچىلغان ۋاقتىنى بالدۇر دېگىنى 1820-يىللار دېگەن بولسا، كېيىن دېگىنى 1910-يىللاردا دېگەن. دېمەك پەرق بەك

زور. باشلامچىلارمۇ ھەرخىل. نىمە ئۈچۈنكىن «جەننەت ماكان – ئىلى»دېگەن كىتابتا باشقا قاراشلار تىلغا ئېلىنماي ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمىجىت ئوتتۇرىغا چىقارغان «بەشىنچى خىل قاراش» تەكرارلانغان. تەكرارلىغۇچىلار بۇ خىل قاراش ئىلگىرىكى قاراشلار تۈزىتىلىپ، تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان، دەپ قارىغانمۇ ياكى ئىلىدا يېڭى ماتارىيىنىڭ باشلانغان ۋاقتىنى1820-يىللارغا تاقاپ بايان قىلغانلىقنى خوپ كۆرگەنمۇ، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما ماڭا ئايدىڭ تەرىپى شۇكى، يۇقىرىقى بەش خىل قاراشنىڭ ھەممىسى ماددىي پاكىتسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك، ھۆججەت، دەلىل يوق. ئىلمىيلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇھەممەت خان كامالى ئوتتۇرىغا قويغان بىرىنچى خىل قاراشنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئاساسى بار. باشقا بارلىق قاراشلارنىڭ ئىلمىي ئاساسى ۋە تارىخىي ئاساسى پەقەتلا يوق.

ئۇنداقتا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش خىل قاراش قايسى جەھەتلەردىن پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ؟

بىرىنچى،«ياركەنت شەھرىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن» دېگەن مەسىلە. بۇ قاراش بىرىنچى خىل قاراش بىلەن ئىككىنچى خىل قاراشتا ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى، بىرىدە ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم1895-يىلى ياركەنت شەھرىدە ئۇسۇلى جەدىدنى ئۆگىنىپ كەلگەن دېگەن بولسا، بىرىدە مۇسابايىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي 1870-يىلى ياركەنت شەھرىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان دەپ بايان قىلىنغان. ھەقىقەتەن ياركەنت شەھرى شۇ يىللاردا جەدىدچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان شەھەرمىدى؟ دېگەننى ئېنىقلاشقا توغرا كەلسە، بۇنىڭغا قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن ئۇيغۇر جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم باشلامچىلىرىدىن بىرى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ بايانلىرىدىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېفنىڭ يېزىشىچە، «1895- يىلى ئانتروپولوگ پايىسېل ياركەنت شەھرىدىكى 300 ئۇيغۇرنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە ئىچىدە بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەمنى ئۇچراتمىغان①.» مۇرات ھەمرايېفنىڭ تىلغا ئالغان يىلنامىسى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ياركەنتتە جەدىدچە ئوقۇتۇشنى ئۆگىنىپ كەلگەن دېگەن ئەسلىمىدىكى يىلنامە بىلەن ئويمۇ ئوخشاش. يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت 1911-يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىرى قانداق» دېگەن ماقالىسىدا «تارانچى تۈركلىرىدە مەدەنىيەت نۇرى بولغان چوڭراق كىتابخانا،

قىرائەتخانا، خەيرىيە جەمئىيىتى دېگەنـدەكلەردىن ھـېچ قايسىسـى يـوق. ئۇلارنــىڭ نامىمۇ يوق. شۇنداقلا مۇنتىزىم مەكـتەپ، مەدرىسـەگە كەلسـەك، بۇرۇنـدىن قالغـان مەكتەپ، مەدرىسەلەر بار دەپ ئاتالغان يۇرتلار بەك جىق بولۇپ، بۇلاردىن ھەققەتـتە بىرسىمۇ رەتلىك مۇنتىزىم ئەمەس②.»

دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى نەقىلدىكى ئۇچۇردىن ئۇ يىللاردا ياركەنت شەھىرىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىن ئېيتقانـدا، ىبراۋلارنـى جەدىـدچە ئۇسـۇلدا تەربىيەلەيـدىغان ئىمكانىيەتنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياركەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تارانچى تۆركلىرى» يۇرتلىرىدا كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەر بار بولسىمۇ، ئەمما رەتلىك، مۇنتىزىم جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئۇ يىللاردا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىـــى، قەدىمـــچە مەكـــتەپلەر بىـــلەن جەدىـــدچە مەكتەپلەرنـــى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش مەسلىسى. مەكتەپ دېگەن ئۇقۇمدىن قەدىمـچە يـاكى جەدىــدچە دېگەن ئېنىق ئۇقۇمغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قەدىمچىسـىمۇ مەكـتەپ، جەدىدچىسـىمۇ مەكتەپ. بىز يۇقىرىدا كۆرستىپ ئۆتكەن ماقالىلارنىڭ بەزىلىرىدە بـۇ ئۇقـۇم ئېنىقسـىز بايان قىلىنغان. پەننىي دەرس ئۆتۈلسىلا جەدىدچە مەكتەپ ھېسـابلانمايدۇ. خـۇددى نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت يازغاندەك ئىلى ۋادىسىدا قەدىمچە مەكتەپ-مەدرىسەلەردە پەننىي دەرسلەر قىسمەن بولسىمۇ مەۋجۇت ئىدى. 19-ئەسىردە ئانـا دىيـارىمىزدىكى قەدىمچە مەكتەپلەردە قانداق دەرسـلەرنىڭ ئۆتۈلۈدىغـانلىقىنى ئەنگلىيەلـىك س. د. فورسىيسىنىڭ كىتابىدىكى ئۇچۇردىن ئېنىق كـۆرۈۋالغىلى بولـىدۇ، دەپ قـارايمەن. ئـۇ 1873-يىلـى ھىندىسـتاندىن ئانــا دىيارىمىزغــا تەكشۈرۈشــكە كېلىــپ، قەشــقەر تەۋەسىدىكى يۇرتلارنى تەكشۈرگەندە مۇنداق يازغان: «سەككىز ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان بالىلار مەكتەپكە بېرىلىدۇ. ئوغۇل، قـىزلار مەكتەپـتە ئـارىمۇ-ئارقـا تىزىلغـان ئۇستەلدە ياندىش ئولتۇرىدۇ. ئوغۇللار ئومۇمەن ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرىدۇ، قىزلار يەنە بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ. ئوتتۇرىسى بوش قالىـدۇ. ئەڭ بېشـىدا ئوقۇتقـۇچى ئولتۇرىـدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرۇشـتىن بـۇرۇن كىتـابتىن دۇئـا-تـىلاۋەت ئۆگىنىلـىدۇ. ئوقۇغـۇچىلار ۋارقىرىشىپ ئۈنلـۈك ئـاۋازدا دەرسـلىرىنى ئوقۇيـدۇ. ھەرقايسـى شـەھەرلەردە نۇرغـۇن مەكتەپلەر بار. بۇ مەكتەپلەردە بازار ئەتراپىدىكى بـالىلار كېلىـپ ئوقۇيـدۇ. ئـادەتتە ئېگىز ئۆيلەرنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان، كوچىغا يـېقىن بولغـان ئۆيلەرنى مەكتەپ قىلىدۇ. قىزلار ئون ياشتىن ئاشـقاندا مەكتەپـتە ئوقۇمايـدۇ، بـىراق ئوغۇللارنىڭ ياش چەكلىمىسى يوق. ئۇلارغا ئوقۇش ۋە يېزىش ئۆگىتىلىدۇ ھەمدە شەيخ

سەئىدىنىڭ ‹گۇلىستان› كىتابى دەرسلىك قىلىنىدۇ. ‹ئىسكەندەرنامە› ئازراق ئوقۇتۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ئايلىق ئوقۇش ھەققى ئۆچۈن يېرىم تەڭگىدىن بىر تەڭگىگىچە ھەق بېرىلىدۇ. مائارىپ مەجبۇرىي ئەمەس، بىراق شارائىتى يار بەرگەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئالىي مەلۇماتلىق بولۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن مەدرىسەگە ئۆرلەيدۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئىلاھىيەت، شەرىئەت، تىبابەت، شېئىرىيەت ۋە تارىخ ھەم بۇنىڭغا قوشۇپ يېزىقچىلىق بىلەن ھېساب دەرسلىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. فىزىكا پەنلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ ئىلىم ئۆلچەمگە توشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوقۇيدىغىنى ئىلاھىيەت ۋە مېتافىزىكا بولۇپ ئەمەلىي قوللىنىشچان ئىلىملەرگە سەل قارايدۇ. ھەربىر شەھەردە نۇرغۇن مەدرىسە بار ئىكەن»، «ئەمىر (ياقۇپ بەگنى دېمەكچى) نىڭ پەرمانى بىلەن يوقلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان نۇرغۇن مەكتەپ، مەدرىسە قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپتۇ. نۇرغۇنلىرى كارىدورلۇق سېلىنىپ ئەسلىدىكى 20ئوقۇغۇچىدىن 80 ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى ئوقۇيالايدىغان ھالەتكە كەپتۇ.③»

مانا بۇ بىزگە 19ـ ئەسىردىكى قەدىمچە مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ ئەھۋالىدىن يەتكۈزۈلگەن خېلىلا ئوبيېكتىپ مەلۇمات. ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ مەكتەپ، مەدرىسەلىرىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئاساسەن مۇشۇنداق ئىدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئومۇمەن، بۇ خىل مەكتەپ ـ مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك مەزمۇنى كونىچە ئىدى.

«جەننەت ماكان – ئىلى» دېگەن كىتابتا، ئىمىن ئىبراھىم بىلەن ئەدھەم ئابدۇمجىتنىڭ «تۈنجى مەرىپەت بۆشۈكى ‹ئىلى مەكتەپ› توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان:«1840ـ يىللىرى غۇلجا شەھرىدىن راشىدىن، مەنسۇر دېگەن كىشىلەر يەتتە سۇغا چىقىپ زامانىۋى ئىلغار مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىنلا، بۇ مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات دەرسلىرى قوشۇمچە ئوقۇتۇلىدۇ. 1866ـ يىللىرىغا كەلگەندە غۇلجىدىن شارائىتى يار بەرگەن نۇرغۇن كىشىلەر ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت، قازان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېڭى پەن ـ مائارىپ، ھۈنەر ـ سانائەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ ‹ئىلىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرساق، ئادەملىرىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيەسى ئاشىدۇ، مەدەنىيىتى يۈكسىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ› دېگەنلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ.»

بۇ نەقىلدىكى«يېڭى پەن ـ مائارىپ»، «ئىلىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي

قىلدۇرساق» دېگەن سۆز-جۈملىلەردىن گەپىنىك جەدىدچە مائارىپ ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بىزدە جەدىدچە مەكتەپ دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا پەننىي مەكتەپ دەپ ئىشلىتىش ئومۇملاشقان. شۇڭا ئاخىرىدىكى شەكلى ۋە مەزمۇنى زامانىمىزدىكى گېزىتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان تەشۋىقات خاراكتېرلىك جۈملىلەرگە ئوخشايدىغان بۇ نەقىلنى ئوقۇغان ئادەم قەدىمچە مائارىپ بىلەن جەدىدچە مائارىپ ئىشلىرىدىن ئاز-تولا خەۋىرى بولسىلا، «بۇ قىلچە ئاساسى يوق بىمەنە مەلۇمات ئىكەن» دېمەي تۇرالمايدۇ. تۈنجى قېتىم، يەنى1985-يىلى «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدا كۆرۈلگەن بۇ بىمەنە مەلۇماتنى 2012-يىلى نەشر قىلىنغان كىتابلاردىمۇ ئۆز پېتى ئىستېمال قىلىش، بىزنىڭ ئىلمىي ئاشقازىنىمىزنىڭ «ھەزىم» قىلىش قۇۋۋىتىنى كۆرسەتسە كېرەك. بىزدە ئىدراكىي گۇمان ۋە ئىلمىي ئانالىز ئادىتى دېگەندەك شەكىللەنمىگەچكە يۇقىرىقىدەك بىمەنە بايانلارغا تۆۋەندىكىدەك سوئاللار تۇغۇلۇپ باقمىدى: 1840-يىللىرى يەتتە سۇدا ئىلغار مەكتەپلەر نېمە ئىش قىلسۇن؟ 1866-يىللىرى ياركەنت، شەمەي، بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا يېڭى پەن-مائارىپ، ھۈنەر-سانائەت بىلىملىرى نېمە ئىش قىلسۇن؟ مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭ سەۋىيەسى قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكتەپ، مەدرىسەلەرنىڭ سەۋىيەسىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئىلى ۋادىسىدا پەننىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەشەببۇسىنى كىم ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن؟ 1866-يىلى ياركەنت دېگەن شەھەر يەتتە سۇ تەۋەسىدە مەۋجۇتمىدى؟

يۇقىرىقى بايانلارنى يازغان ئاپتورلار بىلەن بۇ بايانلارنى تەكرار ئىشلەتكەن نەقىلچىلەر بۇ گۇمانىي نۇقتىلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. جەدىدچە مەكتەپ دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا پەننىي مەكتەپ دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن ئاپتورلار بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرەرمۇ «پەننىي مەكتەپ» نىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك. دېمەك، بۇ خاتالىقلار قەدىمچە مەكتەپ بىلەن جەدىدچە مەكتەپنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى ۋە پەرقىنى بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەقەللىيسى، ياركەنت شەھىرىنىڭ 1881-يىلى ئىلىدىن ۋىلبىاي يولداشىوف باشچىلىقىدا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئۆچۈن، گۇبېرناتور كالپاكوۋسكىينىڭ بۇيرۇقى، ئىنژېنېر ئابراموفنىڭ لايىھەلىشى بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى، 1880-يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كىچىك بىر شەھەر ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى بىلىشى لازىم ئىدى. 1881-يىلىدىن ئىلگىرى يوق شەھەرنى شىپى كەلتۈرۈش ماقالە-ئەسلىمىلەرنى يېزىش توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخچىلىقنىڭ

مېتودىدىن ئايانكى، تارىخچىلىق توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا ئىمكان بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئامىللار تارىخچىلىقنىڭ چىنلىق ئاساسىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىككىنچى خىل قاراش بىلەن تۆتىنچى خىل قاراشمۇ ئىناۋەتسىز!

ئۈچىنچى، باھاۋۇدۇن باينى 1870-يىللىرى دىنىي مەكتەپلەردە دۇنياۋى ئىلىملەرنىڭ ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان دېگەن مەسىلە. بۇ ئىككىنچى خىل قاراش بىلەن تۆتىنچى خىل قاراشتا قەيت قىلىنغان. مەن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى يازغان «نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» دېگەن ماقالەمدە تىلغا ئالغاندەك، 1870-يىللاردا باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ تۇغۇلمىغان ياكى تۇغۇلغان بولسىمۇ ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن گۆدەك چاغلىرى ئىدى. ئۇ يىللاردا باھاۋۇدۇن باي ياركەنتتىكى تاتار مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەنىدى، دېگەن گەپلەرمۇ قىپقىزىل ئويدۇرما گەپلەردۇر. ماتېرىياللاردا باھاۋۇدۇن باي 1851-يىلى تۇغۇلغان دېگەن بايانلار ئۇزاقتىن بۇيان يېزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىشەنچسىزدۇر. مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارايدىغانلىقىمنى بىلمەكچى بولغانلارنى«نەزەرىيە ئەمالىقى ۋە ئىدىيە قاتماللىقىدىن قاچان قۇتۇلىمىز» دېگەن ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلارنى ئوقۇپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن. بىزنىڭ ئەسلىمە ۋە تارىخقا ئائىت ماقالىلارنى يازىدىغان كۆپلىگەن ئاپتورلىرىمىز باشقىلار دېگەن ياكى يازغان تارىخىي مەلۇمات ۋە قاراشلارنى پاكىت ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن دەللەپ، تارىخىي جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلىپ، لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، بۇ چاغقا بىزنىڭ يېقى مائارىپ تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتىن يېقى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. مىسال ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان بولساق ئىلگىرى يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلاردا بايان قىلىنغان تۆۋەندىكىدەك قاپقارا ئويدۇرمىلار «جەننەت ماكان – ئىلى» دېگەن كىتابتا شۇ پېتى تەكرارلانمىغان بولاتتى. قاراڭ:

«1875-يىلى باھاۋۇدۇن باي بەيتۇللا مەسچىتى دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇرىدۇ. مەكتەپنىڭ ئۈستەل-پارتا، ئورۇندۇقلىرىنىمۇ پۇتۇنلەي ياۋروپاچە ياسىتىپ، بۇ مەكتەپنى پۇتۇنلەي پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ. باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتىدۇ. مەكتەپنىڭ خىراجىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆز يېنىدىن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

1896-يىلى چەت ئەللەرنى كۆرۈپ كەلگەن باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ بەيتۇللا

مەسچىتى پەشتىقنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى كونا سېنىپلارنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن كارىدورلۇق ئۈچ سىنىپ سېلىپ، ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەننىي مەكتەپ بەرپا قىلىپ، يەتتە سىنىپ تەسىس قىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشىدۇ. مەكتەپتە مۇساباييېفلارنىڭ راسخوتى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان شادى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل ئەپەندىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.» (300-بەت)

بۇ ئىككى ئابزاس بايانىنىڭ بىرىنچىسىدىكى «1875-يىلى» دېگەن يىلنامىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «پۈتۈنلەي پەننىي دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ، باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتىدۇ» دېگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساقلا، مەسىلىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز. باھاۋۇدۇن باي ئىلىدىكى ئەڭ كاتتا مەسچىد بولغان بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ بىقىنىدا «پۈتۈنلەي پەننىي دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپ» قۇرسا مەدرىسە ئۆلىمالىرى قاراپ تۇرارمۇ؟ «نېمىشقا دىنىي دەرس ئۆتمەيسەن» دەپ سورىماسمۇ؟ ياكى باھاۋۇدۇن باي ئاتئىزمچىمىدى؟ «باھاۋۇدۇن باي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ بېكىتكەن» دېگەن جۈملىنى ئوقۇغاندا تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ: غۇلجىدا 1870-يىللىرى تولۇق پەننىي دەرسلەرنى ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارمىدى؟ تاللاپ ئىشلەتكۈدەك كۆپ بۇ ئوقۇتقۇچىلار قايسى دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتكۈزگەن؟ بۇ دارىلمۇئەللىمىننى كىم قۇرغان؟ بۇ دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى كىملەر ئىدى؟ گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ بايانلار توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئىككىنچى ئابزاستىكى 1896-يىلى غۇلجىدا «ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەننىي مەكتەپ» يەنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك جەدىدچە مەكتەپ بولغان، «بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشاتتى»دېگەندەك بايانلارمۇ كۆلكىلىكتۇر. ئۇ چاغدا غۇلجىدا بۇ سەۋىيە، بۇ كۆلەمدىكى جەدىدچە مەكتەپ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەگەر بار بولسا نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت1911-يىلى يازغان «تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى قانداق» دېگەن ماقالىسىدا 1896-يىللا ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن ئاشىدىغان، يەتتە سىنىپلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك جەدىدچە مەكتەپنى «يوق» دېيىشكە تىلى بارمىغان بولاتتى. يۇقىرىقى بايانىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ يەنە بىر مەلۇمات «بۇ مەكتەپتە مۇساباييېفلارنىڭ راسخوتى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان شادى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىل

ئەپەنــدىلەر ئوقۇتقۇچىلــىق قىلىشــقا باشــلايدۇ» دېــگەن جــۈملىلەردە كۆرۈلــىدۇ. ھۆججەتلىك پاكىتقا ئاساسلانغان ھالدا شــۇنداق دېيىشــكە بولــىدۇكى، ئاكــا ـ ئۇكــا مۇساباييېفلارنىڭ تۈركىيەگە ئابدۇراخمان شادى، مەسئۇد ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، خېلىــل ئەپەنــدىلەرنى قاتــارلىق ئوقۇغــۇچىلارنى چىقارغــان ۋاقتــى 1904 ـ يىلىــدۇر. ئۇلارنىڭ تۈركىيەگە چىقىش جەريانى مۇنداق:

ئىستانبولدا ئوقۇۋاتقان مەسۇم ئەپەندى ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئوسمانلى تىــل ـ يېزىقــىدا ئوســمان ئىمپېرىيەســىنىڭ ســۇلتانى ئابدۇلھەمىدكە ئىلتىماس سۇنغان. ئىلتىماستا تۆت ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان. شۇ بويىچە ئابدۇراخمان شادى قاتارلىق تــۆت ئوقۇغــۇچى ئىســتانبولغا ئوقۇشــقا چىققــان. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئوقۇشى 1913 ـ يىلى، باشقىلىرىنىڭ ئوقۇشى 1914 ـ يىلى تاماملىنىپ ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار قايتىــپ كەلگەنــدىن كېيىن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن پېداگوگىكا مەكتەپتە ئوقۇغان ئابــدۇراخمان شــادى ئوقۇتقۇچىلــىق قىلغــان. تىببىــي مەكتەپــتە ئوقۇغــان مەســئۇد ســەبرى «ئالتــاي دوختۇرخانىسى» دېگەن نامدا دوختۇرخانا ئاچقان. «ئالتاي دوختۇرخانىسى»ئىچىش تەكلىپىنــى ئۇنىڭغــا 1913 ـ يىلىنىــڭ ئــاخىرى غۇلجىغــا كېلىــپ تــۆت يىلغــا يــېقىن مائارىپچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان داڭلىــق تاتــار مائــارىپچى ئابــدۇللا بــۇبى (1871 - 1922) بەرگەن. ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ تــۈركىي خەلقلەرنىــڭ ئەڭ قەدىمىــي ئانا ماكانى بولغان ئالتاينىڭ نامىنى قوللىنىشنى قارار قىلغــان. ئابــدۇراخمان شــادى، مەسئۇد سەبرىلەر تۈركىيەدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىــپ 1914 ـ يىلــى ئــۈدۈل قەشــقەرگە كەلگەن. ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساقتا ئېچىلغان «ھەبىبزادە دارىلمــۇئەللىمىن» دە قىســقا مۇددەت دەرس ئۆتۈپ، ئاندىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. بۇ ئىشلار ئەينى ۋاقىتتىكــى «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن» نىڭ مــۇدىرى ئەھــمەد كامالنىــڭ كىتابىــدا تەپســىلىي خاتىرىلەنگەن. قىسقىســى، «جەنــنەت ماكــان – ئىلــى» دېــگەن كىتابتــا يېزىلغــان يۇقىرىقى بىر ئابزاس مەلۇمات ھەم باھاۋۇدۇن باي 1870 ـ يىللىرى غۇلجىدىكى دىنىي مەكــتەپلەردە دۇنيــاۋى ئىلىملەرنىــڭ ئۆتۈلۈشــىگە تــۈرتكە بولغــان دېــگەن قــاراش پۈتۈنلەي ئاساسسىز.

تۆتىنچى، جەدىدىلىك مائارىپىنىــڭ پەيــدا بولــۇش ۋە شــەكىللىنىش تــارىخىنى بىلمەسلىك مەسىلىسى. روشەنكى جەدىدىلىك (يېڭىلىق ھەرىكىتى دېــگەن مەنىــدىكى سۆز بولۇپ، بىزدە جەدىدچىلىك دەپمۇ ئېلىنىدۇ) ھەرىكىتى تۈركىي خەلقلەر تارىخىغــا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى رۇسىيەگە تەۋە قىرىم يېرىم ئارىلىــدىكى

قرىم تاتارلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى فىرانسىيەدە ئىككى يىل تۇرۇپ ياۋروپانىڭ ئىلغا مائارىپى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ كەلگەن ئىسمائىل غاسپىرالى (1851–1914) نىڭ باغچەساراي شەھىرىدە 1883-يىلى «تەرجىمان» گېزىتىنى نەشر قىلىشى ۋە 1884-يىلى «ئۇسۇلى جەدىد» («ئۇسۇلى سەۋتىيە» مۇ دېيىلىدۇ) ئوقۇتۇش مېتودىنى سىناق قىلىشنى باشلىنىش مەنبەسى قىلىدۇ. جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تېز ساۋات چىقىرىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولغاچقا قىرىمدىن باشقا قازان تاتارلىرى ۋە ئەزەربەيجانلىقلار ئارىسىدا تېز ئومۇملاشقان. ئەمما 1890-يىللاردا ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدىكى سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق كاتتا شەھەرلەردە قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك جىدىلى قاتتىق بولغان. 1909-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ كۆرىشىدىكى كەسكىنلىكنى نەزەردە تۇتۇپ «قەدىمچىلىك ۋەجەدىدچىلىك» دېگەن مۇھاكىمە ماقالىسىنى يېزىپ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 5-ئايدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلغان.④

مەشھۇر پېداگوگ ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ غەيرىتى بىلەن باشلانغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بارغانسېرى نوقۇل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىسلاھاتى بولۇشتىن ھالقىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەرىپەت ھەرىكىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە مەزمۇنىنىمۇ ئىسلاھ قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ جەرياندا قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك تەرەپدارلىرى كەسكىن ئېلىشىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن. قەدىمچىلەردىن نامى بىلەن ئىش كۆرۈپ جەدىدچىلىك ئىمانىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۆممەتلەرنى ئاداشتۇرىدۇ دەپ قارىغان. جەدىدچىلەر ياشاش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك، تەرەققىيات يوللىرىنى ئۆگەنمىسەك براقلا ھالاك بولىمىز دەپ قارىغان. ئومۇمەن كۆرەشنىڭ كەسكىنلىك دەرىجىسى بەك يۇقىرى بولغان. جەدىدچىلىك تەرەپدارلىرى ئاممىۋى ئاساسى ئاجىز يېڭى كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. شۇنداقتىمۇ يولىدىن قايتمىغان. جەدىدچىلەر 10– 20 يىلدەك تىرىشىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىگەن ھەم جەدىدلىك ھەرىكىتىنى تارىخىي ئېقىمغا ئايلاندۇرغان. ئاندا دىيارىمىزدىمۇ جەدىدچىلىك بىلەن قەدىمچىلىك جىدىلى ئوخشاشلا ئۆتكۈر بولغان. مۇتەپەككۇر جەدىدچى ئابدۇقادىر داموللام (1870-1924) قەشقەردىن ئۈچ قېتىم چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەھمەد كامال چېقىمچىلىقتا ئۇچراپ قەشقەردە تۈرمىلەرگە قامالغان ھەم ۋەتىنىگە قايتۇرۇۋېتىلگەن. ئابدۇللا بۇۋىي غۇلجىدا تۇرالماي قازانغا قايتىپ

كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قەشقەر، ئاتۇش ۋە غۇلجىدىكى ئابدۇمۇئاتاتالى خەلپىتىمگە ئوخشاش يەرلىك جەدىدچىلەر قەدىمنى ئاستىلاتتقان. ئۇيغۇر جەدىدلىك ھەرىكىتىگە ئۇل سالغان كاتتا شەخس ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلىش پوزىتسىيەسىدە پەرق ھەم مەلۇم ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. مۇسەيىن باي ئېھتىياتچان بولۇۋالغان، باھاۋۇدۇن باي دادىل بولغان بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئاكىسىنىڭ رايىنى نەزەرگە ئېلىپ ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇڭا زامانداش جەدىدچىلەرنىڭ خاتىرە ۋە شېئىرلىرىدا بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش دەرىجىسى نەزەرگە ئېلىنىپ باھاۋۇدۇن بايغا ئالاھىدە يۇقىرى باھالار بېرىلگەن. مەسلەن، ئەھمەد كامال، ئابدۇللا بۆبى، ئادىل ھېكمەت بەي قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە⑤، شەمسىدىن داموللام ئۆز مەرسىيەسىدە باھاۋۇدۇن بايغا بەك يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇڭا، جەدىدچىلىك بىلەن قەدىمچىلىك تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ. كونىچە مائارىپتىن يېڭىچە مائارىپقا ئۆتۈش جەريانى ھەممىلا جايدا ئوخشاشلا مۇشەققەتلىك بولغان. چۈنكى «كونىچە مائارىپتىن يېڭىچە مائارىپقا ئۆتۈش ناھايىتى زور ئىسلاھات ھەرىكىتى بولۇپ، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، مەرىپەت بىلەن خۇراپاتلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك بىلەن مۇتەئەسسىپلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەسكىن ۋە تەكرار ئېلىشىشلار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.⑥»

تارىختىن ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق تۇرۇقلۇق، «جەننەت ماكان – ئىلى» نىڭ يېڭى مائارىپ تارىخى توغرىسىدىكى بابى ۋە ئۇنىڭغا مەنبە بولغان كۆپلىگەن ماقالىلەردە ئىلى ۋادىسىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە جەدىدچە مەكتەپلەر يۇقىرى ئاممىۋى قىزغىنلىق بىلەن تىۋى بولغاندەك داغدۇغىلىق شەكىلدە ئەمەلگە ئاشقاندەك ھالەتتە يېزىلغان. كىشىنى ئۇيالدۇرۇپ قويىدىغان يېرى شۇكى، ئاپتورلارنىڭ بىلمەسلىكى ۋە ئەستايىدىلسىزلىقى سەۋەبىدىن ئىلى ۋادىسىدىكى جەدىدلىك مائارىپى (گەرچە پەننىي مەكتەپ ۋە پەننىي ئوقۇتۇش دېيىلگەن بولسىمۇ) مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئاسىيا قىتئەسىدە جەدىدلىك ھەرىكىتى باشلانماستا باشلانغان قىلىپ يېزىلغان. تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنى بىلىمىزكى، ياپونىيەدە 1860 ـ يىللىرى قەدىمچىلىك بىلەن جەدىدچىلىك(يېڭىلىق) تەرەپدارلىرى كەسكىن كۈرەش قىلىپ، ئاخىر قانلىق ئۇرۇش بولغان. نەتىجىدە1868 ـ يىلى مىجى يېڭىلىقتا كۆچۈش ئىسلاھاتىنى پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن ھۆكۈمەت ھەرىكىتى سۈپىتىدە يولغا قويغان. جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە 1890 ـ يىللاردا خەنزۇ مىللىتىنىڭ سەرخىللىرى

ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا بولغان تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، 1901-يىلى «يېڭى سىياسەت» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ خىل مىللىي ئارزۇ ھۆكۈمەت ئىرادىسىگە ئايلانغان. نەتىجىدە يېڭىچە مائارىپ تۈشىمۇ تۈشتىن يولغا قويۇلغان. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا 1884-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويغاندىن، گېزىت چىقارغاندىن ۋە «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشىر قىلدۇرۇپ تارقاتقاندىن كېيىن بارا-بارا جەدىدلىك ھەرىكىتى بىخلانغان. ئالدى بىلەن قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگ شەھەرلىرىدىكى تاتار ۋە باشقىرت مىللىتىنىڭ سەرخىللىرى ھەم ئەزەربەيجان زىيالىيلىرى ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا بولغان قىزىقىش تولىمۇ تەستە شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى قالاقلىقىغا ئىچى سىقىلغان ئىسمائىل غاسپىرالى 1892-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى كونىچە مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇسۇلى جەدىد (ئۇسۇلى سەۋتىيە) ئوقۇتۇش مېتودىنى يولغا قويۇش توغرۇلۇق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستانغا بەلگىلىگەن گېنېرال گۇبېرناتور ئە. ب.ۋىرىۋېسكىيغا (يەنە بىر مەلۇماتتا روزنباخقا دېيىلگەن) مۇراجەت قىلىپ مەكتۇپ يازغان. ئۇ مەكتۇبىدا يەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ئالتە يىلدا باشلانغۇچ (ئىپتىدائىي) مەكتەپتە بېرىلىدىغان بىلىمنى تەڭشەپ ئىككى يىلدا ئېلىپبە ئۆگىتىش، قالغان تۆت يىلدا مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت بىلىملەرنى ھەمرۇس تىلىنى ئۆگىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم ئىلغار مەدرىسەلەرنى قايتا قۇرۇپ «ئالىي مەدرىسە» گە ئۆزگەرتىپ رۇس تىلى، رۇسىيە قانۇنلىرى ۋە پېداگوگىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەييارلاش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ ھەتتا مەكتۇبىدا ئۆزى تۇرۇشلۇق باغچە سارايدىكى «زەنجىرلى» مەدرىسەسىنى ئودېسسانىڭ سابىق گېنېرال گۇبېرناتورى خ. خ. راپپىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا تەشكىللەپ، ئىلغارلاشتۇرۇپ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرىدىغان «ئالىي مەدرىسە» گە ئايلاندۇرغانلىقىنى مىسال سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. تۈركىستاننىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق گېنېرال گۇبېرناتورى ۋىرىۋېسكىي ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ مەكتۇپىنى ئۆزىگە مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان مىسسىيونېر ن.ئوستروموف بىلەن ك. پ. پابېدىناستسېۋگە بەرگەن. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغان ۋىرىۋېسكىي ئىسمائىل غاسپىرالىغا جاۋاب خەت يېزىشنى ھاجەتسىز دەپ بىلگەن.

بۇنداق بولۇشدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە سەۋەب بار ئىدى.

چاررۇسيە ئوتتۇرا ئاسيانىڭ بىر قىسىم ئۆلكىلىرىنى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ، 1867-يىلى تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنى تەسىس قىلغان. گېنېرال ك. پ. كوۋفمان گۇبېرناتور بولغان. ئۇ يەرلىك ئاھالىنى رۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ن. ئى. ئىلمىنسكىي (1822 - 1891) نىڭ قازان تاتارلىرىنى رۇسلاشتۇرۇش تەجرىبىسىنى تۈركىستان رايونىدا تەتبىقلاش ئۈچۈن ئۇنى تاشكەنتكە تەكلىپ قىلغان. ئىلمىنسكىي ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل بىلىدىغان، «بابۇرنامە» نى 35 يېشىدا رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ قازاندا نەشر قىلدۇرغان تۈركولوگ ئىدى. ئۇ قازان دىنىي ئاكادېمىيەسىنىڭ پروفېسسورى، تۈركىي خەلقلەرنى رۇسلاشتۇرۇش مەقسىتىدىكى مائارىپ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققان، تاتارلارنى رۇسلاشتۇرۇشتا زور تەجرىبە توپلىغان مىسسىيونېر ئىدى. چاررۇسىيە مۇستەملىكە قىلغان تۈركىستان رايونىدا ئېچىلغان «رۇس-تۈرك» مەكتەپلەر ئىلمىنسكىينىڭ لايىھەسى ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىدى. چاررۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە قاراتقان مائارىپ سىياسىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى: ۋولگا دەرياسى بويلىرى، ئۇرال، كاۋكاز، قىرىمدىكى تۈركىي خەلقلەر مائارىپى پروگراممىسىغا سىڭدۈرۈلگەن رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى تۈركىستان رايونىدىكى خەلقلەر مائارىپىغا تەدبىق قىلىش ئىدى. بۇ سىياسەت رۇسىيە مائارىپ ۋازارىتىنىڭ 1869-يىلىدىكى نىزامنامىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ نىزامنامە رۇس مىسسىيونېرلىرىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى ئىلمىنسكىينىڭ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى رۇسىيەنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسىدە يېڭى مائارىپ سىياستى يۈرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ سىياسەت توغرۇلۇق ئامېرىكىلىق جەدىدشۇناس دوكتۇر ئەدىب خالىد «ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىدچىلىك» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «مۇستەملىكە مەمۇرىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام قانۇنى، ئەمىر-مەرۇپلارغا ئەمەل قىلىشلىرىنى مەنئىي قىلمىدى. كونا مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ پائالىيىتىگە توسالغۇ بولمىدى. ئەكسىچە، ئېتىبار قىلمىدى. مەكتەپ ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئېتىبارىدىن چەتتە قالغانلىقى ۋە دۆلەت ياردىمىدىن مەھرۇم بولغانلىقى، ۋەخپە مۈلۈكلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلەر قولىغا ئۆتكەنلىكى باش ھۆكۈمەت نەزىرىدىن ھەم قالدى. ھۆكۈمەت يەرلىك خەلقنى ‹رۇس-تۈرك› مەكتەپلىرىگە جەلپ قىلىش ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. چۈنكى بۇ مەكتەپلەردە يەرلىك باللار ۋە رۇس بالىلىرى بىرلىكتە تەلىم ئالاتتى. يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىگە

ئوخشىتىش ئاسان ئىدى، بۇ ئارقىلىق چاررۇسىيەگە سادىق يەرلىك قاتلام تەشكىل قىلىش مۇمكىن بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن گېنېرال گۇبېرناتور كوۋفمان مائارىپ تۈزۈمىنىڭ باش مەقسىتى، دىنىي ئېتىقادى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رۇسىيە ئۈچۈن پايدىلىق بولغان پۇقرالارنى تەربىيەلەش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.» بېنجامىن. س. لېۋىينىڭ «شىنجاڭ مائارىپى» ناملىق ماقالىسىدىكى بايانىدىن قارىغاندا «1884-يىلىدىن كېيىن، رۇس تىلىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ مۇستەملىكە ھاكىمىيىتى ئاتالمىش ‹رۇس-تۈرك› مەكتەپلىرىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپلەردە يېرىم كۈن رۇسچە ئۆگىنىش، يېرىم كۈن ئەنئەنىۋى مەكتەپلەردىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش يولغا قويۇلغان. بىراق بۇ مەكتەپلەر بەك كۆپ ئالقىشقا ئېرىشەلمىگەن.⑦»

تۈركىستان گۇبېرناتورى ۋىرىۋېسكىي ئىسمائىل غاسپىرالىغا جاۋاب خەت يازمىغاندىن كېيىن ئۇ پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەي، مەقسىتىگە يەتمىگىچە بولدى قىلمايدىغان غايىلىك كىشىلەردە بولىدىغان روھ بويىچە دادىل ئىش كۆرۈپ، 1893-يىلى چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاشكەنتكە كەلگەن. ئۇ يەردىن سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا بارغان. سەمەرقەنتتە جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان تاتار مىليونېر غەنىباي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. سەمەرقەنتتىكى مېھماندارچىلىقلاردا تەبىئىي ھالدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە سۆھبەت بولغان. نەتىجىدە ئىسمائىل غاسپىرالى سىناق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان. مىليونېر غەنىباي خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولغان، ئىسمائىل غاسپىرالى ئېلىپبە ۋە ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان باكۇلۇق ئوقۇتقۇچى سۇلتان مەجىد غەنىزاتنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن سەمەرقەنت شەھىرىدىن 30 غا يېقىن بالىنى يىغىپ بىر سىنىپ قىلىپ ئوقۇش باشلىغان. ئېلىپبە ئۆتۈلۈپ 40 كۈنگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنىڭ ساۋاتى چىققان. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، كىشىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقان. تاشكەنتلىكلەر ھەتتا بالىلارنىڭ ساۋاتىنى ناھايىتى تېز چىقارغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەكتەپنى «ماشىنا مەكتەپ» دەپ ئاتاشقان. بۇ مەكتەپنىڭ داڭقى ئەتراپقا تارقالغان. مەكتەپنىڭ داۋرىقى چاررۇسىيە مەمۇرى بولغان مائارىپ باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن بۇ مەكتەپنى قانۇنسىز دەپ دەرھال تاقىغان. بەزى يەرلىك مۇتەئەسسىپ روھانىلارمۇ تەتۈر شامال چىقارغان. قازان شەھىرىدە تۇرىدىغان مۇستەملىكىچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك ن. ئى. ئىلمىنسكىي ئۆزىنىڭ تۈركىستاندا ئىش بېجىرىدىغان مەسلەكدىشى ك. پ. پابېدىناستىسېۋگە يوللىغان

مەكتۇپىدا مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن: «ئالىملاردىن ۋە ئۆتە بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاگاھ بولۇڭلار. ئەدەپلىك ۋە ۋۇجۇدى بىلەن دىنغا بېرىلگەن ئاددىي ئادەملەرگە قارىغاندا ئۇلارنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىڭلار. رۇس بىلىمىنى ئۆگەنمىگەن، رۇسلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەن يەرلىك ئادەملەر بىز ئۈچۈن رۇسچە بىلىم ئالغان تاتارغا قارىغاندا ياخشىراق. يامىنى ئۇنى-بۇنى بىلىۋالغانلار، ئەڭ يامىنى ئۇنىۋېرسىتېت تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەردۇر. بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ئادەملەر رۇس تىلىنى ياخشى بىلمەسلىكىدىن قىزىرىدىغان، ئانچە-مۇنچە خاتا يازىدىغان، گۇبېرناتوردىنلا ئەمەس، ئاددىي مەمۇرلىرىمىزدىن قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.»

دېمەك، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ جەدىدچە مەكتەپلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارزۇسى مانا مۇشۇنداق ياۋۇز مۇستەملىكىچى سىياسەت ۋە يەرلىك قاشاڭ ئاڭ-ئىدىيە ئېگىلىرى تەرىپىدىن يوقۇقا چىقىرىلغان. ئەمما، بۇ چاغدا ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ھەپتىدە بىر سان چىقىشقا ئۆزگەرتىلگەن «تەرجىمان» گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە كەڭ تارقالغان. ئىلغارلىقا مايىل، ئەمەلىيەتچى، يىراقنى كۆرەر ياشلار «تەرجىمان» گېزىتىدىكى ئاكتۇئال سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، مىللىي ۋە دىنىي خەۋەر، ماقالىلەرنى ئوقۇپ بارا-بارا جەدىدىزملىق ئاڭغا ئىگە بولغان⑧.

ئىسمائىل غاسپىرالى «تەرجىمان» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئىش ئىلىم ۋە مائارىپ ئىشىدۇر. ئەڭ مۇقەددەس ئىنتىلىش ئىلىمگە، مائارىپقا ئىنتىلىشتۇر. چۈنكى ئىنسانىنى ئىنسان قىلغان مېھنەت ۋە بىلىمدۇر. بىلىم مەدەنىي تۇرمۇشقا يېتىش ۋاستىسىدۇر. مەدەنىي تۇرمۇش بولسا ئىنسانىنىڭ ياشاش مەقسىتى ۋە ئۇسۇلىدۇر.» قالاقلىق، نادانلىق ئاسارىتىدە ۋىجدانى پۈچۈلانغان ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ بۇ خىتابلارنى ھاياجانلانماي ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1897-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلىپ مەھمۇد خوجا بەھبۇدى (1874 - 1919) بىلەن كۆرۈشكەن. دەل مۇشۇ مەھمۇد خوجا بەھبۇدى ئارىدىن ئون يىللار ئۆتكەندە، يەنى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدچىلەرنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە رول ئوينىغان. شۇ ئۇچرىشىشتا 46 ياشقا كىرگەن ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن 23 ياشقا كىرگەن مەھمۇد خوجا بەھبۇدى ئوتتۇرىسىدا ئۇستاز-شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. بەرچىناي جۇدايېۋانىڭ «ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىدلىك ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسىدىكى مەلۇماتتىن

قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1898-يىلى قوقەنتتە مولla سالاھىدىن ئەپەندى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. يەنە بىر ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە، 1900-يىلى 2-ئايدا سالاھىدىن ئەپەندى دەپ ئاتىلىدىغان تاتار مۇئەللىم قوقانتلىق ئەلى ئەسقەر ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ مەكتەپ ئاچقان ھەم ئۇسۇلى سەۋتىيە بىلەن بالىلارنى ئوقۇتۇشنى باشلىغان. ئالتە ئاي توشقاندا جامائەت ئالدىدا بالىلاردىن ئىمتىھان ئالغان. جامائەت 8 - 9 ياشلاردىكى بالىلارنىڭ خەت يېزىشنى، كىتاب ئوقۇشنى، ھېساب ئىشلەشنى، جۇغراپىيە ۋە تارىخقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ھەم قىرائەت قىلىشنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشۈپ ھەيران قېلىشقان. ئابدۇقادىر شۈكۈرى 1901-يىلى ئاتايىن بۇخارادىن كېلىپ بۇ مەكتەپ بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن. ئومۇمەن، چار رۇسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان تۈركىستان رايونىدا، جۈملىدىن تاشكەنتتە ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشى تاتار مۇئەللىملەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. يەرلىك خەلق تاتار مۇئەللىملەر قوللانغان جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى دەسلەپتە «نوغايچە ئوقۇتۇش» دەپ ئاتاشقان. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى 1900-يىلى تاشكەنتكە كەلگەن بىر تاتار مۇئەللىم بەش ياغاچ دەرۋازىسىدىكى «نوغاي مەھەللىسى» دە قوللانغان. ئۆزبېكلەر كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى باشقا نەرسە ئەمەس بەلكى، تاتارچە ئېلىپبەنى قارا تۇنىكە تاختىغا بور بىلەن يازدۇرۇپ ئوقۇتۇش ھەم ئانچە - مۇنچە ھېساب ئۆگىتىش ئىدى. بۇ «نوغايچە ئوقۇتۇش» ئىدى. تۈركىستان گۇبېرناتورلىقى تېررىتورىيەسىدە تۇنجى بولۇپ جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان مەشھۇر ئۆزبېك جەدىدچى مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخاندۇر. ئۇ 1901-يىلى يەرلىكلەردىن تۇنجى بولۇپ تاشكەنت شەھرىدە جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان. ئارقىدىنلا توقماق شەھرىدە ئۇسۇلى جەدىد ئوقۇتۇش مېتودىنى قوللانغان بىر مەكتەپ، ئەنجاندا شەمسىدىن دامولla ئاچقان بىر مەكتەپ بارلىققا كەلگەن. 1903-يىلى سەمەرقەندتە ئابدۇقادىر شۈكۈرى ۋە مەھمۇد خوجا بەھبۇدىيلار تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان. شۇنداق قىلىپ جەدىدچە مەكتەپلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان. ئارقىدىنلا گېزىت-ژۇرناللار نەشر قىلىنغان. دەرسلىكلەر تۈزۈلگەن. جەمئىيەتلەر قۇرۇلغان. مەھمۇد خوجا بەھبۇدى، ئابدۇقادىر شۈكۈرى، مۇنەۋۋەر قارىي ئابدۇرەشىدخان، ئابدۇللا ئەۋلانى، سەدىرىدىن ئەينى، ھەمزە ھەكىمزادە، ئەبەيدۇللا خوجا، ئابدۇرەئۇف پىترەت، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى، پەيزۇللا خوجا، ئوسمان خوجا، چولپان قاتارلىق داڭلىق جەدىدچىلەر ئوخشاشمىغان ساھەلەر بويىچە باشلامچىلىق قىلغان، پىداكارلىق كۆرسەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىلىرىدە جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىشى مۇستەملىكچى چار پادىشاھ دائىرىلىرىنى ئەندىشىگە سالغان، چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە پىروگراممىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھەسى تۈركىي خەلقلەر تەپەككۇرىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاب ئىدى. بۇنداق تەپەككۇر ئىنقىلابىنىڭ ئاقىۋىتى چارىزمغا پايدىسىز دەپ قارىغان چار پادىشاھ دائىرىلىرى، جەدىدىزم ھەرىكىتىنى توسۇش ئۈچۈن تۈرلۈك قەبىھ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن ھەم مۇتەئەسسىپ دىن پېشۋالىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئىچكى ئىختىلاپنى كۈچەيتكەن. بولۇپمۇ جەدىدچە مەكتەپلەرنى تاقاش، بولمىغاندا ئۆلارنىڭ ئومۇملىشىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىش، شۇ ئارقىلىق بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى توختىتىشقا ئۇرۇنغان.

دېمەك، تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدا جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەن مەركەز قىرىمنىڭ باغچە ساراي شەھىرى ئىدى. ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن شەخس موسكۋادا ئوقۇغان، فىرانسىيەدە ئىككى يىل ئۆگەنگەن داڭلىق زىيالىي ئىسمائىل غاسپىرالى ئىدى. بارلىققا كەلگەن ۋاقتى 1884 ـ يىلى ئىدى. بۇ بارلىق جەدىدشۇناسلار ئېتىراپ قىلغان ئورتاق قاراش ئىدى. پەقەت بىزلا بۇ ھەقتەتنى ئۆگەنمىگەن ئىدۇق. شۇڭا يىلنامىلەرنى خالىغانچە قوللىنىپ، جەريانىنى خالىغانچە بايان قىلىپ، سەۋەبنى خالىغانچە توقۇپ جەدىدلىك ھەرىكىتىنى گويا بىز باشلىغاندەك تەرىزدە يېزىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە، جەدىدلىك ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ ماقالە ـ ئەسلىمىلىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك ئۇنداق ئاددىتىنكى ھەرىكەت ئەمەس ئىدى. مائارىپتىكى زور ئىسلاھات ھېسابلىنىدىغان جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە تەربىيەلەنگەن ئوقۇتقۇچى بولمىغان شارائىتتا كونا مەكتەپلەرنىڭ خەلپەتلىرىگە تايىنىپلا بۇنداق مەكتەپنى ھەرگىز ئاچقىلى بولمايتتى.

ئۇنداقتا ئىلى ۋادىسىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان؟ شۈبھىسىزكى، قىرىمدىن تارقىغان جەدىدلىك مەشئىلىنىڭ ئۇچقۇنلىرى تاتارىستان، ئۇرال، ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە جەدىدچە مائارىپنىڭ ئوچاقلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەندەك، ئانا دىيارىمىزدىكى ئاتۇش، غۇلجا، چۆچەكتىكى ئىبارەت ئۈچ يۇرتتا ئوخشاش مەزگىلدە جەدىدچە مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئانا دىيارىمىزدىمۇ خۇددى باشقا جايلاردىكىدەك تەرەققىيپەرۋەر بايلارنىڭ ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ رولى چوڭ بولغان.

تاتارىستانلىق ئاكادېمىك مىرقاسىم گوسمانوف (ئوسمانوف) نىڭ «شىنجاڭدىكى

ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى» ناملىق ماقالىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قازانلىق ۋەلىشاھ غالىئەكبەرىي دېگەن بىرەيلەن «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1899-يىلى 10-دېكابىردىكى سانىغا بىر خەۋەر يازغان. خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھۈسەيىن مۇسابايېۋ 1898-يىلىدا «ئۇسۇلى سەۋتىيە» مېتودىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ ئورېنبۇرگ شەھىرىدىكى جەدىدچە تاتار مەدرىسىسىگە ئابدۇلكەرىم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇر كىشىنى ئەۋەتكەن. مانا شۇ كىشى ئورېنبۇرگدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ «ئۇسۇلى سەۋتىيە» بويىچە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، شۇ كۈنلەردە غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بۇ خەۋەرنى يازغان ۋەلىشاھ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1900-يىلى 16-يانۋار كۈنىدىكى سانىدا يەنە ماقالە يېزىپ ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ ئىشقا يۇقىرى باھا بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ھۈسەيىن مۇسابايېۋ يەنە بىر كىشىنى – ھاجى سوپى ئوغلى مەسئۇم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇرنى جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن باغچە سارايى شەھىرىگە ئەۋەتكەن. ئەنە شۇ مەسئۇم ئەپەندى قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. «تەرجىمان» گېزىتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھۈسەيىن مۇسابايېفنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ئالاھىدە خەۋەر قىلىپ تۇرغان («تەرجىمان» 1902-يىلى 3-ئاۋغۇست).

مىرقاسىم گوسمانوفنىڭ ماقالىسىدىكى بۇ بايان بىزگە مەسئۇم ئەپەندى قىرىمغا بارغاندا قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغانلىقىدەك مۇھىم ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ. قەشقەردىكى جەدىدچە مەكتەپ ئابدۇلكەرىم (كېرەم) ئەپەندى ئۇستۇئائاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە 1899-يىلى كۈزدە جەدىدچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى» نى كۆرسىتىشى. غۇلجىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنى كىملەر ئاچقان بولۇشى مۇمكىن؟ يۇقىرىقى باياندا كۆرسىتىلگەنىدەك «ھۈسەيىن باينىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى» ئاساسىدا ئېچىلغانمۇ ياكى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رۇسىيەلىك تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىلغانمۇ ۋە ياكى ئابدۇمۇتائالى خەلىپىتىم تەرىپىدىن 1895-يىلى ئېچىلغانمۇ؟ مېنىڭچە ئالدى بىلەن ئابدۇمۇتائالى خەلىپىتىم 1895-يىلى ياركەنتتىكى ئابدۇراخمان داموللا دېگەن تاتار كىشىدىن جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىپ غۇلجىدا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان، دېگەن قاراشنى ئويلىنىپ بېقىشقا

ئەرزىيدۇ. بۇ قاراشتا مەن باشتا ئېيتقاندەك مەلۇم دەرىجىدە ئاساس بار. لېكىن بۇ ئاساس بۇ قاراشنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇشىغا يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە بۇ قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىسىز گۇمانلىق ئىككى نۇقتا بار: (1) ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمنىڭ غۇلجىدا دىنىي مەكتەپ ئوقۇتۇشىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئېلىپ كىرگەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان قاراش بولسىمۇ مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ماقالىسىدا «1895-يىلى» دېگەن يىلنامىنى دەلىل-پاكىتسىز ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور بۇ ماقالىسىنى 1984-يىلى يازغان. ئارىدا 90 يىل ۋاقىت بار، شۇڭا يىلنامىنى بايان قىلغاندا ئىشەنچلىك دەلىل، ئىسپات بولمىسا، ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. خاتا كېتىپ قېلىش ئەھۋالى ھەر زامان مەۋجۇت. مەسىلەن، مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىمۇ يىلنامىغا ئالاقىدار مۇنداق بىر روشەن خاتالىق كۆرۈلگەن. «1910-يىلى كەشفۇلئەسرار داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاتارلار ‹نوغاي مەكتىپى› دەپ مەكتەپ ۋە بىر قىرائەتخانا ئاچقان.» بۇ بايانىدا ئىككى خاتالىق كۆرۈلگەن: بىرى، 1910-يىلى ئەمەس 1914-يىلى دېيىلگەن بولسا توغرا بولاتتى. يەنە بىرى، كەشفۇلئەسرار داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەمەس، ئابدۇللا بۇبىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دېيىلگەن بولسا توغرا بولاتتى. (2) مۇرات ھەمراييېف بىلەن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ماقالىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ياركەنتنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنىڭ 1895-يىلى ئۇ دەرىجىدە ئۇستۇن ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

بۇ قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىلىق مۇنداق ئىككى ئامىل بار: (1) «ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇمۇتائالى كامالى (خەلپەم) ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى» دېگەن ئۇچۇرنى يازغان مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپىتىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق، مۆتىۋەر كىشىدۇر. ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى يازغان بولۇپ، ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى. (2) ياركەنت شەھرىدە ھەققەتەن ئابدۇراخمان داموللام دېگەن كىشىنىڭ بىر مەزگىل تۇرغانلىقى توغرا بايان قىلىنغان. ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىسىدە ئابدۇراخمان داموللىنىڭ ياركەنتتە ياشىغانلىقىغا ئائىت بىر ئۇچۇر بار. ئابدۇللا بوبى بۇ ئۇچۇرنى 1913-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى غۇلجىغا كېلىپ، تاتارلارنىڭ قىزلار مەكتىپى بىلەن ئوغۇللار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلاپ بىرەر ئاي ئۆتمەي تۇرۇپ، غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلى تاتارلار ئۈچۈن ئاقساقاللىققا تەيىنلىگەن فازىلجان ئاقساقال دېگەن كىشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا بايان قىلغان. ئۇ خاتىرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۈنىڭدىن بۇرۇن، بىزدىن مۇساپىرلارغا مۇئەللىم بولۇپ كەلگەن ئابدۇلمۇتەللىپ

ئىلكــــايىفىنمۇ فازىلىجــان ئەپەنــدى يولغـــا ســېلىۋەتكەن ئــكەن. مىنمــۇ ئــۇ، ئابدۇلمۇتەللىپنى يولغا سېلىۋەتكەندەك يولغـا سـېلىۋەتمەكچى ئـكەن. لـېكىن ئـش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى.»، «ئۇنىڭ پۈتۈن مەقستى ھەرىكىتى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن بىلىملىك قىلىپ كۆرستىشتۇر. ئۆزىگە بېقىنمىغان، ئۆزىدىن پازىـل بىر ئادەمنى ھەرۋاقىت بار كۈچى بىلەن بـوزەك قىلىشقا، يوقىتىشـقا ھەرىكەت قىلىپ يۈرىـدۇ. يـارىكەنتتىكى دامـوللا ئابـدۇرەھماننىمۇ ئـۇ خـاراب قىلغـان. پىتنە توقـۇپ ئىناۋەتنى تۆككەن.»

بۇ ئۇچۇردىن بىز ئابدۇراخمان دامولىنىڭ يارىكەنتتە قاچان تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.

قىسقىسى، ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ئىلىدا ئۇسۇلى جەدىد ئوقۇتۇشىنى يولغا قويغـان پېشـۋا مائارىپچىلاردىن بىـرى ھېسابلانسـىمۇ، ئەمما، پاكىـت يېتەرلىـك بولمىغاچقا، ئاساس كۈچلۈك بولمىغاچقا تـۈنجى جەدىـدچى دېـگەن ئاتاققا نائىـل بولالمايدۇ. مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئىنكار قىلىشنىڭ ئاساسلىرى تەڭلىشىپ قالغـان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچلـۈك ئاسـاس يـاكى ھۆججەتلـەك پـاكىتلار ئوتتۇرىغـا چىققاندا، چوقۇمكى، بۇ ئىككى تەڭپۇڭ قاراشنىڭ بىرى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

ئىلىدا مۇنتىزىم يېڭى مائارىپنىڭ قانـداق باشـلانغانلىقىنى بىـر قەدەر كۈچلـۈك ئاساسـلار بىـلەن ئوتتۇرىغـا قـويغىلى بولىـدىغان قـاراش مەسـۇم ئەپەنـدى بىـلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن.

مەسۇم ئەپەندى دېگەن ئىسـمنىڭ ئوتتۇرىغـا چىقىشـى نۇرغـۇن كىشـىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ھازىرقى كىشـىلەرگە ئـانچە تونـۇش ئەمەس. لـېكىن ئۇنتۇلـۇپ كەتـكەن بـۇ ئـادەم ئىلىنىـڭ يېڭـى مائارىـپ ئىشلىرىدىكى تۆھپىسى ئەڭ زور پېشۋا مائارىپچىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇر جەدىدلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغان ئاكا-ئۇكا مۇسـابايېفلار رۇسىيەدىكى تاتار شەھەرلىرىدە سودا قىلىش جەريانىدا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئەڭ بالدۇر تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار 1898-يىلى ئاتۇشتىن كېـرەم ئەپەندىنى ئۆرىنبۇرگقا جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1902-يىلى 3-ئاۋغۇستتىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەردىن بىز ھاجى سـوپى ئـوغلى مەسـۇم ئەپەنـدىنىڭ جەدىـدچە ئوقۇتـۇش ئۇسـۇلىنى تېخمـۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن ھۆسـەيىن مۇسـابايېف تەرىپىـدىن بـاغچە سـاراي شەھىرىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئەنە شۇ مەسۇم ئەپەندىنىڭ مۇخبىرغا قەشقەر ۋە غۇلجـا

شەھەرلىرىدە توققۇز جەدىدچە مەكتەپ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى بىلىمىز. مەسۇم ئەپەندى باغچە سارايغا بارغاندىن كېيىن مۆتىۋەر جەدىدچى ئىسمائىل غاسپىرالى بىلەن كۆرۈشكەن. ئىسمائىل غاسپىرالى ئۇنىڭغا يېڭى مائارىپ ئىشلىرىنى پىششىق ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇش تەكلىپىنى بەرگەن. چۈنكى بۇ يىللاردا تۈركىيەدە ياۋروپاچە مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلىپ يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە يۈكسەلگەن. مەسۇم ئەپەندى ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ تەكلىپى بىلەن باغچە سارايدىن 1902-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش مەقسىتىدە تۈركىيەگە بارغان. مەسۇم ئەپەندى تۈركىيەگە بارغاندىن كېيىن 1884-يىلى مەھمەت نادىر بەي تەرىپىدىن قۇرۇلغان «نەمۇنە تەرەققىي مەكتىپى» دە ئوقۇش ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مائارىپ باش نازارىتىگە ئىلتىماس سۇنغان. ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى كۆرگەن مائارىپ نازىرى جەلالىددىن سۇلتانلىق باش كاتىپىغا تۆۋەندىكىچە ئىلتىماس سۇنغان:

مائارىپ باش نازارىتىدىن سۇلتانلىق باش كاتىپىغا:

غۇلجىدا «مەكتىپى ھۆسەينىيە» مۇئەللىمى بولۇپ، چىندىكى ئىسلام مەكتىپىدە ئۆگەنگەن ۋە كۆرگەن ئىلىمنى ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسلامنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللايلاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن سۇلتانلىقىمىزغا ئەۋەتىلگەن مەسۇم ئەپەندىنىڭ «نەمۇنە تەرەققىي مەكتىپى» گە ئىلتىجا قىلغان ئىلتىماسى ماڭا كەلدى. مەركىزىنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلدىغان بىر ئۇسۇلدا ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن، تېخىمۇ مۇۋاپىق باشقا بىر مەكتەپكە قوبۇل قىلىش ھەققىدە پەرمان قىلىپ 1318-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى 1929-نومۇرلۇق مەخسۇس بۇيرۇق بىلەن مەركىزنى خەلىپىلىكىمىزگە تەۋە مەخسۇس مۇئەللىم يېتىشتۈرىدىغان «دارىلمۇئەللىمىن» گە ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەلىپىلىكىمىزنىڭ «مەكتەبى مۈلكىيە⑪» دىمۇ ئوقۇشىغا سۇلتانىمىز ئەمر قىلسا.

هجرى 1320-يىلى جەمادىيەل ئاخىرنىڭ 27 سى
(1902-يىلى 9-ئاينىڭ 31-كۈنى)
مائارىپ نازىرى جەلالىددىن

بۇ قىممەتلىك تارىخىي ئۆچۈردىن بىز مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار غۇلجىدا ئاچقان جەدىدچە مەكتەپ – «مەكتىپى ھۆسەينىيە» نىڭ

مۇئەللىمى ئىكەنلىكىنى، «تەرجىمان» گېزىتىدىكى خەۋەردە ئېيتىلغاندەك «جەدىدچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئوبدانراق ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن» باغچە سارايغا ئوقۇشقا بارغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئۇنداقتا، «مەكتىپى ھۇسەينىيە» قاچان ئېچىلغان؟ بۇ سوئالغا ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس. كېرەم ئەپەندى توغرۇلۇق «تەرجىمان» گېزىتىگە بېسىلغان خەۋەردىكى «غۇلجا ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن» دېگەن ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ، بەلكىم ئۇرپېنبۇرگدا بىر يىل تۇرۇپ جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودىنى پىششىق ئۆگىنىپ كەلگەن كېرەم ئەپەندى غۇلجىدا مەسۇم ئەپەندىگە ئوخشاش بىر نەچچە ياشقا ئۆزى ئۆگىنىپ كەلگەن جەدىدچە ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز. چۈنكى ئۇسۇلى جەدىد مېتودى ئەنئەنىۋى مائارىپ ئۈچۈن زور يېڭىلىق ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، ئۆگىنىۋېلىش ئۈنچىۋالا تەس مېتود ئەمەس ئىدى. بۇ كونىچە مەكتەپلەردىكى بوغۇمنى بوغۇمغا قوشۇپ يادلاپ ساۋاد چىقىرىدىغان قىيىن ئۇسۇل، يەنى «ئۇسۇلى ھىجا» مېتودىنىڭ ئورنىغا، تاۋۇشلارنى تونۇش ۋە قوشۇپ ئوقۇش ئارقىلىق ساۋاد چىقىرىدىغان «ئۇسۇلى سەۋتىيە» مېتودىنى كۆرسىتەتتى. بۇ مېتودنى 1810-يىللىرى گېرمانىيەلىك پېداگوگ يوھان فرېدرىخ ھېربېرت ( Johann Friedrich Herbart، 1776 - 1841) ياراتقانىدى. ئەلۋەتتە، جەدىدچە مائارىپ ئۇقۇمى ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودى ئۇسۇلى جەدىد مېتودى ئىچىدىكى بىر مۇھىم ئۇسۇل ئىدى. يەنى تېز ساۋات چىقىرىش مېتودى ئىدى. ئەينى يىللاردا كونىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار 5-6 يىل ئوقۇپمۇ كۆپىنچىسى يېزىشنى ئۆگىنەلمەيتتى. ئەمما ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودىنى قوللىنىپ يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. بۇ شۇ يىللاردا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ھەيران قالارلىق يېڭىلىق ھېسابلانغاچقا، ھەر قېتىملىق ئىمتىھان يۇرت جامائىتىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ئېلىنىپ كۆرسىتىلگەن. بۇنداق قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. دېمەك، مەسۇم ئەپەندى بەلكىم كېرەم ئەپەندىدىن ئۆگەنگەن بولۇشى ئېھتىمال دېيىشىمىزدىكى سەۋەب مۇشۇ. نېمە ئۈچۈن مەسۇم ئەپەندى كېرەم ئەپەندىدىن ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن دەيمىز دېگەندە، كېرەم ئەپەندىنى ئۇرپېنبۇرگقا باشقا بىرى ئەمەس، ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. مەسۇم ئەپەندى باشقا بىرىنىڭ ئەمەس ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار غۇلجىدا ئاچقان «مەكتىپى ھۇسەينىيە» نىڭ مۇئەللىمى. بۇ مۇناسىۋەتمۇ بىزنىڭ پەرىزىمىزنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىدۇ.

مەسۇم ئەپەندى تۈركىيەدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ كەلگەندىن كېيىن ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار غۇلجىدا مەخسۇس يېتىم باللار ئۈچۈن ئاچقان «يېتىملار مەكتىپى» دىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇنى بىز تۈركىيەدە چىقىدىغان «سىراتىل مۇستەقىم» دېگەن گېزىتنىڭ 1909-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان خەۋەردىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ گېزىتتە يېزىلىشىچە ئىسمائىل غاسپىرالى 1909-يىلى تۈركىيەدە ئېچىلغان، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ مائارىپ ۋەزىرى ئەھمەد متهاد ئەپەندى قاتناشقان بىر يىغىندا مەسۇم ئەپەندىنىڭ غۇلجىدا يېڭى مەكتەپ ئوقۇتۇشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى دوكلات قىلغان. ئەشرەپ ئەدىب بەي بۇ دوكلاتنى خەۋەرگە ئايلاندۇرۇپ ھىجرىيە 1327-يىلى رەجەب ئېيىنىڭ 19-كۈنىدىكى «سىراتىل مۇستەقىم» گېزىتىدە ئېلان قىلغان.

ئۇنداقتا، ئىلىدا تاتارلار كۆپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى سەۋتىيە بويىچە تەسىر كۆرسىتىشنى نەزەرگە ئالامدۇق - يوق؟ ئۇلار تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن بولسىچۇ؟ دېگەندەك سوئاللار ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل سوئاللارغا بۇنداق مۇمكىنچىلىكنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن تاتارلارنىڭ غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشى 1900-يىللىرى باشلانغان بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەدىدچە مەكتەپ ئېچىشىدەك جانلىق بولمىغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى پاكىتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرى، «سىراتىل مۇستەقىم» گېزىتىگە بېسىلغان يۇقىرىقى خەۋەردە «باشقا جەھەتتىن چىن مۇسۇلمانلىرى تېخىمۇ باللىدۇر ھەرىكەت قىلماقتا» دېگەن جۈملە ئارقىلىق ئاكا-ئۇكا مۇسابايېف ۋە مەسۇم ئەپەندى قاتارلىق ئىلى جەدىدچىلىرىنىڭ جەدىدچە مەكتەپ ئېچىش جەھەتتىكى ئاكتىپ پائالىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىككىنچىسى، بۇ خەۋەردىكى «چىن مۇسۇلمانلىرى» ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدىكى ئىلى تاتارلىرى تەۋەلىك جەھەتتىن رۇسىيە پۇقرالىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئىلىدىكى رۇس كونسۇلى باشقۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى فازىلجان ئاقساقال دېگەن كىشى ئىدى. يەنە بىر پاكىت، ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ خاتىرىسىدە 1913-يىلى غۇلجىغا ئايالى ھۆسنۇفاتىمەنى ئېلىپ تاتارلار ئاچقان ئوغۇللار ۋە قىزلار مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا كەلگەن چاغدىكى تەسىراتىنى مۇنداق يازغان: «مەن كەلگەن يىلى ئوغۇللار مەكتىپىدە تۆت سىنىپقا بىر مۇئەللىم باركەن. قىزلار مەكتىپىدە بىرمۇ مۇئەللىمە يوقكەن. مەن كەلگەندىن كېيىن سالاھىددىن ئەپەندىنى ئەكەلدۈردۈم. يۇسۇپ قارى، سالاھىددىن ۋە مەن ئۈچ مۇئەللىم بولدۇق. قىزلار مەكتىپىگە ھۆسنۇفاتىمە، يىڭىغا

ئابدۇللا مۇھسىنىنىڭ خوتۇنىنى ئەكەلگەنىدى. لېكىن مۇئەللىملىككە يارىمىغاچقا قايتۇرۇۋەتتۇق، تۆت سىنىپتىكى قىزلارنى ھۆسنۇفاتىمە ئۆزى يالغۇز ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. مەنمۇ بىرئاز ياردەم قىلدىم.»

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غۇلجىدىكى تاتارلار 1913-يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى جەھەتتە مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق تارتقان. ناۋادا ئۇلار غۇلجىدا 1899-يىلى مەكتەپ ئاچقان بولسا، 10 يىللار ئۆتكەندىكى تەرەققىياتى بۇ ھالەتتە بولمىغان بولاتتى. 1913-يىلىغىچە ئۆزلىرىگە يارامىلىق مۇئەللىم تاپالماي تۇرغان غۇلجا تاتارلىرىنىڭ مەسۇم ئەپەندىگە ئوخشاش 1899-يىلىلا مائارىپچىلىق ھاياتىنى باشلىغان مۇئەللىمگە ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودىنى ئۆگەتكەن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، مەن ئىلىدا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ – «مەكتىپى ھۆسەينىيە» 1899-يىلىنىڭ باشلىرى ئېچىلغان، بۇ مەكتەپكە 1898-يىلى ئۇرپىنبۇرگقا بېرىپ ئۇسۇلى سەۋتىيە مېتودىنى ئۆگىنىپ كەلگەن كېرەم ئەپەندى ئۇلگە كۆرستىپ دەرس ئۆتۈپ بېرىپ، مەسۇم ئەپەندى قاتارلىق تۇنجى جەدىدچى مۇئەللىملەرنى تەربىيەلىگەن دەپ قارايمەن. كېرەم ئەپەندى قەشقەرگە بېكاردىن بېكار غۇلجا ئارقىلىق قايتمىغان بولسا كېرەك. بۇ مەنتىقىي خۇلاسە، مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئىلى مائارىپىدىكى تۇنجى جەدىدچى ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

قارايدىغان بولساق، مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئىسمى ئىلىدىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك يازمىلاردا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، مەسۇم ئەپەندىنى ماقالىسىدا تىلغا ئالغان كىشى نەسىردىن ناسىرىدۇر. مەن ماقالىمىنىڭ باش قىسمىدا «قىممەتلىك ئۆچۈرلار بار» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن «ئىلىنىڭ كونا مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە» دېگەن ماقالىدا نەسىردىن ناسىرى مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئالتە قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ ماقالىسىدا غۇلجىدىن تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىققانلارنى سانىغاندا باشتا مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاتىغان. ئۇ ماقالىسىدا يەنە مۇنداق يازغان: «مەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، جىرجىس ھاجى قاتارلىقلار ئىلى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ يېنىدا ئىلىم-بىلىم دەرنەك مەكتىپى ئېچىپ، شەھەردىكى باللاردىن 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى يىغىپ پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتتى. بۇ مەكتەپ ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.» نەسىردىن ناسىرى ئەپەندى بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار توغرۇلۇق توختالغاندا «غاپپار پالتايوف، ھەسىنىم پالتايوف، ئابدۇللا لوندون، ھەسەن شائىخەي، ئابدۇرۇپ مەخسۇم، مەقسۇت ھاجىم قاتارلىقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەشھۇر

بىلىم ئىگىلىرى، سودا-سانائەتنىڭ ماھىر يېتەكچىلىرى ۋە يېڭى ئىلىم-مەرىپەت تارقاتقۇچىلاردىن بولۇپ قالغانىدى» دەپ يازغان.

ئەلۋەتتە، مەسۇم ئەپەندىنىڭ جەدىدچە ئوقۇتۇش پائالىيىتى توسالغۇسىز بولمىغان. نەسىردىن ناسىرى ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە بۇ جەھەتتىكى كۈرەش گەۋدىلىك بولغان. بۇنى بىز تۆۋەندىكى بايانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز: «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەن ئەپەندىلىرىمىز ياكى دىنىي ئۆلىمالىرىمىز بولسۇن خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، بەزى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ، ياش ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ پەننىي ئۆگىنىش، ناخشا ئېيتىش، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشتەك يېڭىلىق ئىشلىرىغا قارشى چىقتى. مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەر يەنە: ‹جەدىدچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، دىنىي ئوقۇشىمىزغا زىيان سالدى، تالىپلار دىننى تاشلاپ جەدىدچىلەرگە ئەگىشىپ كەتتى› دېيىشىپ مەسۇم ئەپەندىنى دەرنەكنى يېپىشقا قىستىدى. مەسۇم ئەپەندى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ھەم پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، مەرىپەت ساھەسىدىكى مەسلىكىدىن يانمىدى، بەلكى خەلققە، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن مەدەنىيەت لازىملىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ باردى. كۆپلىگەن ئىلغار زات ۋە ئۆلىمالار مەسۇم ئەپەندىنى قوللاشتى. شۇڭا دەرنەك مەكتەپ ئۆزۈنىڭچە مەۋجۇت بولۇپ، خېلى كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىدى. شۇ چاغدا ئىسمائىل خەلپەت بۇ مەكتەپ ھەققىدە مۇنداق بىر غەزەل ئوقۇپ يۈرگەنىدى:

بۇ مەكتەپ بېغىدا ئېچىلدى گۈل، ئەترە، رەيھان،
ئىلى شەھرىنى خۇشبۇيي ھىدى قىلدى خاسىيەتلىك دەۋران.»

ئومۇمەن، مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامى 1920-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مائارىپ ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى ماقالىلاردا ئۇچرايدۇ. 1934-يىلىدىن باشلانغان غۇلجىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىدا بۇ كىشىنىڭ نامى پەقەت تىلغا ئېلىنمايدۇ. قارىغاندا، ئۆمرى ئاخىرلاشقان بولسا كېرەك.

مەسۇم ئەپەندىنىڭ نامىنى ئابدۇللا بۇۋېي ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق تىلغا ئالغان: «غۇلجىدا ئېچىلغان ھۆكۈمەت مەكتىپىدە بىر-ئىككى يىل ئىشلىگەن بىر ياپون بولۇپ، ئىنقىلاپ ۋاقتىدا مەكتەپلەر تاقالغاندىن كېيىن، رۇسىيە ئارقىلىق لوندونغا كەتمەكچى بولغان ئىكەن. لېكىن، تاشكەنتتە، ‹ياپون جاسۇسى› دەپ قاراپ،

رۇسلار تۇتۇۋېلىپ، ئون ئاي ساقچى نازارىتىدە تۇرغان ۋە ئاخىرى يەنە غۇلجىغا ئەكىلىپ تاشلىغانىكەن. ھازىر بۇ يەردە تۈركىيەدە ئوقۇپ قايتقان مەسئۇم ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ.»

ئابدۇللا بوبى خاتىرىسىدە بۇ ئۇچۇرنى 1913-يىلى 12-ئايدىكى بىر ئىشقا باغلاپ يازغان. بۇ ئۇچۇردىكى ئىنقىلاب 1911-يىلى 11-ئايدا غۇلجىدا يۈز بەرگەن «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى» نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياپون ئىلىدىكى ياپونىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ئوفىتسېر ياڭ زەنشۇ باشقۇرىدىغان يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەشكە تەكلىپ قىلىنغان بولسا كېرەك.

خۇلاسىلىگەندە، مەسئۇم ئەپەندى دېگەن بۇ ئادەم خىيالىي ئويدۇرما ئەمەس. ئۇ ئىلىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىشلىرى باشلانغان چاغدىكى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا كېيىنكىلەر ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئاساسەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. نەسردىن ناسىرنىڭ ماقالىسىدىكى باياناتلارمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى دېگەندەك قوزغىيالمىغان. 1910-ۋە 1920-يىللاردا ئىلىدا تېخىمۇ يېتىشكەن زىيالىيلار ۋە جەدىدچە ئوقۇتۇشتا ماھىر مۇئەللىملەر بارلىقتا كەلگەچكە مەسئۇم ئەپەندى گەۋدىلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مېنىڭ ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ۋە قاراشلىرىم مۇشۇ. مەن بۇ ئىزدىنىشلىرىمنى ئاخىرقى چەك، بۇ قاراشلىرىمنى ئاخىرقى يەكۈن دەپ تۇرۇۋالمايمەن. بۇ تېما ھەممىمىز ئۆچۈن ئوچۇق، پەقەت ئىزدىنىش ئۇسۇلىمىز ئىلمىي تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى، قاراشلىرىمىز پاكىتلىق، لوگىكىلىق بولۇشى شەرت! بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاساسسىز قاراشلارنى «جەننەت ماكان – ئىلى» دېگەن كىتابتىكىگە ئوخشاش تەكرارلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدىغانغا ئەمدى ھېچقانداق باھانىمىز يوق. بۇ تېمىدىكى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە سەل قاراش ئىلمىي پوزىتسىيە جەھەتتىكى بىپەرۋالىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. پاكىتنى ھۆرمەت قىلىش، تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ئىلمىي يەكۈننى قوبۇل قىلىش ئىلمىي ساپاغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

## مەنبە ۋە ئىزاھات:

① مۇراد ھەمرايېف: «دەۋر سەھىپىلىرى» (ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى توغرىسىدا)، قازاقىستان، ئالماتا. 1972-يىلى نەشرى (كىرىل يېزىقىدا نەشر قىلىنغان

كىتاب)، 9ـ بەت.

② پ. م. ھەمرايېۋ تـۈزگەن: «ئۇيغـۇر ئەدەبىيـاتى خرېسـتوماتىيا»، (11ـ سىنىپلار ئۈچۈن)، ئالماتا مەكتەپ نەشرىياتى، 2002ـ يىلى نەشرى، 49ـ بەت.

③ س. د. فورسىيس: «س. د. فورسىيس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىـڭ 1873ـ يىلـى يەكەنـگە قىلغـان زىيـارىتى ھەققـىدە دوكـلات يەكەن ئەمـىرى ۋە ئۇنىـڭ تېرىتورىيەسىنىڭ تارىخى ھەم جۇغراپىيەلىك ئەھـۋالى»، تاشقى ئـالاقە نەشـرىياتى، ھىندىستان كالكۇتتا، 1974ـ يىلى، ئىنگلىـزچە نەشـرى، 87ـ، 88ـ بەت. (فورسـىيس يەكەن دېگەندە قەشقەرىيەنى نەزەردە تۇتقان.)

④ «ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ پىكرىي ئەسەرلىرى»، تۈركىيە «ئۆتـۈكەن» نەشـرىياتى، 2008ـ يىلى نەشرى، تۈركچە، 273ـ، 286ـ بەتلەر.

⑤ ئەھمەد كامالنىڭ «چىن ـ تۈركىستان خاتىرىلىرى. شاڭخەي خاتىرىلىرى» دېـگەن خاتىرىسى 1997ـ يىلى، ئادىل ھـېكمەت بەيىنىـڭ «ئاسـىيادا بەش تـۈرك» دېـگەن خاتىرىسى 1999ـ يىلى تۈركىيەدىكى ئۆتۈكەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغـان. ئابدۇللا بۇبىنىڭ خاتىرىلىرى 1913ـ يىلـى تاشـكەنتتىن يولغا چىقىـپ 1917ـ يىلـى غۇلجىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان جەريانى ئەسلىمە شەكلىدە يازغان خـاتىرە بولۇپ، تاتارىسـتاندىكى ئارخىپتـا ساقلىنىۋاتقان نۇسـخىدىن تۈركىيەنىـڭ ئەنقەرە شەھىرىدە دوكتورانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ۋەتەندىشىمىز ئۆمەرجان نۇرى تەرىپـىدىن ئانـا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان.

⑥ «ئۆمىد يۇلتۇزى» (غۇلجا شـەھەرلىك 2ـ ئوتتـۇرا مەكـتەپ قۇرۇلغانلىقىنىـڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب)، 2001ـ يىلى بېسىپ تارقىتىلغان. 244ـ بەت.

⑦ بېنجـامىن . س. لېـۋىي: «شـىنجاڭ مائـارىپى: 1884ـ1928»، بـۇ ماگىسـتىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى بولۇپ، 2006ـ يىلى ئامېرىكا ئىنـدىيانا ئۇنىـۋېرسـتېتى مەركـىزى ياۋروپا ـ ئاسىيا تەتقىقاتى فاكۇلتېتىغا ئۇنىۋان ئۈچـۈن تاپشـۇرۇلغان. بـۇ ماقالـىدىكى شىنجاڭ جەدىدچىلىك مائارىپى 1980ـ يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايـونىمىزدا ئـېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردىكى بايانلار ئاساسىدا يېزىلغان. ئاپتور ماتېرىيـاللارنى تەنقىدىي نەزەر بىلەن تەكشـۈرۈپ باقمىغاچقا بەك كـۆپ ئىلمـىي خاتالىقلارغا يـول قويغان.

⑧ يـالقۇن روزى: «ئۇيغـۇر يېڭـى مائـارىپى قاچانـدىن باشـلانغان»، «شـىنجاڭ مەدەنىيىتى»، ژۇرنىلىنىڭ 2010ـ يىلى 1ـ سانى.

⑨ مالىك چانىشىق (تاتار) ئەپەندى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2009ـ يىلى

نەشر قىلىنغان «جۇڭگو تاتار مائارىپى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «چۆچەك شەھىرىدە تۇنجى ئۇسۇلى جەدىدچە تاتار مەكتىپى 1910-يىللاردا ئېچىلغان» (74-بەت) دەپ يازغانىدى. ئەينى زاماندا چۆچەكتە ياشىغان تاتار تارىخچى قۇربان ۋەلىدى خالىد 1905-يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تاۋارىخى خەمسەئى شەرقى» ناملىق كىتابىنىڭ 751-بېتىدە «چۆچەكتە تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ 1899-يىلى 15-دېكابىردا ئېچىلغان» دەپ يازغان. مەن قۇربان ۋەلىدى خالىد ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى ئۇچۇرنى ئىشەنچلىك دەپ قارايمەن.

⑩ يالقۇن روزى: «لاي قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دېگەن ماقالىگە قاراڭ. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىلى نەشرى.

(11) «مەكتەبى مۈلكىيە» 1856-يىلى قۇرۇلغان ھاكىم ۋە مەمۇرىي باشلىق يېتىشتۈرىدىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش مەكتىپى. كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي بىلىملەر فاكۇلتېتى بولغان.

مەنبە: ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى 2013-يىل 3-سان

# شەرقشۇناسلىقنىڭ سەنىمىگە دەسسەش

يالقۇن روزى

«شەرقشۇناسلىق» شېئىرىي تۈسكە ئىگە ئاتالغۇبولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىگە ئىنتايىن يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ نام ھەقىقەتەن دۇنيانىڭ شەرقىدە ياشىغۇچى ئەللەرنىڭ زىيالىيلىرىغا بەك رومانتىك ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «شەر -قشۇناسلىق»مەخسۇس شەرق ئەللىرىگە ئالاقىدار تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈرلۈك ئىلىم. ئەمما،شەرق زىيالىيلىرىنىڭ ئىچىدىكى كاللىسى سەگەك، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، پەرق ئېتىش قابىلىيىتى يۇقىرى، بىلىمى مول، كۆزىتىشكە ماھىر ئاز ساندىكى سەرخىل زىيالىيلار «شەرقشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتىگە تەنقىدىي نەزەر بىلەن قارايدۇ.

ئومۇملاشقان قاراش بويىچە ئېيتقاندا، «شەرقشۇناسلىق» ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ فىرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدە بارلىققا كەلگەن ئىلىم. 18-ئەسىرنىڭباشلىرىدا رۇسىيەمۇ بۇ سەپكە قېتىلدى. 300 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ پۈتكۈل غەرب دۇنيا -سىدا ئومۇملاشقان بىر دۇنياۋى ئىلىم بولۇپ قالدى. شەرقشۇناسلىق ئورگانلىرىدا شەرق خەلقلىرى تىئولوگىيە، پىسخوگىيە، پېداگوگىكا ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسلىرى بويىچە تەتقىق قىلىنىپ، بۇلارنىڭ قانداق شارائىتتا ئاجىزلىشىپ، يەنە قانداق شارائىتتا كۈچىيىدىغانلىقى، زىددىيەتنى قايسى نۇقتىدا تەرەققىي قىلدۇرسا كېڭە -يتكىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ناھايىتى روشەن كۆرسىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپانىڭ شەرق سىياستى ۋە تاكتىكىسى مۇشۇ ئىلمىي چۈشەنچىگە ئاساسەن بېكىتىلدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ بىر نەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئىلىمنى تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، شەرقشۇناسلار ۋە شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى، غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنى شەرق ئەللىرىدە يىلتىز تارتقۇزۇش ھەم شەرق ئەل -لىرىدىكى پۇقرالار ئارىسىدا غەربنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدىغان، شۇنداقلا

ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش. بۇ خىل ئالاھىدىلىك مۇنداق ئىككى نۇقتىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، شەرق خەلقلىرىنىڭ يادرولۇق ئەقىدىسىنى بۇرمىلاش ۋە ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش. ئىككىنچى، غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئۇلۇغلاش.

شەرقشۇناسلارنىڭ شەرقشۇناسلىقنى ئىپادىلەش شەكلى ئىنتايىن كۆپ خىل. ئۇلار بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقشۇناسلىق ھەققىدە كىتاب يازدى، لېكسىيە سۆزلىدى، دەرس ئۆتتى، غەربنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىسىنى تەرغىب قىلدى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشكىلا -تلارنى قۇردى. ھەر خىل يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزدى. گېزىت - ژۇرنالارنى نەشر قىلدى. دېمەك، ئۇلار ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردىمى تېگىدۇ، دەپ قارىغانلىكى يولنىڭ ھەممىسگە ماڭدى.

غەرب ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدە قوللانغان قاتتىق ۋاستىلىرىنى زامانىنىڭ تەقەززاسىغا، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئىسلاھ قىلدى، يېڭىلىدى ھەم تەكشىدى. بارا-بارا يۇمشاق ۋاستىلەر ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى. ئەمما، غەربنىڭ نىشانىدا، شەرققە تۇتقان سىياستىنىڭ ماھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا دۇنيا خەلقى جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى سىياسىي ئەمەلىيەت ۋە ئىدىيەۋى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى ئەۋج ئالدۇردى. نەتىجىدە، « كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەرىيەسى» بارلىققا كەلدى. «كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەرىيە -سى»نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن شەرقشۇناسلىقنى كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى سۈپىتىدە تونۇش ئورتاق قاراشقا ئايلاندى. ھەقىقەتەنمۇ، شەرقشۇ -ناسلىق بىر ئىلىم سۈپىتىدە ئۆز تارىخىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ساپ ئىلىمگە تەئەللۇق بەزى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىياسىي خاراكتېر -لىك ئىلىم بولۇشتەك ماھىيىتى ئەسلا ئۆزگەرمىدى. شەرقشۇناسلىقنىڭ بىلىندۈرمەي ئۆزگەرتىش، چاندۇرماي زەھەرلەش ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىر -غىچە ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. شەرقشۇناسلار بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق شەرق مىللەتلىرى ئىچىدىكى ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ ئىدىيەسىنى چالغىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى تۈيمىغان ھالدا غەرب ئۈچۈن خىزمەت قىلىد -ىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى، شەرقشۇناسلار شەرق ئەللىرىدە ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن نومۇس قىلىدىغان ھەم ھەقىقىي ئۆزلۈكىدىن يىرگىنىدىغان بىر ئەۋلادنى

بارلىقىغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي نىشانى قىلغان. ئىنسانىنىڭ جىسمىغا ئوخشاش ئىدىيەسىمۇ يۇقۇملىنىشۇپىرىدۇ، مىللىي كىملىكىمۇ يۇقۇملىنىشۇپىرىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ ئىدىيەسى تەسىرگە تەسىرگە ئۇچراۋىرىدۇ. پەقەت ئىدىيەنىڭ تەسىرگە ئۇچراش دەرىجىسىدە پەرق بولىدۇ. شۇڭا، تەتقىقاتچىلار «ئۆچىنچى دۇنيا زىيالىيلىرى يەرلىك مەدەنىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە قانداق قىلىپ ئۆزىگە تايىنىش ھەم غەرب مەدەنىيىتىگە روبىرو تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ خىل قاراش «كېيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىقى»نى روياپقا چىقاردى. روبېرت يان «كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك: تارىخنىڭ يېتەكچىسى» دېگەن ئەسىرىدە يازغاندەك: «كېيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىقى بۇ تارىخىي باسقۇچقا قايتىدىن قاراپ چىقىش، بولۇپمۇ مۇستەملىكىچىلىك ئازابىنى تارتقانلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ قاراپ چىقىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە بولغان ھۇجۇمىنىمۇ ئېنىقلاشتىن ئىبارەت» بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان.

تەنقىدىي روھقا باي كېيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىرى نۇقتىلىق ھالدا شەرقشۇناسلىق ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ باردى. پەلەستىنلىك ئەرەب نەسلىدىن بولغان ئامېرىكىلىق داڭلىق مۇتەپەككۇر ئېدۋارد سەئىد (2003–1935) شەرقشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات تارىخىغا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە قايتا بايان ۋە تەنقىد ئېلىپ بارغان كېيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىسىدۇر. ئۇ 1978-يىلى نەشر قىلىنغان مەشھۇر ئەسىرى «شەرقشۇناسلىق»تا 1798-يىلى ناپولېئوننىڭ مىسىرغا بېسىپ كىرىشىدىن باشلاپ بۈگۈنكى زامانغىچە بولغان غەرب ئالىملىرى، يازغۇچىلىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ قانداق قىلىپ شەرققە نىسبەتەن تونۇش، تەسەۋۋۇر ۋە قۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىنى تەكشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقنى سىرلىق، قالاق ۋە ياۋايى «ياتلار» دەپ قارىغانلىقىغا تەنقىد يۈرگۈزدى. ئۇ شەرقشۇناسلىققا جەڭ ئېلان قىلىپ، شەرقشۇناسلىق «بىر خىل ئىلمىي تەتقىقات پېنى» بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى «بىر خىل تەپەككۇر شەكلى»، «بىر خىل ھوقۇق ئىپتىم شەكلى» دەپ ھېسابلىدى. ئۇ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ «شەرقشۇناسلىق – بىر يۈرۈش سۈنئىي بەرپا قىلىنغان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي سىستېما» دەپ جاكارلىدى. ئۇ غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىكى ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي تاجاۋۇز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئىلمىي بايانلار ئارقىلىق ئۆزىنى قۇراشتۇرىدۇ. بۇنداق بىلىم جاھانگىرلىكى ماھىيەتتە سىياسىي زومىگەرلىككە چېتىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى.

كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەرىيەسى جۇڭگوغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يېتەكچى ئورۇندا ۋە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىگە ئىچى

سىقىلغان جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەنتەنە قىلدى. ئېدۋارد سەئىد، شەرق
-چىلىق، مەدەنىيەت مۇستەملىكىسى، مەدەنىيەتنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلار
قىزىق تېما بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ كېيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىقى
مۇشۇ ئاساستا پەيدا بولدى. كېيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىقى خاراكتېر
جەھەتتىن غەربنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ جاھانگىرلىك
بىلەن بىر نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەندى. ئۇ يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى
مەدەنىيەتنىڭ شالغۇتلىشىشىغا، ياقا مەدەنىيەت (边缘文化)نىڭ ساداسىغا، كاپىتا
-لىزمنى تەنقىد قىلىش قاتارلىق مەدەنىيەت تەتقىقات مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى.
جۇڭگونىڭ كېيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىقمۇ كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەر
-يىسىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. «جۇڭگونىڭ كېيىنكى مۇستەملىكە
مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىقى دېگەندە، جۇڭگو ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كېيىنكى مۇستە
ملىكە نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى مەسىلىلەر
ئالدىدا بىر قاتار نەزەرىيەۋى تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى ۋە 90-يىلىلارنىڭ باشلىرىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي
ئۆزگىرىشلەر جۇڭگو زىيالىيلىرىغا غايەت زور ھۇجۇم شەكىللەندۈردى. بىرلىككە كەل
-گەن دۇنيا تارىخىدا جۇڭگونىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنى
قانداق تونۇش، يەر شارلاشقان كونتېكىستتا جۇڭگو مەدەنىيىتىنى قانداق شەرھلەش،
ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن زامانىۋىلىققا ئۆزگىرىش جەريانىدا غەرب ئىدىيەسى بىلەن
يەرلىك تەجرىبە مۇناسىۋىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلار ئۆزگىرىش دەۋرىد
-ىكى جۇڭگو زىيالىيلىرى دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن ئىبارەت. مۇشۇ
مەنىدىن ئېيتقاندا، ھازىر يەرلىك مەدەنىيەتكە قايتىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى قېزىش جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى خەنزۇ تىلى ئىلىم ساھەسىد
-ىكىلەرنىڭ ئاساسىي پىكىر ئېقىمى بولۇپ قالدى.[1]» شەرقشۇناسلارنىڭ غەربىزى ۋە
شەرقشۇناسلىقنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە قايتا تونۇشقا ۋە ئىدراكىي تەنقىد نەزىرىگە ئىگە
سەرخىل زىيالىيلار شەرقشۇناسلىق بىلەن ئالاقىدار مەسىلىلەردە قايتا ئويلىنىشقا
كىرىشتى. ئىلگىرىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يېڭىباشتىن سوئال قويىدى. ئافازىيە كېسىلى
(ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يوقىتىش كېسىلى 失语症) گە گىرىپتار بولغان زىيا
-لىيلار ۋە مەدەنىيەت ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە، شەرقشۇناسلىقنىڭ زەھىرى
بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەرلەرنى قايتا باھالاشقا كىرىشتى. ئافازىيە كېسىلى نەزەرىيە
-چىلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى جۇڭگو ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى

ـىنىڭ غەربلىششى ۋە جۇڭگو قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ياقا مەدەنىيەت بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى، دەپ قارىدى. ئۇلار يەنە جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى غەربنىڭ بىر يۈرۈش ئېيتىملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ مەدەنىيە ـتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىپادىلەش ۋە ئوقۇشتىكى ئافازىيە ھالىتىدە تۇرۇپ قالدى، دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار «بىزدە ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئېيتىمى، ئۆزىمىزگە خاس ئىپاد ـىلەش، ئالماشتۇرۇش ۋە ئوقۇشنىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي قائىدىسى يوق [2]» دەپ ئۆكۈنۈشتى.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئافازىيە ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان مەدەنىيەت مۇھىتىمىزدا ۋە مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا قانچىلىك خەۋپلىك مەسىلىلەر بار؟ ھېچبولمىغاندا، شەرقشۇنا سلىقنىڭ زەھىرى بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەرلەر بارمۇ ـ يوق؟ شەرق مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

كىيىنكى مۇستەملىكە مەدەنىيىتى ئوبزورچىلىقىنىڭ نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، بۇ ھادىسىنىڭ بىزدىكى ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىلا جەھەتتە يوشۇرۇن ھەم ئاشكارا ھالدا دېگۈدەك كۆرۈلگەنلىكىنى بايقايمىز. مېنىڭچە، بىرقەدەر روشەن ئىپادىلىر ـىنىڭ بىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە نەسرىدىن ئەپەندى ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە كۆرۈلۈپ كەلدى. نىمگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيمەن؟ گەپنى رۇسىيە يازغۇچىسى لېئونىد ۋاسلىۋىچ سولوۋيوف (1906–1962) نىڭ «نەسرىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ رومانىنىڭ 1959ـ يىلى تاشكەنت شەرق ھەققىتى نەشرىياتى نەشر قىلغان تۈنجى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى شۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە تارقىلىپ 60 ـ ۋە 70 ـ يىللاردا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلغان. 1982ـ يىلى ئاشۇ نۇسخىسى ئاساسىدا «بەزى ئاتالغۇلىرى ۋە ئايرىم جايلىرى ئۆزگەرتىلىپ» شىنجاڭ خەلق نەشر ـىياتى تەرىپىدىن 30 مىڭ تىراژدا نەشر قىلىنغان. 1989ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم 9000 تىراژدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم 5000 نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغان. دېمەك، بۇ رومانىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خېلى كۆپ تىراژدا نەشر قىلىنىپ، كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلغان چەت ئەل رومانى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئەدىبلەر ئارىسىدىكى سورۇن ـ سۆھبەتلەردە بۇ رومان «قالتىس قىزىقارلىق»، «تىلى ئاجايىپ گۈزەل» دەپ ماختىلىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەسەرنى كۆپ ئوقۇپ قەلىمىنى تاۋلىغانلىقىنىمۇ سۆزلىشىدۇ. ئۆكۈنەرلىكى شۇكى، مەن ھازىرغىچە تېخى بىرەر ئەدىبنىڭ ئاغزىدىن بۇ رومانىنىڭ مەزمۇنىنىڭ

ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكى، ئىدىيەسىنىڭ بىز ئۆچۈن زىيانلىق ياكى پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرۇلۇق پىكىر بايان قىلىپ باققانلىقنى ئاڭلاپ باقمىدىم. لېئوند سولوۋيوفنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ نەزىرىدىكى مەشھۇر خەلق قىزىقچىسى نەسرىدىن ئەپەندى ئوبرازىنى بۇرمىلاپ، خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، شەرقشۇناسلار لايىھەلىگەن ئۇستاتلىقنى قوللىنىپ، شەرقشۇناسلىقنىڭ نىشانىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نەتىجىنى رويا-پىقا چىقارغانلىقنى ئېزىپ - تېزىپ دەپ تاشلىغانلىقنى تېخىمۇ ئاڭلاپ باقمىدىم.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، كۆچلۈك جاھانگىرلارنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئاجىز ئەللەر ۋە خەلقلەر دۇچ كەلگەن خىرىس ھەم كىرىزىس ئۆزى ياشاۋاتقان زامان ۋە مۇھىتنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئاجىز ئەللەر ۋە خەلقلەر دۇچ كەلگەن خىرىس ۋە كىرىزىس ئوخشاش شەكىلدە بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئۆزىنىڭ بوزەك ئېتىلىش ۋە ئاجىزلىق تارىخىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىغا ئاساسەن تۈرلۈك كىرىزىسلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا شۇ ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ زىيالىي شۇ توپ دۇچ كەلگەن كىرىزىسنى ھەرقايسى دەۋردە كۆرۈنگەن تۈرلۈك شەكىلدىكى كىرىزىس بىلەن باراۋەر مەنىدە چۈشىنىپ مۇئامىلە قىلماسلىق لازىم. سەۋەبى، ئاجىز خەلق دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي كىرىزىسنى تۈر ۋە دەرىجىگە ئېنىق ئايرىش ئارقىلىقلا خىرىسقا تاقابىل تۇرغىلى، خەلقنى ئويغىتىش مەقسىتىگە قاراپ ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇخەلقنىڭ ئارىسىدىكى زىيالىيلار ئۆز خەلقىنى ئەجدادلىرى يولۇققان قىسمەتلەرنى سۆزلەش ئارقىلىقلا ئەمەس، مۇھىمى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە دۇچ كەلگەن خىرىس ۋە كىرىزىسنى دەرىجىگە ۋە تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق ئويغىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئەڭ مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇملاشقان قاراش بويىچە ئېيتقاندا، ئاممىۋى زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرى – ئىجتىمائىي توپ، سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە روھىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت. يازغۇچى، شائىر، لېكسىيەچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھەممىسى ئاممىۋى زىيا-لىيلارنىڭ رولىنى ئوينىغۇچىلاردۇر. ئۇلار رېئاللىقنى ئۆز چۈشەنچىسى ئاساسىدا كۆزىتىدۇ ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار مەلۇم دەۋرا، ئىدىيە ياكى ھەرىكەتكە، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال قىممىتىگە ئۆزىنى ئاتىغان بولىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، «ئاممىۋى زىيالىيلار ئۆز فۇنكسىيەسىنى ياخشى جارى قىلدۇرالىسا، جەمئىيەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن، ئاممىۋى پىكىر-لەرنى رەتكە چۈشۈرۈش ھەمدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى

مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ساھەلەردە مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ.» ئەپىسۇس-لىقلارلىقى، ئىتالىيەلىك ئانتونى گىرامشى ئېيتقاندەك: «ھەممە ئادەم زىيالىي بولالايدۇ، لېكىن جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم زىيالىيلىق فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلالمايدۇ.» بۇ خۇددى ناخشا ئېيتالىغانلارنىڭ ھەممىسى ناخشىچى، ساز چالالىغانلارنىڭ ھەممىسى سازەندە، تاماق ئېتەلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاشپەز بولالمىغاندەك ئىش. جەمئىيەتتە شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان، كۈچلۈك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئاجىز مەدەنىيەتلەرنى يىمىرىش خاراكتېرلىك خىرىسى زورىيىۋاتقان، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ رەڭگى بارغا-نسېرى ئۆڭۈپ كېتىۋاتقان، مىللىي ئۆزلۈك ۋە مىللىي كىملىك كۈنسايىن ئاجىزلاپ مېڭىۋاتقان، مىللىي ئارزۇ - ئىستەكلەر جاھانسازلىق ۋەسۋەسىلىرى ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقان شارائىتتا ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ رولى تېخىمۇ زۆرۈر بولىدۇ. يامان يېرى، ئىچى كاۋاك زىيالىيلار بۇنداق مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ. ئۇلار ساددا مىللەتپەرۋەرلىك قاراشلىرى ئىچىدە گول بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. شۇڭا خېلى - خېلى خەۋپلىك مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ دىققەت-نەزىرىنىڭ سىرتىدا قېلىۋېرىدۇ. بىز لېئونىدسو-لوۋيېفنىڭ ئەسىرىدىكى زىيانلىق ئامىلارنى ئىخچام بايان قىلىدىغان بولساق، ئۇمۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، روماندا بۇخارا ئەمىرى بىلەن ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئەتەي قارىمۇقارشى مەيدانغا قويۇپ تەسۋىرلەنگەن. شەرقنىڭ تارىختىكى يەرلىك خان - پادىشاھلىرى بىلەن ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىش، خان - پادىشاھلارنى گاللۇۋاڭ، زالىم، ئەخمەق، ئاچ كۆز، شەھۋەتخور، سېمىز، خوتۇنىدىن قورقىدىغان قىلىپ خۇنۇكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش شەرقشۇناسلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. لېئونىد سولوۋيو-فنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇخارا ئەمىرى ھەم زالىم، ھەم گاللۇۋاڭ. ئۇنىڭ پۈتۈن ھۈنىرى خەلقنى قاقشىتىش، ئۆز خەزىنىسىنى ئالتۇن - كۈمۈشكە تولدۇرۇش. شەرقشۇنا-سلارنىڭ، بولۇپمۇ شەرقشۇناسلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شەرقنىڭ خان - پادىشاھلىرى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ھاماقەتلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ كۆپى دېگۈدەك بۇزۇق، ئەيش-ئىشرەت سارىيى. شەرقشۇناسلار-نىڭ نەزىرىدە شەرق بىنورمال پسىخىكىغا ئىگە ھۆكۈمدارلارنىڭ ماكانى. شەرق جەمئىيتى ئىنتايىن ئاجىز جەمئىيەت، ئىدراكتىن خالىي جەمئىيەت. قانۇن - مىزانلىرى ئۇلۇك - تەتۈر، ئەخلاق ئۆلچەملىرى كۆلكىلىك جەمئىيەت. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىرەر ھەييار خالىغىنىچە ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان جەمئىيەت. «نەسىرىدىن ئەپەندى

ھەققىدە قىسسە» رومانىدا بۇنداق تەسۋىرلەر ناھايىتى كەڭرى. مۇشۇنداق قاراشلارغا ھاماقەتلەرچە ئەگەشكەن ھالدا ئېكرانلاشتۇرۇلغان ئەسەرلەردىن «سىرلىق ئالما» دېگەن تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلمىدىمۇ بۇنداق كۆرۈنۈشلەر كۆپ.

ئىككىنچى، رومانىدا نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت ئاۋام ياخشى كۆرىدىغان خەلق قىزىقچىسى مەخسۇس خان-پادىشاھلارنىلا ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان جاھانكەزدى قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. شەرقشۇناسلار شەرق خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئاسىيلىق ھېسسىياتى كۈچلۈك دەھرىي ئەدىبلەر، ئەل ئىچىدىكى ھەق گەپ قىلىدىغان قىزىقچى ـ ھەييارلار، تار مەنپەئەت قارىشىغا ئىگە قىساسكارلار... دېگەندەكلەرنى ئەتەي كۆپتۈرۈپ، خەلقنى قۇتقۇزىدىغان نىجاتكاردەك، ئەينى دەۋردىكى بىردىنبىر ئەقىللىك، بىردىنبىر قارشىلىق روھى بار قەھرىماندەك كۆرسىتىدۇ. شەرقشۇناسلار ھەم شەرقشۇناسلىقنىڭ نىشانىنى ئۆز غايىسى قىلىپ تاللىغان ئەدىبلەر ئەزەلدىن «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش»، «ئويۇنچۇق بېرىپ ئالداپ ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئېلىۋېلىش»، «ياقىنى ئېتەك، ئېتەكنى ياقا قىلىپ قويۇش» قاتارلىق ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى قوللىنىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. «نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» دېگەن رومان دەل مۇشۇنداق يېزىلغان.

ئۈچىنچى، رومانىدا نەسىردىن ئەپەندىنى دىنىي ئەقىدە ـ پىرىنسىپلارنىمۇ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ ئۆلچەملىرىنىمۇ پىسەنتىگە ئالمايدىغان، خالىغىنىنى قىلىدىغان، مەخسۇس ئەمىرلەرنىڭ ئاياللىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان «نوچى» قىلىپ تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، ئاپتور رومانىنىڭ باشلىنىشىدىلا نەسىردىن ئەپەندىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «پات-پاتلا ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىرەر ئىران ئەمەلدارىنىڭ ھەرەمىدە يۇمشاق يىپەك ياستۇقلار ئۈستىدە يېتىپ قېلىشقىمۇ توغرا كېلەتتى. شۇ كېچىسى بۇ ئەمەلدار ساقچىلار ئەترىتى بىلەن تېجىمەل ۋە مۇرتەت نەسىردىن ئەپەندىنى قوزۇقا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە چايخانا ۋە كارۋان سارايلارنى ئاختۇرۇپ، ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەن بولاتتى...» ئاپتورنىڭ يېزىشىچە، بۇ ئاياللار نەسىردىن ئەپەندىنى يەنە بىر كېچە قوندۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن يالۋۇرىدۇ. ئەمما، نەسىردىن ئەپەندى ئاجايىپ «نوچىلىق» بىلەن «ياق، مەن ئىككى كېچىنى ئۇدا بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تېخىمۇ قالتىس يېرى، بۇ گۈزەل خوتۇنلار ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ھېچبولمىغاندا، خوشلىشىش ئالدىدا ماڭا ئۆز ئىسمىڭنى بولسىمۇ ئېيتىپ كەت» دەپ ئۆتۈنىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى: «قۇلاق سال، سەن مەزكۇر كېچىنى نەسىردىن

ئەپەندى بىلەن ئۆتكۈزدۈڭ!» دەپ جاۋاب بېرىپ، «ئۆزىنىڭ يىرتىق، سەپەرلەردە يېقىلغان گۈلخانلارنىڭ ئۇچقۇنلىرىدا نۇرغۇن يەرلىرى كۆيۈپ كەتكەن چاپىنىنى كىيىپ، ئاستا چىقىپ كېتىدۇ.» ئەمەلدارنىڭ قەسرىنى ساقلاۋاتقان نەچچە ئونلىغان ئادەملەر خورەك تارتىپ ئۇخلىغىنىچە ئۇنى تۇيمايدۇ. ئۇ شۇ چىققىنىچە ئىشىككە مىنىپ بۇ شەھەردىن غايىب بولىدۇ. ئۇ «تاشلاپ چىققان شەھەردە بولسا، ئۇ توغرىسىدىكى خاتىرە ئەبەدىي ياشاپ قالىدۇ. مەنسەپدارلار بىلەن موللىلار ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغانلىرىدا غەزىپىدىن تاترىپ كېتىدۇ.» شۇنداق قىلىپ شەھۋەتخورلۇقى «نوچىلىقى» سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن نەسرىدىن ئەپەندى قەھرىمانلارچە ياشاپ، جاھان كېزىپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇ ئايلىنىپ ئايرىلغىنىغا 10 يىللار بولغان يۇرتى بۇخاراغا قايتىپ كېلىدۇ. تارىختا «سەمەرقەنت سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام» دەپ شۆھرەتلىك نام ئالغان بۇخارا خانلىقىنىڭ ئەمىرى لېئونىد سولوۋيوفنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەن قېرى ئۆچكىنىڭ تېرىسىنى تالىشىپ دەۋاغا كەلگەن ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ دەۋاسىنى ئايرىپ يۈرىدىغان بىر ئۇچىغا چىققان ئەخمەق ۋە ئىقتىدارسىز، زالىم ۋە ئاچ كۆز ئەمىر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇخارا ئەمىرىنىڭ ۋەزىرى بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارغا «ئۆلۈپ قالغان ئۆچكىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ۋە ئاشلاپ بولغاندىن كېيىن سارايغا ئەكېلىپ، خەزىنىگە تاپشۇرۇش زۆرۈر» دەپ يېنىدا ئەسنەپ ئولتۇرغان ئەمىرگە ۋاكالىتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. لېئونىد سولوۋيوفنىڭ يېزىشىچە: «ئەمىرلەر ۋە موللىلارنىڭ دۈشمىنى، خەلقنىڭ دوستى» بولغان نەسرىدىن ئەپەندى بۇ ئىش تۈپەيلى بۇخارا ئەمىرىنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقان خەلق تەرەپتە تۇرۇپ، مۇنداق قوشاق ئوقۇيدۇ:

...

ئەمىر – ئۇ نېمە؟ نىجىس بىر قاپتۇر،
بېشى ئورنىغا قاپاق قاداپتۇر.
قاچان، ئېزىلگەن ۋە خورلانغان ئەل،
ئارام ئېلىپ، بەختلىك كۆتۈرىدۇ بەل؟
چېكىدۇر، كۈچلۈكتۇر ئەمىر دۆلىتى،
كېلىدۇ ئۇنىڭمۇ يوقىلىش پۇرسىتى.
قايغۇلۇق كۈنلىرىڭ يوقىلار، پۈتەر،
يىللارمۇ ئۆتەر، نۆۋەتمۇ كېلەر.

...

بۇخارا ئەمىرنى ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى ياكى قابىلىيىتى يوق ھالەتتە تەسۋىر ـلگەن لېئونىدسولوۋيوف نەسىردىن ئەپەندىنى ھوللىۋودنىڭ كىنولىرىدىكى كېچىسى شەھۋەتخورلۇق بىلەن بولۇپ، كۆندۈزى ئىنقىلاب قىلىدىغان بىر قىسىم رومانتىك قەھرى ـمانلاردەك تەسۋىرلەيدۇ. بىز ئەتراپىغا بۇخارانىڭ تۆۋەن قاتلام پۇقرالىرىنى يىغىۋ ـېلىپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلچىمۇ قورقماستىن ئىسيان قوشىقى ئوقۇۋاتقان نەسىردىن ئەپەندىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇ كۆزىمىزگە 19 ـ ئەسىردە

فرانسىيەدە ئوتتۇرىغا چىققان پارىژ كوممۇنىسى ئىنقىلابىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى بىلەن بىر كامېردا يېتىپ ئىنقىلابىي تەربىيە ئالغان ئىنتېرناتسىيونالىزمچىدەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى مۇنۇ مەدھىيە ناخشىسى مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ زامانىۋىلىقتا ۋە ئىنقىلابىيلىقتا ئىگە:

...

مەن گاداي، يېلىڭ ـ يالىڭاچ، خۇشچاقچاق سەرسانمەن،
ياشايمەن ۋە كۈيلەيمەن ھەم ئاپتاپقا قارايمەن.
قىسمەت ئۆزى ساقلىغان، خەلقنىڭ ئامراق ئوغلىمەن،
سۇلتاننىمۇ ۋە ئەمىر ھەم خاننى زاڭلىق قىلىمەن!

ئومۇمەن، لېئونىد سولوۋيوفنىڭ رومانىدىكى نەسىردىن ئەپەندى ھەم خالىغىنىنى قىلىدىغان شەھۋەتپەرەس نوچى، ھەم يالاڭ ئاياغ ئىنقىلابچى، ھەم زالىم ئەمىرلەردىن قورقمايدىغان مەسخىرىۋاز جاھانكەزدى. شۈبھىسىزكى، بۇ غەلىتە نەسىر ـدىن ئەپەندى پەقەت لېئونىد سولوۋيوفنىڭ نەسىردىن ئەپەندىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! مىڭ يىللاردىن بېرى ئەل ئارىسىدا ساغلام كۈلكىنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلگەن، خان-ئەمىرلەردىن تارتىپ ئاۋام پۇقراغىچە ھەممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان سۆيۈملۈك نەسىردىن ئەپەندى ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا بىراۋلا غەلىتە قىياپەتكە ئىگە قىلىنىپ، ئەمىرلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان. ئەمەلىيە ـتتە، ئاناتولىيەدىن قومۇلغىچە بولغان بىپايان زېمىندا ياشايدىغان ئوغۇز تۈركلىرى تۈركۈمدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە نەسىردىن ئەپەندى تامامەن باشقىچە ئوبراز. ئۆز خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى نەسىردىن ئەپەندىنى قوبۇل قىلغان

خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر تۈت توملۇق «جۇڭگو ئۆسمۈرلەر قامۇسى»نىڭ «مەدەنىيەت . سەنئەت» قىسمىدا «ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى – نەسىردىن ئەپەندى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئۇنى تونۇشتۇرۇپ: «نەسىردىن ئەپەندىنىڭ نامى ئىسلام دۇنياسىغىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگودىمۇ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق، كىشىلەر ئۇنى ئەقىل ـ پاراسە ـتنىڭ سىمۋولى، دەپ بىلىدۇ... نەسىردىن ئەپەندى ئەسلىدە ئىسلام دىنى ئەقىد ـ ىلىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئىلاھىيەتشۇناستۇر. شۇنداقلا ناھايىتى بىلىملىك، يۇمۇر ـلۇق، قىزىقچى، دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل، ھەققانىيەتچى ئالىمدۇر[3] » دەپ تەرىپلىگەن.

ھەممىگە ئايانكى، «چار رۇسىيە كېڭەيمىچىلىك ئارقىلىق زېمىن دائىرىسىگە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىكى ھەر خىل خەلقلەرنى قوشۇۋالغان. يېڭىدىن قولغا كىرگۈزگەن زېمىندىكى خەلقنى ۋە ئۆزىنىڭ كەڭ ئىشغالىيەت پاسلىغا يېقىن جايلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنى چۈشىنىش بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانىدى.[4]» شۇنىڭدىن كېيىن شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش چار رۇسىيەدە زور قىزغىنلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇنداقتا، لېئونىد سولوۋيوف نېمە ئۈچۈن نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازىنى نەسىردىن ئەپەندىنى قەدىرلە ـيدىغان يەرلىك خەلقنىڭ قەلبىدىكىدىن تامامەن باشقىچە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ؟

شۈبھىسىزكى، بۇ قىلمىش ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس! بۇ دەل ئاتالمىش شەرقشۇناسلىق ئىلمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، غەرب ئوتتۇرىغا چىقارغان «شەرق ـشۇناسلىق» ياكى «شەرق تەتقىقاتى» غەربنىڭ شەرققە نىسبەتەن ئىلمىي جەھەتتىن ئېلىپ بارغان ئېغىشقا ئىگە تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە غەربنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئەدەبىي ئەسەرلەردە شەرققە تۇتقان، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بىر تەرەپلىمە قارىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «شەرقشۇناسلىق»نىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئىنسانشۇناسلىق، تىل ـ ئەدەبىيات قاتارلىق ھازىرقى زامان پەن بىلىملىرى سىستېمىسى بىلەن ياۋروپا جاھانگىرلىكى، يەنى بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى، چار رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ۋە فىرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكى ئارىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت. شۇڭا، بۇخارالىق مەشھۇر جەدىدىزمچى مۇتەپەككۇر ئابدۇرەئۇف فىترەت (1886 – 1937) ئەپەندى 1919 ـ يىلى يېزىپ ئېلان قىلغان «شەرق سىياستى» دېگەن ماقالىسىدە ياۋروپا جاھانگىرلىرىنىڭ شەرققە قاراتقان سىياستى توغرۇلۇق «شەرقنىڭ ئەخلاقىنى بۇزماق، كۆڭلىنى دىنىي ۋە مىللىي مۇقەددەسلىكتىن سوۋۇتماق، شەرقلىقلەر ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە دۈشمەنلىك ئۇرۇق ـىنى چېچىپ بىر ـ بىرىگە قىلىچ چاپتۇرماق، ئىشسىز، ھۇرۇن، قالاق، ئاچ ۋە يالىڭاچ

قىلىپ ئۆزلىرىگە قۇل قىلماق، ياۋاش، ئىتائەتمەن شەرقلىقلەردىن يەر ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ھەر خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن تارتىۋالماق، ئاخىرىدا، شەرقلىقلەرنى تۆرلۈك ئاماللار بىلەن ئاستا ـ ئاستا يوق قىلماق...! رۇسىيە نىكولاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا شۇ تەدبىرلەرنى يۈرگۈزمىدىمۇ؟» دەپ شىكايەت قىلغان. مەشھۇر كېيىنكى مۇستەملىكە تەتقىقاتچىسى، ئەرەب نەسلىدىن بولغان ئەنگلىيەلىك ئالىم زىيائۇددىن ساردېر «شەرقچىلىق» ناملىق كىتابىدا «شەرق نېمە؟ دېگەندە، ئۇ بىر ئۆزگىرىشچان، مەۋھۇم كۆرۈنۈش، شەرق نامەلۇم نەرسە. ئۇ خۇددى يازغۇچىلار، ئەسلىمچىلەر ياكى خىيالىي كۆزەتكۈچىلەر ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى مۇشۇنداق بولىدۇ، دېگەن نەرسىدۇر» دەيدۇ. ساردېرنىڭ قارىشىچە، شەرقچىلىقنى 11-ئەسىردىكى ئەھلى ـسەلىپنىڭ شەرققە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىدىن باشلاشقا بولىدۇ. مۇشۇ ئۇچرىشىش جەريانىدا غەرب ئۆزىنىڭ شەرق ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى، شەرق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى باشلىدى. «مۇشۇ باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئېتىبارەن غەرب بىر خىل ئۇسلۇبنى، بەزى ئىدىيە ۋە مەشغۇلات ۋاستىلىرىنى يېتىلدۈردى ھەم تەرەققىي قىلدۇردى ھەمدە شۇ ئارقىلىق شەرققە مۇناسىۋەتلىك ئىدىيەلەرنى چۆشەندۈردى، تەسۋىرلىدى، قۇردى ۋە قوللاندى.» مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شەرقشۇناسلىق شەرق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، «شەرقشۇناسلىق ھەرگىزمۇ غەربنىڭ ئېنىق بولغان نىشانىغا، يەنى شەرققە سىرتتىن نەزەر سېلىشى ئەمەس.» شەرقشۇناسلىقنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى پەقەت ئۇچ نەرسە، يەنى بىرىنچى، غەربنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى؛ ئىككىنچى، شەرقتىن قورقۇش؛ ئۈچىنچى، شەرق ھەققىدىكى ئارزۇدىن ئىبارەت. لېكىن، غەربنىڭ بۇ خىل كۆڭۈل بۆلۈشى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، «شەرق» دەپ ئاتالغان ئوبيېكتقا بولغان تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن. غەربنىڭ شەرقنى تەسەۋۋۇر قىلىشى ۋە قۇرۇشى ھەرگىزمۇ شەرقنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەمەس ھەمدە شەرقنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى ئۈچۈنمۇ ئەمەس. شەرق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە قۇرۇلما ئارقىلىق غەربنىڭ چۈشەندۈرمەكچى، ئىزاھلىماقچى ۋە ئىسپاتلىماقچى بولغىنى، ماھىيەتتە ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر. ئېنىق ئېيتقاندا، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈندۇر. ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرى بولغان يازغۇچى بېنجامىن دىسلىر (1804 – 1881) نىڭ يوپۇتماستىن ئېيتقىنىدەك، غەربلىكلەر ئۈچۈن «شەرق بىر خىل تىرىكچىلىك يولى» ھېسابلىنىدۇ. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن ھازىرغىچە ياۋروپانىڭ كۆچى ئىزچىل ئۆزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەۋاتقاندا باشقا خىياللاردا بولۇشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق. ئالىملار، مىسسىيونېرلار، بىلىملىكلەر، سودىگەرلەر ياكى ئەسكەرلەر شۇنىڭ

ئۇچۇن شەرققە باردى ياكى شەرق توغرۇلۇق ئويلاندىكى، ئۇلارنىڭ يازغۇسى كەلسە يازالىدى، ئويلانغۇسى كەلسە ئويلىنالىدى، شەرقنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسىغا ئۇچرىمىدى. شەرق بىلىملىرىدىن ئىبارەت بۇ باش نىشان ئاستىدا، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن ياۋروپانىڭ شەرققە قارىتا زومىگەرلىكىدىن ئىبارەت چوڭ كۆلەملىكنىڭ سايىسىدە بىر مۇرەككەپ شەرق ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى.[5]» ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ خۇددى كارل ماركسنىڭ «ئۇلار ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ، ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن ئىپادىلىنىشى كېرەك» دېگىنىدەك بولدى. شۇڭا، تەتقىقاتچىلار شەرقشۇناسلىق دېگەن بۇئۇقۇم «غەرب»نىڭ «شەرق»نى ئىپادىلەشتىكى نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇزاق تارىخقا ۋە ئىچكى لوگىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە، دەپ قارىدى. تارىختا غەربكە ئۆزىنى ئىپادىلەپ ئۆلگۈرمىگەن شەرق غەرب تەرىپىدىن خالىغانچە ئىپادىلەندى. شەرققە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان غەرب، جۇغراپىيەلىك ئامىل سەۋەبىدىن ئەڭ دەسلەپ ئىسلامىيەت دۇنياسى بىلەن ئۇچراشتى. 15-ئەسىردىن بۇيان مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتە گۈللىنىش يولىغا ماڭغان غەرب يەنى ياۋروپا دەل مۇشۇ ئىسلام بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا غەرب ئۆزىنىڭ شەرق ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. شەرق چۈشىنىش قىيىن، يات ئەل تۇسى قويۇق، شەھۋانىي زېمىن دەپ قارالدى. ئۇ سىرلىق ھېكايىلەرنىڭ ماكانى، رەھىمسىزلىك ۋە ياۋايىلىقنىڭ يۇز بېرىدىغان جايى دەپ چۈشەندۈرۈلدى.[6] مانا مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھاكاۋۇر، ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى كۈچلۈك شەرقشۇناسلار جاھىللىق بىلەن شۇنداق قارىدىكى، «شەرقشۇناسلار بىلەن شەرقلىقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولسا، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى يازىدۇ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسى تەرىپىدىن يېزىلىدۇ. ئالدىنقىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كېيىنكىسىنىڭ رولى پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى. كېيىنكىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالدىنقىلار كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.» مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىرى يازغۇچى، بىرى يېزىلىش ئوبيېكتى!

مانا مۇشۇنداق قاراشنىڭ ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە 18- ۋە 19- ئەسىردىكى ياۋروپادا شەرق ئەللىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش زور قىزغىنلىققا ئايلاندى. شۇ ئارقىلىق شەرق ئەللىرىنىڭ جۇغراپىيەسىنى، تارىخىنى، پىسخىكىسىنى، مەدەنىيىتىنى ئىگىلىدى. ئاندىن بۇنى ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش، زەھەرلەش، قايتا قۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. تەبىئىي ھالدا بۇ سەپكە ياۋروپا ياكى غەربنىڭ يازغۇچى - شائىر، رەسساملىرىمۇ قاتناشتى. نەتىجىدە، غەربنىڭ سىياسىيسىدا «شەرق مەسىلىسى» ئوتتۇرىغا چىققاندەك،

غەرب ئەدەبىياتىدا «شەرق تېمىسى» ۋۇجۇدقا چىقتى. ئەنگلىيە رومانتىزم ئەدەبىياتى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىققان يازغۇچى ۋالتىر سكوت ۋە شائىر بايرون (1788 – 1824) لارمۇ شەرق تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئەسەر يازغان. مەسىلەن، بايرون «شەرق داستانلىرى» دېگەن نامدا بىر يۈرۈش داستانلارنى يازغاندىن باشقا، «دون جۇئان» ناملىق شېئىرىي رومانىدا ئىتالىيە دېڭىز قاراقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلغا ئېلىپ بېرىلىپ، سۇلتان ئوردىسىغا سېتىلغان دون جۇئان ئىسىملىك يىگىتنىڭ ھېكايىسىنى تەسۋىرلىگەن. ئەسەردە دون جۇئان سۇلتان ئوردىسى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن ھەرەمدىكى توقاللارنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ، تۈركىيەگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان رۇسىيە ئارمىيەسىگە قاتنىشىدۇ. «دون جۇئان» ئەدەبىيات تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسخىرىگە تولغان ئەسەر» دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، بايرون سۇلتان ئوردىسىنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان. بايرون ئۆزىمۇ نەشرىيات سودىگىرىگە يازغان خېتىدە «مېنىڭ دون جۇئاننى پۈتكۈل ياۋروپانى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقىشىمدىكى مەقسەت، ھەرقايسى ئەللەردىكى مەسخىرە قىلىشقا تېگىشلىك كۈلكىلىك تەرەپلەرنى كۆرسىتىش» دېگەن. قىسقىسى، «شەرق تېمىسى» غەرب ئەدەبىياتىدىكى بىر ئىزچىللىقتا ئىگە ئەنئەنە سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت مەجبۇرلاش ۋاستىسى بىلەن قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ئەدەبىيات-سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشتۇر. پاكىستانلىق مۇتەپەككۇر ئىقبال ئەھمەد (1933–1999)نىڭ «ئامېرىكىنىڭ سىياسىي كۈچلىرى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلارنى ئامېرىكىنىڭ ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئىشقا ئاشۇردى. بەش بۇرجەكلىك بىنا قىلالمىغان ئىشنى ھوللىۋود قىلالىدى[7] » دېگەن ھۆكمى دەل مۇشۇ قائىدىگە چۈشىدۇ. شۇڭا «شەرق تېمىسى»نى يېزىش توختاپ قالمايدۇ. فرانسىيەلىك يازغۇچى ئەمىن مائالوفنىڭ 1988-يىلى دۇنياغا كەلگەن «سەمەرقەنت» ناملىق رومانىمۇ دەل شەرق تېمىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن روماندۇر. بۇ روماندا ئوخشاشلا خەلق بىلەن خاننى قارىمۇقارشى مەيدانغا قويۇپ تەسۋىرلەش، خاننى بەتنىيەت، كالتا پەم، ھەسەتخور، خوتۇندىن قورقىدىغان قىلىپ يارىتىش، ھاراقكەشلىكنى، ناشايان قىلىقلارنى گۆزەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىش خاھىشى، شۇنداقلا شەرق شەھەرلىرىنى ۋە ئۆلىما - ئالىملىرىنى ئۇستىلىق بىلەن خۇنۈكلەشتۈرۈش ھادىسىسى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقىلارنى مىسال كەلتۈرۈش ھەرگىزمۇ پۈتكۈل غەرب ئەدەبىياتى شەرقشۇنا

ـسلقنىڭ تەسىرگە ئۇچرىغان ياكى پۈتكۈل غەرب ئەدەبىيات شەرقشۇناسلارنىڭ جارچىسى دېگەندەك بىر تەرەپلىمە ھۆكۈمنى پەيدا قىلماسلىقى كېرەك. غەرب ئەدەبىيا ـتىدىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىك قىممىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئۇلۇغۋار يازغۇچى ـ شائىرلار ئاز ئەمەس. مەسىلەن، 19ـ ئەسىردىكى فىرانسىيەلىك بۈيۈك ئەدىب ۋىكتور ھىيوگو، 20ـئەسىردىكى بۈيۈك ئەدىب ژان پوۋېل سارترېلار شەرققە نىسبەتەن يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئەدىبلەر ھېسابلىنىدۇ. ۋىكتور ھىيوگو ئەنگلىيە ـفىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى جۇڭگو ـغا تاجاۋۇز قىلىپ، نۇرغۇن خانىۋەيرانچىلىق پەيدا قىلىپ مال ـمۈلۈكنى بۇلىغان. شۇ ئىش تۈپەيلى ۋىكتور ھىيوگو فىرانسىيەلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارغا قارىتىپ «كاپىتان بوتلېرغا يېزىلغان خەت» ناملىق مەشھۇر ئوچۇق خېتىنى ئېلان قىلغان. ھىيوگو خېتىدە فىرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ھۇجۇمىنى شەرەپ ئەمەس، بەلكى قاراقچىلىق دەپ ئەيىبلىگەن. ئۇ ئېنىق قىلىپ «بىز ياۋروپالىقلار ئۆزىمىزنى مەدەنىيەتلىك كىشىلەر دەيمىز. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە جۇڭگو ـلۇقلار ياۋايىلار، لېكىن مەدەنىيەتلىكلەرنىڭ ياۋايىلارغا قىلغان ـ ئەتكىنى مانا شۇ!»، «مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە فىرانسىيەنىڭ باشقىدىن تۆرىلىپ، ئىچى ـ تېشىنى قىرىپ ـ تازىلاپ، ناھەق قولغا كىرگۈزۈۋالغان مال ـدۇنيانى بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان جۇڭگو ـغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغان. سارترې 1964 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە بىر پارچە باياناتنى ئېلان قىلىپ، بۇ مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. ئۇ رەت قىلىشتىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ: «مەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ھەرگىزمۇ غەرب گۇرۇھىنىڭ مۇكاپاتى ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، لېكىن ھازىر ئۇ دەل مۇشۇنداق مۇكاپات ... ئوبيېكتىپ جەھەتتە غەرب يازغۇچىلىر ـىنىڭ شەرقتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ شەرىپى بولۇپ قالدى»، «ناۋادا مەن نوبېل مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلسام ئاسىي بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن» دېگەن.

مەن يۇقىرىدا تەنقىدلىگەن رۇسىيەلىك لېئونىد سولوۋيوف بولسا ئېنىق ھالدا شەرقشۇناسلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ «نەسىرىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىمۇ شەرقشۇناسلىقنىڭ روھى بىلەن سۇغىرىلغان تىپىك شەرق تېمىسىدىكى رومانىدۇر. ئەلۋەتتە، ھېچكىم شەرق تېمىسىدا ئەسەر يېزىش مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ چەكلىمە قويالمايدۇ، ئەمما شەرق تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىگە ئۈستىلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن زەھەرلەرنى خۇسۇسىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا، ئۇنىڭغا بىخۇدلارچە مۇئامىلە قىلىشقا، بىلىپ ـ بىلمەي ئەگىشىپ كېتىشكە

بولمايدۇ. چۈنكى، مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە شەرقشۇناسلىقنىڭ سەنمىگە بىلىپ ـ بىلمەي، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا دەسسەپ كەلگەن يازغۇچى، شائىر ۋە رەسساملار يوق ئەمەس. بولۇپمۇ نەسردىن ئەپەندىنىڭ ئوبرازىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدە ياراتقاندا، لېئونىد سولوۋيوفتىن ئاشۇرۇپ بۇرمىلاپ، پۈچەكلەشتۈرۈپ ياراتقان ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىك. ئەختەم ئۆمەرنىڭ 2008 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «نەسردىن ئەپەندى» ناملىق كىتابىنى بۇ جەھەتتىكى تىپىك مىسال دېيىشكە بولىدۇ.

مەن ئەختەم ئۆمەرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئاسپىرانتلار بىلەن ئۆتكۈزگەن «راست ئىشلارنى يازىمەن» دېگەن سۆھبىتىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ «<نەسردىن ئەپەندى> نى 30 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ بىر يىل يازدىم، ئىشلىتىلمىدى. بىر يىللىق ئەمگىكىم شۇنىڭ بىلەن بىكار بولدى. كېيىن <غېرىب ۋە سەنەم> نىمۇ 35 قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ ئىككى يىل يازدىم، ئۇمۇ ئىشلىتىلمىدى» دېگەن ھەسرەتلىك بايانىنى ئوقۇپ، نېمە سەۋەبتىن ئىشلىتىلمىگە ـنىدۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالغانىدىم. شۇ يىلى ئۇنىڭ «نەسردىن ئەپەندى» ناملىق 250 بەت چامىسىدىكى كىتابى سېتىلىۋاتاتتى. مەن ئەختەم ئۆمەر بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يازغان سىنارىيە شۇ بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىپ، ئاردىن ھەپتە ئۆتكەندە بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ باقتىم. ئادەتتە ھەرقانداق ئەدەبىي كىتابقا تىتۇلدا ياكى نەشر نومۇرى بار بەتتە ۋە ياكى كىرىش سۆز قىسمىدا ژانىرىنى ئەسكەر ـتىپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ كىتابنىڭ ژانىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بېرىلمىگەنىدى. مەن كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا بۇنىڭ سىرىنى بىلدىم. بۇ ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتە بەك قوپال، ئەدەبىياتنىڭ ھېچقانداق ژانىرىغا ياكى شەكلىگە چۈشمەيدىغان غەلىتە ئەسەر ئىدى. بايان تىلىدا ھەم سىنارىيە تىلى، ھەم ھېكايە تىلى ئارىلاش قوللىنىلغانىدى. شۇڭا، سىنارىيە دېگىلىمۇ، پوۋېست دېگىلىمۇ بولمايتتى. مەن ئەختەم ئۆمەر بۇ سىنارىيەسى تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ ئىشلەشكە يارىمىغاندىن كېيىن، قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئاندا-مۇندا ئۆزگەرتىپ بالىلار ئەسىرى سۈپىتىدە نەشرىياتقا تاپشۇرۇپ بەرگەن خالىغۇتتا ئەسەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. روشەنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بېرىلىپ يېزىش، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىش، مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ھېچنېمىسى مۇقامغا چۈشمەيدىغان بۇ ئاتالمىش كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ پۈچەكلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ چۇۋالچاقلىقى، سۆز-جۈملىلىرىنىڭ خاتالىقى، پېرسوناژلارنىڭ سۇنئىيلىكى،

دىيالوگلارنىڭ تېتىقسىزلىكى، ئىجادىيلىقنىڭ يوق دېيەرلىكلىكى، ئىدىيەسىنىڭ ئەخمە
-قانىلىقى، خان-پادىشاھلارنى دۆت، لەقۋا، ئەخمەق، خوتۇنپەرەس قىلىپ خۇنۇكلە
-شتۈرۈپ تەسۋىرلەيدىغان خاھىشنى تولۇق ئىپادىلىگەنلىكى، ئەڭ يامىنى، باش
پېرسوناژ نەسىردىن ئەپەندىنى لېئوند سولوۋيوفنىڭ مەخسۇس ئەمرلەرنىڭ ئايال
-لىرىنى جۆندەيدىغان «نوچى» نەسىردىن ئەپەندىسىدىن بەتتەر قىلىپ، كۆرگەنلا
قىز - چوكانلارغا چاچراپ يۈرىدىغان ئۇچىغان چىققان شالاق نەسىردىن ئەپەندى
قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ئەختەم ئۆمەر بىر يىل ۋاقىت سەرپ
قىلىپ يازغان بۇ ئاتالمىش ئەسەرنى ئىككىلەنمەستىنلا نەزىرىمدىكى «ئەدەبىي
ئەخلەتلەر» قاتارىغا قوشۇۋەتتىم. چۈنكى، بۇ ئەسەردە ئەختەم ئۆمەرنىڭ يېزىقچىلىق
قابىلىيىتى جەھەتتىكى، تەپەككۇر قۇۋۋىتى جەھەتتىكى، ئەدەبىي دىت جەھەتتىكى،
مەسئۇلىيەت ئېڭى جەھەتتىكى، ئىجادىيەت ئەخلاقى جەھەتتىكى، مىللىي ئۆزلۈكنى
تونۇش جەھەتتىكى، مىللىي مەدەنىيەتنى چۈشىنىش جەھەتتىكى چېكىنىشى تولۇق
ئاشكارىلانغانىدى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ كەم - كوتىسىز ئەدەبىي ئەخلەت ئىكەنلىكىنى
ھەرقايسى نۇقتىلاردىن بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ بەرسەم ياخشى بولاتتى. لېكىن، «شەرقشۇ
-ناسلىقنىڭ سەنىمگە دەسسەش» دېگەن ماۋزۇنى يورۇتۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن باش
تېمىدىن چەتلىگۈم كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئەينى دەۋرگە ماس كەلمەيدىغان تەسۋىر ۋە
سۆز-ئاتالغۇلار، خاسلاشمىغان دىيالوگلار، كېسەل جۈملىلەردىن بىر نەچچىنىلا كۆرس
-ىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىغا سۇنىمەن:

«يول بويىدىكى مەسچىت ئۇدۇلىدىكى كوچىدا پالتا كۆتۈرۈۋالغان بىر كىشى
بىلەن ھەرە تۇتۇۋالغان بىر كىشى تالاش-تارتىش قىلىشۋاتاتتى. بۇلار ئەپەندىمنىڭ
كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەپەندىمگە ئەرز ئېيتىپ، بىر - بىرىگە يول
قويۇشمايتتى.» (18- بەت)

«پادىشاھ پۇقراچە ياسىنىپ، بىر نەچچە ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ خەلق
ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن چىقتى.»( 22- بەت)

«– توۋا، پادىشاھ ئالىيلىرى، ئەگەر بۇ جانىۋارنىڭ سىلىچىلىك ئەقلى بولغان
بولسا پادىشاھ بولغان بولاتتى!» (28- بەت)

«– بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقامىغا يەتكەن كالا ئوغرىلىرى، بەگ جانابلىرى.»
(32- بەت)

«شاھزادە، يىگى كېلىن بىر توپ قىز - يىگىتلەر بىلەن ئولتۇرۇشتى.» (36- بەت)

«پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرغان ھەجۋىي– قىزىقچى ئاغۋات كۈلكىلىك قىلىقلار

بىلەن چۈش قورۇقچىتا پادىشاھنىڭ يۈزىگە چۈش قونسا، ئۇ شاپىلاق بىلەن پادىشا ـھنىڭ يۈزىدىكى چۈشنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ يۈزىدىكى چۈشنىڭ قېنىنى سۈرتتى.» (36 ـ بەت)

«– كېيىنكى خوتۇن ئاختا قىلىپ تاشلىۋەتتىمۇ ـ يا! ۋەيت... ھا... ھا... ھا...» (56 ـ بەت)

«ئالتۇن كۆھقاپتەك دىللىرىغا پىقىر مىسكىن تېۋىپ دىلخەستىلىك يەتكۈز ـمىسمۇ شۇنى ئېنىق دېمەي بولمايدۇكى،» (113 ـ بەت)

–ئىككى پۈتنى تۇتقانغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئوخشىمامەلا، غوجام؟ – دېدى شاتۇتى.» ( 145 ـ بەت)

«– پاھ، پاھ، قالتىسكەن، ئىنگلىزلار ئۆگەتكەن ـ دە، – دېدى ئەپەندىم.» (144 ـ بەت)

«دوختۇرخانىدا چىش دوختۇرى ئەپەندىمنىڭ ئاغزىدىكى چىشلىرىنى كىچىك بولقا بىلەن ئۇرۇپ تەكشۈردى.» (155 ـ بەت)

«ئاھھاي، ئەپەندىم، مېنى تولا كولدۇرلاتمىسىلا، ئىشىم ئالدىراش ئادەم مەن. سىلى ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان پادىشاھ ئەمەسمەن، ماڭسىلا، چىقسىلا، – دېدى دوختۇر.» (156 ـ بەت)

«– خاتىرجەم بولسىلا، ئەتە ئەتىگەنلىك بىرىنچى سوتتىلا ئالدى بىلەن سىلىنىڭ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىمەن، – دېدى قازى.» (159 ـ بەت)

«پادىشاھ قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

–ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى دۇنياغا مەشھۇر، دۇر خان، تۇرپان، كۇچادىكى مىڭئۆيلەرنىڭ رەسىم، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى مىسىردىكى ئەلئېھرام سەنئىتىدىن قېلىشمايدىغان تۇرۇپ، مېنىڭ خانىدانلىقىم دەۋرىگە كەلگەندە، بىر دۆلەتتە بىرەرمۇ ئاقىل رەسسام قالمىدىمۇ؟» (201 ـ بەت)

سۈژىتىدىن تارتىپ شەكلىگىچە، سۆز ـ جۈملىلىرىدىن تارتىپ تەسۋىرلىرىگىچە، پېرسوناژلىرىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە قىلچە قىممىتى يوق بۇ ئاتالمىش ئەسەرنىڭ زادى قانداقلىقىنى تېخىمۇ بەكرەك بىلگۈسى كەلگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاشۇ كىتابنى تېپىپ، تاقەت قىلالىسىلا تولۇق ئوقۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ بۇ ئاتالمىش ئەسىرىدە سادىر قىلغان ئەڭ ئېغىر خاتالىقى، سەئدىيە خانلىرىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە يېزىلغان پادىشاھنى ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە دۆت، ئەخمەق، ئىقتىدارسىز تەسۋىرلىگەنلىكىلا بولۇپ قالماستىن، مۇھىمى

نەسرىدىن ئەپەندىنى ئۆچىغا چىققان بۇزۇق قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىكىدۇر. مانا بۇ ئۆزنىڭ بۇ ئەسەردە ئىپادىلىگەن قەتئىي كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئەڭ ئېغىر خاتالىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىللىي مەدەنىيەتكە قىلىنغان ئېغىر ھۆرمەتسىزلىك ۋە مىللىي سىمۋولغا قىلىنغان ئېغىر ھاقارەت، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرگە قىلىنغان زىيانكەشلىك! بەلكىم بەزىلەر ئەھۋال شۇنچە يامانمۇ؟ بۇ ئىشنىڭ خاراكتېرى شۇ دەرىجىدە ئېغىرمۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. مەن بۇنداق قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن كەچۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر مەسىلە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە پېتەرلىك نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى تولۇق قايىل قىلىشقا تىرىشىمەن. ئادەتتە، ئىلمىي يېزىقچىلىقتا بىرەر نۇقتىئىنەزەرنى ئۇدۇللا ئوتتۇرىغا قويماي ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن يورۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنداق تەلەپكە يەتمىسە قايىل قىلىش كۈچى يوق ھېسسىي يازما بولۇپ قالىدۇ.

ئالدى بىلەن پاكىت نۇقتىسىدىن ئەختەم ئۆمەرنىڭ نەسرىدىن ئەپەندىسىنى بىر كۆرۈپ باقايلى:

«ئېشەك پەرۋاسىز مەززە قىلىپ سۇ ئىچىۋاتاتتى، شۇئان ئەپەندىم سۇدا بىر پەرىنىڭ سىيماسىنى كۆردى ـ دە، ھاياجانلىنىپ ئېرىقتا قول سوزۇپ ئېتىلدى، شۇئان دۇم چۈشتى، رۇسلىنىپ قارىسا، پەرى يوق، ئارقىدىن ئالتۇن قوڭغۇراقتەك چىرايلىق ئەمما ئىنتايىن بوش كۈلكە ئاۋازى چىقتى.»(33ـ بەت)

«ئەپەندىم دەرھال چۈمبەللىك ئايالنى قولدىن تارتىپ ئەنجۈر ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇۋالدى.

– گەپ قىلماڭ، خەلىچخان، پۈتكۈل دۇنيانى ئۇنتۇپ قالساممۇ، سىزنى ئۇنتۇيالمايمەن، – دېدى.» (47ـ بەت)

«ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى يوغان خېمىر دېسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ قوشنىسىنىڭ خوتۇنى پاتەمخان ئۆگزىسىگە كىر يايغىلى چىقىپ ناخشا غىڭشىپ، ئەپەندىمنىڭ ھويلىسىغا قارىدى. ئەپەندىم ناخشىنى ئاڭلاپ، بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قاش ئاتتى. پاتەمخان ئەپەندىمنى كۆرۈپ ناز ـ كەرەشمە بىلەن قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ سالام قىلدى:

–ئەسسالام، ئەپەندىم، بارمۇسىلە، كۆزدىن ئۇچۇپلا كەتتىلىغۇ، سىلنى كۆرمەي، كۆزگە سۈرتكۈدەك بولدۇق جۇمۇ.

– بولمامدىغان، خېنىم، بولغاچقا ئۆزلىرىگە تويماي قاراۋاتامدىمەن، – دېدى ئەپەندىم.

– ھىلىمۇ سۇرتىمىدىلە، – دېدى پاتەمخان، – تاش يۈرەككەنلا، قاچانغىچە سۇرتمەيلىكىن، خېلى كۆڭلەر بولدى، كۆرمىدىم.» (53- بەت)

«ئەپەندىم قويىنىدىن ئۇن تىلالانى چىقىرىپ پاتەمخانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:
– بۇ پۇلنى ئېلىپ مېنىڭ ئېتىمغا مىنگىشىپ ماڭا بىر كۈن ھەمراھ بولۇڭ، – دېدى.» (85- بەت)

«ئەپەندىم دېگەن قىلىن ئوغرى بولمامدۇ، – دېدى تىللاخان.
– ۋاييەي، ئەپەندىمنى ھەققانىي دېسەڭ، قېرىغاندا ئىتنىڭ تېزىكىدەك ئىش قىپتىغۇ!؟ – دېدى تۇراخان.» (117- بەت)

«ئەمسە ساتىمدا بىر كىچە ئۇچامنى تۇتىسىز!
ئەپەندىم شۇنداق دېگىنىچە قەمبەرخاننى قولىدىن يېتىلەپ ساتىمغا كېلىپ تۇرۇشقا، يەنە بىر تەرەپ شاراقلىدى. ئەپەندىم يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇ چوكاننى تۇتۇۋېلىپ ساتىمغا سۆرەپ كەلدى، بۇ تۇراخان ئىدى. تۇراخاننى ساتما ئىشىكىدىن كىرگۈزۈپ تۇرۇشقا يەنە بىر تەرەپتىن شاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنداق قىلىپ ئەپەندىم تۆتىنچى چوكاننى ساتما ئىشىكىدىن سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ساتمىدىن كۇسار بىلەن قېچىپ چىقىپ ۋارقىرىدى.» (119- بەت)

«خاسىيەتخان ئەپەندىمگە:
– ئوھۇش، قويسىلا ئەپەندىم، سىلنى، پوشكالخانا ئاچقاننىڭ ياقى كارغا يارىمايدىغان بولۇپ كەتتىلە. يەنە مۇشۇنداق ساقلىتىدىغان بولسىلىزە، ئاستا كۆتلىرىگە تېپىپ، مەسە - كالاچلىرىنى قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇپ ئىككىنچى مەن تەرەپكە ئالدىلىرىنى قىلىپ كېلىپ قالمىسىلا، دەپ تالاق قىلىۋېتىمەن، جۇمۇ، – دەپ ئەركىلەش ھەم باتناش بىلەن كايىدى.» (124- بەت)

«– ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خوجا نەسىرىدىن ئەپەندىم! ئۆزلىرى بىلەن ئايرىم دىدارلاشماقنى تايىن قىلىپ چاقىردىم. ئۇزاق بولدى، ئايرىم زىكىر - سۆھبەتلىرىدىن مەھرۇم قالدىم، ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار.
خانىشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارلىق كېنىزەك، ئاغۋاتلار تەزىم بىلەن ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.» (132- بەت)

«ئەپەندىم شۇنداق دەپ خانىشىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.» (136- بەت)

«– ئەپەندىم ئاكا، قېرىغاندىمۇ نومۇسنى بىلمەيدىكەنسىز. چاقچاقنى قويۇپ

مىنىڭ غېمىمنى ئاڭلاپ قويىسىڭىزچۇ؟ – دېدى تۇل چوكان.» (172- بەت)

«سىزنى كۆزۈمگە سۇرتۇۋالاي جېنىم پەرىزات! كۆزۈمگە بىرلا سۇرتۇۋالسام ئۆمۈر بويى زىنداندا يېتىشقىمۇ رازىمەن پەرىزات!» (210- بەت)

مانا بۇ ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى رەسۋا نەسرىدىن ئەپەندى!

ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمدە تەسۋىرلەنگەن نەسرىدىن ئەپەندىنى «جۇڭگو ئۆسمۈرلەر قامۇسى»دا تەرىپلەنگەن نەسرىدىن ئەپەندى ئوبرازىغا سېلىشتۇرۇشقا ئادەم نومۇس قىلىدۇ. چۈنكى، بۇگۈنكى كۈندە نەسرىدىن ئەپەندى جۇڭگو مىقياسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. ئۇيغۇر يازغۇچىسى بولغان، ئۆزىنى «راست ئىشلارنى يازىمەن» دەپ تونۇيدىغان ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى بولغان نەسرىدىن ئەپەندىنى بۇنداق دەپسەندە قىلىشى كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلا -ندۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت مىللەتپەرۋەرلىكنى ئويغىتىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىجتىمائىي ئېھتىياج بولۇۋاتقان بۈگۈنكى شارائىتتا ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي سىمۋولىنى مەينەتلەشتۈرۈپ سىنارىيە يېزىش ئىقتىسادىي ئاچ كۆزلۈك ۋە ئىجتىمائىي كالۋالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەسىرىد -ىكى نەسرىدىن ئەپەندى ئۇيغۇر تەتقىقاتچى، ئەدىبلەرنىڭ نەزىرىدىكى، ئۇيغۇر ئاللىرىنىڭ نەزىرىدىكى نەسرىدىن ئەپەندىمدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتچىسى ئابدۇكېرىم رەھمان «ئىككى قېتىملىق ھاسىلات» ناملىق ماقالىسىدە ۋە ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتچىسى ئوسمان ئىسمائىل تارىم «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «نەسرىدىن ئەپەندى تارىختا ياشاپ ئۆتكەن رېئال شەخستۇر. ئۇ مىلادىيە 1208-يىلى تۈركىيەنىڭ ئاقشەھرىگە قاراشلىق فورتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدە ئوقۇمۇشلۇق دادىسى ئابدۇللادىن بىلىم ئالغان. چوڭ بولغاندا سەرۋىھسار مەدرىسىدە ئوقۇغان ۋە فورتۇدا بىر مەزگىل ئىمام بولغان. كېيىن ئۆز ۋاقتىدىكى داڭلىق مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان كونىياغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مەدرىسىدە بىلىم ئالغان. 1237- يىلى ئاقشەھىرى جامەسىنىڭ مۇدەررىسى بولغان. ئۇ مىلادىيە 1284 - يىلى ئاقشەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەردىكى سۇلتان تېغى باغرىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ مەرمەردىن ياسالغان ھەيۋەتلىك مەقبەرىسى ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.»

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى ئابدۇشۈكۈر تۇردى «ئۇيغۇر

كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىلەر توپلىمىدا مۇنداق يازغان: « ئۆتكۈر پىكىرلىك، ساغلام ئەقىللىك نەسردىن ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىختىيارسىز ھالدا چىرايىمىزدا كۈلكە پەيدا بولىدۇ.»

يازغۇچى، ئەدەبىي تەرجىمان ئەكبەر غۇلام «بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز مەشرىپى 2011» دېگەن سەنئەت كېچىلىكىدە سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «نەسردىن ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تولۇق نامايان قىلىدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخس.»

ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى نەسردىن ئەپەندىنى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تەسرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بىلەلمىگەن سوئاللىرىغا، يېشەلمىگەن مەسىلىلىرىگە توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغان دانىشمەن، دەپ بىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن تەسرات بويىچە «ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆتكەن پاراسە-تلىك قىزىقچى» دەپ بىلىدۇ.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئەزەلدىن ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە خەلقچىل قىزىقچى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كېلىۋاتقان نەسردىن ئەپەندىنى لېئونىد سولوۋيوفتىن ئاشۇرۇپ رەسۋالاشتۇرۇۋېتىشى كەچۈرگۈسىز ئېغىر خاتالىق ھېسابلىنىدۇ دېيىشىمىزدىكى سەۋەب مۇشۇ يەردە. بۇنى بىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، جەمئىيە-تشۇناس دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ بايانىدىن چىقىپ تۇرۇپ خاراكتېرلىسەك تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۈلتۈرەل ئۇزۇكلۇك ھادىسىسى» دېگەن ئېسىل ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «كۈلتۈر بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى، كۈلتۈرنى شەكىللە-ندۈرگەن تىل، ئەقىدىلەر، قىممەت قاراش، سەنئەت، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنە ۋە سىمۋوللار بىر جەمئىيەتنى يەنە بىر جەمئىيەتتىن ئايرىيدىغان، <بىز> ۋە <ئۇلار> ئارىسىدىكى چېگرانى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان، بىزنى بىز قىلغان قىممەتلەرنىڭ تامامىدۇر. [8] »

بىز ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ بايانىدىكى ھەقىقەتنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بايان قىلساق، كۈلتۈر يەنى مەدەنىيەت مىللەتنىڭ جېنى. مىللىي سىمۋول قاتارلىقلار ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ بىزنى مىللىي خاسلىققا ۋە مىللىي پەرققە ئىگە قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ يۈكسەك قىممەتكە ئىگە ھەم مۇقەددەس، دېگەن يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. بىر مىللەتنى باشقا مىللەتتىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي سىمۋول ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي سەۋەبلەرگە كۆرە بىر قىسىم مىللىي سىمۋوللار بىر

نەچچە مىللەت ئۆچۈن ئورتاقلىققىمۇ ئىگە بولىدۇ. مىللىي سىمۋول سىستېمىسى ئىچىدە بىر مىللەتنىڭ تارىخىدىكى مىللىي قەھرىمانلار، مىللىي مۇتەپەككۇرلار ۋە مىللىي داھىيلارمۇ شۇ مىللەت ئۈچۈن مۇقەددەس مەنىگە ئىگە مىللىي سىمۋوللار ھېسابلىنىدۇ. شۆبىھىسىزكى، ئوغۇزخان، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلشىر نەۋايى، نەسىردىن ئەپەندى قاتارلىق ئۇلۇغلىرىمىز سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇر شەخسلىرىمىز ھېسابلىنىدۇ.

مىللىي سىمۋوللار كىشىلەرنى ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە رولغا ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار سىمۋول ۋە مۇراسىملارنىڭ رولىغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ھالاللىق، مۇقەددەس سىمۋول، مۇراسىم ۋە ئەخلاقنىڭ مۇھىم رولىغا سەل قارالسا ياكى ئۇلارنىڭ قىممىتى چىن ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىلمىسە، مىللىي ھايات پۇچەكلىشىپ، مىللىي مەدەنىيەت (كۇلتۇر) زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئەدىب ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مىللىي سىمۋوللىرىنى چاكىنىلاشتۇرۇش ئىجتىمائىي گالۋاڭلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق گالۋاڭلىقنى سادىر قىلغۇچى ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا جەمئىيەتنىڭ پۇچەكلىشىشىگە تۆھپە قوشقان بولىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەت پسىخولو ـ گىيەسى نەزەرىيەسى بويىچە ئېيتقاندا، مۇستەقىل تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەر ئەگىشىش پسىخىكىسى ۋە ئۆرنەك ئېلىش پسىخىكىسى بويىچە ياشايدۇ. ئۇلار ئۆرنەك قىلغۇدەك ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىپ، ياشاش ئۇسۇلىدا شۇ ئۆرنە ـ كنى ھەرىكەت قېلىپى قىلىپ تەتبىقلايدۇ. نەسىردىن ئەپەندىدەك بىر مىللىي سىمۋولنىڭ ئوبرازىنى تۇرمۇشتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، شاللاق، قىلىقلىرى غەلىتە، كۆڭۈل خۇشلۇقىنى دەپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىۋېرىدىغان ئەبلەخ سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق ئۆرنەك ئوبراز، ئۆرنەك خاراكتېر، ئۆرنەك ھەرىكەت ياراتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ناچار ئۆرنەك يارىتىش پاسسىپ ئىجتىمائىي نەتىجە پەيدا قىلىپ، مىللەتنىڭ يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىغا ۋە ئەخلاق ئادەتلىرىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. چۈنكى كۆپلىگەن كىشىلەر دوراش، ئەگىشىش پسىخىكىسىغا ئىگە بولغاچقا، تەسىرى زور، ئېزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە ناچار ئۈلگىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىغاندا، ناھايىتى ئوڭايلا خاتا قاراش، خاتا ھەرىكەت، خاتا ئۇرۇنۇش ھالىتىگە كىرىپ قالىدۇ. شۇڭا، مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن، خاتا ئۆرنەك ياراتقان، ناچار ئۈلگە تىكلىگەن ھەرقانداق كىشى جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇنداق قىلمىش بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ يادرو

ـلۇق قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت تايىنىدىغان تۈۋرۈككە قۇرت چۈشۈرىدۇ! قىممە ـتلىك ئەخلاق ئادەتلىرىنى چىرىتىدۇ!

قىممەت قاراش بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئۆچۈن تۇغرا بىلەن خاتا، ياخشى بىلەن يامانغا مۇناسىۋەتلىك ئورتاق ئۆلچەم شەكىللەندۈرگەن ئىدىيە سىستېمىسى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قىممەت قارىشى شۇ جەمئىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ھەرىكە ـتىگە، ھېسسىياتىغا، ئوي ـ پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئورتاق مايىللىق پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆز تۇپىنىڭ قىممەت قارىشىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئۆرنەك ھەرىكەت، ئۆرنەك خاراكتېر، ئۆرنەك ئوبراز يارىتىپ، ئۆز قىلمىشىنىڭ قانداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە قۇربى يەتمەيدىغان ئىجتىمائىي كالۇالىقنى سۆكۈت قىلىش ئوخشاشلا مەسئۇلىيەتسىزلىك! ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە ئاقىلانە بىلىشى يوق، ئىمنى ھىمايە قىلىپ، ئىمدىن ھەزەر ئەيلەشنى ئاڭقىرالماي ئالىجوقا جۆيلۈپ ياشايدىغان ئىچى كاۋاك ئەدىبلەر، مۇھەررىرلەر ياكى زىيالىيلار بۇ مەسىلىدە قاتتىق ھوشيار بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشى لازىم. ناچار ئۆرنەك، پاسسىپ قاراش، خالىخۇتتا ئىدىيە، بىنورمال ئوبرازلار سەگەك ئەقىل، ساغلام قىممەت قاراشنىڭ پەرقلەندۈرۈشىدىن ئۆتمىسە بىر مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە ئۆزلىشىپ كېتىدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت مۇقەددەس سىمۇول ئېزىتقۇ سىمۇولغا ئايلاندۇرۇلۇپ، نەشرىيات ئارقىلىق مەتبۇئاتلىشىپ جەمئىيە ـتكە چىقىپ كەتتى. بۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر بالىلىرىغا قىلىنغان زىيانكەشلىك!

بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى زور ئايال يازغۇچى تيې نىڭ «ھاياتلىق بىلەن تىنچلىق بىر-بىرىگە ئاشىق» دېگەن ماقالىسىدە ئېيتقانىدەك «دەۋر ـنىڭ بارغانسېرى شالاقلىشىپ كېتىشى بىلەن بەزى كىشىلەردە مەسىلىلەرگە جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان ساداقەت مەنزىلى قالمىدى.» نەتىجىدە، قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتە كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىلىش كۆچەيدى. خىزمەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنىڭ مەنىسى تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ بىلەن روھىي قىممەتلەر ۋە مەنىۋى قىممەتلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كۈلكە ـ چاقچاقچىلىق، لەتىپە ـ يۇمۇرچىلىق جاھاننى بىر ئالدى. مەزمۇنىنىڭ قانچىلىك تېتىقسىز بولۇشى نەزەرگە ئېلىنمايدىغان بولدى. مانا مۇشۇنداق بىنورمال ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە بولسا كېرەك، يازغۇچى ئەسىرىنى قىزىقارلىق قىلماقچى بولۇپ، نەشرىيات خادىملىرىمۇ قىزىقچىلىق ھېس قىلىپ بۇ ئېغىر خاتالىقنى سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنى بىلىش لازىمكى، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي

مىزانلىرىغا، ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىغا ۋە ساغلام ئەخلاقىي ئادەتلىرىگە سىغمايد
ـىغان ئىدىيە، قاراش، تەشەببۇس، ھەرىكەت ئۆرنىكى قاتارلىقلارنى قىزىقچىلىق دەپ
يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك! ئۆزىنىڭ قىممەت
قارىشى ۋە ياشاش پىرىنسىپلىرىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان يات ئىدىيە، يات ئادەت
ۋە يات سىمۋوللارنىڭ ھەر خىل يوللار بىلەن يىلدىن ـ يىلغا يامراپ كېتىۋاتقانلىقىغا
تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى قىيىنلىشىپ، زور مىللىي كرىزىس سۈپىتىدە گەۋدىلىنىۋاتقان
ئەھۋالدا مىللىي مەدەنىيەت قەسرىنى مەينەتلەشتۈرىدىغان قىلمىشلارغا قاتتىق رەدد
ـىيە بەرمەي بولمايدۇ. رۇسىيە يازغۇچىسى لېئونىد سولوۋيوفتىن ئۆرنەك ئېلىپ، شەرق
ـشۇناسلىقنىڭ دېپىغا خۇدىنى بىلمەي ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆز خەلقىنىڭ مۇقەددەس
مىللىي سىمۋولىنى بولۇشىچە دەپسەندە قىلغان بۇ يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا مەينەتلە
ـشتۈرۈۋېتىلگەن نەسرىدىن ئەپەندى ئوبرازى يەنە قانچىلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ،
بولۇپمۇ بالىلارنىڭ قەلبىنى كىرلەشتۈرەر؟!

2011ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى يېزىلدى.

## نەقىل مەنبەلىرى:

[1] جاڭ خۇي: «كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەرىيەسى ۋە بۈگۈنكى جۇڭگو مەدەنىيەت
ئوبزورچىلىقى»، «ئەدەبىيات ئوبزورى» (文学评论) ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 2 ـ
سانى.
[2] ساۋ جۈنچېڭ: «مەدەنىيەت ھەم نەزەرىيەدىكى ئافازىيە كېسىلى ۋە كولتۇرەل
كېسەللىك ھالىتى»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇنازىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق
2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.
[3] «جۇڭگو ئۆسمۈرلەر قامۇسى» ناملىق بۇ تۆت توملۇق كىتاب، 1998 ـ يىلى
جىيجياڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 2008 ـ يىلى شىنجاڭ
مائارىپ نەشرىياتى بۇ قامۇسنى ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە تىل ـ يېزىققا تەرجىمە قىلىپ
نەشر قىلغان. بۇ نەقىل ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.
[4] فىكرەت تۈركمەن (تۈركىيە) «شەرق تېمىلىرىنىڭ رۇس ئەدەبىياتىدا تەسۋىر
ـلىنىشى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، 2009 ـ يىلى 4 ـ سان.
[5] ئېدۋارد سەئىد (ئامېرىكا «شەرقشۇناسلىق» (东方学)، ئۆچ بىرلەشمە نەشرىياتى

نەشرى، 2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي بېيجىڭ 5 ـ باسمىسى، خەنزۇچە، 10 ـ بەت.
[6] زىيائۇددىن ساردېر (ئەنگلىيە «شەرقچىلىق» (东方主义)، جىلىن خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 3 ـ بەت.
[7] شىللېر شۋارتىز (ئامېرىكا «يېڭى ئەسىر – مۇتەپەككۇرلار ساداسى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 36 ـ بەت.
[8] ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كۇلتۇرەل ئۆزۈكلۈك ھادىسىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

تارىم ژورنىلىدىن 2012ـيىللىق 1ـسانىدىن ئېلىندى.

مەنبە:«شىنجاڭ يازغۇچىلار تورى».

# ئۇيغۇرلاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادكارنىڭ قىسمىتى مەسىلىسى

**يالقۇن روزى**

مەن ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئالدىدا ماڭا بىر تونۇش بوۋاي كۆنىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ، ئۇ بوۋاينىڭ مەيلى قىش، مەيلى ياز بولسۇن ھەر كۈنى شۇ يەردە ئاچچىق موخۇركىسىنى قاتتىق شورىغىنىچە چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، ھومايغىنىچە تۇرغىنى تۇرغان. بۇ بوۋاي بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان «مېنىڭ راۋابىم»، «كۆن ۋە تۈن»، «تاشۋاي» قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكىلارنىڭ ئىجادچىسى، زامانىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر كومپوزىتورىمىز قۇربان ئىبراھىم. مەن بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئاشۇ جايدا بۇ غەلىتە بوۋاي بىلەن بىردەم مۇڭدىشىپ قالدىم، بۇ بوۋاي ماڭا ئۆزىنىڭ «نەۋرەم» ناملىق مۇزىكىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇ بوۋاي گەپنى بوم ئاۋازدا قىسقا، قوپال ھەم تىز قىلىدىكەن. مەن سۆز ئارىلىقىدا «قۇربان ئاكا، كۈندە مۇشۇ يەردە تۇرغىچە ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى تارتقان يەرلەرگە بېرىپ تۇرۇپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟» دېدىم. بۇ بوۋاي ئادىتى بويىچە قوپال جاۋاب بېرىپ «ۋاي ئۇكام، بۇ گۈيلار مېنىڭ مۇزىكامنى ئاپارمىغان يېرى قالمىدى، ئەمما مېنى ئۇلانبايدىكى ساناتورىيىگىمۇ ئاپىرىپ بىر ئاي دەم ئالدۇرۇپ قويمىدى ئەمەسمۇ!؟» دېدى.

شۇ كۈندىن بېرى، مېنى بىزنىڭ ئىجادىيەت بىلەن ئىجادكارغا تۇتقان مۇئامىلىمىزدىكى ئاسمان-زېمىن پەرق كۆپ ئويلاندۇردى. بىزدە كۆپ ھاللاردا ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى بىلەن ئىجادكارنىڭ قىسمىتى تەتۈر تاناسىپ بولۇپ قالىدىكەن. روشەنكى بۇ كىشنى ئېچىندۇرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان ھادىسە! نېمە ئۈچۈن بۇنداق غەلىتە ھادىسە بىزدە شۇنچە كۆپ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئاددى، چۈنكى بىز نادان مىللەت!

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار 20-ئەسىردىكى ئەڭ نادان مىللەت! دۇنيادا بۇ جەھەتتە بىزنى بېسىپ چۈشىدىغان مىللەت يوق. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل

ھالىتىنى ئېتىراپ قىلمىساق، پاكىت بىزنى ماڭدامدا بىر مات قىلىدۇ. قاراڭ، فرانسىيىلىك مەشھۇر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس، تارىخچى گراسسىرت 1930-يىللىرى يازغان «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى» ناملىق كىتابىدا قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ، «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەرنى مەدەنىيەت دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن»، «ئۇيغۇرلار باشقا تۈرك-موڭغۇل خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار خەلق بولۇپ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئۇلار يەنە تەربىيەلىگۈچىلەردىن ئىدى» دەپ يازغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇيغۇرلار دەل شۇ 30-يىللىرى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەرىپەت بايرىقى ئاستىدا ئاقارتىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتۇق. ئوتتۇرا ئەسىردە باشقىلارغا مەدەنىيەت ئۇستازى بولغان بۇ مىللەت بۇ كۈنگە كەلگەندە «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە.

1960-يىللىرى ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى دېنىس سىنور «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ ئۇيغۇرلارنى «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇلار مەركىزى ياۋروپا-ئاسىيادا ئوتتۇرا ئەسىردە بولۇپ باقمىغان تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن بەھرىمان بولغان»، «تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچقايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرىجىسىگە يېتىپ باقمىغان» دەپ يازغان بولسا، شۇ 60-يىللاردا بىز ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى، ئەقلى، ئېتىقادى، غورۇرى بار بارلىق ئەزىمەتلىرىنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ، بولۇشىغا دۇمبالاپ، ئىت-ئېشەكتىن بەتتەر خار قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ پولات مۇشتۇمىنىڭ تەمىنى تېتىۋاتاتتى...!

ھايات سىرلىرىنى بىلىدىغان بارلىق مۇتەپەككۇرلار خۇددى پۈتۈشۈۋېلىشقاندەك «ئىنسان ئۈچۈن نادانلىقتىن، بىلمىسىزلىكتىن چوڭ ئاپەت بولمايدۇ» دەپ ئېيتىشقان. بىزنىڭ بۇ تەپسە تەۋرىمەيدىغان ئەبگا مىللىتىمىز ھەممە خەق ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تۇشمۇ-تۇشتىن ئىزدەنگەن ۋە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتقان بۇ 20-ئەسىردە نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز ئاپەتنىڭ قارا پاتقىقىغا گەدىنىگىچە پاتقان ھالدا ياشاپ كەلدى ۋە ھېلىمۇ ياشاۋاتىدۇ. نادان مىللەت نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نادان مىللەت جاھاندىكى ئەڭ ئەخمىقانە، ئەڭ رەزىل ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. كىچە-كۈندۈز خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەزىمەت ئوغۇللىرىنى خارلاپ، ئازابلاپ، تىللاپ سېستىپ، ئىككى يۈزلىمچى مەككار ئادەملەرنى ئۇلۇغلاپ، ئەزىزلەپ، مازار غوجام قىلىۋالىدۇ. ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان تارازىسىنىڭ خاتالىقىدىن گۇمانلىنىپ باقمايدۇ. ھەممە

نەرسىگە ئاتلىنۋالغىنى بويىچە ياكى شەخسىي مۇددىئاسى بويىچە قارىسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ، توغرا، ئادىل باھا بېرىشنى ئەسلا بىلمەيدۇ. سېيىت نوچىدەك ئەخمەق، مۇناپىقسىمان ئادەملەرنى يۈز يىللاپ سىغىنىپ، ئۇلۇغلاپ شۇلگەيلىرىنى ئىچىپ ماختىشىدۇ، «مىللى قەھرىمان» دەپ تەرىپلىشىدۇ. سېيىت نوچى ھاياتىدا خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنگەن زالىملاردىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرگەنمۇ؟ بىرەر ئىش تەۋرەتكەنمۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ باقامدۇ؟ ئەجەبا ئۇ ئۇچتۇرپان ھاكىمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قىنىنى شورلاۋاتقان بىر زالىمنىڭ يېنىدا دوست بولۇپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدىمۇ؟ شۇنىڭغا راۋاب چېلىپ بېرىپ شۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچتىمۇ؟ قەشقەر دوتىيىگە ئاپارساق ساتا ئەمەل بېرىدۇ دېسە، ئەمەل تاماسىدا مەست بولۇپ ئۆلۈم خېتىنى كۆتۈرۈپ كەلدىمۇ؟ قەشقەر دوتىيى ئۇنى ئەخمەق قىلىپ، «سېنى ئۆلتۈرەي دېسەم قولۇم بارمايدۇ، ئۆلتۈرمەي دېسەم خاننىڭ ئۆلۈمگە بۇيرىغان خېتىنى ئېلىپ كەپسەن» دەپ ئالدىسا، «خاننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالما، ئىككىلەنمەي مېنى ئۆلتۈرگىن» دەپ، ئۆزىنىڭ بىگۇناھ ئۆلىمگە قۇللارچە رازىمەنلىك بىلدۈردىمۇ؟ ياق، مېنىڭ گۇناھىم يوق، مېنىڭ خۇدا بەرگەن ياشاش ھوقۇقۇم بار، مەن سېنىڭ خالىساڭ ئۆلتۈرىدىغان، خالىساڭ ياشىتىدىغان كۆچۈكۈڭ ئەمەس، دەپ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈپ، چوقان سالمىدىمۇ؟ مۇشۇغۇ بىزنىڭ مىللى قەھرىمانىمىز؟! تىللاردا داستان قىلىدىغان نوچىمىز؟! بۇ ئەڭ سادىق قۇل، ئەڭ ئىتائەتمەن مۇناپىقمۇ ياكى ئەزىزانە قەشقەردىن چىققان نوچىمۇ؟! بىز مۇشۇنداق بىر ئادەمنى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىگە «مىللى قەھرىمان» دەپ كىرگۈزۈپ ھازىرمۇ تېخى كاپىشىپ ئۆتىۋاتىمىز. رادىئو-تېلېۋىزورلاردا ئۇنىڭ شەنىگە ناخشا-قوشاق توقۇۋاتىمىز . . .

ھەي . . . بىزنىڭ نادانلىقىمىز، ئەقىلسىزلىكىمىز، بىلمىسىزلىكىمىز، ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مەمتىلى تەۋپىقتەك ئۇلۇغ مىللەتپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىشنى ئويلاشمىدۇق، ئەمما تىپىپچان ئېلىيېفنىڭ خەت-چەكلىرىنىمۇ تېرىپ-تۆشەپ كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇق. بىر پارچىمۇ شېئىرى خەقنىڭ ئېسىدە يوق ئەلقەم ئەختەمدەك قۇرۇق قەسىدىچى شائىرلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ تون كىيدۈردۇق، ئەمما نىزامىدىن ھۆسەيىندەك ئىمانى ئەركەك قەلەمكەشلىرىمىزنى تويپا بېسىپ قېلىۋاتسا پىسەنت قىلمىدۇق. ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ئەدەبىياتتىن زېرىكتۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان، سولچىل ئەدەبىياتنىڭ بايراقدارى بولمىش قەييۇم تۇردىدەك يازغۇچىلىرىمىزنىڭ «قىزىل تاغ چىراقلىرى» دېگەن كىتابىنى

قايتا نەشر قىلىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى كاسىلداپ چۈشەندۈرۈپ قايتا نەشر قىلدۇق، ئەمما ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك ئۇلۇغ ئالىم «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دەپ كىتاب يېزىپ بەرسە، «تىراژ تاپ» دەپ مەكتەپمۇ-مەكتەپ سوكۇلداتتۇق. «بىرىنچى ئالىيغاچ باشلانغان زامانلار» دەپ ئويلانماستىن، ساقلىنىش ئاقلىقىغا قاراپلا «فۇزۇلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى» دېگەن تونۇشتۇرۇش ماقالىسىدىن باشقا بىر پارچىمۇ ئىلمى ئەسىرى يوق شۈكۈر يالقۇننى «بولاق» ژۇرنىلىدا «كامالەتكە يەتكەن ئەدىب»، «ئەدەبىيات پېشۋاسى» دەپ ھاماقەتلەرچە ماختىدۇق. ئىلمىگە ئىلىمچە، ئادەمگە ئادەمچە مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدىغان ژۇرنالىستلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇ قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلماي ماختىنىشى تۇرغان گەپ ...

ئويلاپ باقساق، ساناپ كەلسەك بىزدە ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى بىلەن ئىجادكارنىڭ قىسمىتىنىڭ تەتۈرلىكىگە ئائىت مىساللار ساماندەك. بەلكىم مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ جەھەتتىكى ئەڭ تىپىك مىسال بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شائىرلىرىمىز ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بىزگە مەخسۇس رۇبائىيلار توپلىمىنى تەقدىم قىلسا، بىز ھەسەت قىلىپ، رەزىللىك بىلەن «ياخشى رۇبائىدىن ئادەم ئۆمرىدە پەقەت بىر نەچچىنىلا يازالايدۇ» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ كەم سۇندۇردۇق. «قاتلام نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويسا، ئىلمى رەددىيە بېرەلمەستىن، بۇ نەزەرىيىنى چەت ئەللىكلەر بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان، دەپ گەپ تارقاتتۇق. تارىخ، پەلسەپە، ئىستىتىكا تەتقىقاتى ۋە شېئىر-نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ توم-توم كىتابلارنى يېزىپ بەرسە، خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا «بۇ ئادەم ھەممە ساھەگە ئېسىلىۋالماي بىرلا ئىشنى قىلسا بولاتتى» دەپ ئەخمەقلەرچە ئەقىل كۆرسەتتۇق. ئويۇن تاماشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مىللەت ئۈچۈن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا «ئادەم بولغاندىن كېيىن توي-تۆكۈنلەرگە بارمىسا بولامدۇ؟» دەپ، ئۇنى ئەيىپلەپ ئۆزىمىزنىڭ كۆڭۈلنى ھارام ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىماي ھاماقەتلەرنى كۈشكۈرتۈپ ئۇنى ئالدى-كەينىدىن ھاقارەتلىگۈزدۇق. ئۆزىمىزنىڭ بىرەر نەشرىيات ياكى گېزىت ژۇرنالدا تېگىپ قالغان چۈمۈچىنىڭ سېپىچىلىك ھوقۇقىمىزنى ئۇنىڭ ئالىملىقىدىن ئالىي بىلىپ، بىزگە يېلىنمىغىچە ئەسەرلىرىنى يېقىن يولاتمىدۇق. ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ كىچە-كۈندۈز پۈچىلىندىغان ئەۋلىيا-ئەزىملەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، شۇلارنىڭ نەزىرىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن، بۇ ئالىمنى قاغىدەك چوقۇدۇق. جەمئىيەتتە بىرەر يامان گەپ-سۆز تارقالسا، دەرھال ئۇنى شۇ ئىشنىڭ ئىگىسى قىلدۇق. ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى

بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدۇق. ئۇ ئوغلىنى ئۆيلىمەك بولۇپ، ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ باغاق تارقاتسا، بىز ئارقىدىن ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ «ئۇنىڭ تويىغا بارماڭلار» دەپ گەپ تارقاتتۇق. قان تۆكۈلۈپ قىينىلىپ ئەسەر يېزىپ مەتبۇئاتلارغا نەچچە ئون قېتىملاپ قاتراپ كىتاب چىقىرىپ ئازغىنا قەلەم ھەققىگە ئېرىشسە «شۇنچە قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇرۇپ بىرەر ئادەمنى چاقىرىپ مېھمان قىلايمۇ دېمەيدۇ» دەپ ھارام تامادا كۆپۈپ ئۇنى تىللىدۇق. ئۇ يازغان ئىلمى ئەسەرلەرنى نەچچە ئونىمىز بىرلەشسەكمۇ يازالمايدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنى سۆكتۇق، «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقى تەتقىقاتچىنىڭ بۇرچى» دەپ ماقالا يېزىپ بىزگە خانىقا ئىشىدا ساخاۋەتچى بولۇۋېلىپ مۇرىت تۇپلاپ ئىلىم ساھەسىگە نومۇس كەلتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ ئالىملىرىمىزغا باش بولىۋالغان بىر ئىلىم زومىگىرىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى تونۇپ بەرسە «ئاپىرىن» ئېيتماستىن، «بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلسا بولاتتى» دەپ ھەقنى سۆزلىگەن ئادەمنى ئەيىبلىدۇق. قارىغاندا ھەقىقەت بۇ مىللەتنىڭ زەئىپلەشكەن تېنىگە رىئاكسىيە بېرىدىغان ئوخشايدۇ. مۇناپىقنى ئەگىشتەر بىلىپ ياشاپ ئادەتلىنىپ قالغان بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىز ئاق-قارىنى ئارىلاشتۇرۇپ بىزنى ھەر كويلارغا سالىدىغان ئوخشايدۇ.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىندەك ئالىمدا ھەقىقەتنى تونۇيدىغان ئۆتكۈر كۆز، ئاقىل بىلەن نادانىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغان دىت بار ئىدى. شۇڭا ئۇ: «مىك توخۇنىڭ تاقىلىشى، سۇمرۇغ كەبى پەرۋاز ئەمەس. چۇرقىراپ سايراشلىرى بۇلبۇل كەبى ئاۋاز ئەمەس» دەپ غەزەل يېزىپ قىلمىش-ئەتمىشلىرىمىزگە مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى. بۇ بەختسىز، ئەمما ئۇلۇغ ئالىم ئاخىرى ئارىمىزدىن كەتتى. نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ قەلبىنى ھەسەت ئوتىدا كۆيدۈرگەن، نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېسىل ئەمگەكلىرى بىلەن كۈلدۈرگەن بۇ ئالىم تۇيۇقسىزلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى،خۇددى بىر قېتىم ماڭا «ئۆلۈم دېگەن ئۇ شۇنداق نېمە، ئەزرائىل كېلىدۇ، ئاپتوبۇسقا چىق دېگەندەك قىلىپلا، ئېلىپ كېتىدۇ» دېگىنىدەك غىپپىدە كېتىپ قالدى. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەزرائىل ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ «ئاپتوبۇس» قا تارتىپ چىققىچە، بىز بار كۈچىمىز بىلەن ئۇنى «ئاپتوبۇس» قا ئىتتەردۇق ... دەسسىگەن يېرىنى چوغ قىلىپ، يېگەن ئېشىنى زەھەر قىلىپ، كۆرگەن كۈننى ھارام قىلىپ، تۇغۇلغانىغا جاق تويغۇزۇپ ئۇ دۇنياغا ئۇزاتتۇق.

بىر تەڭدىشى يوق ئالىمىمىز ئۆلۈپ كەتسە بىز نېمە ئىش قىلدۇق؟ ھەر بايرام كەلسە يۈزلەپ شېئىر يازىدىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرەرسىمۇ مەرسىيە يازمىدىغۇ؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرىنى سېغىنىش كالىنى ساغقاندەك سېغىپ سەمرىگەن

تەتقىقاتچىلىرىمىز بىرەر ئەسلىمە يازمىدىغۇ؟ قىچىشقاقنىڭ دورىسىنى يىلىلاپ ئىپلان قىلىپ ھارمايدىغان رادىئو-تېلېۋىزورلىرىمىز بىرەر پارچىمۇ خەۋەر بەرمەيدىغۇ؟ بىر ئادەمنىڭ خىزمەت كىنىشكىسى يوقتۇپ كەتسە ئالاقانچىلىك يەرگە ئېلان بېرىدىغان «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» بارماقچىلىك يەرگە كاۋاك چالمىسى قاتارىدا كىچىككىنە بىر خەۋەر بېرىپ قويىدىغۇ؟ ئەجەبا بىزدە ئالىم شۇنچە كۆپمۇ؟ ئەتىۋارى يوقمۇ؟ بىر نازىر ئۆلۈپ كەتسە ئورنىغا مەن بار دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ چىقىدىغان ئادەمدىن كۆرمىگى چىقىدۇ، قېنى «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىملىق ئورنىغا مەن تەييار» دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىرەر ئەزىمەت بارمۇ؟ شۇ ھالىمىزغا ئاشۇ ئۇلۇغ ئالىمنى نېمانچە ھاقارەتلىگەندۇق؟ نېمانچە ئازابلىغاندۇق؟ بىزدەك ئەزىزلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغان ئادەمنى خارلايدىغان نادان خەلق باشقا جايلاردىن تېپىلمىسا كېرەك.

شۇ ھېكمەت، شۇ سىر ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئەيسا كىرىستقا مىخلانغاندا، مەنسۇر ھەللاجى، شاھ مەشرەپلەر دارغا ئېسىلغاندا، ئابدۇقادىر داموللا، تەۋپىق ئەپەندىلەر قان ئىچىگە غەرق بولغاندا ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ بەختسىز ئۆلۈمىدىن ئۆكۈنۈپ پۇشايمان قىلغان ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەلمىگەن خەلقنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىشىپ ھەسرەت چەككەن ...

پەلەك بىزنىمۇ ئەقلىنىڭ بۇرچىدا ياشتىپ باقار. ئاق-قارىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىنىۋالارمىز، بۇ بەختسىز ئالىمىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئۆزىگە خاس ئۇلۇغ مەنا بىلەن بىزنى ئەقىلگە ئۈندەيدىغان، نادانلىقتىن ئويغۇتىدىغان، قېرىنداشلارچە ئۆتۈشكە دالالەت قىلىدىغان خاسىيەتلىك كولدۇرما بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس!

مەنبە: ئىشچىلار ۋاقت گېزىتى 1995-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى

# بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟

## ئاپتور:يالقۇن روزى

دادىلار قەيسەرلىكتە، چىدام-جاسارەتتە، ئىلىم - ھۈنەردە، ۋاپادارلىقتا، ئەل - يۇرتقا ھىممەت كۆرستىشتە ... پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالىشى كېرەك.

«بالىلىرىمىز مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشلار ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا بىزگە مېھىر-شەپقەتنى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئاتىلار كېرەك ئەمەس، بەلكى ئۇنى يۈكسەك ئېتىقاد ئىستراتېگىيىسىگە ئايلاندۇرغان ئاتىلار كېرەك».

بۇ بىر ئابزاس سۆز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2004 - يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىزگە قانداق ئاتىلار كېرەك؟» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىر -ىدىكى كەسكىن خىتابى. مېنىڭچە، سۆيۈملۈك ئاتىلىرىمىزغا قىلىنغان بۇ خىتاب يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قەدىرلىك دادىلارغىمۇ ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ! مەن ئاشۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىپ قالدىم.

لۇشۈن ئەپەندى 1920-يىللىرى «بىز ھازىر قانداق دادا بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەينى يىللاردىكى جۇڭگولۇق دادىلار توغرىسىدا ئۆتكۈر تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنىكەن. شۇ يىللاردا جۇڭگو زىيالىيلىرى «يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى»نى قوزغاپ، مىللىي ئويغىنىش دولقۇنىنى ئەۋج ئالدۇرغان. مىللىي خورلۇقنى يەتكۈچە تارتقان جۇڭگو زىيالىيلىرى غەزەپ - نەپرەتكە تولغان كۆزىنى ئۆزلىرىنى قاتمۇقات مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان جاھانگىرلارغا، تەسلىمچى ھۆكۈمەتكە، ھوقۇقپەرەس مۇستەبىتلەرگە تىكىش بىلەن بىرگە، مەھكۇملۇققا كۆنۈككۈپ كەتكەن جاسارەتسىز دادىلارغىمۇ تىككەن. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە دادىلارنىڭ ئوبرازى ئاساسەن دېگۈدەك سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلىپ ئۆتكۈر ئىبارىلەر بىلەن تەنقىدلەنگەن. ئەدەبىي تەنقىدچىلەر «يوللارغا ئەسكى دادا توشۇپ كەتتى» دەپ ئېيتىشقان. شۇڭىمۇ بەزى ئەربابلار بۇ يىللارنى جۇڭگو تارىخىد

ـ ىكى «دادىنى دۇمبالاش» يىللىرى دەپ ئاتاشقان.

شۇبھىسىزكى، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ كېلەچەك ـ ئىستىقبالى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلانغاندا، مەۋجۇت ھالىتىدىن ئۆكۈنۈپ قانائەتسىزلىك ھېس قىلغاندا ۋە ئەند ـ ىشكە چۈمگەندە، تەبىئىي ھالدا كرىزىس ئېڭى كۈچىيىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزگە نېمە كېرەك؟ چىقىش يولى ـ تەرەققىيات يولى زادى قەيەردە؟ دېگەندەك نۇقتىلاردىن چىقىپ تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بايانىمىزدىكى «بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟»، «بىزگە قانداق دادىلار كېرەك؟» دېگەن تېمىلار ئۈستىدىكى ئويلىنىشلارمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بىلىپ تۇرۇپتىمىز: نۆۋەتتە، خەلقىمىز مەۋجۇت بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئەنئەنە ۋە مىللىي خاسلىقنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە قاتمۇقات خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. گەرچە پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدا تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە كۆرۈلۈۋاتقان كەسكىن رىقابەت ۋە خىرىس ھەممە مىللەتكە ئوخشاش بولسىمۇ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى مەلۇم جەھەتلەردە يەنىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر ئەڭ مۇھىمى ۋە خەۋپلىك بولۇۋاتقىنى ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىكى يىمىر ـ ىلىشتۇر. بۇنى«بىز دۇچ كېلىۋاتقان بارلىق خىرىسلار ئىچىدىكى ئەڭ زور خىرىس» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر بەلكىم، «ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلە»دەپ ئويلىشى مۇمكىن. توغرا، ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىد ـ ىشىپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن ئەللەردىكى كىشىلەردىمۇ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ ئەخلاق كرىزىسى مەسىلىسى تەرەققىي تاپقان ۋە تەرەققىي تاپمىغان بارلىق ئەل خەلقلىرى ئۈچۈن ئورتاق مەسىلە بولۇپ قالدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما مەن بىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە يىمىرىلىشىمىز باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچىرەك، دەپ قارايمەن. سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ كىشىنىڭ زوقى كېلىدىغان ھەققانىيەت، گۈزەللىك، مەردانىلىك، ئوچۇق ـ يورۇقلۇق، باتۇرلۇق، مېھرىبانلىق بۇيۇك ھېسابلىنىدىغان نوپۇزلۇق ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز قاياقلاردىندۇر يوقتۇرۇۋېلىنغان چاكىنا ئەخلاق قاراشلار تەرىپىدىن يەكلەنمەكتە، بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلانماقتا. قارايدىغان بولسىڭىز پارىخور ئەمەلدارلارنىڭمۇ، خۇشامەتچى جان باقتىلار ـ نىڭمۇ، نومۇسسىز ئېپىيەت سودىگەرلىرىنىڭمۇ، ھارام تاماق ھۇرۇنلارنىڭمۇ، ئەيتاۋۇر، خروئېن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭمۇ... ئۆزى ئۈچۈن توغرا ھېسابلىنىدىغان

بىر تالاي ئەخلاق سەپسەتىلىرى بار. ئۇلار بۇ خىل بىر تەرەپلىمە، چاكىنا، كۆلكىلىك ئەخلاق سەپسەتىلىرىنى ھېيقماستىن سۆزلەپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنداقلاردا نە گۇناھ تۇيغۇسى، نە ۋىجدانىي ئازاب تۇيغۇسى، نە نومۇس تۇيغۇسى يوق. ئۇلار ئۆز قىلمىش - ئەتمىشلىرىدىن ماختانسا ماختىنىدۇكى، قىلچىمۇ ئۆكۈنمەيدۇ، ئەپسۇسلانمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى ئۇزۇن، گەپ - سۆزى ياڭراق، يۈرۈش - تۇرۇشى شۇنچە كۆرەڭ؟ سەۋەبى، ئۇلار نوپۇزلۇق ئەخلاق - پەزىلەت ئۆلچەملىرىنىڭ چەكلىمىسىنى دېيەرلىك ھېس قىلمىغان، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ كۈچىنى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن. شۇڭا، ئۆزلىرى كېتىۋاتقان يولنىڭ نومۇسسىز يول ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماق تۇگۇل، ئەكسىچە ئۇنى جاھاندارچىلىقنىڭ شەرەپلىك يولى، دەپ بىلىدۇ. ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىزنىڭ بۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب مېنىڭچە، بىزنىڭ ئايرىم ساندىكى دادىلىرىمىزدا. بىزنىڭ ھازىرقى دادىلىرىمىز ئۆتكەن ئەسىردىكى 50 ـ، 60 ـ، 70 ـ يىللاردا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ «ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى» بەكرەك تەكىتلىنىپ، «ھەق-ناھەق تۇيغۇسىغا ئىگە، مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسى روشەن، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ھالال بىلەن ھارامغا بولغان مۇئامىلىسى سەزگۈر ئادەملەردىن بولۇشنى تەكىتلەش » كە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. بۇ دادىلار ئارقا - ئارقىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە ئەخلاق جەھەتتە زورۇر بولغان تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئالىيجاناب پەزىلەت گۈللىرىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىشقا، ئۇلارنىڭ قەلبىدە نوپۇزلۇق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىگەن. پەقەت، قانداق قىلىپ تىرىشىپ ئوقۇپ ياكى تىرىشىپ ئىشلەپ ياخشى كۈن كەچۈرۈش توغرىسىدىلا گەپ - سۆز قىلالىغان. نەتىجىدە ماددىي مەنپەئەتكە سەزگۈر قىلىپ ئادەتلەندۈرۈلگەن بۇ پەرزەنتلەردىن مال - دۇنيانى، ھوقۇق - ئىمتىيازنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن، ھەرقانداق بولمىغۇر ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن يانمايدىغان بىر تۈركۈم مەخلۇقلارمۇ يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئېرىشكەن نەرسىلىرىدىن ماختاندى، ھۇزۇرلاندى. ۋەھالەنكى، قۇربان قىلىنغان ئادىمىيلىكلىرىدىن قىلچىمۇ ئەپسۇسلانمىدى، ھەتتا مەھرۇم بولغان ئادىمىيلىكنى بىلىشكىمۇ قادىر بولالمىدى. ئادىمىيلىكىدىن بارغانسېرى ياتلىشىپ كەتكەن بۇ ئەۋلادتىن ئىلگىرىكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئەۋلاد بارلىققا كەلدى(بۇ يەردە بىز ھەممىنى قارا - قويۇق بىر تاياقتا ھەيدىمەيمىز. ھەممىلا ئادەمنى ئەخلاقتا يارىماس دېگەننىمۇ تەرغىب

قىلمايمىز، ئەلۋەتتە).

ئادەتتە، داددلار ئائىلىۋى ئەخلاقنىڭ ھامىيلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا ئائىلە ئەزالىرىنى ئەخلاق جەھەتتە راۋۇرۇس يېتەكلەش مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن؛ ئائىلىگە ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولۇش ۋەزىپىسى ئەجدادلاردىن مىراس قالغان. دېمىسمۇ بالىلارنىڭ قەلبىدە ئانىلار كۆيۈمچانلىقى بىلەن ئورۇن ئالسا، داددلار تەلەپچانلىقى بىلەن ئوبراز تىكلەيدۇ. دادا «ئۆز پادىلىرى»نى ھەر جەھەتتىن ياخشى ھىمايە قىلمىسا، تەبئىي ھالدا «پادىلىرى» بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىدۇ، بۆرىنىڭ ئۆڭكۆرىگە بىلىپ - بىلمەي ھەتتاكى ئۆزى خالاپ كىرىپ كېتىدۇ. مانا بۇ بارلىق پاجىئەنىڭ باشلىنىشى.

خوش، بىزنىڭ دادىلىرىمىز ئۆز «پادىسى»نى ھەر جەھەتتىن ھىمايىسىگە ئالالايدىغان ئەخلاق ساپاسىغا ئىگىمۇ - يوق؟ مەن ھازىرقى بىر قىسىم دادىلىرىمىزنىڭ يارامىلىق ئەۋلاد تەربىيىلەش، ئىغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، خەتەر ۋە قىينىچە -لىقلارغا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، قەيسەر ۋە چىداملىق بولۇش، ھالال مېھنەت بىلەن ياشاش جەھەتتە ئويناۋاتقان رولىغا، پاراستى ۋە دىيانىتىگە ئاپىرىن ئېيتىش بىلەن بىر چاغدا يەنە بىر قىسىم دادىلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساپاسىدىن گۇمانلىنىمەن. مەرد - مەردانە، جاسارەتلىك، غۇرۇرلۇق، نومۇسچان، چىداملىق، ئەركەكلەرگە خاس داددلارنىڭ سانى ئازلاپ «نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپى»گە دۇچ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ئەكسىچە، «ئۆيۈڭنىڭ دېرىزە پەردىسى چىرايلىقكەن» دەپ قويسا، ھەپتىلەپ خۇشال يۈرىدىغان خېنىم مىجەز داددلارنى؛ باشلىقى «ئايالىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سورىسا، باشلىقىم ماڭا ئامراق دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان يۈمشاقباش داددلارنى؛ يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ ياشاشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن لايغەزەل داددلارنى؛ ھىممەت - غەيرىتىگە تايانماستىن تەمەخورلۇق بىلەن ياشاشنى ئادەت قىلىۋالغان لالما مىجەز داددلارنى؛ ئەمەل - مەنسەپنىڭ سايىسىگە ئېرىشىپ قالسا چاي ئويناپ ھارمايدىغان پاخپاق داددلارنى؛ ئۆزى ئەركەك تۇرۇپ ئەرلەر بىلەن تانسا ئويناشنى نومۇس بىلمەيدىغان زەيپانە مىجەز داددلارنى؛ بىر بوتۇلكا بەدبۇي ھاراقنىڭ قۇلى بولۇپ، سورۇنمۇسورۇن سوكۇلداپ، تېتىقسىز يۈمۇرلارنى ئېيتىشىپ ھارمايدىغان ھاماقەت داددلارنى؛ لەۋزىدە تۇرمايدىغان، خىيانەتكارلىق، ساتقىنلىق، ساختىپەزلىك، سۇخەنچىلىكتەك پەسكەشلىكلەرنى جاھاندارچىلىق يولى قىلىۋالغان ئاتالمىش داددلارنى كۆپلەپ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، دادىلىرىمىزنىڭ ساپاسىدىن ئۈمىدۋار بولۇش مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق داددلار ئەۋلادلىرىنىڭ قىسمىتىنى قېيىن كۈنلەرگە قويمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇنداق داددلار ئۆز ئائىلىسىنى ئالىيجاناب ئەخلاق

ئۆلچەملىرى بىلەن تۇتۇپ تۇرالامدۇ؟

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنداق دادىلار بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىمىزنى بۇلغاپ، ئەۋلادلىرىنىڭ روھىنى كاردىن چىقىرىپ ئۇلارنى پاجىئەنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ.

ئەندى بۇنداق »دادا«لىق ئوبرازىمىزغا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىدىغان پەيت كەلدى. چۈنكى بىزنى مۆلچەرلىگۈسىز كېلەچەك كۈتۈپ تۇرماقتا.شۇڭا ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلەپ قويۇش كېرەك: دادىلار ــ مىللەتنىڭ تۈۋرۈكى، قول، قانىتى. دادىلارنىڭ ۋۇجۇدى ھەققانىيەت بىلەن، باتۇرلۇق بىلەن، چىۋەرلىك بىلەن، ئەقىل ۋە دىيانەت بىلەن تولۇشى كېرەككى، ئۇ يەردە دېلىغۇللۇق، مۇجمەللىك، پەمسىزلىك، بېلى بوشلۇق، ساداقەتسىزلىك، ھاماقەتلىك، ھۇرۇنلۇق ئىللەتلىرى بولماسلىقى كېرەك. دادىلار قەيسەرلىكتە، چىدام - جاسارەتتە، ئىلىم - ھۈنەردە، ۋاپادارلىقتا، ئەل - يۇرتقا ھىممەت كۆرسىتىشتە ... پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولالىشى كېرەك.

مۇشۇلارنى قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دادىلار ئۆزىمىزنى بىر قېتىم دەڭسەپ كۆرۈشىمىز ۋە ئۆزىمىزنى مۇكەممە ـللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

# بىزگە قانداق ئەۋلادلار كېرەك ؟

## « يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلەتەربىيىسى » ناملىق كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى ئويلار

**يالقۇن رۇزى**

بىز ھازىرغىچە خېلى كۆپ تېمىلار ھەققىدە ناھايىتى ھاياجان بىلەن پىكىر قىلدۇق. « بىزگە قانداق داددىلار كېرەك؟»، « بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟ »، « بىزگە قانداق ئارتىسلار كېرەك؟ »، « بىزگە قانداق زىيالىيلار كېرەك ؟ » ... بۇنداق ساناپ كەلسەك، بۇ تېما چەكسىز داۋاملىشى مۇمكىن، بىراق، مەن بۇ قېتىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان « يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلەتەربىيىسى» ناملىق كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، « بىزگە قانداق ئەۋلادلار كېرەك؟»، «بىزگە قانداق ئادەملەر كېرەك؟ »، « بىزگە قانداق ئادەم بولۇش يولى كېرەك؟ » دېگەن مەسلىگە قاراتقاندىلا، ئاندىن بىزگە ھەقىقىي لازىملىق بولغان يارامىلىق ئانا، يارامىلىق ئاتا، يارامىلىق شەھەر باشلىقى، يارامىلىق دوختۇر، مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى قاتارلىق كەلگۈسىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىلىرىغا ئىگە بولىدىكەنمىز دېگەن پىكىرگە كەلدىم. ئەگەر پەرزەنتلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ ئېسىل خاراكتېرلىك، ئەقىدىلىك، ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك ياشاش روھىغا باي، غۇرۇرلۇق، نومۇسلۇق ئادەم بولۇپ چىقمىسا، ئۇلار قۇرامىغا يېتىپ مەلۇم ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقاندا، بىر ئۆي بېشىغا كىيىلگەندە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا دەۋربۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۈيۈك ئىشلارنى قىلىپ، تىللاردا داستان بولغان تۆھپىكار ئەزىمەتلەر كىچىكىدىلا تەربىيە تاپقانلىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك زور قۇدرەتكە ئىگە بولۇشنىڭ ئاساسىنى قۇرالىغان.

بىز شۇنى ئېتىراپ قىلىمىزكى، ھەممە ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپادار، ئىقتىدارلىق، داڭلىق ئادەملەردىن بولۇپ جەمئىيەتكە ۋە ئائىلىسىگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، زىيانداش ئادەم بولۇپ قالماي، ئۆزىنىڭ

ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ھالال، پاك ياشىيالايدىغان، ئەلگە زىيان سالمايدىغان، ياخشى تەبىئەتلىك ئادەم بولسا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ. يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى» دە پەرزەنتلەرنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىز بولۇشىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئوينايدىغان ھەل قىلغۇچ رولىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئائىلىدىكى ئەر ـ ئاياللارنى پاكلىقى ۋە ساداقىتى ۋە ئۇنىڭ يارامىلىق ئەۋلادلارنىڭ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان رولى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرى ھەققەتەن ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. ئاپتورنىڭ ناپاك ئانىدىن ئەلگە ئاپەت بولىدىغان پەرزەنت دۇنياغا كېلىدۇ، پاك ئانىدىن ئىنسانىيەتنى نىجاتلىققا يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغ ئىنسانلار تۇغۇلىدۇ، دېگەن نوقتىدا كەلتۈرگەن تېپىك تارىخىي مىساللىرى ھەققەتەن ئوبيېكتىپ ھەققەتەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، ئۇلۇغ ئانىلار ئۇلۇغ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ چىقىدۇ، يارامسىز، زىياندىش، زەئىپ بالىلارنى تەربىيلىگەن ئانا ئۇلۇغلۇققا مۇناسىپ ئەمەس، بەلكى جىنايەتكار ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۈمىدى ۋە تەقدىرى ئەۋلادلارنىڭ قولىدا، ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى يەنە شۇ ئەۋلادلارنىڭ قولىدا. ھازىر نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ يارامسىز بولۇپ قېلىشىدىن نالە قىلماقتا. ھازىرقى بەزى ياشلاردا ھەققەتەن مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق، ئەقىدە ـ ئېتىقاد يوق. يەنە بەزىلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن زەئىپ، تۇتۇرۇقسىز، قورقۇنچاق، ئۈمىدسىز، بەزىلىرىنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشى ئېنىق ئەمەس، مەيدانى يوق، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ لىڭشىپ تۇرغان. بەزىلىرىدە ۋاپا، ساداقەت يوق، تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى بەزىلەردە ئەقەللىي بىر ئادىمىيلىك تۇيغۇ، ئادىمىيلىك ئىقتىدار ھازىر بولمىغان، بۇنداق بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟ ئۇلارنىڭ بىلىمسىز، نادان بولغانلىقى، ئەقلسىز بولغانلىقى ياكى نامرات بولغانلىقىمۇ ؟ ياق! بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى زەئىپ، تۇتۇرۇقسىز، تەبىئەتسىز ئادەم بولۇپ تەربىيلەنگەنلىكىدە.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى» دە ئاساسىي مەۋقەنى پەرزەنتلەرنى ئەقىدىلىك، خاراكتېرى يۈكسەك، تەبىئەتلىك ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشقا قاراتقان. بىز شۇنى بىلىمىزكى، ئەگەر «دۇنيانى قەھرىمانلار ياراتقان» دېگەن ھەققەتكە ئىشىنىدىغان بولساق، ئۇ قەھرىمانلار دەل يۈكسەك خاراكتېرلىك، ئەقىدىلىك ئەزىمەتلەر ئىدى. ئەگەر بىز دۇنياغا ئوت ياققان، ئىنسانىيەتكە،

دۆلەتكە، مىللەتكە ئېغىر ھاقارەتلەرنى كەلتۈرگەن، مىڭلىغان، مىليونلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ قانىغا غەرق بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان نەرسە شۇ نائەھلىلەر بىلىمسىز، ئەقىلسىز بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى خاراكتېرسىز، ئەقىدىسىز، تەبىئەتسىز نامەرد مەخلۇقلاردىن بولغانلىقى ئىدى. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەتنى ھالاكەتتىن قوغداپ قالىدىغان كىشىلەر بار دېيىلسە، ئۇلار دەل ئېسىل خاراكتېرلىك كىشىلەر بولىدۇ. ئىنسانىيەتكە ئاپەت كېلىش توغرا كەلسە، نادان كىشىلەردىن ئەمەس، خاراكتېرسىز ئادەملەردىن قورقۇش كېرەك. بىر مىللەتنىڭ ئارىسىدا خاراكتېرسىز ئادەملەر قانچىلىك كۆپەيسە، شۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەت شۇنچىلىك ئېغىرلىشىدۇ. خاراكتېرلىك ئەزىمەتلەر كۆپ بولغان مىللەت ھەرقانداق مۇشكۈللەكلەردىمۇ قەددىنى پۈكمەيدۇ. چۈنكى، ياخشى خاراكتېرلىك كىشىلەر ئۆزى مەنسۇپ بولغان جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانىدۇر، دېگەن ھېكمەت بار، خاراكتېرسىز ئادەملەر گەرچە ھەرقانچە ئالىم بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلاردىن مىللەتكە ئاپەت كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە بېرىدىغان تەلىم-تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىك، ياخشى تەبىئەتلىك ئادەم بولۇشىغا قارىتىشى كېرەك. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى» دە خاراكتېر تەربىيىسىنىڭ ئۆلگىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ناھايىتى كونكرېت ۋە كۆپ تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىش ھوقۇقى، ئىنسانىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ھوقۇقى ھەقىقىي يوسۇندا كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئادەم بالىسى ئۆچۈن بۇ دۇنيادا ئېرىشىش لازىم بولغان ئەڭ مۇھىم بەھرىمەنلىك مال-دۇنيا ئەمەس، ھوقۇق-ئىمتىيازمۇ ئەمەس. دۇنيانىڭ ھوزۇر-ھالاۋىتىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئادىمىيلىك ئىقتىدارىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرۇپ، ھاياتىدىن نىشان قالدۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەنمۇ، مال-دۇنيا بىلەنمۇ، ھوقۇق-ئىمتىياز بىلەنمۇ بۇ مەقسەتنىڭ ئورۇندىلىشى ناتايىن. چۈنكى، بەزى ئادەملەر ئوقۇپ، شۇ دەسمايىسىگە تايىنىپ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرسا، بەزى ئادەملەر ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇمايمۇ، ئەمەل-مەنسەپ تۇتمايمۇ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلەيدۇ، بەزى ئوقۇغان ئادەملەرمۇ، ئەمەل-مەنسەپ ئىگىلىرىمۇ، بايلارمۇ ئىنسانىي ئىقتىدارىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلدۇرالماي، قۇرۇق قول كېلىپ، قۇرۇق قول دۇنيادىن كېتىشى مۇمكىن، ھايات دېگەن بۇ تېپىلغۇسىز، قايتا كەلمەيدىغان ۋە كەينىگە قەتئىي يانمايدىغان پۇرسەت. شۇڭا، ھايات ئىنتايىن قىممەتلىك، ئۇنىڭ قىممىتى ھەم ئېرىشكىنى، ھەم بۇ دۇنياغا نېمىلەرنى كەلگەنلىكىدە. بەزى ئالىملار ئادەمنىڭ

قىممىتىنى نىيمىلەرگە ئېرىشكەنلىكى تەرەپتىن ئەمەس، نىيمىلەرنى قالدۇرغانلىقى بىلەن ئۆلچەيمىز دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېرىشىش ھەم بېرىش ئارقىلىق ئاندىن ئادەمنىڭ ھەقىقى قىممىتى رېئاللىشىدۇ. ئېرىشمەي تۇرۇپ نېمىگە ئاساسەن ھاياتقا بىر نەرسە بېرەلەيدۇ؟

بەزى ئادەملەر ئەپلەپ-سەپلەپ ئۈچ ۋاخ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئائىلىسىنىمۇ، بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىمۇ خۇرسەن قىلالماي بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ. ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان تېگىشلىك رىزقىدىن بەھرىمەن بولغۇدەك ئىقتىدارى بولمايدۇ، بەزىلەر بۇ دۇنيادىن ھارام يول بىلەن باشقىلارنىڭ خۇنى بەدىلىگە كۆپ ماددىي بايلىقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بەزىلەر بۇ دۇنياغا كۆپ نەرسە بېرەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۇنياغا يۈك بولمايدۇ. بىز ھەممە ئادەمنىڭ تۆھپىكار، ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ كېتىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايمىز. بۇمۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تەڭپۇڭلۇققا ئۇيغۇن ئەمەس. يارمۇھەممەت ئەپەندى بۇ نۇقتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانىي قىممەت ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ناھايىتى ئەتراپلىق شەرھلەپ: «بىلىش، تەربىيىلىنىش ۋە بىلدۈرۈش ھوقۇقى پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ھوقۇقلىرىنىڭ بىرى، ئەگەر پەرزەنتلەر تەربىيىلىنىش، بىلىش، بىلدۈرۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا، باشقا بارلىق بەھرىمەنلىك ھوقۇقلىرىدىن ھەم مەھرۇم بولىدۇ» دېگەن يەكۈنىنى چىقارغان.

ھەقىقەتەن ئىنسان بىلگۈچى ھەم بىلدۈرگۈچى، بۇ ئۇنىڭ ئالدىدىكى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، بىلىش ئارقىلىق ئادەم شۇنچە ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشىدۇ، بىلىش ئارقىلىق ھەم قۇدرەتلىك بولىدۇ. بىلىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بىلىشتىن مەھرۇم بولسا، ئادەمىيلىك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇنىڭدا بەختىمۇ، بەختسىزلىكىمۇ، ھەقىمۇ، ناھەقىمۇ، ياخشىنىمۇ، يامانىنىمۇ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. بۇ دۇنيا ئۇنداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ناھايىتى تار ۋە خۇنۇك كۆرۈنىدۇ، يولمۇ تار، مەنزىلمۇ قاراڭغۇ بولىدۇ. ئادەم قانچىلىك نەرسىنى كۆپ بىلسە شۇنچىلىك قۇدرەتلىك بولىدۇ. دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ يورۇيدۇ، يوللىرى راۋان، ئىستىقبالىمۇ پارلاق بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىزگە ئۆزىنى قاراڭغۇلۇققا پاتۇرغان، كۆزى پەردىلەنگەن پەرزەنتلەر ئەمەس، بەلكى نەزەر دائىرىسى كەڭ، يۈكسەك ئاڭغا ئىگە، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى يورۇتالىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويالىغان، ھاياتقا ھەم تەلەپچانلىق بىلەن قەدەم قويالايدىغان پەرزەنتلەر كېرەك.

قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى تەلىم-تەربىيە تەشەببۇسلىرىدا پەرزەنتلەرنى شۇكۇر-قانائەتلىك قىلىپ تەربىيەلەشكە كۆپرەك ئىشتىراك قىلىنغانىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش روھى خاتا، ئازغۇن، بۇرمىلانغان چۈشەنچىلەر بىلەن چۈشەپ قويۇلغانىدى، شۇڭىمۇ ئۇزاق ئەسىردىن بويان، بۇ ھالاكەت ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئازاد قىلالماي، قانائەت-قۇيرۇقى بوغقۇچلىنىپ كەلدى. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى» دە بۇ مەسىلىگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ تېمىنى ئەسلى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كۆز-قاراش بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ نۇقتىدا ئىنسان تەبىئىتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى، قانائەتسىزلىك بىلەن قانائەتنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭمۇ ناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ بەرگەن. يەنى، شەخسىي مەنپەئەت ۋە تۇرمۇشتا قانائەتچان بولۇش، نەپسانىيەتچى، قارا نىيەت بولماسلىق، ھاياتتا بولغان تەلەپچانلىقتا، ئالغا ئىنتىلىشتە، ئۇنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالىغا تاقىلىدىغان مەسىلىلەردە، بىلىمدە، ئەخلاق-پەزىلەتتە قانائەتسىز بولۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەقىقەتەن دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا كېلىشى قانائەتتىن ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىدىكى قانائەتسىزلىكتىن بارلىققا كەلدى. مەڭگۈ قانائەت قىلماسلىق، مەڭگۈ ئالغا ئىنتىلىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى. بۇ تەبىئىيلىك ئىنتايىن قىممەتلىك. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ. ئەگەر ئىنسانلاردا بۇنداق قانائەتسىزلىك بولمىغاندا، ئىپتىدائىي تاش قوراللار دەۋرىدىن ھازىرقى زامانىۋى دۇنياغا قانداق كېلەلەيتتى؟! قەدىمكىلەرنىڭ «ئۆلمەيدىغاندەك مېھنەت قىل، ھېلى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دېگەن ھېكمىتىمۇ قانائەت بىلەن قانائەتسىزلىكنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا، بىزگە ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بولغان، مەيدانى مۇستەھكەم، ئىرادىلىك، تەرەققىياتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى يۇقىرى، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتكىمۇ مەسئۇل بولالايدىغان، جەمئىيەتتىكى بۇلغىنىشلارنى سۈزۈلدۈرۈش ئۈچۈن جۈرئەتلىك بولغان قۇرغۇچىلار كېرەككى، ھاقارەت ئالدىدىمۇ، خورلۇق ۋە مەھرۇملۇق ئالدىدىمۇ، نادانلىق ۋە نامراتلىقتىمۇ، ئۆزى قولدىن بېرىپ قويغان قىممەتلىك ھوقۇق-مەنپەئەتلىرى ئۈچۈنمۇ پەرۋا قىلماي كۆزىگە ماسكا تارتىپ ئۆتۈۋېرىدىغان تىرىك ئۆلۈك پەرزەنتلەر كېرەك ئەمەس.

«بۇ دۇنيا مەنپەئەت دۇنياسى، بەھرىمەنلىك دۇنياسى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش دۇنياسى، بىز پەرزەنتلىرىمىزگە بۇ دۇنيا داستىخىنىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك

رىزقىنى تېپىپ يېيەلەيدىغان بەھرىمەنلىك ھوقۇقىنى قولغا بېرەيلى». بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاتا-ئانىلارغا قويغان قەتئىي تەلىپى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرنى بۇ دۇنيادا بەختلىك قىلىدىغان، ئۆزىنى ھەقىقىي ئادەمىيلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزەلەيدىغان تۆت مۇھىم تۈۋرۈكنى تىكلەپ بەرگەن. بىرى، ئىلىم-مەرىپەتلىك بولۇش؛ ئىككىنچىسى، ياخشى خاراكتېرلىك، ئەقىدىلىك بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، ئەقىللىق بولۇش؛ تۆتىنچىسى، پەزىلەتلىك بولۇش. بۇ تۆت ئامىل مۇجەسسەملەنگەندە، ئاندىن پەرزەنتلەر ھەقىقىي مەنىدىكى قۇدرەتلىك ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئۈچۈر بەرگەن. بىراق، ئاتا-ئانىلار شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى كېرەككى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بىز كۈتكەن ئىقتىدارى پەقەت ئەتراپلىق، كۆڭۈل قويۇپ، مەقسەتلىك، نىشانلىق ئىلمىي تەربىيلىشىمىز ئارقىلىق يېتىلىدۇ. مۇنتىزىم تەربىيگە ئىگە بولالمىغان پەرزەنتلەر ئائىلىسىگە، جەمئىيەتكە يۈك بولۇش ۋە ئەلگە زىياندا‌ش بولۇشتىن باشقا نېمىنى بېرەلىسۇن؟!

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ھازىرقى پەرزەنتلەرنىڭ يارامسىزلىقىدىن ئاغرىنماقتا. ئەگەر ئاغرىنىش توغرا كەلسە ئۆزىمىزدىن ئاغرىنايلى، ئەگەر بولمىسا يارمۇھەممەت ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابى بىلەن «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسى » دېگەن كىتابىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقساق، بىز باللارغا نېمىلەرنى بەرگەن، ئۇلارنى نېمىلەردىن مەھرۇم قىلغانلىقىمىزغا، پەرزەنتلىرىمىزدىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوقلۇقىغا قايىل بولماي قالمايمىز. بىزدە شۇنداق بىر ئومۇمىي كېسەللىك باركى، ئۆزىمىزگە ئەڭ لازىملىق نەرسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشكەندىن كېيىن قەدرىگە يەتمەيمىز.

پەرزەنت تەربىيىسىدە شۇنداق بىر قانۇنىيەتلىك باغلىنىش باركى، بىز پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق ھالەتتە كۆرۈشنى خالايدىكەنمىز، ئۆزىمىزگە شۇنداق بولۇش تەلىپىنى قويۇشىمىز كېرەك. ئۇلارغا بېرىشكە تېگىشلىك تەربىيلىنىش ھوقۇقىنى بەرمەي، ئۇلاردىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتسەك دۇرۇس بولامدۇ؟! يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزى بويىچە ئالغاندا، بۇ دۇنيا خۇددى تېرىلغۇ يەرگە ئوخشىشىدۇ، بىز نېمە تېرىغان بولساق، پەقەت شۇنداق ھوسۇل ئالىمىز. ئۇرۇن چاچماي تۇرۇپ ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلىش ئەخمانلىق بولمامدۇ؟ يارامىلىق پەرزەنتلەرنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن يارامىلىق ئاتا-ئانىلار بولۇشى كېرەك. ئۆزۈڭلارنى يارامىلىق ئاتا-ئانا قىلىپ، پەرزەنتلەرگە ھەقىقىي ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئەتراپلىق تەربىيلىنىشكىلارغا توغرا كېلىدۇ. بەزى ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقاندا، بىز ئاتا-ئانىلاردىنمۇ ئاغرىنالمايمىز،

چۈنكى سىلەرمۇ ئاتا-ئانائلار تەرپىدىن تەلەپكە لايىق، ئەتراپلىق تەربىيلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن ئەمەس، بۇنداق يېتەرسىزلىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق. مەن بىر كىشىگە بىر چاغدا « ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلسام، ئۇ « بىزنىمۇ ئاتا-ئانىمىز كىتاب ئوقۇماي تەربىيلەپتىكەنغۇ...» دېگەن جاۋابنى بەردى. مەن ئۇنىڭغا « ھايۋانمۇ كىتاب ئوقۇماي بالىنى ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا يېتەكلىيەلەيدۇ !» دەپ قىزىرىشىپ قالغانىدىم. بىزنىڭ باللىرىمىز ئادەم، بۇلارنى بېقىشنى بىلىپ، تەربىيلەشنى بىلمىسەك بولمايدۇ. شۇ قانۇنىيەتنى ئۇنتۇپ قالمايلىكى، « ھايۋان بالىسى تۇياقتىن سەمرىيدۇ، ئادەم بالىسى قۇلاقتىن». بىزگە تۇياقتىن سەمرىگەن باللار ئەمەس، بەلكى قۇلاقتىن سەمرىگەن باللار كېرەك.

# ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ سەككىز تۆھپىسى

ياڭقۇن روزى

بۇ يىل ئاتاقلىق كارخانىچى ، مائارىپچى، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ساخاۋەت ئىگىسى مۇساباييفلارلارنىڭ غۇلجىدا تۇنجى زامانىۋى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرىسى.

1909 ـ يىلى كۆز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى چىغ، شۈۋاقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇردىغان ئۇنۇمسىز يەرگە تالاي مۇشەققەتلەرنى يېگىپ ، يەتتە يىل ۋاقىت، ئۈچ يېرىم مىليون سوم سەرمايە سەرپ قىلىپ سېلىنغان << مۇسەنباي زاۋۇتى >> دىن ياڭرىغان سادا غۇلجا ئاسمىنىنى لەرزىگە سېلىپ ، يىراق ـ يىراقلارغا تارقىلىپ كەتتى . بۇ خاسىيەتلىك سادانىڭ لەرزىسى نەتىجىسىدە نەچچە ئەسىرلەردىن بىرى جاھالەت تۇتەكلىرى قاپلاپ كەلگەن تارىم ۋادىسىنىڭ ئاسمىنىدا نۇرانە يۇلتۇزلار چاراقلاشقا ، تەڭرىتاغ ئانىنىڭ گىگانت گەۋدىسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاشقا ، ئۇن ـ تىنسىز ئېقىپ كىلىۋاتقان ئىلى دەرياسى دولقۇنلاشقا ، غەربلەت ئۇيقۇسىدا پۇشۇلداپ ياتقان بۇ قەدىمىي تۇپراق ئاستا ـ ئاستا سىلكىنىشكە باشلىدى. بۇ ئاۋاز ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى يېڭى مەدىنىيەت ۋە يېڭى مائارىپ ھەركىتىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان خاسىيەتلىك ئاۋاز بولدى . ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا يېڭى مائارىپ ۋە يېڭى مەدىنىيەت ھەركىتى ئارقمۇ ـ ئارقا بارلىققا كەلدى . غۇلجا ،قەشقەر ، ئاتۇش، كۇچا ، كېرىيە ،قاغىلىق ، تۇرپان ، چۆچەك ، گۇچۇڭلاردا يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى . بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەر پەننىڭ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. تۇرپاندا پاختا زاۋۇدى يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرۇلدى.

كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدىكى ، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار بۇ زاۋۇتنى قۇرۇش ئارقىلىق تارىخىمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش ياسىدى ، يېڭى تارىخ ياراتتى . ئۇلار بۇ زاۋۇتنى ھۆكۈمەتنىڭ سانائەتلەشتۈرۈش پىلانىدىن ئىبغىز ئاچقىلى بولمايدىغان زاماندا رۇياپقا

چىقاردى . ئۇ چاغدا يىگىدىن گۈللىنىۋاتقان خۇسۇسىي كارخانىلارنى يۆلەش ، ئوتتۇرا ، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مالىيەسىنى كاپالەتلەندۈرۈش ، ئۇلارنى قۇرۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش دېگەندەكلەردىن ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى . ئۆزىنىڭ تۈرلۈك مەسىلەرنى ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان مۆكەممەل بولمىغان بىر جەمىيەتتە بۇنداق بىر زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى ، بۇنداق بىر يىگى كارخانىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۆجىزە ھىساپلىناتتى . گەرچە زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مىللىي ئىگىلىك كۆپ مەنبەلىششكە ئاساس سالغىلى بولمىسمۇ ، ئەمما بۇ يىڭى ھادىسە تېخىمۇ كۆپ كارخانىلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولماي قالمايتتى . مىللىي كارخانىلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى ، مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەبىئىي ھالدا مىللىي بۇرژۇئازىيە قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ، يەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ، باشقۇرغۇچىلار ۋە زىيالىلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەپ بولاتتى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمىيەتنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغان ، سىياسىي تەپەككۇرى يېتىلگەن ، مىللىي ئىگى ئويغانغان كىشىلەر توپى شەكىللىنەتتى . شۇڭا ، ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىنى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەھمىيىتى ئەڭ زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مۇشۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا بۇ خاسىيەتلىك ۋەقەنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەش تامامەن زۆرۈر. بىز ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇش جەريانىنى قىسقىچە ئەسلەپ چىقىدىغان بولساق ، بۇ ھەقتىكى تونۇشىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىششى مۇمكىن.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئانا دىيارىمىز شىنجاڭ يەنىلا ئىنتايىن قالاق ھالەتتە ئىدى . بىرەر زاۋۇت ، بىرەر مەكتەپ ، بىرەر دۇختۇرخانە ، ياكى بىرەر گېزىت ژۇرنال يوق ئىدى . كىشىلەر ئات ، تۆگە ، قېچىر ، ئۆكۈز ، ۋە ئېشەكنى قاتناش قورالى قىلاتتى ، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىمۇ ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ تاماملايتتى. قارا قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە سۇماي بىلەن ياندۇرۇلىدىغان قارا چىراق پىلىلدىتىپ، تۆگمەس ھىكايە ـ چۆچەكنى ئېيتىپ زېرىكىشلىرنى بىسساتتى .

ئەكسىچە شۇ يىللاردا باشقا ئەللەر ، بولۇپمۇ ياۋرۇپا دۆلەتلىرى بەس ـ بەستە سانائەتلىشىپ كۈنسايىن تېز تەرەققىي قىلماقتا ئىدى . زاۋۇت ـ فابرىكىلار ، ماشىنا ـ پاراخۇتلار ، مەكتەپ دۇختۇرخانىلار ، گېزىت ـ ژۇرناللار ، راديو ـ پاتىفۇنلار ، ئېلېكتىر چىراقلار ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ ، خەلق تۇرمۇشىدا مىسلىسىز قولايلىقلارنى ياراتماقتا .

شۇ يىللىرى بىر قىسىم ئۇيغۇر بايلىرى تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ تۇراتتى . ئۇلار ئۆزگە ئەللەرنىڭ گۈللەپ ـ ياشناۋاتقان مەنزىرىسىنى كۆرگەندە ، ئۆنى ئۆز يۇرتىنىڭ ئېچىنىشلىق رېئاللىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ئىچئىچىدىن ئۆرتىنەتتى ، شۇلار ئارىسىدا رۇسىيەلىك سودىگەرلەر بىلەن كۆپ سودا قىلىپ << مۇساباييېفلار >> دەپ تونۇلغان ھۈسەنباي ۋە باۋدۇنباي ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار تولىمۇ غەيرەت ـ جاسارەتلىك ، پەم ـ پاراسەتلىك، ئىنساپ ـ دىيانەتلىك كىشلەر بولۇپ دادىسى مۇسا باينىڭ ياخشى تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەندى . مۇسا باي ئوغۇللىرىگە دائىم << پۇلنىڭ غوجىسى بولماي ، بىلىمنىڭ غوجىسى بولۇڭلار >> دەپ نەسىھەت قىلاتتى.شۇڭا ، ئۇلار ئانا دىيارنىڭ ياۋرۇپادەك تەرەققىي قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى . ھەمىشە بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى !

1903 ـ يىلى ھۈسەنباي تەكلىپكە بىنائەن مۇسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يەرمەنكىگە قاتناشقىلى بارىدۇ . ئۇ يەرمەنكىدە ياۋرۇپالىق سودىگەرلەرنىڭ خىلمۇ ـ خىل سانائەت ماللىرىغا ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ چىققان ئاددىي ، قالاق ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن يەرلىك ماللىرىنى سېلىشتۇرۇپ مەيۈسلىنىدۇ .

يەرمەنكە تۈگىگەندە ئۇ گېرمانىيە ، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بىرىپ بىر نەچچە ئاي تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ زاۋۇت ـ فابرىكىلىرىنى ،مەكتەپ ، دوختۇرخانىلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن زاۋۇت قۇرۇپ ، سانائەتنى ئىگىلەش زۆرۈرلىكىنى ، سانائەتنىڭ بىر دۆلەتنىڭ ، بىر مىللەتنىڭ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ . ئۇ گېرمانىيەدىكى << مىيۇنخېن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى >> نى تەكشۈرگىلى بارغاندا ، دىرېكتورغا مۇشۇنداق بىر زاۋۇت قۇرۇش خىيالى بارلىقىنى ئېيتىدۇ .

ـ قەيەردە قۇرىسىز ؟ ـ دەپ سورايدۇ دىرېكتور .

ـ ئىلىدا، ـ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ ھۈسەنباي .

دىررېكتور دەرھال تامغا ئېسىقلىق دۇنيا خەرىتىسىگە قاراپ ، بېشىنى چايقىغان ھالدا :

ـ ئارىلىق بەك يىراق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆز يول يوق ، زاۋۇتنىڭ ئۈسكىنىلىرى ئېغىر ، ئۇلارنى پەقەت پويىز ،پاراخوت بىلەنلا يۆتكىگىلى بولىدۇ . سىلەردە يول يوق ، ئىنژېنېر يوق ،تېخىمۇ مۇھىمى توك يوق . ئېلېكتىر ئىستانسىسى يوق يەرگە بۇنداق چوڭ زاۋۇت قۇرۇش خام خىيال ـ دەيدۇ .

ھۈسەنباي ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەت ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ . كۆتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ . ئاخىرى كۆن ـ خۇرۇم

زاۋۇدى بىلەن ئاياق كىيىم زاۋۇتىنى ھەم بىر گېنېراتورنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ . تۇختام تۈزىدىغان چاغدا قارشى تەرەپ << قولىڭىزدە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىسى ياكى چەت ئەلدە شىركىتىڭىز يوق ئىكەن ، تۇختاملىششقا سالاھىيىتىڭىز توشمايدىكەن >> دەپ تۇختاملىششقا ئۇنىمايدۇ . ئاسان بەل قويىۋەتمەيدىغان ھوسەنباي بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ ۋە ئامال قىلىپ ئىستانبۇل شەھرىدىن باغداتقا بارىدىغان تۆمۈريولنى ياساشنى ھۆددىگە ئالغان گېرمانىيە تۆمۈريول شىركىتىنىڭ 400مىڭ تىللالىق پاي چېكىنى سېتىۋېلىپ ، بۇ شىركەتنىڭ پايچېكلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ تۇختام تۈزۈش سالاھىيىتىنى ھازىرلايدۇ ھەمدە 500 مىڭ تىللا پۇلنى زاۋۇت ئۈچۈن زاكالەت قويۇپ يۇرتىغا قايتىدۇ .

ئۇ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئىنىسى باۋۇدۇنباينى غۇلجىغا چاقىرتىپ : ـ ئىنىم سەن چەتئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر . مەن گېرمانىيىلىكلەر بىلەن زاۋۇت سېتىۋېلىشى تۇختاملىشىپ كەلدىم . سەن دەرھال گېرمانىيىگە بېرىپ زاۋۇتنى ئېلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىل . رۇسىيە تەۋەلىكىدىن ئۆتىدىغان گەپ ،رۇسلارنىڭ پەيلىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ـ دەيدۇ . باۋۇدۇنباي تەمكىنلىك بىلەن :

ـ زاۋۇت قۇرۇش خەلققە پايدىسى تېگىدىغان چوڭ ئىش . زاۋۇت قۇردۇق دىگەن گەپ تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ قۇرمساق بولمايدۇ ، دىگەن گەپ. دېمەك ، ھەم سانائەت بىلەن ھەم مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ يولىغا ئاتلىنىپتۇق . بۇ ئىشنىڭ جاپاسى قانچىلىك بولسا بولسۇن ، بولدى ، مەن ئۈستىمگە ئالدىم . مۇشۇ ھەپتىلا يولغا چىقاي ـ دەيدۇ .

1904 ـ يىلى قار لەپىلدەپ يىغىپ تۇرغان بىر كۈنى باۋۇدۇنباي << گېرمانىيە سانائەت شىركىتى>> نىڭ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كېلىدۇ . پاينەكباش لىدىر ئۇيلىمىغان يەردىن :

ـ ئەپەندىم ،قول ئاستىمىزدىكى زاۋۇتلار ئۇقۇشماي ئاكىڭىزدىن زاكالەت پۇلى ئېلىپ قويۇپتۇ . قانۇنۇنىمىزدا << دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ دۆلەتنىڭ تۈۋرۈك سانائەتلىرىنى چەتئەللەرگە ، قوشنا دۆلەتلەرگە سېتىپ بېرىشكە ، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ، ياساپ بېرىشقا بولمايدۇ>> دەپ بەلگىلەنگەن . شۇڭا زاكالەت پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرمىز ـ دەيدۇ . باۋۇدۇنباي چېچەنلىك بىلەن:

ـ گېرمانىيە قانۇنۇنىڭ كۈچى كۈچلۈك، ھۆرمەتلىك ئەپەندىم ، بىز قانۇن بويىچە تۇختاملاشقان، شۇڭا قانۇن بويىچە بولسۇن. بىز گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ياكى

بىخەتەرلىكىگە زىيان سالمايمىز .زاۋۇتنى قۇرۇش ، ئىشقا كىرىشتۈرۈش تېخنىكلارنى تەربىيەلەشكە يەنىلا يەنىلا گېرمانىيىلىكلەرنى تەكلىپ قىلىمىز ، ئەنسىرىشىڭلارنىڭ هاجىتى يوق ، ـ دەيدۇ .

ئىككى تەرەپ تەكرار سۆھبەتلىشىپ ، ئاخىر باۋدۇنبايىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ . لىدىر :

زاۋۇت قۇرۇش ئىشىڭىزغا بىز قوشۇلغان، ياردەم قىلغان بىلەن چارروسىيە هۆكۈمىتى زاۋۇت ئۈسكىنىلىرىنى روسىيە زېمىنى ئارقىلىق توشۇشۇڭلارغا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن ، ـ دەيدۇ . باۋدۇنباي :

ـ ئاكام گېرمانىيە تۆمۈر يۇلىنىڭ پايچىسى، شۇڭا ئۈسكىنىلەرنى ئومىسكى شەھىرىگە پويىزدا يەتكۈزۈپ بېرىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن ، ئۇلارشىركەت نامىدىن چارروسىيە بىلەن سۆزلىشىدۇ ـ دەيدۇ .

<< گېرمانىيە ساناھەت شىركىتى >> تۈختام بۆيىچە زاۋۇت ئۈسكىنىلىرىنى 1906 ـ يىلى پۈتكۈزۈپ بېرىدۇ . ئىككى يىلغا سوزۇلغان سۆھبەت ۋە تىرىشچانلىقلار ئۈنۈم بېرىدۇ .چارروسىيە هۆكۈمىتىمۇ ئۈسكىنىلەرنى ئۈچ ئاي ئىچىدە رۇسىيە زېمىنىدىن توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە قوشۇلىدۇ . بۇلىمسا مۇساپىرە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇدۇ . ئۈسكىنىلەر پويىزلاردىن قاتمۇ ـ قات ئۆتۈپ 15 كۈن بولغاندا روسىيىنىڭ ئومىسكى شەھىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ ئەمما هىلىگەر چارروسىيە هۆكۈمىتىنىڭ هەربىي ئەمەلدارلىرى پادىشاھ ئالىيلىرى ئىمزا قويغان ياكى باش قوماندان جاناپلىرى قول قويغان بۇيرۇق بولمىسا بولمايدۇ ، دەپ باۋدۇنبايىنىڭ قولىدىكى << چارروسىيە قاتناش ـ ترانسپورت شىركىتىنىڭ توختامنامىسى >> نى ۋە << چارروسىيە ساناھەت كومبىناتىنىڭ رۇخسەتنامىسىنى >> نى ئېتىراپ قىلمايدۇ .

قەيسەر، ئىرادىلىك ، تەدبىرلىك باۋدۇنباي روسىيە تەرەپنىڭ قەستىنى پەملەپ ، دەرھال پېتېربورگقا بېرىپ چەك سۆلالىسى كۆنسۇلىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ، 1881 ـ يىلى ئىمزالىغان << جوڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى >> دا بەلگىلەنگەن << جوڭگونىڭ چەتئەللەردىن ئىمپورت قىلىنغان ماللىرى چار روسىيە زېمىنى ئارقىلىق ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ >> دېگەن ماددىسى بۆيىچە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، رۇخسەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ .سۆزلىشىش نەتىجىسىدە ، چار روسىيە هۆكۈمىتى ئاخىرى نائىلاج ئالاھىدە رۇخسەتنامە يېزىپ بېرىدۇ .

ئۈسكىنىلەر ئومىنسكى شەھىرىدىن پاراخوتقا قاچىلىنىپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە تەرەپتىكى مۇھىم شەھىرى شەمەيگە

يەتكۈزىلىدۇ . شەمەيدىن ئىلغا يىقىن يەركەنت (ياركەت ) شەھىرىگە باردىغان 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپە ناھايىتى ئېگىز - پەس ، ئەگرى - توقاي بۇلغاچقا ، قاتناش قۇلايسىز ئىدى . ئېغىر ئۇسكىنىلەرنى باسقان چوڭ تىپتىكى ئاپتۇمۇبىللار بۇ يولدا ماڭالمايتتى . باۋدۇنباي ئېغىر ئۇسكىنىلەرنى يۆتكەشكە بۇلدىغان 50 نەچچە هارۋا ياستىدۇ . ئۇسكىنىلەرنى پەم بىلەن چۇۋۇپ ، هارۋىلارغا قاچىلاپ ، ئىككى يۇزگە ئات - ئۆكۈزنى هارۋىغا قىتىپ ،بىرەر يۇزدەك هارۋىكەش ۋە ياردەمچىنى يالالاپ ، يۇلغا چىقىدۇ .گېرمانىيەدىن بىللە كەلگەن 20 چە ھەمراھ بىلەن بىرەر يۇزدەك هارۋىكەشلەردىن تەشكىل تاپىقان بۇ زور كارۋان دالىلاردا تۇنەپ ، يامغۇر- يىشىن ، بۇران - چاپقۇنلاردا قىينىلىپ، ئوي - دۆڭ يەرلەرنى تۇزلەپ ، يۇل بويى نۇرغۇن ئورۇنغا كۆۋرۈك سىلىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق يۇل يۇرۇپ ،ملك بىر جاپادا يەركەنت شەھىرىگە يىتىپ بارىدۇ .

يەركەنت شەھرىدە ئۇلارنى غۇلجىدىن كەلگەن هۇسەنباي ، يەركەنت ۋالىسى قىزغىن كۈتىۋالىدۇ .

يەركەنت بىلەن غۇلجا شەھرى ئارلىقىدىكى 100 نەچچە كىلومېتىرلىق يول تولىمۇ ناچار ئىدى ، تويىلىق كاتاڭ هارۋا يولى ھەرقانداق هارۋىنىڭ جۇلىقىنى چىقىرۋېتەتتى . يەركەنت ۋالىسى خەلقنى بۇ يولنى تۇزلەپ ۋە كەڭەيتىپ ، ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ بۇ خەيرىلىك ئىشىغا ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ .مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەر بىرەر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلەپ قۇرغاسقىچە بۇلغان يولنى پۇتكىزىدۇ . قۇرغاس بىلەن غۇلجا ئارلىقىدىكى يولنى هۇسەنباي ئىلى دىھقانلىرىنى يالالاپ ئىشلىتىپ تۇزلەيدۇ .

1907 - يىلىنىڭ ئاخىرى زاۋۇت ئۇسكۇنىلىرى غۇلجا شەھرىگە تۇلۇق تۇشۇلۇپ بۇلىدۇ . ئىككى يىل ئۆتۈپ 1909 - يىلىنىڭ دەسلەپكى كۇز كۇنلىرى كەلگەندە زاۋۇت قۇرۇلۇشى پۇتۇپ ، 25 مىتىر ئىگىزلىكتىكى زاۋۇت تۇرخۇنى قەد كۆتۈرىدۇ . زامانىۋى << ئىلى كۇن - خۇرۇم زاۋۇتى>> رەسمىي ئىش باشلايدۇ . بىر يىلدىن ئوشۇق مەخسۇس تېخنكا تەربىيسى ئالغان 200 يىقىن ئۇيغۇر ئىشچى ئۇز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ ، 50 لامپۇچكا يۇرۇتۇلىدۇ ، سىخلار ئار تېلفۇن ئالاقىسى ئورنىتىلىدۇ ، نەپىس ئىشلەنگەن كۇن - خۇرۇملار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ، ۋاللىداپ تۇرۇدىغان سۇپەتلىك ، سىپتا خۇرۇم ئاياقلار بازارلارنى قاپلايدۇ . ئىلى خەلقى بۇ زاۋۇتنى << هۇسەنباينىڭ زاۋۇتى >> دەپ ئاتىشىدۇ . تەتقىقاتچىلارنىڭ يىزىشىچە ئاكا - ئۇكا مۇساباييېفلار قۇرغان بۇ كۇن - خۇرۇم زاۋۇتى 1906 - يىلى شاڭخەيدە ياپۇنلار قۇرغان

<< جاڭنەن << كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى>>دىن ئۆچ يىل كېيىن قۇرۇلغان . 1913ـ يىلى جوڭخۇا مىنگو ئۆزى قۇرغان 11 تېرە زاۋۇتىنىڭ ئومۇمى كاپىتالى 4 مىليون 608 مىڭ يۈەن بولۇپ ، <<هۆسەنباينىڭ زاۋۇتى>> نىڭ كاپىتالىدىن 1 مىليون يۈەنلا كۆپ بولغان . << هۆسەنباينىڭ زاۋۇتى >> ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن روسيەنىڭ پۇتكۇل .وتتۇرا ئاسيا رايۇنىنى ۋە مۇسكۋا ، پېتېربورگ قاتارلىق شەھەرلەرنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپ ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 10 نەچچە خىلغا يەتكەن .

شىنجاڭ سانائىتىنىڭ باشلامچىسى ، مىللىي كارخانىچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى شۇنىڭدىن كېيىن بىرنىڭ كەينىدىن بىرى بارلىققا كىلىدۇ . مەن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ تۆھپىسىنى بىرمۇ بىر ئەسلەپ چىقتىم كۆڭۈل ئاسمىنىمدا ئۇلارنىڭ خەلققە قوشقان سەككىز تۈرلۈك تۆھپىسى چاقنىدى .

بىرىنچى تۆھپىسى : زاۋۇت قۇرغانلىقى . يۇقۇردا ئۇنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتتۇم .

ئىككىنجى تۆھپىسى : چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەركىتى . ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 20 گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى روسيە ، تۈركىيە ، لىۋان قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتكەن . ئۇلار تۈرلۈك كەسىپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كىلىپ ئەينى دەۋردىكى ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىلار سۈپىتىدە ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان ئاكا۔ ئۇكامۇسابايېفلار قازا قىلغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ ياردىمىدە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئۇقۇغۇچىلار بولغان.

ئۈچۈنچى تۆھپىسى: يېڭىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى يولغا قويغانلىقى. ئاكا۔ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىپ شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ يىڭى مائارىپنى يولغا قويغانلىقى روشەن پاكىت بولسىمۇ لىكىن ، ئۇنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت. نىملا بولمىسۇن ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار ئۇيغۇر يىڭى مائارىپىنىڭ ئۇل سالغۇچىلىرى جاھالەتلىك يىللاردا مەرىپەت مەشئىلىنى باتۇرلۇق بىلەن يىلىنجاتقان قەيسەر ئەزىمەتلەر ھىساپلىنىدۇ .ئۇلار ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى 1920 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرغان بولۇپ بۇ مەكتەپ << روشدىيە مەكتەپ >> دەپ ئاتالغان .

تۆتىنچى تۆھپىسى: كەسىپ تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويغانلىقى. ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفالار سېتىۋالغان ئۆسكىنلىرى غۇلجىغا تولۇق توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار گېرمانىيىلىك ماكس ۋېنگېر دىگەن تېخنىكنى غۇلجىغا تەكلىپ قىلغان . ئۇ كەلگەندىن

كيين 1908 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرلىرى هازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئورنىدا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنى قۇرغان . زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىچى بولغان بىر يېرىم يىل ۋاقىتتا ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ، 500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيلىنىپ تېخنىك ، ماستېر ، توكچى ، باشقۇرغۇچى ، كاسسىر ، ئىشچى يېتىشتۈرۈلگەن . بۇلاردىن 200 نەپىرى زاۋۇتقا تاللانغان .

1912 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، زاۋۇت ئىشچىلىرى كۆپىيىپ ،500 دىن ئاشقان . شۇ چاغدا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار روسىيىنىڭ قازان شەھرىدىن خەلچە ئاپستەي قاتارلىق تۆت ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ، غۇلجىدا <<ئاياللار هۈنەر مەكتىپى >> دېگەن مەكتەپنى ئاچقان . بۇ مەكتەپكە ، مەدىنىيەت دەرسلىرىدىن تاشقىرى ، تىككۈچىلىك ، كېسىمچىلىك ، يۇڭ پوپايكا ، شارپا ، ياغلىق ، پەلەي توقۇش ، رېشىلىيە ئىشلەش ، كەشتىچىلىك قاتارلىق هۈنەرلەر ئۆگىتىلگەن. بۇ مەكتەپ 1950 ـ يىللىرى تاقىلىپ قالغانغا قەدەر ، ئون مىڭغا يېقىن ئايال هۈنەرۋەننى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن.

بەشىنچى تۆھپىسى : دارىلمۇئەللىمىن ( سىفەن )مەكتىپىنى قۇرغانلىقى . 1913 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ ئىنىسى ئوبۇلھەسەن مۇساباييېۋ هەج قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەككىگە بارىدۇ .قايتىشىدا ئاكىلىرىنىڭ تاپشۇرىقىغا ئاساسەن ئەھمەد كامال ئىسىملىك بىر مائارىپچىنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ . ئۇلار 1914 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاتۇشقا يېتىپ كېلىدۇ . باۋدۇنباي ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ قەشقەردە دارىمۇئەللىمىن قۇرماقچى بولىدۇ . لېكىن قەشقەر شەھىرىدىكى مۇتەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ . ئاخىر ئامال بولمىغاندا مەكتەپنى ئۈستىن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئاچىدۇ . مەكتەپكە قەشقەر ۋە ئاتۇش تەۋەسىدىن باشلانغۇچ تەربىيە كۆرگەن زېرەك ياشلاردىن 40 نەپىرى تاللىنىپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەربىيلىنىدۇ . ئۈستىن ئاتۇش خەلقى بۇ مەكتەپنى << هەببىزادە دارىمۇئەلىمىن >> دەپ ئاتايدۇ . چۈنكى ئەھمەد كامالنىڭ تولۇق ئىسمى هەببىزادە ئەھمەد كامال ئىدى . لېكىن بۇ مەكتەپنىڭ ئورىنبورگدا باستۇرۇلغان دەرسلىكلىرىنىڭ مۇقاۋىسىغا بولسا << قەشقەر دارلمۇئەلىمىنىنىڭ دەرسلىكى >> دەپ يېزىلىدۇ . ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى بۇ دارىمۇئەلىمىن تۈرلۈك قارشىلىقلار ئىچىدە داۋام قىلىپ ، ئىككى يىلدىن كيىن ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتكۈزۈش بىلەن تەڭ مەجبۇرىي تاقىلىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، بۇ مەكتەپتە تەربىيەللەنگەن ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ .

ئالتىنجى تۆھپىسى : كىنونى ئىلىپ كىرگەنلىكى . ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار گېرمانىيە تەرەپ بىلەن 19907 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە بولغان زاۋۇت قۇرۇلۇش جەريانىنى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلەپ بىرىشكە پۈتۈشكەندى .1912 ـ يىلى مەزكۇر زاۋۇت تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەتلىك فىلىم ۋە بىر دانە فىلىم قويۇش ئاپاراتى گېرمانىيە تەرەپتىن باۋدۇن مۇساباييفقا تاپشۇرۇلىدۇ . باۋدۇن مۇساباييف زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان بىر چاس فىلىمدىن باشقا يەنە ھەر خىل مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۆت چاس فىلىم ، بىر كىنو ئاپاراتىنى ئىلىپ تېخنىك خادىملار بىلەن بىللە قەشقەرگە قايتىپ كىلىدۇ . بۇ ھۆججەتلىك فىلىملەر ئاتۇشتا بىر نەچچە نۆۋەت قويۇلغاندىن كىيىن غۇلجىغا ئىلىپ چىقىلىپ غۇلجىدا ئاممىغا قويۇلۇپ بىرىلىدۇ . بۇ يىڭى مەدىنىيەت ھادىسىسى ئەينى ۋاقىتكى نادان ئاۋامنىڭ يەن ـ تېخنىكىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئىلىم ـ پەنگە بولغان ئىشتىياقىنى كۈچەيتىشتە موھىم رول ئوينايدۇ . :

يەتتىنچى تۆھپىسى :پوتبۇل ھەركىتىنى ئومۇملاشتۇرغانلىقى.ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقارغان تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى (شادى) شىنجاڭدا پۇتبۇل ھەركىتىنى تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلتۈرگەن ئەزىمەتلەر ھساپلىنىدۇ. '

تۇرسۇن ئەپەندى بىلەن ئابدۇراخمان ئەپەندى 1915 ـ يىلى چەتئەلدىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ،ۋەتەنگە قايتقاندىن كىيىن ، ئاتۇش ئىكساقتا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا پوتبول ھەركىتىنى ئومۇملاشتۇرغان .ئابدۇراخمان ئەپەندى 1920ـ يىلى غۇلجىدا روشىدىيە مەكتىۋىگە مۇدىر بولغاندا تۇنجى قىتىم غۇلجىدا پوتبۇل مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغان .تۇرسۇن ئەپەندى 1920ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كوماندا تەشكىللەپ،قەشقەردە ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن كوماندا بىلەن مۇسابىقە ئويناپ، غەلىبە قىلىپ ،پۈتۈن قەشقەرنى زىلزىلىگە سىلىۋەتكەن.

سەككىزىنچى تۆھپىسى: "مۇساباييفلار روھى "نى يارىتقانلىقى. ئاكا ـئۇكا مۇساباييفلار ،مۇساباييفلار جەمەتىنىڭ نامىنى مەشھۇر قىلىپلا قالماستىن ،بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سودا ـدانائەت، مەدەنىيەت، مۇئارىپ تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتتى.ئۇلار بۇ شانلىق سەھىپىنى نىمە بىلەن ياراتتى؟بۇ يەردە رول ئوينىغان مۇھىم ئامىل نىمە؟بەزىلەر بۇنى پۇل دەپ ئويلىشى مۇمكىن ،ھەقىقەتەن ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييفلار كاتتا بايلار،لىكىن ،ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەقەت ئاكا ـ ئۇكا

مۇساپايفلارلا كاتتا بايلاردىن بولغان ئەمەس. بايلىقتا ئۇلاردىن قىلىشمىغىدەك يەنە نۇرغۇن بايلار بولغان، لېكىن ئۇلاردا ئاكا ـ ئۇكا مۇساپايفلاردەك روھ بولمىغان. بولغان تەغدىردىمۇ يېتەرلىك بولمىغان. ئاكا ـ ئۇكا مۇساپايفلاردا ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشتەك قىممەتلىك روھ بار ئىدى. ئۇلار ياشاش ئۈچۈن تىنىمسىز كۆرەش قىلاتتى ئۇلاردا ئۆزىدىن ھالقىيدىغان جاسارەت بارئىدى.ئۇلارنىڭ ھاياتى يول ئېچىش، ئالغا ئىنتىلىش، ئۆزگىچە خاس يول تۇتۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھايات ئىدى.

ئۇلار كۆڭلىگە پۈكسەدەك ئارزۇ- ئارمانلارنى پۈككەن ھەم بۇ غايە ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن كۆرەش قىلغان ئىدى.ئۇلار خەلق ئۈچۈن ياشاشنى ھاياتىنىڭ مىزانى قىلغان ئىدى.ئۇلار يېڭىلىققا ،تەرەققىياتقا ئىنتىلغارلىققا ھېرىسمەن بولغان،جاھالەتكە ،نادانلىققا ،قالاقلىققا دۈشمەن بۇلغان ئىدى .ئۇلار نەزىرىنى دۇنياغا تىككەن ئىدى.ئۇلار ئىقتىسادنى تۆۋرۈك،مائارىپنى مەشئەل قىلغان ئىدى.مانا بۇ ئاكا ـ ئۇكا مۇساپايفلارنىڭ روھى! بۇ ئۇلاردىن ئەۋلادلارغا مىراس قالغان قىممەتلىك بايلىق !بىز ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان،روھتا تەربىيىلەشتە مانا مۇشۇ قىممەتلىك روھقا ھەر ۋاقىت مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز.

ئاكا ـ ئۇكا مۇساپايپلارنىڭ زاۋۇت قۇرغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرۇش كۈچەپ تەكتلىنىۋاتقان،زاۋۇت،كارخانىلارنى قۇرۇش ئەۋجىگە چىقىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك .بىز 2009 ـ يىلىدا بۇ توغرۇلۇق قانداق ئىجابى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىجتىمائى ھاياتىمىزدا قانچىلىك داغدۇغا پەيدا قىلالايمىز؟بۇ ھەممىمىزنىڭ ئەقىدىسى،چۈشىنىشى،پاراسىتى ۋە تىرىشچانلىقىغا باغلىق .

# ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى ئىجادىي پىكىرنىڭ سالمىقىدا

**يالقۇن روزى**

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەلەمكەشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئەدىب دەپ ھېسابلاۋەرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئەسەرلەرنى ياراتماي تۇرۇپ، ئەدىب دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەن يازغۇچى، شائىرلارغا ئوقۇرمەنلەر ئالاھىدە ئۈمىد باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭى - يېڭى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئاسمىنىنى بېزىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈنكىن، نۇرغۇن ئىجادىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى بولۇش سۈپىتى بىلەن تالاي ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدە ئەدىب دەپ تونۇلغان بەزى يازغۇچى، شائىرلار گاھىدا قاملاشمىغان سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايدىكەن. مەن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 15- يانۋار كۈندىكى سانىنىڭ «چولپان» بېتىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇۋېتىپ، توساتتىن بىر ئىشنى بايقاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. ئۆزۈمنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى شەكىللەنگەن گېزىتنى ئاخىرقى بېتىدىن باشلاپ ئوقۇيدىغان ئادىتىم بويىچە ئاۋۋال بۇ گېزىتنىڭ 6- بېتىدىكى سەلكىنىنىڭ «ئىلىم ئوغرىلىرىغا بىر قامچا» دېگەن تەنقىدىي ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. سەلكىن تەخەللۇسلۇق بۇ ئاپتورنىڭ كۆچۈرمىكەشلىكتىن ئىبارەت يامان ئىللەتنى پاكىتلىق، ئىلمىي، مۇۋاپىق تەنقىدلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەقلىق دەپ قاردىم. ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى «ئەجەبا بۇنداق ئەھۋالدا بىز كۆكسىمىزگە ... قىلغان غەش قىلىدىغان بۇنداق قىلمىشلارغا لام - جىم دېمەي سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېرىشىمىز كېرەكمۇ؟» دېگەن جۈملىلىرىگە ئۆزۈمچە، «ئەلۋەتتە سۈكۈت قىلماسلىق كېرەك» دەپ پىچىرلاپ ئاۋاز قوشۇپ قويدۇم. ئېغىزىمدىن سائەت چىقىپ كەتكەنىدەك مەزكۇر سان گېزىتنىڭ 4- بېتىدىكى يەنى «چولپان» بېتىدىكى مۇختەر بۇغرا ئىمزاسىدىكى «كۆي شېئىرلىرى» نى ئوقۇپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. كۆز ئالدىمدا بىر ھەۋەسكار قەلەمكەش

سادىر قىلغان سەۋەبلىك ئەمەس ، بەلكى بىرنەچچە شېئىر توپلىمىنىڭ ئاپتورى ، تېلېۋىزىيە قاناللىرى ئارقىلىق نامى كىشىلەرگە تونۇش بولۇپ كەتكەن بىر شائىرنىڭ كۆچۈرمىكەشلىكى ئايان بولۇپ تۇراتتى . كۆچۈرمىكەشلىك يامان ئىللەت دېگەن تونۇش ھەممىمىزگە ئورتاق ، بۇنىڭ قىلچە خاتاسى يوق .دېمەك ، كۆچۈرمىكەشلىككە قىلچمۇ يول يوق . داڭلىق شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ توغرۇلۇق بىر رۇبائىيسىدا مۇنداق يازغان :

ئۆتنە يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش،
بىلمىنى ئۆتنىگە ئالماق خار ئىش.
بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دېمەك،
ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر ئار ئىش.

مەن مۇختار بۇغرانىڭ ئەسەرلىرى بىلەن خېلىدىن بېرى تونۇش ئىدىم . « كىچىك بالا ئەمەسمەن » ، « سوۋغات » ، « تەكلىماكاندىكى چۆش » ، « كۆك بۆرە رىۋايىتى »، « دېرىزەڭنى ئېچىۋەت »، « خېتىڭنى كۈتسەم » ، « ئەۋلىيا دوستۇم » ، « مەن بىر ئوقيا » ، « ئادەم ۋە ئېشەك » ، « بىزنىڭ مەھەللە » ، « سائەت نۆلدە » دېگەندەك شېئىرلىرى مەندە ياخشى تەسىر قالدۇرغان . « سوۋغات » دېگەن شېئىرىدىكى:

بىر تال گۈل سورىساڭ بىر قۇچاق بېرەي ،
گۈلدەستە راستلىۋال چىمەنلەر ئارا .
چىمەنلەر ئىچىدە نازۇك چىمەن بار
ۋاپانى قەدىناس دوستۇڭدىن سورا .

دېگەن كۇبلېتنى بىر يېقىن دوستۇمنىڭ خاتىرىسىگە يېزىپمۇ قويغان ئىدىم . شائىر بۇغىدا ئابدۇللامۇ «شائىر مۇختار بۇغرا شېئىرلىرىدىكى ھالقىش» ناملىق قىسقا ماقالىسىدە ئۇنىڭ ئادەم بىلەن ئىشەكنى سېلىشتۇرۇپ ، ئېشەكنى ئۇلۇغلاپ « كارۋانلارغا باش بولۇپ كەلدى شۇ ئېشەك ، بوۋاڭغا يار- يۆلەك ، ئاتاڭغا ھەمراھ» دەپ يازغان شېئىرنى «قوۋۇرغىسى بار ئەسەر قاتارىدا ساناشقا بولىدۇ » دەپ ماختىغانىدى . شائىر مىرزاھىد كېرىمىمۇ ئۇنىڭ « ئاتا تەبىرى » ناملىق ناخشا تېكستىنى «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كېتىشىگە ئىشىنىمەن» دەپ

مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. دېمەك، مۇختار بۇغرا تونۇلۇۋاتقان شائىر ئىدى، پىشقەدەم شائىرلار ئۇمىد بىلەن قاراپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتقان شائىر ئىدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى قىلمىشى مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى .

ئۇ ئۆزىنىڭ«كۆي شېئىرلىرى» دېگەن نام ئاستىدا ئېلان قىلغان «بالام دەپ» دېگەن شېئىرى ئۆزبېكىستاننىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى كەڭ تارقالغان بىر ناخشىسىدىن كۆچۈرگەنىدى، ئۆزبېكىستانلىق ئۆزبېك ناخشىچى ئېيتقان ناخشىدا مۇنداق ئېيتىلغان :

بازارلەردىن سودا قىلدىم بالامگە دەپ ،
شېرىنگىنە ناۋات ئالدىم بالەمگە دەپ ،
گۆزەل گۆللۈك سەرپاي ئالدىم يارىمگە دەپ ،
مەن باغرىتاش نىمە ئالدىم ئانامگە دەپ ؟

مۇختار بۇغرا بۇ مىسرالارنى مۇنداق ئۆزگەرتىپ كۆچۈرگەن :

نىمە ئالدىم بازاردىن ،
مەن باغرىتاش ئاتام دەپ .
شىرىن مېۋە ئالمىدىم .
چامغۇر ــ كۆكۋاش ئانام دەپ.

ئۆزبېكىستانلىق ئۆزبېك ناخشىچىنىڭ ناخشىسىدا يەنە مۇنداق ئېيتىلغان :

ھەشەمەتلىك ئۆيلەر قۇردۇم بالام ئۇچۇن ،
دەبدەبىلىك تويلەر قىلدىم بالام ئۇچۇن ،
ئاياغ ــ ئاستى قويلار سويدۇم كىملەر ئۇچۇن ،
مەن ناتىۋان نىمە قىلدىم ئانام ئۇچۇن ؟

مۇختەر بۇغرا بۇ مىسرالارنى مۇنداق ئۆزگەرتىپ كۆچۈرگەن :

ئايدا ــ ئايدا بانكىغا

دوللار قويدۇم بالام دەپ.
كاتتا ـ كاتتا توي قىلىپ ،
قويلار سويدۇم بالام دەپ .

ئۆزبېكستانلىق ناخشىچى ئەجرا قىلغان بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىدە پىكىر مۇكەممەل، ھېسسىيات چوڭقۇر ئىدى . ئاپتور « مەن » نىڭ بالام دەپلا ياشىغانلىقىنى ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسى ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلاپ باقمىغانلىقىنى ناھايىتى ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئىپادىلىگەن . مۇختار بۇغرا « بالام دەپ » دېگەن بۇ كۆچۈرمىسىدە ئەسلىي شېئىردىكى پىكىرنىڭ مۇكەممەللىكىنى بەكلا ئاجىزلەشتۈرۈۋېتىپ ، ئەستىرى يوق چاپاندەك قىلىپ قويغان .

نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، باشقىلارنىڭ شېئىرىنى ئاندا ـ مۇندا ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش مۇختار بۇغرانىڭ « يورەك كاۋىپى » دېگەن شېئىرىدا«تەپمە ھالال كۆن كەچۆرەر شېئىرىم » دەپ يازغىنىدەك ، بىچارىلىكنى پەيدا قىلىدۇ ، خالاس .

مەن مۇختار بۇغرانىڭ باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىياتىدىن ئىلھاملىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ يازغان شېئىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم ، ئەمما ئۇنى پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ تەنقىدلەش زۆرۈر ئەمەس دەپ قارىغانىدىم . مەسىلەن : ئۇ « بالا بولاق تەس » دېگەن ناخشا تېكىستىنى مۇناكۇ جۇمھۇرىيىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋى چولپانلار سەنئەت كېچىلىكىدە 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئاق تەنلىك بالا ئوقۇغان ناخشىدىن ئۆزلەشتۈرگەن . «سالام ، تۆھپىكارلار»، «تېز تالاغا چىق ئاداش»، «خەلقىم ئامراق ناخشىغا» ، «سادىر پالۋان» ، «يۇلتۇزلار» ، « مەشرەپ» دېگەن شېئىرلىرىمۇ تەييار پىكىرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا يېزىلغان . ئەسلى مۇشۇنچىلىك دائىرىدە بولسا ،«خەير» دەپ چۈشىنىشكە ، شەرتلىك قوبۇل قىلىشقا بولاتتى. ئەمما «بالام دەپ» دېگەن ناخشا تېكىستىدە ئەھۋال باشقىچە بولغان . ناخشىچى ئابدۇرېشىت يۈسۈپ ئورۇندىغان «سېنىڭ كۆلكەڭ » ناملىق VCD پىلاستىنكىسىدا ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن خەلق ناخشىسى «ئانام قۇنخان، دادام كارۋان» نىڭ «شېئىرى مۇختار بۇغرانىڭ» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا «خاتا يېزىلىپ قالغان چېغى» دەپ ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن ئىدىم . بۇ قېتىمقى ئەھۋالدىن بايقالغاندىن كېيىن ، شائىر مۇختار بۇغرانىڭ كۆچۈرمىكەشلىكتىن ئىبارەت بۇ يامان ئىللەتنى خېلىلا يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى بىلدىم . ئۇ ئۆزىنىڭ « ئىلھام

پەيتلىرى » دېگەن شېئىرىدا «ماڭا ئاز بېرىلدى ئىلھام پەيتلىرى ، ياستۇقنىڭ يېرىمى بېرىلمىگەندەك» دەپ ئاغرىنىپ يازغانىدى .

ئىجادىيەت ئەخلاقىدىكى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ شۇكى ، شائىر ئىلھامى كەلمىسە ، ئىلھام پەيتلىرىگە ئېرىشەلمىسە كۆچۈرۈش يولى بىلەن ئەسەر يېزىش كويىدا بولماسلىقى كېرەك . مۇختار بۇغرا كىتابىدا « ھەقىقىي شائىر مۇدۇرىدۇ ، لېكىن مۆگدىمەيدۇ » دەپ يازغان ، شۇڭا بۇ قېتىمقى قاملاشمىغان قىلىق بۇ ياش شائىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق مۇدۇرۇشى بولۇشى مۇمكىن . بىر ئادەمنى غەپلەت بېسىپ ئۆز يولىدىن ئاداشقاندا ، نىشاننى خاتا تاللاپ ، خالتا كوچىغا كىرىپ كىتىۋاتقاندا ،«ئەنسىرىمەيمەن ئۆمرۈمدىن، قالماسمۇ بىر ئىز» دەپ نام ـ شۆھرەتنىڭ ئېزىقۇرۇشى بىلەن باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە قول ئۇزاتقاندا بىر چەتتە كارى بولماي قاراپ تۇرۇش ، مەسئۇلىيەتچان ئادەمنىڭ ئەخلاقى ئەمەس. بىرەر ئەدىبنىڭ مۇشۇنداق تۇيۇق يولغا مېڭىشىدا ئۆزىنىڭ قايمۇقۇپ قېلىشى، ئېزىپ قېلىش تۈپكى ئامىل بولسىمۇ ، يەنە باشقىلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ۋە ئېزىقتۇرۇشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك . بۇ ئەھۋال مۇختار بۇغرادا روشەن كۆرۈلدى . مۇختار بۇغرانىڭ بىرنەچچە شېئىرى بىرنەچچە قەلەمكەشلەر تەرىپىدىن زىيادە ھەم خاتا ماختىلىپ مۇختار بۇغرانى قايمۇقتۇردى ھەم ئۆزىنى خاتا مۆلچەرلەيدىغان ، بېسىم ھەس قىلىدىغان قىلىپ قويدى . خاتا مۆلچەرلەنگەندە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويماي چالا ـ بۇلا ئىجادىيەتلەرنىمۇ ئېلان قىلىۋېتىدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدى . بېسىم ھەس قىلغاندا باشقىلارنىڭ زىيادە كۆپتۈرۈپ ماختاشلىرىغا لايىقىدا جاۋاپ قايتۇرۇشقا ئالدىراپ ، ئۆزىنىڭكىگە باشقىلارنىڭكىنى قوشۇپ ئېلان قىلىۋېتىدىغان ئىجادىيەت ئەخلاقىغا خىلاپ قىلمىشنى سادىر قىلدى . يازغۇچى ، شائىرلار ئىچىدە خاراكتېرى ئاجىز بىر قىسىملىرى تەنقىدلەشكە بەرداشلىق بېرەلمەي ئىجادىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان ئەھۋالمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . يەنە ماختاشلاردىن خۇدىنى يوقىتىپ ئۆزىنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . مېنىڭچە مۇختار بۇغرا 2ـ خىل ئەھۋالغا مەنسۇپ بولسا كېرەك ، دەپ ئويلايمەن . بۇ مەسىلىلەر ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئەستايىدىلسىزلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ ، ياكى ياخشىچاق ئوبزورچىلارنىڭ قۇرۇقتىن قۇرۇق ماختاپ ، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئوبزورلارنى يازغانلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەيتاۋۇر پاكىت سۆپىتىدە سادىر بولۇپ ، كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ .

مۇختار بۇغرا ئۆزىنىڭ « شائىر ۋە بىز » دېگەن بىر شېئىرىدا مۇشۇنداق

مەسئۇلىيەتسىز ، تومتاق ، خاتا ، تېتەم ـ پەتە شېئىرلانى يازىدىغان شائىرلارنى تەنقىدلەپ ، مەسخىرە قىلىپ ، تۆۋەندىكىدەك مىسرالارنى يازغان ئىدى :

بال ـ ھەسەلدىن چىقارماق بولىمىز زەھەر ،
تىللىرىمىز ئەبجەشلەشكەن بەتتام شائىر بىز .
شۇنداق تۇرۇپ ،ئىگەر ئىگىز ، گەدەن قوتاندەك،
ئەل دېگەندەك «پەقەت بىرلا تاسقام شائىر»بىز .

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى ، ئۆزىنى تەنقىد قىلالىشى، بولۇپمۇ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشى ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن غالىب كېلەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . مەن مۇختار بۇغرا ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ ، ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ ، دەپ ئىشىنىمەن . ئەڭ مۇھىمى ياخشىچاق ئوبزورچىلارنىڭ كۆپتۇرۇپ ماختاشلىرىغا« راست ئوخشايدۇ » دەپ ئىشىنىپ قالماسلىقى كېرەك . مەسىلەن : «مۇختار بۇغرا شېئىرلىرى ھېسسىياتلىق، ساپ، ھېكمەتلىك بولۇپ، مەيلى ياشلار، چوڭلار بولسۇن ياكى باشقا مىللەتلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ» ، «مۇختەر بۇغرا شېئىرلىرىدىكى ساددا تۇيغۇ ۋە قوپال مەنا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك ئامىللارنىڭ تەشكىلى» ، «مۇختەر بۇغرا مول نەتىجىلەرگە ئېرىشۋاتقان تالانت ئىگىلىرىنىڭ بىرىدۇر» ، «مۇختەر بۇغرا تۇرمۇشقا ئۆتكۈر نەزەر تاشلىغان شائىر» ، «بىز مۇختەر بۇغرانى ئىجادىيەت ئارخىپىدىن ئابروييغا داغ كەلتۈرىدىغان يالغان ، قۇرۇق ، ئۆمرى قىسقا شېئىرلانى تاپقىلى بولمايدىغان ، ئىمانى پاكىز شائىر دەپ تەنتەنىلىك جاكارلايمىز»

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسئۇلىيەتسىز ، ياخشىچاق ، دەلتە ئوبزورچىلار ماختاپ قالسا ، مانا مۇشۇنداق ئاسمانغا چىقىرىپ ماختايدۇ . بىلىش كېرەككى، بىراۋنى ئۆزىدە يوق ئالاھىدىلىك، ئارتۇقچىلىق، خىسلەتلەر بىلەن ئاشۇرۇپ سۇپەتلەپ ماختاش ، دەل ئۇنىڭغا قىلىنغان زىيانكەشلىك!

# شەرقشۇناسلىق ھەققىدە ئەلى غوجاخۇن نېمە دەيدۇ؟

يالقۇن روزى

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 1-سانىدا مېنىڭ «شەرقشۇناسلىقنىڭ سەنىمگە دەسسەش» ناملىق ماقالەم ئېلان قىلىنغانىدى. مېنىڭچە بۇ ماقالەمدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتتۈق زىيالىيلارغا تونۇشلۇق بولغان «شەرقشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ چوڭ جەھەتتىن «غەرب كۈچلىرىنىڭ شەرقنى بويسۇندۇرۇش ۋە تالان - تاراج قىلىش مەقسىتىدىكى مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىلىم» ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە چوڭقۇر نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن يېپيېڭى بىر مەسىلىنى ئاشكارىلاپ بەرگەنلىكىدە دەپ قارايمەن. شۇڭا بۇ ماقالەم ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا، جۈملىدىن زىيالىيلار ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلالىدى.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 4- سانىدا ئەلى غوجاخۇننىڭ «رىستىنلا <شەرقشۇناسلىقنىڭ سەنىمگە دەسسەش> مۇ؟» ماۋزۇلۇق مۇنازىرە ماقالىسى ئېلان قىلىنىپتۇ. مۇنازىرە قىلىش ئىلمىي - پەن ساھەسىدىكى پىكىر تۇرغۇنلۇقىنى تۈگىتىپ، تەپەككۇرنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان ھەم مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەققەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىلمىي پائالىيەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا مۇنازىرىلىشىش زۆرۈر ھەم ئەھمىيەتلىك ئىش. بولۇپمۇ شەرقشۇناسلىقتەك مۇھىم تېمىلار مۇنازىرە قىلىپ، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈر ھەم تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. مەن بۇ نۇقتىدا ئەلى غوجاخۇننىڭ مۇنازىرە ماقالىسىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

لېكىن، مۇنازىرە قىلىش مۇنازىرە ئۈچۈنلا مۇنازىرە بولۇپ قالماسلىقى، مۇنازىرىلەشكۈچى لوگىكىلىق پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇشى، پىكىرلىرى ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى، مۇھاكىمىسى چوڭقۇر بولۇشى كېرەك. مۇنازىرە يۇقىرى سەۋىيەلىك دىيالوگ بولۇشى، مۇنازىرىلەشكۈچى ساددا، ساۋاتسىز خاراكتېرلىق چۈشەنچىلەرنى قارىشىم

بار دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ يۇرمەسلىكى، ئەڭ مۇھىمى خاتالىقى ئېنىق پاكىتلىق مەسىلە-لەردىمۇ سۇۋاقچىلىق قىلىپ گەپ ئوينىتىپ يۇرمەسلىكى كېرەك!

ئەلى غوجاخۇننىڭ مۇنازىرە ماقالىسىدا دەل مۇشۇنداق ئاجىزلىق ئاشكارىلانغان. مەن ماقالەمدە شەرقشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقستى توغرۇلۇق بىرقەدەر ئەتراپلىق توختىلىپ، بۇ پەن ۋە بۇ پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدە «ياۋروپانىڭ شەرق سىيا-ستى ۋە تاكتىكىسىنى ئىلمىي چۈشەنچە ئاساسىدا بېكىتىشكە» خىزمەت قىلغۇچىلار دەپ خاراكتېرلىگەن ئىدىم. مەن يەنە «غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدە قوللا-نغان قاتتىق ۋاستىلىرىنى زامانىنىڭ تەقەززاسىغا، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئىسلاھ قىلىشقا، يېڭىلاشقا توغرا كەلگەندىن كېيىن، بارا - بارا يۇمشاق ۋاستىلەر ئاساسىي ئورۇنغا چىقتى. كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك دەپ ئاتالغان بۇ دەۋردە شەرق-شۇناسلىق مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالىغا ئايلىنىپ قالدى» دەپ يازغا-ندىم. روشەنكى، بۇنداق باسقۇچلۇق چۈشەندۇرۇش ئىنتايىن مەنتىقىلىق ئىدى. ئەلى غوجاخۇننىڭ ماقالىسىدىن مەلۇم بولىدىكى شەرقشۇناسلىق ھەققىدە ئۇنىڭ باشقىچە قارىشى بار ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ماقالەمدىكى شەرقشۇناسلىق ھەققىدىكى پوزىتسىيەمنى پەقەتلا ياقتۇرماپتۇ. ھەتتا «ھەقىقەتەنمۇ شەرقشۇناسلىق بىر ئىلىم سۈپىتىدە ئۆز تارىخىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ساپ ئىلىمگە تەئەللۇق بەزى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان» دېگەن مۇئەييەنلەشتۇرۇش پىكرىمىگمۇ «ئومۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا (يالقۇن روزى) بۇ ئىلىمنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ باھا بېرىپتۇ. شۈبھىسىزكى چوڭ جەھەتتىن ئەيىپلەش ھەرگىزمۇ «پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش» قا باراۋەر ئەمەس. شۇڭا مۇنازىرىلەشكۈچى جەزمەن ئۇقۇمنىڭ لوگىكىلىق ھەجمىنى بىلىش كېرەك.

مېنىڭ شەرقشۇناسلىقنى ماھىيەت جەھەتتىن ھەم چوڭ جەھەتتىن سىياسىي ئىلىم ھېسابلىنىدۇ دېگەن تەنقىدىي پىكرىمنى «پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش» دەپ قارىغان ئەلى غوجاخۇن شەرقشۇناسلىقنى چوڭ جەھەتتىن ساپ ئىلىم دەپ ئاقلاش ئۈچۈن نىملەرنى دېگەنلىكىگە بىر نەزەر سېلىپ باقايلى. ئالدى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، مەن ئەلى غوجاخۇننىڭ «ئىلىم مەنسىدىكى» دېگەن خاتا سۆزىنى «ساپ ئىلىم» دېمەكچى بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىپ تۇردۇم.

ئەلى غوجاخۇن نېمە دەيدۇ، دېگەندە، «ئىلىم مەنىسىدىكى شەرقشۇناسلىق بىر خىل پەن، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى بولۇش

سۈپىتى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسەت، مەدەنىيەت زومىگەرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قورللا ئەمەس، بەلكى شەرق ئەللىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋىي قىممەتلىرىنىڭ غەرب ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قايتا ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئەلى غوجاخۇننىڭ «شەرقشۇناسلىق»نى «پايدىلىق»قىلىپ كۆرستىش ئۈچۈن، ئوتتۇرىغا قويغان بايانى ئىككى قانالامغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قاتلىمى: «ئىلىم مەنىسىدىكى شەرقشۇناسلىق بىر خىل پەن، بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، بىر خىل ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى» دېگەن ئۈچ جۈملىدىن ئىبارەت.

بىلىش كېرەككى، بۇ ئۈچ جۈملە بايان «شەرقشۇناسلىق» نى «پايدىلىق» قىلىپ كۆرستىشكە لوگىكا جەھەتتىن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ① «ئىلىم مەنىسىدىكى شەرقشۇناسلىق بىر خىل پەن» دېگەن جۈملىنى ئالساق، ئېنىقكى، پەن بولسىلا پايدىلىق ھېسابلىنىدىغان ئىش يوق. دۇنيادا مەنپەئەتلىك ئىلىم، پايدىسىز ئىلىم، زىيانلىق پەن، پايدىلىق پەن دېگەن ئۇقۇملارمۇ بار! يەنە بىر جەھەتتىن مەلۇم ئىلىم ياكى مەلۇم بىر پەننىڭ كىم ئۈچۈن پايدىلىق، كىم ئۈچۈن زىيانلىق بولۇش مەسىلىسمۇ بار!② شەرقشۇناسلىق بىر خىل تەپەككۇر شەكلى دېگەنلىك شەرقشۇناسلىق قانداقتۇ ئىجابىي مەنىگە ئىگە دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. دۇنيادا تەپەككۇر شەكىللىرى ساماندەك. بۇ خىل تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ مەقسىتى ۋە مەزمۇنى ھەر خىل. بىز مەلۇم تەپەككۇر شەكلىنى ئىلغار، توغرا، ئىلمىي، ھەققانىيەتكە ئۇيغۇن دېگەندەك نۇقتىلاردىن پەرقلەندۈرۈشنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.③ «ئىلمىي تەتقىقات ساھەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن» دېگەن جۈملىمۇ شەرقشۇناسلىقنىڭ پايدىلىق ياكى ھەققانىيلىقنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئادەم ئۆلتۈرىدىغان زەھەرلىك گازلارمۇ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىرغۇچى قوراللارمۇ، باشقا مىللەتلەرنى قۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدىغان چارە ـ تەدبىرلەرمۇ ئالدى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرىدە تەتقىق قىلىنىدۇ!

دېمەك، ئەلى غوجاخۇننىڭ شەرقشۇناسلىقنى «ئىجابىي تەرىپى كۆپ» ياكى ئاساسىي قىسمى «پايدىلىق» قىلىپ كۆرستىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ جۈملە بايانى مانا مۇشۇنداق لوگىكىغا سىغمايدىغان بايانلاردۇر!

ئەلى غوجاخۇننىڭ چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى: «شەرقشۇناسلىق غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسەت، مەدەنىيەت زومىگەرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قورللا ئەمەس، بەلكى شەرق ئەللىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى قىممەتلىرىنىڭ غەرب ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قايتا ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئىبارەت.

ئەلى غوجاخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن شەرقشۇناسلىقنىڭ زىيانلىق ۋە پايدىلىق ھېسا -بلىنىدىغان ئىككى تەرىپى بار، دېگەن مەنە چىقىدۇ. قارىماققا بۇ سۆزنىڭ خاتاسى يوقتەك، ئىلمىيدەك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى ئۈچ جۈملە «مەدھىيەسى» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «ئىجابىي تەرىپى» نى ئالاھىدە تەكىتلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلىنىڭ پرىنسىپال يېرى مانا مۇشۇ يەردە. مەلۇمكى، غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدا شەكىللەنگەن شەرقشۇنا -سلىق مەقسەت، مۇددىئا ۋە ماھىيەت جەھەتتىن غەربنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغانلىكەن، ئۇنىڭ «سەلبىي تەرىپى» ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شەرقشۇناسلىقنىڭ بۇ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەقستى ھازىرمۇ ئۆزگىرىپ باقمىدى. ئەمما ئۇنىڭ تاكتىكىسى كېيىنكى كۈنلەردە تەكشەلدى. مۇشۇنداق بولغاچقا تەتقىقاتچىلار كونا مۇستەملىكىچىلىكتىن پەرقلەندۈرۈپ، غەربنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە تۇتقان سىياستىنى «يېڭى مۇستەملىكىزم»، «كېيىنكى مۇستەملىك -چىلىك» ياكى «كېيىنكى مۇستەملىكىزم» دەپ خاراكتېرلىدى. «يېڭى مۇستەملىكىزم» توغرىسىدا «ئىمپېرىيە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرى ئانتونىيو نېگرى ( Antonio NeGri) بىلەن مىخائىل خاردىت (Michael Hardt) مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى مۇستەملىكىزم ئېخمۇ ئومۇمىيۈزلۈك، ئېخمۇ ئادەتتىكىلەشكەن ھەم ھەممە يەردە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئىمپېرىيە مەۋجۇتلۇقى.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، « يېڭى مۇستەملىكىزم» شارائىتىدا شەرقشۇناسلىق ئېخمۇ زور ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ دەپ ھېچ كىم ئېيتالمايدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق بۈگۈنكى كۈندە كونا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاپىرىدە بولغان ھەم شۇنىڭ قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان شەرقشۇناسلىقنى ئۆزىنىڭ تۈپ خاراكتېرىرىنى، ماھىيىتىنى ۋە نىشانىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، 3 ـ دۇنيا ئەللىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان «ساپ ئىلىم» ھالىتىگە كەلدى دەپ قاراش سىياسىي گۆدەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاددىيلا -شتۇرۇپ چۈشەندۈرگەندە «كونا مۇستەملىكىچىلىك» كاتەكلىرىڭىزدىكى توخۇ ۋە تۇخۇملىرىڭىزنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان بولسا، «يېڭى مۇستەملىكىچىلىك» توخۇلىر -ىڭىزنى ئۆزىڭىزگە باقتۇرۇپ، تۇخۇملىرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئالقىنىدا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ، سىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، تۇيدۇرمىغان ھالدا ئىشپىرىس بىلەن تۇخۇملىرىڭىزنىڭ جەۋھىرىنى سۈمۈرىۋالىدۇ. بۇ خۇددى جەنۇبىي ئافرىقىلىق مەشھۇر زات توتونىڭ گېپىگە ئوخشايدۇ. توتو ئاق تەنلىكلەر ئافرىقىغا ئاياغ باسقان چاغدا بىزگە «ئىنجىل» نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېچىنغان ھالدا سىلەر بەكمۇ قالاق، بەكمۇ ۋەيرانە ھالەتتە قاپسىلەر،

سىلەر ئالدى بىلەن كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ، قەلبىڭلارنى پەرۋەردىگارغا تاپشۇرۇڭلار، دەپ ئۆگەتكەن. كېيىن كۆزىمىزنى ئېچىپ قارىساق «ئىنجىل» بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتۈپ قاپتۇ. ئافرىقا ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قاپتۇ دېگەنىدى.

ئەلى غوجاخۇن شەرقشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەب توغرۇلۇق نېمە دەيدۇ؟ دېگەندە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەرقشۇناسلىق ئامېر ـ ىكىلىق ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ شەرق دەپ قارالغان رايونلاردىكى دۆلەت ھەم ئىنسانلار تۈپىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت، جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش داۋامىدا شەكىللەنگەن ئىلىم ... تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن ئايان بولۇشىچە، بۇ ئىلىمنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىقتىساد، سودا، سىياسىي، دىن، ئىلمىي ئىزدىنىش قاتارلىق كۆپ خىل ئامىل مەۋجۇت.»

ئەلى غوجاخۇننىڭ بۇ باياندىكى روشەن خاتالىق شۇكى، ئۇنىڭدا شەرقشۇنا ـ سلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئەڭ مۇھىم ئامىل بولغان مۇستەملىكىچىلىك تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسى بۇ يېمىرىلمەس تارىخىي ھەقىقەتكە كەيىنىي قىلىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، غەرب ئالىملىرىمۇ، شەرق ئالىملىرىمۇ شەرقشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلنى مۇستەملىكىچىلىكتىن ئايرىپ قارىمايدۇ. ئەلى غوجاخۇننىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ ئامىلدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى لوگىكىغا زىت. مەنتىقىلىق پىكىر قىلىشنى ئادەت قىلغان ئادەم ھەرگىز بۇنداق پىكىر قىلمايدۇ. شەرقشۇناسلىققا ئامراقلىق قىلىش تارىخىي چىنلىققا زىت بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

شۇنى بىلىش كېرەككى شەرقشۇناسلىق غەربنىڭ مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدە، مۇستەملىكە ئېھتىياجى سەۋەبىدىنلا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇستەملە ـ كىچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئايرىپ قاراش، ئەخمەقلىق. ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا ساپ ئىلىم تۇسىدىكى بىر قىسىم ئىلمىي نەتىجىلەرنىڭ بارلىققا كەلگە ـ نلىكى ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

شەرقشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى توغرۇلۇق يۇقىرىقىدەك تارىخىي ھەقىقەتكە پۈتۈنلەي مۇخالىپ چۈشەنچە بەرگەن ئەلى غوجاخۇن ماقالىسىنىڭ كەينىدىرەك، ئۆز ـ ىنىڭ پىكىر ئىزچىللىقىغا ئەمەل قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، يەنە مۇشۇ توغرۇلۇق «ياۋروپا، ئامېرىكا شەرقشۇناسلىرى نېمە ئۈچۈن شەرقنى شۇ قەدەر قىزىقىپ تەتقىق قىلىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، بۇنى «تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆزىتىشىگە قارىغاندا، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دىن تارقىتىش، مۇستەملىكە قىلىش، سودا ـ ئىقتىساد،

شەرقنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ۋە ساپ ئىلمنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بىرقانچە تەرەپتىن ئىكەنلىكى مەلۇم» دەپ ئىزاھلايدۇ. «تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆزىتىشىگە قارىغاندا»، «ئىكەنلىكى مەلۇم» دېگەن ئىلىمان سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ بۇ قاراشقا قوشۇلمايدىغان مەۋقەسى چىقىپ تۇرسىمۇ، ھەر ھالدا ئەلى غوجاخۇننىڭ بۇ ئىزاھاتى يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشىدىن سەل پەرقلىنىدۇ. يەنى «مۇستەملىكە قىلىش» دېگەن مەزمۇن قوشۇلغان. بىراق بۇ مەزمۇن يەنىلا شەرقشۇنا ـ سلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنمىغان.

قىسقىسى، ئەلى غوجاخۇن شەرقشۇناسلىقنى چوڭ جەھەتتىن «ساپ ئىلىم» دېگەن مۇددىئاسىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، ماقالىسىنىڭ كۆپلىگەن جايىدا ساپ مەنىدىكى شەرقشۇناسلىقنى «كۆپ قىسىم»، سىياسىي مەنىدىكى شەرقشۇناسلىقنى «بىر قىسىم» دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. ئەنگلىيەنىڭ «قۇياش پاتماس ئىمپېرىيە» دەپ تەرىپلىنىشۋاتقان مەزگىللىرىدە، يەنى مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيمىچىلىكى چېكىگە يەتكەن مەزگىللىرىدە باش ۋەزىر بولغان بىنجامىن دىسلىرنىڭ «شەرق – بىر خىل تىرىكچىلىك يولى» يەنى ياۋروپا ئۈچۈن ئېيتقاندا شەرق ئەللىرى تالان ـ تاراج قىلىپ بايلىق توپلاشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ماكانى دېگەن مەنىدىكى سۆزىنى غەلىتە چۈشەندۈرۈپ «كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ سۆز ساپ ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن ئېيتىلغان ئەمەس» دەپ چۈشەندۈرگەن. دۇنياۋى بىر چوڭ ئىمپېر ـ يىيەنىڭ ئىرادىسىگە ۋە مۇددىئاسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سۆزنىڭ نەقەدەر كۆپ تارماقتا چېتىلىدىغان ۋە نەقەدەر كەڭ دائىرىنى قاپلايدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئەلى غوجاخۇن تېخى ئۇ چاغلاردا ئاندا ـ مۇندا باش كۆتۈرۈۋاتقان ساپ مەنىدىكى شەرقشۇ ـ ناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ، شەرق خەلقلىرىنى قان يىغلاتقان يۇقىرىقى سۆزنىڭ جىنايى دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنغان. ئەلى غوجاخۇننىڭ بۇ خىل چۈشەندۈرۈشىدىن كېلىپ چىقىدىغان يەكۈن نېمە بولىدۇ، دېگەندە، «كۆپ قىسمى» پايدىلىق بولغان شەرقشۇناسلىق بىلەن بىنجامىن دىسلىر ـ نىڭ يۇقىرىقى گېپىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق! دېگەنلىك بولىدۇ. ئەلى غوجاخۇن بىنجامىن دىسلىر مۇشۇ گەپنى قىلغاندا ساپ ئىلىم مەنىسىدىكى شەرقشۇناسلارنىڭ سانىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى، بۇ خىلدىكى ئالىملارنىڭ سانىنىڭ 20 ـ ئەسىردە ئاندىن ئاۋۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

ئەلى غوجاخۇن شەرقشۇناسلىقنى چوڭ جەھەتتىن ئاقلاپ كېلىپ «ساپ ئىلمىي خاھىشتىكى شەرقشۇناسلارنىڭ ساپاسى ئىنتايىن يۇقىرى، سانى خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى

مەلۇم» دەپ يازىدۇ. قىلغۇاتقان گېپىنىڭ ئاساسى بار-يوقلۇقى ئۈستىدە ئويلانمايدىغان ئەلى غوجاخۇن ئۆلارنىڭ ئىنسانىي ساپاسى يۇقىرىمۇ ياكى كەسپىي ساپاسىمۇ دېگەنلەرنى پەرقلەندۈرمەستىن ھەم «سانىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم» دېگەن تەخمىن گەپنى نېمە بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتماستىن مۆجمەل بايان بىلەن بولدى قىلىدۇ. بىلىش كېرەككى كەسپىي ساپاسى يۇقىرى بەزى ئادەملەرنىڭ ھەق - ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇشى ناتايىن. شەرقشۇناسلارنىڭ ئىچىدە ئىدىيەسى زەھەرخەندىلىك بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئەمما ئۆز كەسپىدە ۋايىغا يەتكەن تەتقىقاتچىلار ئاز ئەمەس.

ئەلى غوجاخۇن «شەرقشۇناسلىق» نى چوڭ جەھەتتىن پايدىلىق كۆرستىش ئۈچۈن يەنە نېمە دەيدۇ؟ دېگەندە، مۇنداق دەيدۇ:

«شەرقشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ پەننى ئىلىم نۇقتىسىدىن ئەمەس، سىياسىي زوراۋانلىق، مەدەنىيەت مۇستەملىكىسى نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىدىغانلار ئاساسلىقى يېقىنقى زامان تارىخىدا غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچراپ باققان مىسىر، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش، لىۋىيە، سۈرىيە، ئىران، ھىندىستان، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە بۇ ئەللەردىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆز تارىخىدىكى ئازامسىز كەچمىشلەرنىڭ دەردىنى غەربنىڭ ئۆزىدىن ئالالمىغاچقا، غەربنىڭ قۇچىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن <شەرقشۇناسلىق> تىن ئىبارەت بۇ ساھەدىن ئالغان. بۇ تىپىك غەربتىن قىيداش، پاسسىپ ئۆچ ئېلىش پىسخىكىسى بولۇپ، <ئېشەككە كۈچى يەتمىسە، ئۇ توقۇمنى> دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

ئەلى غوجاخۇننىڭ بۇ ئەخمىقانە تەھلىلى ۋە نادانلارچە يەكۈنى بويىچە بولغاندا، شەرقشۇناسلىقنىڭ ماھىيىتىنى مۇستەملىكىچىلىككە باغلاپ چۈشىنىش غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچراپ باققان دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم قىيىدىغاق، چىدىماس ئالىملارنىڭ قارىشىكەن. مۇشۇ بويىچە بولغاندا ھازىر دۇنيادا نوپوزلۇق ھېسابلىنىۋاتقان كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەرىيەسى تەتقىقاتچىلىرىدىن ئىدۋارد سەئىد، خومى بابا، سپىۋاك، ستارت خاللى، روبېرت يوڭ، ئائىجاز ئەھمەد، زىيائىددىن ساردىر قاتارلىقلار غەربكە ياكى ئېنىقراقى شەرقشۇناسلىققا ۋە شەرقشۇناسلارغا تۆھمەت قىلغۇاتقان تۆھمەتچى ئالىملار ھېسابلىنىدۇ. مەسىلىگە مۇشۇنداق بىمەنە نەزەر بىلەن قارىغان ھەم قارىغۇلارچە يەكۈن چىقارغان ئەلى خوجاخۇنغا «سۇمۇرغ ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ تەكلىپلىك ئاپتورى چېن ئەنىنىڭ «ئامېرىكا زىيالىيلىرى – ئامېرىكا جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن مۇتەپەككۇرلار» دېگەن كىتابىنىڭ 217 - بېتىدە

ئېدۋارد سەئىدنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ «ئۇ بۇگۈنكى دۇنيادىكى مەشھۇر ئالىمغا ۋە دۇنيا زىيالىيلىرىنىڭ ۋىجدانىغا ئايلىنىپ قالدى» دېگەن باھاسىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەلى غوجاخۇننىڭ يۇقىرىقى تەھلىلى ئۇنىڭ «شەرقشۇناسلىق» قا چېتىلىدىغان ھەرقانداق مۇنازىرىدە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقىغا يارىمايدىغان دەرىجىدە تۆۋەن سەۋىيەلىك كۆزەتكۈچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تولۇق يېتىدۇ. مەن ئەلى غوجاخۇننىڭ بۇ ئەخمىقانە تەھلىلىنى ۋە نادانلارچە يەكۈننى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مۇنازىرە قىلىشقا پەقەت شەرتى توشمايدىغانلىقىنى ھەم ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسامۇ، ئەمما، شەرقشۇناسلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتى ھەققىدە كۆپلىگەن زىيالىيلىرىمىزنىڭمۇ چۈشەنچىسى تايىنلىق ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ يەنىلا رەددىيە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئەلى غوجاخۇننىڭ شەرقشۇناسلىقنى ئىلىم نۇقتىسىدىن ئەمەس، سىياسي زورا -ۋانلىق، مەدەنىيەت مۇستەملىكىسى نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىدىغانلار يېقىنقى زامان تارىخىدا غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچراپ باققان يۇقىرىقى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقا -تچىلىرى، دەپ چۈشىنىشى تولىمۇ بىلىمسىزلىك.

بۇنداق بىمەنە چۈشەندۈرۈشتىن يەنە قانداق يەكۈن چىقىدۇ، دېگەندە «يېقىنقى زامان تارىخىدا غەربنىڭ زۇلۇمىغا ئەمەس مانجۇلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان بىزدەك مىللەتلەر شەرقشۇناسلىقنى سىياسىي نۇقتىدىن ئەمەس، ساپ ئىلىم نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم» دېگەن يەكۈن چىقىدۇ. چۈنكى بىز غەربنىڭ مۇستەملىك -سىگە ۋە شەرقشۇناسلىقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ئىكەنمىز. بۇ نۇقتىدا ئېلى غوجاخۇن يەنە «باشقىلارنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزىمىزنىڭكىدەك ھېس قىلىپ، ئەندىكىپ كېتىشنىڭ ھازىرچە ھاجىتى يوق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. قارىغاندا ۋاقتى كەلگەندە ئەلى غوجاخۇن بىزگە «ئەندىكىپ كېتىشنىڭ ئەمدى ھاجىتى بار» دەپ يوليورۇق بېرىدىغان ئوخشايدۇ. بىز شۇ چاغدا ئاندىن غەرىبكە، شەرقشۇناسلىققا سىياسىي نۇقتىدىن قارىساق توغرا بولىدىكەن.

مۇنازىرىدە يۇقىرى سەۋىيەلىك دىيالوگ شەكىللەندۈرمەي، تۆۋەن سەۋىيەلىك ۋارى-ۋارى پەيدا قىلىدىغان بۇنداق ئىچى كاۋاك مۇنازىرىچىگە بېرىدىغان رەددىيە -منى مەن تۆۋەندىكى ئون سوئال ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىمەن.

① رۇسىيەنىڭ شەرقشۇناسلىقى بىر پۈتۈن شەرقشۇناسلىق كاتېگورىيەسىگە كىرە -مدۇ، كىرمەمدۇ؟ ناۋادا «كىرىدۇ» دەپ قارالسا، ئۇنداقتا، رۇسىيەنىڭ شەرقشۇناسلىقى

نېمە مەقسەتتە شەكىللەنگەن؟ چارروُسىيە ئۆز شەرقشۇناسلىرىنىڭ تۈركىي خەلقلەر جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلىنىپ تۈركىي خەلقلەرگە جۇملىدىن ئۇيغۇرلارغا قانداق زۇلۇم كۆرسەتكەن ھەم قانداق سىياسىي تەدبىرلەرنى چىقارغان؟

② ئۇيغۇرلارنىڭ 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىردىكى تەقدىرىگە پىچىم كېسىلىدىغان ھالقىلىق پەيتلىرىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق قارارلارنى چىقارغانمۇ ياكى زىيانلىق قارارلارنى چىقارغانمۇ؟

③ شەرقشۇناسلار شىنجاڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي قىممەتلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەنمۇ ياكى ئۆز مەقسەتلىرىنى ئالىي نىشان قىلىپ كەلگەنمۇ؟

④ مۇستەملىكە بىۋاستە ھالەتتىلا بولامدۇ ياكى ۋاستىلىق ھالەتتىمۇ بولامدۇ؟

⑤ مۇستەملىكە قاتتىق ۋاستىلەردىنلا تەركىپ تاپامدۇ ياكى يۇمشاق ۋاستىلەر ـدىنمۇ تەركىپ تاپامدۇ؟

⑥ غەربنىڭ نەزىرىدە ئۆزى بىۋاستە مۇستەملىكە قىلىپ باققان دۆلەت ۋە رايونلارلا شەرق ھېسابلىنامدۇ ياكى پۈتكۈل شەرق ئەللىرى شەرق ھېسابلىنامدۇ؟

⑦شەرقشۇناسلىق پەقەت غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچراپ باققان دۆلەتلەر ـدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدىلا سىياسىي مەنىدىكى ئىلىممۇ ياكى مەسىلىلەرگە ھەققەتەن نەزەرى بىلەن قارايدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدىمۇ سىياسىي مەنىدىكى ئىلىممۇ؟

⑧بۈگۈنكى كۈندە شەرقشۇناسلىقنى سىياسىيدىن پۈتۈنلەي خالىي ئىلىم ھالىتىگە كەلدى دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ؟

⑨سىياسىي مەنىدىكى شەرقشۇناسلىقنىڭ زەھەرلەش ئۇسۇللىرى ھەممە كىشى بىلىۋالغۇدەك دەرىجىدە روشەن بولامدۇ ياكى تۇيمىغۇدەك دەرىجىدە يوشۇرۇن بولامدۇ؟

⑩سىياسىي مەنىدىكى شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇددىئاسى ئۇچۇن خىزمەت قىلىد ـىغان شەرق زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز قىلمىشىنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق بىلەمدۇ ياكى بىلمىگەن ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەۋېرەمدۇ؟

سىياسىي جەھەتتە بەكلا ساددا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئازراق بولسىمۇ سەگىپ قېلىشى ۋە ئەلى غوجاخۇندەك مۇستەملىكىچىلىك بىلەن شەرقشۇناسلىق بىر گەپ ئەمەس دەپ قارايدىغان نادان قەلەمكەشلەرنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويۇش ئۇچۇن مەن شىنخۇا نەشرىياتى 2008ـيىلى نەشر قىلغان، رۇسىيەلىك ئاكادېمىك نىكولاي ئۇۋانو

-ۋىچ رىۋكوفنىڭ «چوڭ دۆلەتنىڭ تىراگېدىيەسى – سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلى-شىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئاقىۋىتى» دېگەن كىتابىنىڭ «قالايمىقانچىلىق نەدىن كەلدى» دېگەن 1 - بابىنىڭ 1 - بېتىدىكى بىر نۇتۇقنى مىسال كەلتۈرمەكچى. رىژكوف كىتابىدا مۇنداق يازغان:

«قەلەم تەۋرىتىشتىن ئىلگىرى 1945 - يىلى، يەنى 60 يىلنىڭ ئالدىدا ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاللېن دۇللېسنىڭ ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ترومىننىڭ ئالدىدا، خەلقئارا مۇناسىۋەت كومىتېتى يىغىنىدا بايان قىلغان نۇتقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاشتىكى مەقسەت، ۋەزىپە ۋە ۋاستىلەرنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان.

* * *

ئۇرۇش ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا، ھەممىنى بىر ئامال قىلىپ مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى، ھەممىنى ئۆز جايىدا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىز ھەممە نېمىمىزنى سەرپ قىلىپ، يەنى ھەممە ئالتۇنىمىزنى، بارلىق ماددىي كۈچىمىزنى چىقىرىپ كىشىلەرنى بىزگە لازىم بولغان ھالەتتە ياساپ چىقىمىز، ئۇلارنى گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان قىلىمىز. ئادەمنىڭ كاللىسى، ئېڭى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قالايمىقانلا-شتۇرالىساقلا قىممەت قارىشىنى بىلىنە - بىلىندۈرمەي ئۆزگەرتەلەيمىز ھەم ئۇلارنى يوشۇرۇن ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن بىر خىل قىممەت قارىشىغا ئىشىنىشكە مەجبۇرلىيالايمىز. بۇنى قانداق ئامال بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ بىز چوقۇم رۇسىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىن بىزنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىمىزغا قوشۇلىدىغان ئادەملەرنى تېپىشىمىز، ئىتتىپا-قداش قوشۇن تېپىشىمىز كېرەك.

مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدىكى بىر مەيدان تىراگېدىيە – ئەڭ تىز پۈكمەس بىر مىللەتنىڭ ھالاكەتكە يولۇقۇش تىراگېدىيەسى پەردىمۇ پەردە ئورۇنلانماقچى، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يوقۇلۇشقا يۈزلەنمەكچى. ئالايلۇق، بىز ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئىچىدىن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىنى بارا - بارا ئۆچۈرۈۋېتىمىز. سەنئەتكارلىرنى تەربىيەلەپ ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يۈز بېرىدىغان جەريانلارنى ئىپادىلەش ياكى تەتقىق قىلىش قىزىقىشىنى يوقىتا چىقىرىمىز. ئەدەبىياتى، تىياتىرى، كىنولىرى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ رەزىل ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە مەدھىيەلەيدىغان قىلىۋ

ـ ېتىمىز. بىز بارلىق چارىلار بىلەن ئاتالمىش بىر تۈركۈم سەنئەتكارلارنى قوللاپ ۋە كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا جىنسىيەتكە چوقۇنۇش، زوراۋانلىققا چوقۇنۇش، خورلاشقا چوقۇنۇش، ئاسىيلىق قىلمىشىغا چوقۇنۇش، ئومۇمەن بارلىق ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىغا چوقۇنۇشنى سىڭدۈرۈشكە ئۈندەيمىز.

بىز بىلىنە ـ بىلىندۈرمەي ئەمما پائال ھەم داۋاملىق ھالدا ئۇلارنىڭ ئەمەلدار ـ لىرىنىڭ خالىغىنىچە ئەسكىلىك قىلىشىغا، خىيانەت قىلىشىغا، پىرىنسىپنى قايرىپ قويۇشىغا تۈرتكە بولىمىز. بارا ـ بارا ئۇلار دوگماتىزم ۋە ئىشنى كەينىگە سۆرۈش ياخشى قىلمىش دەپ قارايدىغان، سەمىمىيلىك ۋە دۇرۇسلۇق كىشىلەر تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىدىغان، ھەممە ئادەم ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ۋە ۋەزىيەتكە ماس كەلمەيد ـ ىغان نەرسە دەپ قارايدىغان بولىدۇ. مۇتەھەملىك ۋە نومۇسسىزلىق، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق، ھاراقكەشلىك ۋە زەھەر چېكىش؛ ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى يىرتقۇچ ھايۋاندىن قورقۇشتىنمۇ ئېشىپ كېتىش؛ ئۇيۇلۇش ھېسسىياتى يوقۇلۇش، ساتقىنلىق، مىللەتچىلىك ۋە مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك، ئالدى بىلەن رۇس مىللىتىگە بولغان ئۆچمەنلىك كۈچەيتىلىدۇ. بىز ئەپچىل چارىلەرنى قوللىنىپ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىنە ـ بىلىندۈرمەي مۇقەددەسلەشتۈرىمىز. بۇلارنى پورەك ـ پورەك ئېچىلدۇرۇۋېتىمىز ... پەقەت ئاز ساندىكى ئادەملىرى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملىرىلا زادى نېمىنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالىشى ياكى تونۇپ يېتەلىشى مۇمكىن. لېكىن بىز بۇنداق ئادەملەرنى يېتىم، يۆلەنچۈكسىز ھالەتتە قالدۇرىمىز. ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. بىز ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاش چارىلىرىنى تاپالايمىز. ئۇلارنى جەمئىيەتنىڭ سۆپۈرۈندىلىرى دەپ جاكارلايمىز. بىز بولشېۋىزمنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، مەنىۋى ئەخلاقنىڭ ئاساسىنى چاكىنىلاشتۇرىمىز ھەم ئۇنى تازىلىۋېتىمىز. بىز ئىشنى ياش ـ ئۆسمۈرلەردىن باشلايمىز. ئاساسىي دونى ياشلارغا تىكىمىز. ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتىپ چىرىتىۋ ـ ېتىمىز. ئۇلارنى نومۇسسىز زاتلارغا، چاكىنا كىشىلەرگە ۋە دۇنياۋىزىمچىلارغا ئۆزگەرتىۋ ـ ېتىمىز. مانا بۇلارنى بىز چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز.»

* * *

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاللېن دۇللېسنىڭ 1945 ـ يىلى «ئىتتىپاقداش دۆلەت» دەپ قارىلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى گۇمران قىلىش

ئۇچۇن ئامېرىكىنىڭ ترومىن قاتارلىق ئالىي ئەمەلدارلىرىغا سۆزلىگەن مۇشۇ نۇتۇقىدىن بىز 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە جاھانگىرلىك قارا نىيىتى ئۇرغۇپ تاشقان غەرب خىرىستىيان دۆلەتلىرىنىڭ غەيلەتتە قالغان، ئاجىز، قالاق مۇسۇلمان ئەللىرىگە ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرگە قانداق رەزىل پىلانلارنى تۈزگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. بىز تارىخنىڭ بۇ قەدەر كەڭ ھەم مۇھىم تەرەپلىرىگە نەزەر ئاغدۇرماي، مۇستەملىكىچىلىك شارائىتىدا شەكىللەنگەن ۋە شۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت قىلىشنى باش ۋەزىپە قىلغان شەرقشۇناسلىقنى ئەلى غوجاخۇندەك «ئاز بىر قىسىم دىنىي، سىياسىي، مۇستەملىكە خاھىشىدىكى شەرقشۇناسلىق نامىدىكى ئەسەرلەر بىلەن ئىنتايىن كۆپ ۋە يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە ئىلمىي مەنىسىدىكى شەرقشۇناسلىقنى ئايرىش كېرەك» دەپ قاراپ يۈرسەك، سىياسىي جەھەتتە پىشمىغان مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرىدا كۆرۈلىدىغان ساددا پىكىر قىلىش مەسىلىسىنى سادىر قىلغان بولىمىز. شۇڭا بىز شەرقشۇناسلىقنى «ئىجابىي تەرىپى كۆپ»، «ساپ ئىلمىي» تەركىبى چوڭ دەپ قارىساق، يەنىلا نادان ئىكەنلىكىمىز ئايان بولىدۇ.

شەرقشۇناسلىقنى چوڭ جەھەتتىن ئاقلاشقا ئۇرۇنغان ئەلى غوجاخۇن پەلىپەتىش ئاساسلىرىنى، گاھ چولتا، گاھ بىمەنە مۇھاكىملىرىنى يېزىپ كېلىپ، ئاخىرىدا بىراقلا سەكرەپ مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈنكى كۈندە بىز كۆرۈۋاتقان دۇنيا مەدەنىيەت تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، شەرقشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ ساپ ئىلمىي تەتقىقات تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن خاراكتېرلىنىۋاتقانلىقىنى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك ماقۇللايدۇ.»

ئەلى غوجاخۇننىڭ قارىسىغا يازغان بۇ باياندا كىشىگە ئەڭ ئەخمىقانە تەسىرات بېرىدىغان يېرى «دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك ماقۇللايدۇ»دېگەن باياندۇر. بۇ ئاساسى يوق گەپنى قارىسىغا سۆزلىگەن ئەلى غوجاخۇنغا بۈگۈنكى كۈندە غەرب ئەللىرىدە ۋە باشقا جايلاردا ئىنتايىن بازار تېپىۋاتقان «كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك» (后殖民主义)، «يېڭى مۇستەملىكىزم» (新殖民主义)، «كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەرىيەسى» (后殖民理论) ۋە «كېيىنكى مۇستەملىكە ئوبزورچىلىقى» (后殖民批评) دېگەن پەن ۋە تەتقىقاتلارنىڭ نېمىگە قارىتىلغان ھالدا قانات يېيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆگىنىپ قويۇشنى، «شەرقشۇناسلىق» دېگەن كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ جاھانغا تونۇلغان ئېدۋارد سەئىدنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن «خەلقئارالىق مەشھۇر كېيىنكى مۇستەملىكە نەزەرىيەچىسى» دەپ تەرىپلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەلى غوجاخۇننىڭ شەرقشۇناسلىق توغرىسىدىكى تاقلا-تۇقا بايان ۋە مۇھاكىمىلىرىگە جىددىي رەددىيە لازىم بولغاچقا بۇ تېز يازمىنى يازدىم. مەقسىتىم ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ماقالىسىدىكى خاتا قاراشلىرىغا بىرمۇ بىر رەددىيە بېرىش ئەمەس. سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى لىئون سولوۋيوۋغا، نەسرىدىن ئەپەندىگە ۋە ئەختەم ئۆمەرنىڭ «نەسرىدىن ئەپەندى» دېگەن كىتابىغا ئالاقىدار ئاقلاش سۆزلىرىنى مۇنازىرە قىلغۇچىلىقى، رەددىيە بېرىپ يۈرگۈچىلىكى يوق دەپ قارايمەن. بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان ئەلى غوجاخۇننىڭ ئوشۇقچە سۆۋاقچىلىق قىلماي ئالدى بىلەن ماڭا ئەختەم ئۆمەرنىڭ يازغان «نەسرىدىن ئەپەندى» دېگەن كىتابىنىڭ ژانىر جەھەتتىن قايسى ژانىرغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرىشىنى سورايمەن. چۈنكى مەن ماقالەمدە بۇ كىتابنى ھەممە جەھەتتىن ئەخلەتكە چىقىرىۋەتكەندىن سىرت «بۇ ئەسەر بەدىئىيلىك جەھەتتە بەك قوپال، ئەدەبىياتنىڭ ھېچقانداق ژانىرىغا ياكى شەكلىگە چۈشمەيدىغان غەلىتە ئەسەر» دەپ باھالىغان. ژانىرىنىڭمۇ مۆجمەل ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ باھا بىر ئەدەبىي ئەسەر ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ. قېنى ئەلى غوجاخۇن پاكىت ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن مېنىڭ مۇشۇ باھايىمنى ئاغدۇرالامدىكىن؟ ئەڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن يېزىلغان بۇ پاخپاخ كىتابنى بايان تىلىغا ئاساسەن ياكى سىنارىيە ياكى پوۋېست دېگىلى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە كىتابنىڭ 245 - بەتتىن 255 - بەتلىرىگىچە ھېچقانداق ئىش قوشماي ئۇن پارچىدەك لەتىپىنى شۇ پېتىلا كىرگۈزۈپ قويغانلىقىغا قاراپ لەتىپىلەر توپلىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. پاكىت ئۈچۈن مەن يۇقىرىقى بەتلەردىن ئېلىنغان مۇنۇ ئۈچ لەتىپىنى ئوقۇرمەنلەرگە پاكىت سۈپىتىدە كۆرسىتىپ قويۇي. ئېلى غوجاخۇن بۇ مەسىلىنى قانداق چۈشەندۈرىدىكىن؟

## ئۇرۇش قانداق پارتلايدۇ؟

– دادا، ئۇرۇش قانداق پارتلايدۇ؟ – دەپ سورىدى بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئوغلى.

– شۇنىمۇ بىلمەمسەن، مەسىلەن، داداڭ بىلەن ئاپاڭ ئۇرۇشقاندا ...

– ئەپەندىم، بالا سىزدىن ئۆيدىكى ئۇرۇشنى ئەمەس، دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان ئۇرۇشلارنى قانداق پارتلايدۇ دەپ سوراۋاتىدۇ، – دېدى ئەپەندىمنىڭ ئايالى ئەپەندىمنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ.

– دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان ئۇرۇشمۇ ئۆيدە بولىدىغان «ئۇرۇش» قا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، – دېدىم ئەپەندىم.

– زادى قانداق پارتلايدۇ؟ بالىغا ئوبدان چۈشەندۈرمەمسىز، – دېدى ئايالى.

– قانداق پارتلايتتى، سەن ئاغزىڭنى بۇزىسەن، مەن بۇنىڭغا چىدىماي سېنى تىللايمەن، ئاخىر «ئۇرۇش» پارتلايدۇ! – دېدى ئەپەندىم.

– قويۇڭە سىزنى، دەپ بېرەلمەيدىكەنسىز! – دېدى ئايالى قايىل بولماي.

– ئەمسە ئۆزۈڭ چۈشەندۈر! – دېدى ئەپەندىم نارازى بولۇپ.

– بولدى، بولدى تالاشماڭلار، ئۇرۇشنىڭ قانداق پارتلايدىغانلىقىنى بىلىپ بولدۇم! – دېدى ئەپەندىمنىڭ ئوغلى.

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ؟

– سەن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى خوتۇن، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىسەن، قېيناناڭ ماڭا بىر تاللا قىزنى تۇغۇپ بېرىپتىكەن، – دېدى ئەپەندىم مەشرەپكە بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن.

– ھەي، ئەگەر ئانام ئىككىنى تۇغۇپ بەرگەن بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ – دېدى ئايالى رەنجىگەن ھالدا.

ئايالىنىڭ بۇ سوئالى ئەپەندىمنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدىيۇ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپ:

– ئۇنىمۇ ئالاتتىم ـ دە! – دېدى.

## ئەزرائىل مېنىڭ قېشىمغا كەلمەي ...

ئەپەندىم سەكراتتا ياتقاندا يېنىدا كۆز يېشى قىلىپ تۇرغان ئايالىغا:

– خوتۇن، قارىغاندا مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن، سەن بېرىپ چىرايلىق ياسىنىپ، گىرىم قىلىپ كېلىپ يېنىمدا كۈلۈپ تۇر! – دېدى.

– بۇ نېمە دېگىنىڭىز، خەق نېمە دەيدۇ، مەن قايسى يۈزۈم بىلەن شۇنداق قىلىمەن، – دېدى ئايالى ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران قىلىپ.

– شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ؟ شۇنداق قىلساڭ ئەزرائىل مېنىڭ قېشىمغا كەلمەي، سېنىڭ قېشىڭغا بارىدۇ، – دەپ چۈشەندۈردى ئەپەندىم.

* * *

مانا مۇشۇنداق تەييار لەتىپلەرنى چىكىت، پەشلىرىنىمۇ ئۆزگەرتمەي كىتابقا كىرگۈزۈپ قويغان، ئەسىرنىڭ بىر يېرىنى ھېلى سىنارىيە تىلىدا، ھېلى ھېكايە تىلىدا يازغان يازغۇچىنىڭ سۈپەتسىز يازمىسنى قايسى ژانىرغا تەۋە قىلىش مۇمكىن؟ مۇشۇنداق تۆۋەن سەۋىيەلىك «ئەدەبىي ئەخلەت» نى ئەلى غوجاخۇن «كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، لەتىپىلەرنى ئەسلىدە بار بولغان ساتىرىك، يۇمۇرلۇق، پەلسەپىۋى خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماسلىق ئاساسىدا نىسپىي مۇستەقىللىققە ئىگە قىلىش بىلەن پۈتۈن كىتابنىڭ مەزمۇن ئىزچىللىقى ۋە باغلىنىشىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت زىل ئىجادىيەت پائالىيىتىگە يازغۇچى ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان» دەپ ماختاپ ئۇچۇرىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

بىلىش كېرەككى، ئوبزورچىلىق بىلەن گۇپپاڭچىلىق پەرقلىنىدۇ. مۇنازىرىچى بولۇش بىلەن ۋارىچى ـ ۋارىچى بولۇش پەرقلىنىدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ بۇ كىتابىنى «ھېچنېمىسى مۇقامغا چۈشمەيدىغان ئاتالمىش كىتاب»، «ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ قەلبىنى كىرلەشتۈرىدىغان مەينەت كىتاب»، بۇنداق كىتابنى نەشر قىلدۇرۇش «ئىقتىسادىي ئاچ كۆزلۈك ۋە ئىجتىمائىي كالۋالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ بىكار ئېيتمىدىم. پاكىت ئۈچۈن كىتابنىڭ 145 ـ بېتىدىكى بىر مەينەت لەتىپىنى ئوقۇپ باقايلى:

* * *

– ئوسمانجان ئۇستام، بۇ شاتۇتىنى نەدىن ئەكەلدىلە؟

– ئاكام ئاتايىن ئالغاچ كەپتۇ، دۇكانغا ئەكىلىۋالدىم، – دېدى ئوسمانجان.

– دۇكانغا بىر ئوبدان يارىشىپتۇ، ئەمما بۇ سالام بەرمەيدىغۇ؟ – دېدى ئەپەندىم.

– بۇ شاتۇتى ئەسلىدە نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلەيدىكەن. ئەمما، ئايرىم ئالاھىدە سالام بېرىپ پۇتىنى تۇتمىسا سالاملاشمايدىكەن، – دېدى ئوسمانجان.

ئەپەندىم شاتۇتىغا قولىنى تەگلىدى، شاتۇتىمۇ ئوڭ پۇتىنى ئۇزاتتى.

– ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاتۇتى، – دېدى ئەپەندىم.

– خېللو، ئەپەندى! – دېدى شاتۇتى.

– پاھ، پاھ، قالتىسكەن، ئىنگلىزلار ئۆگەتكەن ـ دە، – دېدى ئەپەندىم.

– يەنە بىر پۇتىنى تۇتسىلا، ئەپەندىم، – دېدى ئوسمانجان.
ئەپەندىم شاتۇتنىڭ يەنە بىر پۇتىنى تۇتتى.
– زىدراستىۋى ! – دېدى شاتۇتى.
– ئورۇسمۇ بىقىپتىكەندە بۇنى، ئۇيغۇرچىنى ئۆگەتسەك بولغۇدەك، – دېدى ئەپەندىم.
– ئىككى قوللىرىدا ئىككى پۇتىنى تەڭ تۇتسىلا قېنى؟ – دېدى ئوسمانجان.
ئەپەندىم تەڭ تۇتتى.
– ئىككى پۇتنى تۇتقانغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئوخشىمامدۇ، غوجام؟ – دېدى شاتۇتى.
ئەپەندىم ھەيران قالدى. ساتىراشخانىدىكىلەر «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ كەتتى.

* * *

بۈگۈنكى رېستوران، قاۋاقخانىلىرىمىزدا لاۋزا قىزىقچىلار تەرىپىدىن سۆزلىنىپ ئومۇملىشىپ كەتكەن مانا مۇشۇنداق مەينەت يۇمۇرلارنى نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ لەتىپىسى سۈپىتىدە كىتابقا كىرگۈزۈپ ئۇيغۇر باللىرىغا سۇنغان ئەختەم ئۆمەرنى ئېلى غوجاخۇننىڭ ئەختەم ئۆمەر بۇ ئەسەرنى يېزىشتا «ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچا ـنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان» دەپ ماختىشى كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەمدۇ. مۇشۇ لەتىپىنى ئەختەم ئۆمەرنىڭ كىتابىدىن ئوقۇغان بىرەر ئۇيغۇر بالىسى ئاتا ـ ئانىسىدىن «ئىككى پۇتنى تۇتقانغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئوخشىمامدۇ، غوجام» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە دەپ سوراپ قالسا، ئوقىيسىزلانغان ئاتا ـ ئانا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن؟ بۇ چاغدا ئەلى غوجاخۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ «يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ نەسىردىن ئەپەندى ئوبرازىنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ھالقىلىق قىممەت قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان،تۈركىي قوۋملارغا ئورتاق سىمۋول بولغان نەسىردىن ئەپەندى سىماسىنى ئۇيغۇر مىللىي كۈلتۈر بوستانلىقىدا تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش،ئۇنىڭدىن نەپ ئېلىشنى خالايدىغان ئەۋلادلارغا،دەۋرگە ماس بىر شەكىلدە تەقدىم ئېتىشتىن ئىبارەت» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرسە نورمال ئەخلاقىي ئاڭغا ئىگە بىر ئادەم بۇ خىل تېتىقسىز مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ھەيران بولماي قالامدۇ؟

ئوبزورچىلىق ئىلمىي، ئادىل، ئوبيېكتىپ پىرىنسىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىد ـىغان پائالىيەت. ئوبزورچىلىقنى كاززاپلىق دەپ بىلىپ قالغان ئەلى غوجاخۇننىڭ ئەختەم ئۆمەرنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە، ئىدىيەسىدىن تارتىپ جۈملە ـ ئىملالىرىغىچە پۈتۈنلەي ئەخلەت ھېسابلىنىدىغان ئەسىرىنى «ئەستايىدىللىق ۋە

مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان» ھالدا يېزىلغان دەپ ماختاپ ئۇچۇرغاز لىقىغا قاراپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدىم. ئىدۋارد سەئىدتەك «دۇنيا زىيالىيلىرىنىڭ ۋىجدانى» دەپ تەرىپلەنگەن ھەق سۆزلۈك ئەدەبىيات ئوبزورچىسىنى، غەربكە قېيداپ شەرقشۇناسلىقتا ۋە شەرقشۇناسلارغا تۆھمەت قىلغان تۆھمەتچى دەپ باھالىغان ئەلى غوجاخۇننى ئەقەللىسى قايسى ژانىرغا تەۋەلىكىنىمۇ ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر مەينەت يازمىنى «ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېزىلغان» دەپ ماختاپ - ئۇچۇرۇشلىرىغا قاراپ نېمە دەپ تەرىپلىسەك بولار؟ ئەلى غوجاخۇننىڭ ئانىق پاكىتقا كۆز يۇمىدىغان، لوگىكىغا چۈشمەيدىغان پەلپەتىش مۇلاھىزىلىرى بىلەن ساۋات خاراكتېرلىق چۈشەنچىلىرىنى ئەزۋەيلەپ ۋارى – ۋارى قىلىدىغان يېزىقچىلىق ئىستىلىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى تەرىپلىۋالسۇن.

بەلكىم بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر ئەلى غوجاخۇننىڭ مۇنازىرە ماقالىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە تەنقىدلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ مۇۋاپىق ئەمەسمۇ دەپ سورىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارنىڭ بۇ سوئالىغا ئەلى غوجاخۇننىڭ ماقالىسىدىكى بىر تەنقىدنى قوبۇل قىلىد -ىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويىمەن. ئەلى غوجاخۇن ماقالىسىدە سارتىرىنىڭ نوبېل مۇكاپا -تىنى رەت قىلىشتىكى سەۋەبى توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىپ كېلىپ مېنى «بىر بولسا بۇ سۆزلەرنى خاتا تەرجىمە قىلىۋالغان، بىر بولسا ئىلمىيلىككە يات ھالدا قورقماي ئۆزگەرتىۋەتكەن» دەپ ئەيىبلىگەن. مەن بۇ سۆزلەرنى ئىلمىيل -ىككە يات ھالدا قورقماي ئۆزگەرتىۋەتكەن ئەمەس. ھەققەتەن خەنزۇچە جۈملىدىكى «ۋە» دېگەن باغلىغۇچىغا دىققەت قىلماي تەرجىمىدە قېيىپ كېتىش ئەھۋالى سادىر قىلىپ قويۇپتىمەن. مەنبەگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېقىشنى خالايدىغانلار بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2009- يىلى نەشر قىلغان، كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «چەت ئەل ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 282 - بېتىگە مۇراجىئەت قىلىپ باقسا بولىدۇ. مەن بۇ يەردە يەنە ئەلى غوجاخۇننىڭ پاكىستانلىق يازغۇچى ھەم سىياسىي پائالىيەتچى ئىقبال ئەھمەد (1933 – 1999)نىڭ ئىسمىنى مېنى خاتا ئالدى دەپ، توغرىسى «ئەكبەر ئەھمەد» ئىدى دېگەن پىكرىنى خاتا دەپ ئەسكەرتىپ قويىمەن. چۈنكى ئىقبال ئەھمەدنىڭ ئىسمى «مىراس» ژۇرنىلىدا ھەم «يىپەك ئەسىر – مۇتەپەككۇرلار ساداسى» دېگەن كىتابتا «ئەكبەر ئەھمەد» دەپ ئېلىنغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇچىسى «伊 克 巴 • 阿 哈 迈 德»، ئىنگلىزچىسى«Eqbal Ahamad» دەپ ئېلىنىدۇ.

# سۇتۇق بۇغراخان پورترېتىنىڭ مۇۋاپىقىيىتى




**يالقۇن روزى**

بۇ يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ ھارپىسىدا مىللەتلەر ئۈن – سىن نەشرىياتى «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانىنىڭ ئاۋازلىق نۇسخىسىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. كۆزگە كۆرۈنگەن دۆلەت ئەربابى، داڭلىق يازغۇچى، شائىر ۋە دراماتورگ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرى بولغان «سۇتۇق بۇغراخان»1987 – يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن بۇيان تەكرار بېسىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ كەلگەن. ماشىندا كېتىۋاتقاچ ھەم ئىشخانا – ئۆيلەردە باشقا ئىشلارنى قىلغاچ ئاڭلاشقا قولايلىق ئاۋازلىق نەشر نۇسخىسى تارقىتىلغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. كىشىلەرنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىنى ئاۋازلىق نەشر نۇسخىسىنىڭ قېپىدىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ماي بوياق پورترېتى بولدى. رەسسام نەجمىدىن ئەزىزى بىلەن خانىمى رەشىدە ئەلى تەرىپىدىن سىزىلغان بۇ ماي بوياق رەسىم يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۆزگىچە سىزىلغاندى. بىر قارىماققا نەجمىدىن ئەزىزى بىلەن رەشىدە ئەلى سىزغان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىياپىتى كىشىلەرنىڭ كۆنۈكۈپ قالغان چۈشەنچىسى ئاساسىدىكى سۇتۇق بۇغراخان ئوبرازىدىن يىراقتەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى كۆپىنچە كىشىلەر پادىشاھنى «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى ئەرەب پادىشاھلىرىنىڭ قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما تارىخىي نۇقتىدىن ۋە رەسساملىق سەنئىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك بولسا سۇتۇق بۇغراخان پورترېتىنىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تارىختىن ئايانكى، سۇتۇق بۇغراخان ئىنتايىن كەسكىن كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇلۇغ خاقان. ئۇ باشتىن كەچۈرگەن بىرىنچى كەسكىن كۈرەش، ئىسيان كۆتۈرۈپ قارا نىيەت تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ قولىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك شاھلىق تەختىنى تارتىۋېلىش كۈرىشى. ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرۈلگەن بىر ياش شاھزادە ئۈچۈن ئېيتقاندا ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا مەھكەم ئېلىۋالغان بىر قارا نىيەت پادىشاھتىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئىككىنچى كەسكىن كۈرەش، قاراخانىيلار خانلىقىدىكى بارلىق خەلقنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئېتىقاد سىستېمىلىرىدىن ۋاز كېچىپ يېڭى بىر ئېتىقاد سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەش جەريانىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئىسلاھات بولۇپمۇ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىسلاھات ئاسان ئەمەلگە ئاشىدىغان ئادەتتىكى جەريان ئەمەس، تۆنجى چار پادىشاھ ئىۋان IV ھوقۇقنى قولغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇششاق ئاقسۆڭەكلەرنى كۆچەيتىپ، چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەقسىتىدىكى ئىسلاھات پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە

ساراڭ بولۇپ قالاي دېگەن ھەم شۇ سەۋەبتىن «چاچقۇن ئىمپىراتور» دەپ نام ئالغان؛ ئىمپىراتور پېتېر ياۋروپادىن ئۆگىنىش ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە قىلغان غەلىتە قىلىقلىرى سەۋەبىدىن «ساراڭ پېتېر» دەپ نام ئالغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۇاڭشۇ 1898 - يىلى قانۇن ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان. دېمەك، ياش خاقان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلاھاتلار ئىچىدىكى ئەڭ قىيىن، ئەڭ زىل ئىسلاھات بولغان ئېتىقاد ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىچە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۇشكۈلچىلىكلەرگە دۇچ كېلىشى تەبىئىي. سۇتۇق بۇغراخان باشتىن كەچۈرگەن ئۈچىنچى كەسكىن كۈرەش، ئەتراپىدىكى سامانىيلارغا ئوخشاش كۈچلۈك خانلىقلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرۇپ، ئاخىرىدا قاراخانىيلار خانلىقىنى كۈچلۈك، مۇستەھكەم ھەم مەرىپەت روھىغا ئىگە بىر بۈيۈك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانىدۇر. تارىخشۇناسلار سۇتۇق بۇغراخاننى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى دېگەندە مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

دېمەك، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھاياتى، بولۇپمۇ قىران چاغلىرى يۇقىرىقىدەك بىر - بىرىدىن كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆتكەن. نەجمىدىن ئەزىزى بىلەن رەشىدە ئەلى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا يۇقىرىقىدەك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ تۆرلۈك كەسكىن زىددىيەتلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرغان روھىي ھالىتىنى ياخشى ئىپادىلىگەن. مانا بۇ سۇتۇق بۇغراخان رەسىمنىڭ تارىخىي جەھەتتىن ئۆتۈكلۈك چىققان بىر تەرىپى.

سۇتۇق بۇغراخان رەسىمنىڭ تارىخىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان يەنە بىر تەرىپى ئۇنىڭ قىياپىتىدە كۆرۈلگەن. رەسىمدە سۇتۇق بۇغراخان قىران قامەت، يالاڭباش، چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ھالەتتە سىزىلغان. رەسساملار بۇ نۇقتىدا ئىنتايىن ئەستايىدىل ھەم ئىنچىكە ئىش كۆرگەن. مەلۇمكى، قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان ئاساسلىق قەبىلە نەچچە مىڭ يىللىق كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن. يالاڭباش يۈرۈش، چاچنى يەلكىسىگە چۈشكىچە قويۇش كۆچمەن مىللەتلەردىكى بىر تۈرلۈك ئومۇملاشقان ئادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەتنىڭ ئەمەلدىن ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا كىرگەن ياش خاقان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىياپىتىدە كۆرۈلۈشى تەبىئىي ئىشتۇر. ئېتىقادىنى يېڭىدىن ئۆزگەرتكەن بىر قىران ئەركەكنىڭ ھە دېگەندە «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى ئەرەب پادىشاھلىرىدەك ياسىنىپ يۈرۈشى، كىيىنىش - تارىنىش ئادىتىدىكى ئەنئەنىۋى

ئالاھىدىلىكلىرىنى بىراقلا ئۆزگەرتىشى تەس. مىلك يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك ئەنئەنىۋى كېيىنىش ـ تارىنىش ئادىتىنى قەدىرلەپ، ساقلاپ، داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى بىزگە رەسىمدىكى بۇ نۇقتىنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سۈرەتلەش بۇغراخان رەسىمىنىڭ يۇقىرىقىدەك تارىخىي چىنلىق مەسىلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ سىزىلغانلىقى بۇ رەسىمنى تارىخىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ رەسىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى يەنە بىر روشەن سەۋەب رەسساملارنىڭ كومپوزىتسىيەنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

رەسساملار سۈتۇق بۇغراخاننىڭ پورترېتىنى سىزىشتا ئۇنى ھەشەمەتلىك ھەم سۈرلۈك ئوردىنىڭ ئىچىگىمۇ قويمىغان، قىرـ چاپ قاينىغان جەڭ مەيدانىغىمۇ قويمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچىسدا ئوردا ئىچىگە خاس مۇنتىزىم شاھانە كىيىملىرىمۇ، جەڭ مەيدانىغا خاس جەڭگىۋار جەڭ كىيىملىرىمۇ يوق. رەسساملار ئۇنىڭ ئوردا سىرتىدا مەلۇم ئىشقا قارىتا كەسكىن ئىپادە بىلدۈرۈۋاتقان چاغدىكى مومېنتىنى تۇتتۇۋېلىپ ئۇنىڭ ئىشەنچكە تولغان ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى، قەتئىي ھەم مۇرەسسەسىز خاراكتېرىنى، جەسۇر ھەم مەردانە روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۇنۇمىغا ئېرىشكەن.

ماي بوياق رەسىم پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالەت، چىراي ـ قىياپىتىنى ئىپادىلەشتە باشقا رەسىم تۈرلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشتە ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە.شۇنداق بولغاچقا، تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان رەسساملار مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى ماي بوياق رەسىمدە ئىپادىلەپ، كۆرگۈچىلەرنى شۇ مۇھىتتا ئۆزىمۇ باردەك ھېس قىلدۇرغان.

ماي بوياق رەسىمنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇل جەھەتتىكى ئىقمىلىرى خىلمۇخىل ۋە ناھايىتىمۇ كۆپ. چوڭ ياپىلاق موي قەلەمدە رەڭنى قېلىن دۆۋىلەپ بېرىدىغانلىرىمۇ بار، كىچىك موي قەلەمنىڭ ئىنچىكە ئۇچى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە تەسۋىرلەيدىغانلىرىمۇ بار. نەپىس، زىل، يالتىراق، تەكشى، سىلىق، رەڭلىرى ئاددىي ۋە ساپ كەلگەن كىلاسسىك ئۇسلۇبتىكىلىرىمۇ، مەردانە، چوڭ بۆلەكلەر بويىچە قەلەم ئىزىنى چىقىرىپ سىزىدىغان، رەڭ سېلىشتۇرمىسى كۈچلۈك مودېرنىزم ئىقمىدىكىلىرىمۇ بار. رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئوبراز يارىتىدىغانلىرىمۇ، ئابستراكت سىزىق ۋە رەڭ پارچىلىرى

ئارقىلىق يوشۇرۇن مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىمۇ بار.

سۇتۇق بۇغراخان رەسمىنى سىزىشتا رەسساملار ، چوڭ ياپىلاق مويى قەلەمنىمۇ، كىچىك مويى قەلەمنىڭ ئىنچىكە ئۇچىنىمۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىشلەتكەن. بۇ ئۇنىڭ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئارقىسىدا يورۇپ تۇرغان سۇزۇك ئاسمان تەسۋىرىدە ھەم ئۇنىڭ كىيىم – كېچەك ۋە قورال – جابدۇقلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. رەسىمدىكى رەڭ سىڭلىشتۇرمىسى نىسبەتەن كۈچلۈك ھەم رەڭلەرنىڭ بىر بىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى تەبىئىي. رەسىمدە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىسقا يەڭلىك ، بىنەپشە رەڭلىك، قۇندۇز ياقىلىق شاھانە جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىكى قىزىل تونى ئاجايىپ ئېسىل ھەم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ جىلۋىدىن نازاكەت ئەمەس بەلكى جۇشقۇن تۇس ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

گەرچە رەسساملار تارىخمىزدىكى ئەڭ پارلاق دەۋر بولغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ بۈيۈك خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوبرازىنى يارىتىۋاتقان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەشەمەتلىك، سەلتەنەتلىك بولۇشىنى زىيادە قوغلاشمىغان، ئوبرازنىڭ تەمكىن، سالاپەتلىك بولۇشىغىمۇ زىيادە ئىنتىلمىگەن. پورترېتنى سول يانپىشدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئالماس قىلىچىنى سول قولىدا مەھكەم سىقىمداپ، ئوڭ قولى بىلەن «مەنىلا بولىدىكەنمەن بۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقماي قويمايمەن!»دېگەن مەنىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ، چىرايىدىن كەسكىن ھەم جىددىي ئىپادە بىلدۈرۈپ تۇرغان ھالەتتە سىزغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يېڭى ھەم پارلاق بىر تارىخىي دەۋر يارىتىش ئىرادىسىگە كەلگەن، خاراكتېرى قەيسەر، ئىدرىكى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەر بۇ ھالىتى كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئېنىقكى، سۇتۇق بۇغراخان ئوبرازىنىڭ كۆرگۈچىگە قالدۇرىدىغان بۇ خىل چوڭقۇر تەسىرى ئەلۋەتتە قۇرۇقتىن قۇرۇق شەكىللەنگەن ئۇنۇم ئەمەس. بۇ يەردىكى سەۋەب، رەسساملار پىشقان ماھارىتى بىلەن ئوبيېكتنىڭ مومېنتلىق (شۇ دەقىقىدىكى) ھەرىكەت ۋە چىراي قىياپىتىنى تۇتۇۋالغان. بۇ ئارقىلىق پېرسوناژنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن چىرايىدىكى مومېنتلىق روھىي قىياپىتىنى ئىپادىلەپ، رەسىمگە جان كىرگۈزىۋەتكەن. رەسىمنىڭ كومپوزىتسىيەسى سۇنئىيلىكتىن خالىي ھالدا ئىنتايىن تەبىئىي بولغاچقا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خاراكتېرى قۇرغاق، ھەرىكىتى ياسالما بولۇپ قالمىغان. بەلكى قەتئىي، مەردانە، ئىشەنچى تولۇپ تاشقان، ئىسلاھات ئىرادىسى ۋە تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان جەسۇر قىياپىتى نامايەن قىلىنغان. ناۋادا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوبرازى قېلىپلىشىپ قالغان ئوبراز يارىتىش ئادىتى بويىچە ھەشەمەتلىك ئوردىدىكى شاھانە تەختتە كېرىلىپ ئولتۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا

ھەشەمەت ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن، ياساپ - تاراپ ۋاللىدىتىۋېتىلگەن، كۆتۈپ - ئاسراپ پارقىرىتىۋېتىلگەن، ئەمما، خاراكتېرى ئاجىز، ئىدىيەسى قۇرۇق، باشقىلار قورچاق قىلىپ ئوينايدىغان ھالەتتە نامايەن بولغان بولاتتى.

رەسساملار ئەلۋەتتە تارىخىمىزدىكى بۇ ئەڭ مەشھۇر خاقانلارنىڭ كىملىكىنى تۇرقىغا قاراپلا سالاھىيىتىنى بىلگىلى بولىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەشكىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ شاھانە قىياپىتىدە گەپ يوق. رەسساملار سۇتۇق بۇغراخانلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى جانلىق سىزىپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۇلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاشقا ئالاھىدە كۈچىگەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوبرازى ياغاچ قورچاقتەك ئۆلۈك ھالەتتە سىزىلمىغان، بەلكى ئىرادىسى مۇستەھكەم، زېھنى ئۆتكۈر، مىجەزى كەسكىن، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئادالەت يولىدا ھېچنىمىدىن يانمايدىغان، غەيۇر خاراكتېرگە ھەم مۇكەممەل ھەربىي ساپاغا ئىگە قىلىپ سىزىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرىكىپ يۈكسەك مۇكەممەللىك ھاسىل قىلغان.

نەجمىدىن ئەزىزى بىلەن رەشىدە ئەلى تەرىپىدىن تۆت ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ سىزىلغان بۇ ماي بوياق رەسىم يۇقىرىقىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سەنئەت تارىخىمىزدىكى بىر نامايەندە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

# تەۋپىق روھى-ئۆچمەس مەشئەل

يالقۇن روزى

20-ئەسىردىكى تاڭ قۇياشى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارنىڭ جىمجىت ئۆزىشى بىلەن ئالەمدىكى كۆپىنچە كىشىلەر 20-ئەسىرنىڭ تارىختا ئايلىنىپ قىلىشىغا گۇۋاھچى بولۇپ قىلىشتى. يېڭى بىر ئىرا، يېڭى بىر ئەسىرنىڭ ھەيۋەتلىك قوڭغۇرىقى داڭ ئۇرۇپ دۇنيانى لەرزىگە سالدى. ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەر، قوۋملار ئۆزىنىڭ ئەسىرلىك نەتىجە-ئۇتۇقلىرى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈلگۈردى. يېڭى بىر تاڭ، يېڭى بىر باشلىنىش ئەسىرلەردىن بېرى تۆرلۈك-تۈمەن قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ كەلگەن بىزدەك قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتكە قانداق تۇيغۇ بېغىشلىدى؟

21-ئەسىرنىڭ قوڭغۇرىقى كىشىنى ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمدۈرىدىغان، ئەسلىتىش، ئويلاندۇرۇش ۋە ئويغىتىش كۈچىگە باي ياڭراق ساداسى بىلەن ھەربىر خەلقنى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى كەچمىشلىرىنى ۋاراقلاشقا؛ دۇچ كەلگەن ھايات قىسمەتلىرىدىن ئىدراكي يەكۈن چىقىرىشقا، يېڭىدىن دۇچ كەلگەن كىرىزىسلىرىغا چارە-ئامال ئىزدەشكە، كېلەچىكى ئۈستىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرۇشقا، نېمىگە ئەقىدە باغلاپ، نېمىگە ئىنتىلىپ ياشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەخىرسىز ئىزدىنىشكە ئۈندىدى. شۇ قاتاردا بىزمۇ، تەپەككۇر قۇۋۋىتىمىزنىڭ ۋە بىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە ئەسلەشكە، ئويلاشقا ۋە ئىزدىنىشكە تىرىشتۇق. ئۇزاق-ئۇزاقلاردىن ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل ئاۋازلارنى ئاڭلىدۇق.

بىز ئانا تارىخىمىزنىڭ قاراڭغۇ جىلغىلىرىدىن ئاڭلانغان خاسىيەتلىك كۆك بۆرىنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سالدۇق. قۇلاقلىرىمىزغا تونۇش بولغان بۇ مۇقەددەس ئاۋاز بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى ھاياجان ئىلكىدە تىترەتتى؛ تومۇرلىرىمىزدىكى ئۇيۇغان، سوۋۇغان قانلىرىمىزنى قىزىتىپ جۇشقۇن دولقۇن ياسىدى.

بىز، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخاننىڭ ئاپپاق ئارغىماق ئۈستىدە غالىبلارچە ئولتۇرۇپ جاكارلىغان ئۇلۇغ پەرمانىغا قۇلاق سالدۇق، ئۇنىڭ شىدەك ھۆركىرەپ تۇرۇپ

جاكارلىغان ئۇلۇغ پەرمانى قۇلاق تۇۋىمىزدە جاراڭلاپ كەتتى؛

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئىلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بۇيان*، (غەلبە، بەخت سائادەت)
كۆك بۆرە بولسۇن ئۇران*. (جەڭ شۇئارى)

بىز تۇران شاھى بۇيۈك بوۋىمىز ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ يۈزمىڭلىغان ئۇچلۇق قالپاقلىق چەۋەندازلانى ئەگەشتۈرۈپ مەككار پارس پادىشاھلىرىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشقاندا ئارغىماق ئىتىنىڭ ئىچىنىشلىق كىشنىگەن ئاۋازىنى ئىشىتتۇق. يەر-كۆك ياش تۆكتى. پۈتكۈل تۇران ۋادىسى لەززىگە كىلىپ ئۇچار قاناتلاردىن تارتىپ گۈل-گىياھلارغىچە ئەلەملىك پەرياد كۆتۈردى؛

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بىز مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدا ئولتۇرۇپ جاھان سورىغان باھادىر قاغانلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەددىچىنىنىڭ شىمالدىكى بىپايان يايلاق-چۆللەردە شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىپ، مەغرۇر تەلەپپۇزدا: «ئالدى تەرەپتە كۈن چىقىشقىچە، جەنۇپتا تۈن ئوتتۇرىسىغىچە، ئارقا تەرەپتە كۈن پېتىشقىچە (ۋە) شىمالدا تۈن ئوتتۇرىسىغىچە، بۇ چىگرالارنىڭ ئىچىدىكى پۈتكۈل خەلقلەر ماڭا قارايدۇ. بىشى بارلارنى باش ئەگكۈزدۈم، تىزى بارلارنى تىز پۈكتۈردۈم، سەلتەنىتىمنىڭ سۈر-ھەيۋىسى تۆت ئەتراپىنى قاپلىدى» دىگەن غالىبانە ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

بىز دانىشمەن سۇلتانىمىز سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇرغان قىپقىزىل خاقانىيە بايرىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاسمىنىدا ھەيۋەت بىلەن قانداق لەپىلدەتكەنلىكىنى كۆردۇق. قەشقەردە ياڭراپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى قاپلىغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

بىز لەنەتگەردى ئافاق خوجا 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى جۇڭغار قوشۇنلىرىنى

سەئىدىيە سەلتەنەتى ئۈستىگە باشلاپ كەلگەندە، ئۆركۈپ قاچقان مەزلۇم خەلقنىڭ ئاچ-زارلىقتا قىلغان نالىسىنى ئاڭلىدۇق؛ يەركەندىكى ئالى بىلىم يۇرتى، 360 ھۇجرىلىق ئالتۇنلۇق (رەشىدىيە) مەدرىسىنى قورشاپ ئۆزقولى بىلەن ئوت قويغاندا، مەدرىس ئىچىگە پاناھلىنىۋالغان 2000 دىن ئوشۇق ئۇستاز-شاگىرتنىڭ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان دەھشەتلىك ئوت دېڭىزى ئىچىدە قىلغان قارغىشلىرىنى ئاڭلىدۇق...

بىز ئەنە شۇ قۇللۇق ئاسارىتى ۋە نادانلىق جاھالىتى تۈپەيلى باشلانغان كۆپ ئەسىرلىك تۈگىمەس سورۇقچىلىقلاردا، تارىخنىڭ تۈگىمەس تاسقاشلىرىدا قەدىمدە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئاۋانگارت ھېسابلىنىدىغان بۇ مەدەنىيەتلىك مىللەتنىڭ پۈتۈنلەي ھالىدىن كېتىپ، تولىمۇ زەئىپ ۋە بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەسلىدۇق. ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئىسلام تارىخچىسى مەسئۇدى ئەجدادلىرىمىز توغرۇلۇق «دەۋرىمىزدە (943-يىللىرى) تۈرۈك قەبىللىرى ۋە تۈرۈكلەر ئىچىدە توققۇز ئوغۇزلاردەك باتۇر، ئۇلاردەك قۇدرەتلىك ھەم ئۇلاردەك مۇستەھكەم دۆلەت باشقۇرغانلار يوق» دەپ قايىللىق بىلەن تەسەننا ئوقۇغان. بۇ ئۇلۇغ خەلق ئارىدىن 1000 يىللار ئۆتكەندە خۇددى ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئەھمەدشاھ قارقاشىنىڭ مەشھۇر ساتراسى «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» تە تەسۋىرلەنگەن ئەبكار ئاتنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر خەلقى بۇ يىللاردا مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇللاشتۇرغۇچى قەبىھ سىياسەت-قانۇنلىرىنىڭ تۆمۈر پەنجىسىدە ۋە سوپى ئىشانلارنىڭ نادانلاشتۇرغۇچى ئەقىدە-تەشەببۇسلىرىنىڭ جاھالەت ئىسكەنجىسىدە غورۇر-ئىپتىخارىدىن ۋە ئىشەنچ-ئېتىقادىدىن ئايرىلىپ، زەئىپلىشىپ، ھورۇنلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ، بۇزۇقلىشىپ، ئىنسانى ساپاسىدىن ئىغىز ئاچقىلى بولمايدىغان بىر توپ ئاڭقاۋ-ئازغۇن قوۋمغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاشۇ يىللاردا قەشقەرىيە تۈپرىقىغا قەدەم باسقان 23 ياشلىق قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوۋ 1858-يىلى ئۆز خاتىرىسىگە مۇنداق يازغانىدى: «بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پۈتمەس-تۈگىمەس قۇللۇق ئاسارىتى، زورلۇق-زومبۇلۇق ھەم ئادالەتسىزلىكلەر ئەنە شۇنداق بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ھورۇنلۇق، يالغانچىلىق، بۇزۇقلۇق دېگەندەك ئىللەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بولمىغان شۇنداق سېھرى كۈچى باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە ئەۋزەل شارائىتتا ئىسگە بولالىغان بولسىدى، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن

بــولاتتى.» چوقــان ۋەلىخــانوۋ تــوغرا ئېيتقانــدى. ئەلــۋەتتە، « كىشــلەر زىيــادە پەرۋىشكە، چىكىدىن ئاشقان رەھبەرلىككە ۋە قاتتىق نازارەتكە چۈشۈپ قالغان جايدا مــۇقەررەر شــۇنداق بىــر ئــاقىۋەت كېلىــپ چىقىــدۇ. بۇنــداق كىشــلەرنى قۇتقــۇزغىلى بولمايدىغان زەئىپلىككە گىرىپتار بولىدۇ.» (ساموئېل سمايلىس).

تايىنىپ كەلگەن مۇقەددەس ئېتىقـاد تـۈۋرۈكلىرىنى قـۇرت يەپ كـاۋاك قىلىــپ قويغان، نۇر چېچىپ كەلگەن مەرىــپەت مەشئەللىرىنى بــوران ســوقۇپ خىــرە قىلىــپ قويغان بۇ خەلقنىڭ نادان قــىز-ئوغــۇللىرى بۇنىڭــدىن 100 يىــل ئىلگىرىكــى، كونــا ئەسىردىن يېڭى ئەســىرگە ئاتلاشــنىڭ خاســىيىتىنى قىلــچە ھــس قىلالمىغــان، ئەســىر ئالمىشىش پەيتىدە ياڭرىغان قوڭغۇراق ساداسىنى ئازراقمۇ ئاڭلىيالمىغانــدى. ئەينــى چاغدا كۆتۈرۈلگەن يېڭى ئەسىر قۇياشىنىڭ تۇنجى ئالتۇن نۇرىغــا ســۆيۈنۈش ئىلكىــدە چۆمەلمىگەنىدى.

دېــمەك، 19-ئەســىردىن 20-ئەســىرگە جاھانــدىن بىــخەۋەر ھالــدا، قۇللــۇق كىشەنلىرىنى شاراقشىتىپ، نادانلىق جەندىلىرىنى سۆرىشىپ كىرىپ كەلــگەن ئۇيغــۇر خەلقى، ئىنسانىيەتنىڭ ئالىمدە يۈز بېرىۋاتقان ئىمپېرىيە ئۆرۈشــلىرىدىن، ئــازادلىق ھەرىكەتلىرىدىن، ئىلىم-مەرىپەت يېڭىلىقلىرىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى.

زۇلمەت قۇيۇنلىرى چۆرگىلەپ تىنمىغان بۇ قەدىمكى تۇپراق، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇ قەدىمكى خەلق يېڭــى تــارىخ يارىتالايــدىغان شــىر يــۈرەك ئەزىمەتلىرىنىڭ ۋە يېڭى دولقۇن قوزغىيالايدىغان ئوت يۈرەك ئوغلانلىرىنىڭ ئوتتۇرىغــا چىقىپ ئۆزلىرىنى بۇ كۈلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

20-ئەســىرنىڭ بېشــىدا ئاكــا-ئۇكــا مۇســا بــايېۋلار ئاچقــان يېڭــىچە بەننــى مەكتەپلەر، ئابدۇقادىر داموللام ئېلىــپ كەلــگەن جەددىــزم تەشەببۇســلىرى، قۇمــۇل تاغلىرىدا يانغان ئىنقىلاب يالقۇنى، مۇھىتلار ئوغۇللىرىنىڭ قىلىچىدا يالتىرىغان قۇياش نــۇرى، ئابــدۇخالىق ئۇيغــۇر تۆۋلىغــان ئــويغىنىش چوقــانلىرى، مەمتىلــى ئەپەنــدى قوزغىغان يېڭى مائارىــپ ھەرىكىتى،قۇتلــۇق شــەۋقى چىقارغــان گېزىــت-ژۇرنــاللار بــۇ قەدىمكى تۇپراقنىڭ ئۇنتۇلغان شۆھرىتىنى تىكلەش، قەدرىنى يوقاتقــان بــۇ قەدىمكــى مىللەتنىڭ ئىساني ئىززىتىنى تىكلەش يولىدىكى تارىخى ئۇرۇنۇشلار ئىدى.

ئېتىقاد جەھەتتىكى ساپلىقنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنى يوقىتىپ جاھالەت دەشتىدە تېڭىرقاپ تۇرغان، قۇللــۇق ۋە مەھكۇملــۇق پىسخىكىســىغا ئەسىر بولۇپ خار ۋە زەبۇنلۇق كوچىسىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن بۇ خەلقنى، ھە دىگەنــدىلا ئۆزلۈلمەس مەنىۋى رىشتىگە ئىگە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئورتاق مىللىي ئــارزۇ يــولىنى

بويلاپ مىڭىشقا يېتەكلەش ھەققەتەن مۇشكۈل ئىدى. شۇنداقتىمۇ تىرىشچانلىق ۋە قىزغىنلىق ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. بۇ مەزلۇم خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى تېپىپ ياشاش، ئىشەنچ-ئېتقادىنى مۇستەھكەملەش، ئىلىم-مەرىپەت مەشئەللىرىنى يىلىنجىتىپ نادانلىقنىڭ قارا قولىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى تارىخى ئۇرۇنۇشلىرى دولقۇن ياسىدى. بۇ تارىخىي ئۇرۇنۇشلار مەيلى قانداق نەتىجىلەنگەن بولسۇن، خەلق بۇ جەرياندا نېمىگە ئەقىدە باغلاپ، نېمىگە ئىنتىلىپ ياشاش كېرەكلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا زامانىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقۇدەك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئىلگىركى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا كىشىنى ئۈمىدۋار قىلىدىغان ئۆيغىنىش دولقۇنلىرى شەكىللەندى. ئەنە شۇ مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا شەكىللەنگەن ئويغىنىش دولقۇنلىرىنىڭ ئەۋجىدە بىر ياڭراق سادا، يەنى تەۋپىق روھى- نادانلىقتىن، قالاقلىقتىن، بىخۇدلۇقتىن قۇتۇلۇش يولىدا بارلىقىنى بىغىشلاش، ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۈرۈش روھى ئۆزگىچە سېھرى قۇدرەت بىلەن نەرە تارتتى:

ئويغان خەلق، يۇرتۇڭنى سەن قۇتقۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراق ياقىن، نۇر تولدۇر!
بىتسۇن ئەمدى، زۇلمەت دەۋرى-ئىستىبدات،
قارا كۈندىن، شۇم تەقدىردىن بول ئازاد!

20-ئەسىر تارىخىمىزدىكى ئۇلۇغ مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندى(تەۋپىق، 1901-1937) ئۆزىنىڭ قىسقا، ئەمما قىسمەتكە باي شانلىق ھاياتىدا ھەققىي مائارىپچىغا خاس پىداكار ئوبرازى، ئىنقىلابچىغا خاس جەڭگىۋار روھى، تەشكىلاتچىغا خاس پۇختا ھەرىكىتى، جەڭچىگە خاس قەيسەر خاراكتېرى ۋە سەنئەتكارغا خاس مەغرۇر خىسلىتى بىلەن تىللاردا داستان قىلغۇدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، يالقۇنلۇق مەكتەپ ناخشا-مارشلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆز ئەقىدىسى يولىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ، روھىيەت تارىخىمىزدىكى قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر - تەۋپىق روھىنى ياڭرىتىپ، مىللى ئۆزلۈك ئېڭىمىزدا شەكىللەنگەن ئويغىنىش دولقۇنلىرىنىڭ ئەۋجىگە بىر ياڭراق ئۈن قاتتى؛ مەنىۋىيەت ئاسمىنىمىزغا بىر ئۆچمەس مەشئەل ياقتى. بۇ ئۇلۇغ روھ گويا ئۆچمەس مەشئەلگە ئوخشاش بىزنىڭ ئىزدىنىش يوللىرىمىزغا دائىم نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر

مۇقەددەس سادا سۇپىتىدە بىزنى نىمىگە ئەقىدە باغلاپ، نىمىگە ئىنتىلىپ ياشاش كېرەكلىكى ھەققىدە ھەر دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۈمىدۋارلىق، پىداكارلىق بىلەن ياشاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

21 ـ ئەسىرنىڭ تۇنجى تاڭ قۇياشى ئۆزىنىڭ ئىلھامبەخش جىلۋىسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلب قەسىرىدىن ئورۇن ئالغان قىممەتلىك ئەنگۈشتەر ـ تەۋپىق روھىنى ۋە بۇ روھنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان مەمتىلى ئەپەندى تۇغۇلغىنىغا توپتوغرا 100 يىل بولغانلىقىنى ئىپسىمىزگە سالدى.

بىز، بارلىقنى ئانا خەلقىگە بېغىشلىغان بۇ بۈيۈك ئوغلانىنىڭ 100 يىللىق تەۋەللۇتىنى قانداق خاتىرلەيمىز؟ ھېسسىياتلىق نەزىم ـ قوشاقلارنى پۈتۈپ قويۇش، قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، تۇپراق بېشىغا گۈلدەستىلەرنى قويۇش، خاتىرلەش سورۇنلىرىنى تەشكىللەپ ھاياجانلىق نۇتۇق ـ تەسراتلارنى سۆزلەپ قويۇشتەك ئوموملاشقان ئادەت بويىچە خاتىرلەيمىزمۇ ياكى ئەقىدە گۈلزارىدىن، تەپەككۇر گۈلشەنىدىن ھېكمەت گۈلدەستىلىرىنى راسلاپ ئۇنىڭ شەرىپىگە ئاتايمىزمۇ ياكى بولمىسا تەۋپىق روھىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى ھايات پائالىيەتلىرىمىزدە ئىزچىللاشتۇرۇپ ياشايمىزمۇ؟ بۇ، ھەركىمنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىغا، ئەقىل ـ ئىقتىدارىغا ۋە غەيرە ـ جاسارىتىگە باغلىق مەسىلە، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، ئەڭ ئەۋزىلى: مىللىي روھىيەت تارىخىمىزدىكى قىممەتلىك ئەنگۈشتەر ـ تەۋپىق روھىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى ھايات پائالىيەتلىرىمىزدە ئىزچىللاشتۇرۇپ ياشاش؛ خەلقىمىزنىڭ ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاق، نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىغا غەرىق بولۇپ، بىخۇدلارچە ياششىنىڭ زاۋالەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش؛ زامانىنىڭ تەقەززاسىغا قۇلاق سېلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنى ئەلا بىلىپ، نادانلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن قول ئۈزۈشكە تۈرتكە بولۇش؛ دۇچ كەلگەن خىلمۇخىل كىرىزىسلارغا ئاقلانىلىك بىلەن يۈزلىنىپ، ئۆزىمىزنى تونۇپ ۋە ئۆزىمىزنى كۈچەيتىپ، رىقابەت سورۇنلىرىدا ئۆزىمىزنى نامايان قىلىپ، شان ـ شەرەپ قۇچۇپ ياشاشقا تۈرتكە بولۇش؛ ئەۋلادلارنى ھەرقانداق خىرىس ۋە توسالغۇلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلالايدىغان قىلىش؛ ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزگە خەلقلەر بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، باراۋەر، ئىناق، بەختىيار، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش بەرپا قىلالايدىغان، قىلىش، دەۋر ۋە زامان يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى بەجانىدىل ئورۇنلىيالايدىغان قىلىش...

ئەنە شۇ چاغدىلا بىز مەمتىلى ئەپەندىنى ھەقىقىي خاتىرلىگەن بولىمىز.

كەسكىن رىقابەت دولقۇنلىرىغا ئۆزىمىزنى بىمالال ئاتالايمىز ۋە كۈتمىگەن خىرىسلار ئالدىدا مۇستاھكەم، مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالايمىز.

تەۋپىق روھى - شەخسىيەتسىز روھ! ئۇ بەھىرىمەن بولۇپ ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان ئەمەس، بەلكى بېغىشلاپ ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان روھ.

تەۋپىق روھى - كۈرەشچان روھ! ئۇ نادانلىق ۋە ياۋۇزلۇققا قارشى تۇرۇپ، ئەركىن، مەدەنىي، ھۆر ھاياتنى ئالىي نىشان قىلغان روھ.

تەۋپىق روھى - مەنىسى مول، ئەھمىيىتى زور ئەنگۈشتەر كەبى روھ.

تەۋپىق روھى - ئىلھامبەخش روھ! ئۇ جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن تولغان روھ.

تەۋپىق روھى - ئۆچمەس روھ ! ئۇ مەشئەلگە ئوخشاش يورۇق سېپىپ، ئۆزلۈكسىز لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدىغان روھ !

تەۋپىق روھى - مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدىغان يۈكسەك روھ ! ئۇ مىللىي ھاياتىمىزدىكى بىر تۈرلۈك قىممەت ئۆلچىمى.

2001-يىلى يانۋاردا يېزىلدى.